
خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرى - 1



# كەچمىش

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

كېچمىش

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرى

كېچمىش

قۇملۇقنىڭ چۈشى

ئانا دەريانى ئىزدەپ

ISBN 978-7-5373-1992-8

9 787537 319928 >



خالىدە ئىسرائىل



خالىدە ئىسرائىل

# كەچمىش

( رومان )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

مەجمۇئە نامى: خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرى ـ 1
كىتاب نامى: كەچمىش
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: خالىدە ئىسرائىل
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: يالقۇن روزى
مەسئۇل كوررېكتورى: مەرھابا تەۋەككۇل
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
نەشرىيات: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13.25
نەشرى: 2010 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5373 - 1992 - 8
باھاسى: 46.00 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# نەشرىياتتىن

يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل 1952 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەر شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرىكى يىللىرىنى قەشقەردە ئۆتكۈزۈپ، 1958 - يىلى ئائىلىسى بىلەن ئاقسۇغا كۆچۈپ بارغان. 1959 - يىلىدىن 1963 - يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1963 - يىلى ئائىلىسى بىلەن خوتەنگە يۆتكىلىپ، خوتەندە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن. 1969 - يىلى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ سايباغ يېزىسىغا قايتا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن بېرىپ، بۇ يېزىدا ئىككى يىل تۇرغان. 1972 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارغان. 1975 - يىلى مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، 2007 - يىلى 11 - ئايغىچە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىرلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىر پىنسىيەدە.

خالىدە ئىسرائىل 1987 - يىللىرى «ئېھ، ھايات»، «ئەڭ گۈزەل خاتىرە» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە بەدىئىي قىممىتى زور بولغان كۆپلىگەن ھېكايە، پوۋېستلارنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «رەڭدار قۇيۇن»، «ئۇ كۆزلەر»، «باھاردا ياغقان قار»، «ھاڭگىت كۆلى» قاتارلىق ھېكايە - پوۋېستلىرى ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. كېيىنكى يىللاردا ئۇ يەنە «ئوربىتا»، «ئارمان»، «مەختۇمسۇلا»، «تىمتاس شەھەر» قاتارلىق پوۋېستلارنى، «تاش شەھەر»، «شەھەردە كالا يوق» قاتارلىق

ھېكايىلەرنى يازغان. 2000 ـ يىللاردىن كېيىن نەزىرىنى يېڭى ئىجتىمائىي تېمىلارغا كۆپرەك قارىتىپ «مەشئەل كۆتۈرگەن كىشىلەر»، «باھار تىۋىشى»، «قەلبىمدىكى ھېكايە» قاتارلىق پوۋېستلارنى، «ئانا دەريانى ئىزدەپ» ناملىق ئەدەبىي زىيارەت خاتىرىسىنى، «ئۇيۇقتىكى ئىزلار» ناملىق ئەسلىمىنى ئېلان قىلغان.

خالىدە ئىسرائىل ئىجادىيەت مۇساپىسىدە يەنە بىر قىسىم ئېسىل نەسرلەرنى ۋە ئەدەبىي ئوبزور، مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ «نان» ناملىق نەسرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن. خېلى كۆپ ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «شەھەردە كالا يوق» ناملىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلىمى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان. «ئارمان» ناملىق پوۋېستى بىلەن بىر ھېكايىسى ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

خالىدە ئىسرائىل ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

بىرىنچى باب ........................................ 3
ئىككىنچى باب ........................................ 11
ئۈچىنچى باب ........................................ 18
تۆتىنچى باب ........................................ 31
بەشىنچى باب ........................................ 40
ئالتىنچى باب ........................................ 52
يەتتىنچى باب ........................................ 55
سەككىزىنچى باب ........................................ 60
توققۇزىنچى باب ........................................ 69

## ئىككىنچى قىسىم

ئونىنچى باب ........................................ 79
ئون بىرىنچى باب ........................................ 93
ئون ئىككىنچى باب ........................................ 107
ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 117
ئون تۆتىنچى باب ........................................ 127
ئون بەشىنچى باب ........................................ 149
ئون ئالتىنچى باب ........................................ 160
ئون يەتتىنچى باب ........................................ 173
ئون سەككىزىنچى باب ........................................ 183

ئون توققۇزىنچى باب ................................ 193
يىگىرمىنچى باب ................................ 204
يىگىرمە بىرىنچى باب ................................ 219
يىگىرمە ئىككىنچى باب ................................ 233
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ................................ 246
يىگىرمە تۆتىنچى باب ................................ 262

## ئۈچىنچى قىسىم

يىگىرمە بەشىنچى باب ................................ 271
يىگىرمە ئالتىنچى باب ................................ 283
يىگىرمە يەتتىنچى باب ................................ 295
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ................................ 306
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ................................ 325
ئوتتۇزىنچى باب ................................ 343
ئوتتۇز بىرىنچى باب ................................ 350
ئوتتۇز ئىككىنچى باب ................................ 366
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ................................ 377
ئوتتۇز تۆتىنچى باب ................................ 390
ئوتتۇز بەشىنچى باب ................................ 401
ئوتتۇز ئالتىنچى باب ................................ 416

# بیرینجی قسم

# بىرىنچى باب

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ خېلى ئىچكىرىسىدە ، يىراق - يىراقلارغىچە بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئاۋات يۇرتلارنىڭ چېگراسى بولغان قەدىمىي بازار بىلەن بىپايان، مۇدھىش قۇملۇق ئارىلىقىدا، ئاسمان - پەلەك بولۇپ پىرقىرايدىغان قۇيۇن، تونۇرنىڭ تەپتىدەك ۋىلىلداپ تۇرىدىغان هارارەت ۋە سىرلىق ئالۋۇنلار ئارىسىدا، ئېقىپ - ئېقىپ، بىر يەرلەرگە كەلگەندە قۇم ئاستىدا غايىب بولۇپ كېتىدىغان دەريا ئېقىنىنىڭ ئايىغىدا قاچان، قانداقلارچە پەيدا بولغىنىنى كىشىلەر بىلمەيدىغان، زۇمرەتتەك چاقناپ، جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ياپيېشىل تەبىئىي ئورمانلىق بار. غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان ئورمانلىقنىڭ مەركىزىدە باراقسان ئۆسۈپ، گىرەلىشىپ، باغۇ ئېرەمدەك خىيابانلىق هاسىل قىلغان سۆگەت، سېدە، ياۋا ياڭاقلار ئەتراپقا كېڭەيگەنچە شالاڭلاپ، يىراق - يىراقلارغا قەدەر تۇتىشىپ كەتكەن توغراق، يۇلغۇنلارغا ئورۇن بېرىدۇ.

ياز ئايلىرىدا يۇلغۇنلار قىپقىزىل بولۇپ چېچەكلەپ، ئەتراپقا هەددى - هېسابسىز گۈل بەرگىلىرىنى تۆكىدۇ. شامال، بورانلار يۇلغۇن چېچەكلىرىنى ئۇچۇرۇپ هەممە يەرگە يايغاندا، زېمىن خۇددى هەسەن - هۈسەن رەڭلىك هىلھىلە ئارتىۋالغاندەك خىيالىي تۈس ئالىدۇ.

بۇ يەرنىڭ كۈز ئايلىرى سۈرلۈك هەم سەلتەنەتلىك. يېشىللىق بىلەن قۇم - بورانىڭ هايات - ماماتلىق ئېلىشىشى رەھىمسىز تۈستە ئىپادىلىنىپ، جەڭدىن كېيىنكى خارابىلىككە

ئوخشاپ قالغان ئورمانلىق، قومساڭ چاتقاللىق ۋە دۆڭلۈكلەردە توغراقلارلا غالىبلارچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ كەچ كۈزدە بوران ـ چاپقۇندا تاۋلىنىپ پىشقان ساپسېرىق يوپۇرماقلىرى بىلەن توغراقلار بەئەينى رىۋايەتلەردىكى ئالتۇن دەرەخكە ئوخشىسا، زېمىن گويا ئالتۇن تەڭگىلەرگە كۆمۈلۈپ ياتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

يىل بويى باغۇ ئېرەمدەك خىيابانلىق ئىچىدە توپ ـ توپ ياۋا ئۆچكە، كېيىك، جەرەن، ياۋا قۇلانلار ئوتلايدۇ. شاخلارغا قونۇۋالغان قۇشلار تاڭ سەھەردىن كەچكىچە چاڭ كەلتۈرۈپ سايرىشىدۇ. بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان سازلىقتا ساناقسىز سۇ قۇشلىرى قىيغىتىپ ئۈزۈشىدۇ ياكى شاد ئاۋازدا چۇۋۇلدىشىپ كۆككە كۆتۈرۈلىدۇ. كېچىلىرى قومۇلۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىن ياۋا تۆگە، قاۋان، يىلپىز، بۆرە، تۈلكىلەر كېلىدۇ. ئوۋ غەنىيمەتلىرى بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ، بۇلاقلاردىن سۇ ئىچىپ، ئوت ـ چۆپ ئۈستىدە سوزۇلۇپ يېتىشىدۇ. گاھىدا، قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان توغراقلار ئارىسىدا قۇملۇق شاھى يولۋاسنىڭ ھەسەن ـ ھۈسەندەك رەڭدار ھەم مەغرۇر قامىتى چاقناپ قالىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئاياغ ئىزى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا باياۋاندىكى بۇ باغۇ ئېرەم ئەنە شۇنداق جاھاندىن پىنھان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنىدى.

قاچانلاردۇر، ئاشۇ خىيابانلىقتا، توغراق، سېدىلەرنىڭ ئاستىدا ئون نەچچە ئۆيلۈك كىچىككىنە بىر مەھەللە پەيدا بولدى. بۇ مەھەللە سىرتقى دۇنياغا نامەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىمۇ يوق ئىدى. ناگان ـ ناگاندا بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالىدىغان بايلىق ئىزدىگۈچىلەر بىلەن ئوتۇنچىلار بۇ يەرنى «توغراقلىق» دەپ ئاتىشاتتى. مەھەللىدىكىلەر بولسا ئەزەلدىن سىرتقا چىقمايدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەرنى «يۇرت»، «مەھەللە»

دەپلا قوياتتى.

مەھەللىنىڭ بېشىدىكىلەر ئاياغدىكىلەرنى «سايىبۇلاقتىكىلەر» ياكى «ئۆچكەبۇلاقتىكىلەر» دېسە، ئاياغدىكىلەر باشتىكىلەرنى «توختاخۇننىڭ بۇلىقى»دىكى پالانچى دېيىشەتتى. خۇددى شۇلار ئېيتقاندەك، بۇ يۇرتنى كۆكەرتىپ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ تۇرغىنى، دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىدىن قايناپ چىققان بۇلاقلار ئىدى. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى، توختاخۇن ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن ئۇنىڭ ئايالى خۇرجۇن ـ قاچىلىرىنى يۇدۇپ مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ھارغىنلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن دەرمانسىزلانغان بۇ ياش ئەر ـ خوتۇن يېشىل مايسىلار ئاستىدىكى سۇپسۈزۈك بۇلاق سۈيىنى كۆرۈپ توختاپ ھاردۇق ئاپتۇ. يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، مۇزدەك بۇلاق سۈيىگە نانلىرىنى چىلاپ يەپ، دەرەخ سايىسىدە يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بۇ دۇنيانىڭ رەنج ـ مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇپ، قاپىرىپ يارا باسقان پۇتلىرىنى، ھارغىن تەنلىرىنى سوزۇپ شۇنچىلىك تاتلىق ئۇخلاپتۇكى، كۈننىڭ نەچچە قېتىم ئولتۇرۇپ، نەچچە قېتىم كۆتۈرۈلگىنىنى تۇيماپتۇ. بالىلىرىنى ئەگەشتۇرۇۋالغان بىر جۈپ ئەركەك ـ چىشى يولۋاسنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ، يۇراپ كۆرۈپ، ئاخىر زېرىكىپ كېتىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماپتۇ.

ئويغانغان چاغلىرىدا كۆڭۈللىرىنىڭ باشقىچە يورۇپ، ئازادىلىشىپ، پۇت ـ قوللىرىنىڭ جانلىنىپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇلار خۇرجۇننى قاققاندا چۈشۈپ قالغان بىر تال بۇغداي ئۇخلاپ قوپقۇچە ئارىلىقتا يىلتىزلاپ، بىخ سۈرۈپ بىر غېرىچ ئۆسۈپ قالغانىمىش. بۇ بۇلاق سۈيىنىڭ كاراмىتىدىن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇلار توغراق ۋە يۇلغۇن شېخىنى ئۆرۈپ بۇلاق بويىغا ئۆي سېلىپتۇ. بۇ بۇلاق كېيىنكى ۋاقىتلاردا «توختاخۇننىڭ بۇلىقى» دەپ ئاتىلىپتۇ، قالغان ئىككى بۇلاقتىن يولۋاس، قاۋان، ياۋا تۆگە، ياۋا ئۆچكە ۋە

ئۇچار قاناتقا ئوخشاش جان ـ جانىۋارلار سۇ ئىچىدىكەن. ياش ئەر ـ خوتۇن ئۈچكە بىلەن تۆگىلەرنى تۇتۇشنىڭ ئامالىنى تېپىپتۇ ۋە قولغا كۆندۈرۈپ بېقىشقا باشلاپتۇ. يەر ئېچىپ بۇغداي تېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ تۆگە ـ ئۈچكىلىرى يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ، ئېغىل ـ قوتانغا پاتماي قاپتۇ. زىرائەت تېرىيدىغان يەرلىرى يىلدىن ـ يىلغا كېڭىيىپ، هال ـ ئوقىتى بارغانسېرى ياخشىلىنىپتۇ. يىللار شۇ تەرزدە ئۆتۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغۇلغان بالىلىرى ئۆسۈپ چوڭ بولۇپتۇ. چوڭ ئوغلى تۇردى ئاخۇن 15 ـ 14 ياشلارغا كىرىپ ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشىنى قولىغا ئاپتۇ. ئىككىنچى ئوغلى قۇتلۇق ئاخۇن چارۋا مالغا ئىگە بولۇپتۇ. قىزى مايسىخان ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاچ كىچىك ئۇكىلىرىنى باقىدىكەن.

قۇتلۇق ئاخۇن 13 ياشقا كىرگەن يىلى، بىر كۈنى ئەتىگەندە غىزالىنىپ، ئىككى نانىنى بېلىگە تۇگۈپ ئۈچكىلەرنى هەيدەپ چىقىپ كەتكەنىكەن، كۈن قايرىلغاندا بىردىنلا هاۋا تۇتۇلۇپ قاتتىق بوران چىقىشقا باشلاپتۇ. ئوغۇل كېچىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. ئەتىسى ئۆيدىكىلەر ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ چېچىلىپ كەتكەن ئۈچكىلەرنى تېپىپ ئېلىپ كەپتۇ. ئەمما، ئوغۇل ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق ئىكەن. ئۇلار ئوغلىنى يولۋاس يەپ كەتتىمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىشىپتۇ. ئەمما، ئەتراپتىن قان ئىزى ياكى بىرەر پارچە ئۇستىخان ئۇچرىماپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە توغراقلىقتا ئادەملەر پەيدا بولغاندىن تارتىپ ياۋايى هايۋانلار ئازىيىپ قارىسىنى كۆرسەتمەس بولۇپ قالغانىكەن. ئۇلار كۈن، ئاي، يىللارنى قۇتلۇق ئاخۇننى كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئانىسى هەر كۈنى مەهەللە بېشىدىكى دۆڭگە چىقىپ ئوغلۇم كېلىپ قالارمىكىن دەپ يىراقلارغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرىدىكەن. كېيىنكى يىللاردا كىشىلەر ئاشۇ دۆڭنى «ئاغىچادۆڭ» دەپ ئاتىشىپتۇ. يەنە يىللار ئۆتۈپتۇ. بۇ پىنهان مەهەللە يىراق ـ

يېقىندىن ئېزىپ ـ تېزىپ كېلىپ قالغان مۇساپىرلار، هارغان ـ ئاچقان، جاھان زۇلمىدىن، بەندىلەرنىڭ ۋاپاسىزلىقلىرىدىن تويغان دەردمەنلەرنى سېخىيلىق بىلەن قۇچىقىغا ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى كىگىزچى، بىر باپكار يەنە بىر راۋابچى بار ئىكەن. كېيىن كەلگەنلەر سايىۋۇلاق ئەتراپىغا ماكانلىشىپ، يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپتۇ ياكى چارۋا مال بېقىپتۇ. «ئۆچكەبۇلاق»نى بولسا جان ـ جانىۋارلارغا قالدۇرۇشۇپتۇ. ئۇلار: «بىز كەلمەستە بۇ يەرنىڭ ئىگىسى جان ـ جانىۋارلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ رىزقىغا توپا چاچساق خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ» دېيىشىدىكەن. «كۆچەت تىككەن ئادەم جەننەتكە يېقىن بولىدۇ» دېيىشىپ، كۆچەت تىكىپ باغ بىنا قىلغان ئادەمنى ۋە دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھنى ئۇلۇغلايدىكەن. كۆپ قىسىم كىشىلەر ئېغىللىرىدىكى بىرنەچچە ئۆچكىسى ۋە بىر ـ ئىككى تاغار بۇغداي ـ قونىقىغا شۈكۈر قىلىپ، تاپقىنىنى سېنىڭ ـ مېنىڭ دېمەي، ئۆم ـ ئىناق ياشايدىكەن. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ئوبدان بىلىپلا قالماي، كىمنىڭ ئۆيىدە نېمىسى، ساندۇقىدا نەچچە تەڭگىسى بار ئىكەنلىكىگىچە بىلىشكەچكە، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىشمايدىكەن، ئۇزاق قىش كېچىلىرىدە، بوران چىققان كۈنلەردە بىرەر ئۆيگە يىغىلىپ، ئىشىك ـ تۈڭلۈكنى مەھكەم تاقاپ قەدىمكى جەڭنامىلەرنى، مۇڭلۇق ناخشا ـ قوشاقلارنى، مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىق ـ مەشۇقلار، ئادىل پادىشاھ ۋە زالىم پادىشاھلار توغرىسىدىكى تۈگىمەس چۆچەكلەرنى ئېيتىشىپ، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلىشىپ، گاھىدا قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بەزىدە پەيدا بولۇپ، بەزىدە يوق بولۇپ كېتىدىغان غايىب شەھەرلەر، ئۇ يەرلەرگە بەند قىلىنىۋېتىلگەن دەپىنە ـ دۇنيا، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ ئارمىنىنى قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشىدىكەن. بىپايان دېڭىزدىكى يېگانە ئارالغا ئوخشاپ كېتىدىغان يۇرتىدىن يىراقتا

تېخىمۇ بىپايان دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇ يەرلەردە خان ـ پادىشاھ، بەگ ـ غوجىلارنىڭ يەر ـ زېمىن، بايلىق، ھوقۇق تالىشىپ ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىشىپ تۇرىدىغانلىقى، بىچارە پۇقرالارنىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئاقىدىغانلىقى، يېغىلىق، زۇلۇم ـ زورلۇق تۈپەيلى يۇرتلار ۋەيران بولۇپ، ئېتىز ـ باغلار قاغجىراپ، ھەممە يەرنى ئاچ ـ يالىڭاچ تىلەمچىلەر قاپلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان چاغلىرىدا بولسا چۆچەك ئاڭلاۋاتقاندەك بولۇپ، كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىگە شۈكۈر قىلىپ، ياراتقان خۇدادىن بىر ـ بىرىگە خاتىرجەملىك، بالىۋاقىلىرىغا ھالال نىيەت ۋە ئىنساب تىلىشىدىكەن.

يەر ـ جاھان ئىللىپ، ھاۋا ئېچىلغان كۈنلەردە تەبىئەت بىلەن تەڭ جانلىنىپ تىرىكچىلىكنىڭ تۈگىمەس مېھنىتى بىلەن بەند بولۇشىدىكەن. كۈنلەر بىر خىلدا يورغىلاپ ئۆتۈپ، كېچىكلەرنى چوڭايتىپ، چوڭلارنى قېرىتىپ، قېرىلارنى بىردىن ـ ئىككىدىن ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كېتىۋېرىدىكەن...

توختى ئاخۇن 40 ياشتىن ئاشقان ئاچاغلىرىدا ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە ئىلگىرىكى قومۇش بىلەن يېپىلغان ئاددىي مەسچىتنىڭ ئورنىغا خېلى چوڭ ھەم مۇستەھكەم بىر مەسچىت سالدۇرۇپتۇ. مەسچىت پۇتكەندە تۆگىگە مىنىپ بىر خۇرجۇن نان، بىر قاپاق سۇ بىلەن چىقىپ كېتىپ، بىرەر ئاي بولغاندا بىر مەزىننى باشلاپ كەپتۇ. مەزىننىڭ ئارقىسىدا ئايالى بىلەن قىزىمۇ بار ئىكەن. مەزىن بوغداي ئۆڭلۈك، يۇمشاق ئاۋازدا ئىتتىك سۆزلەيدىغان، خۇش پېئىل ئادەم بولۇپ، ئۇلار مەھەللىگە ئولتۇراقلىشىپ ناھايىتى تېزلا ئۆزلىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ پىنھان يۇرتتا مەزىننىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭراپ كىشىلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ پەرزلىرىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئۈندەيدىغان بولۇپتۇ.

ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بوران

چىقىپتۇ. بوران توختىغان كۈنى كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى قومۇشلۇقتا بىر كەپە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ كەپە خۇددى قەدىمدىن مۇشۇ يەردە مەۋجۇتتەك ناھايىتى كونا ئىكەن. ئۇلار كەپىنىڭ ئەتراپىدا ئۇزاق ساقلاپ، قايقارا چىرايىنى چىچەك ئىزى بېسىپ كەتكەن، يوغان بېشى خۇددى مورىسىگە پاتۇرۇپ قويۇلغاندەك كۆرۈنىدىغان، قېلىن ياغلىقىنىڭ ئالدىدىن سالۋاراپ كەتكەن چاچلىرى چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئايالنىڭ ئۆيدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىلغان بىر ئۆچكە بىلەن 5 ـ 6 مۈشۈك ئەگىشىپ يۈرۈشىدىكەن. ئۆچكىنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراق توختىماي جىرىڭلىسا، مۈشۈكلەر سوزۇلۇق ئاۋازدا مىياڭلاپ، ئادەملەرگە قاراپ چىشلىرىنى ھىڭگايتىشىدىكەن. ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ، دۆڭ پېشانىسىنىڭ تېگىدىكى ئالىغاي كۆزلىرى بىلەن ئادەملەرگە شۇنداق بىر قارىغانىكەن، ئادەملەر قورققىنىدىن پېتىراپ قېچىشىپتۇ. ئۇلار ئۇنى سۇلايمان پەيغەمبەر كوزىغا بەند قىلىۋەتكەن دىۋە، بوراندا ئۇچۇپ كەلگەن يەجۈجى ـ مەجۈجى دېيىشىپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن كىشىلەر قومۇشلۇق تەرەپكە يولىمايدىغان، بالىلىرى يىغلىسا «قومۇشلۇقتىكى چىشى دىۋىگە بېرىۋېتىمەن» دەپ قورقىتىدىغان بولۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي كەنتتە غەلىتە بىر كېسەل تارقىلىپتۇ، كىشىلەر بۇنى ئاشۇ ئايالدىن كۆرۈپتۇ. ئەمما، ئۇ ئايال بىر خىل ئۆسۈملۈك يىلتىزىنى قايىنىتىپ ئىچۈرۈپ، داپ چېلىپ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىلغان ئۆچكىسى ۋە مۈشۈكلىرى بىلەن پىرە ئوينىتىپ، كېسەل بولۇپ قالغان ئادەملەرنى بىر ـ بىرلەپ ساقايتىپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئايشىخان ئىسىملىك بۇ باخشى ئايالدىن قورقمايدىغان، ئاغرىق ـ سىلاق بولۇپ قالغانلار، جاڭگالدا ماللىرى يىتۈپ كەتكەنلەر، ئەرگە تېگىدىغان، خوتۇن ئالىدىغانلار، قاپىقى تارتقان، چۈشى بۇزۇلۇپ

قالغانلار ئۇنى بىردىن ـ ئىككىدىن ئىزدەپ بارىدىغان بولۇپتۇ. كەنت بويىچە مەزىنلا ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىكەن. مەسچىتتە: «باخشى، داخانغا ئىشەنگەنلىك ئاللانىڭ يولىدىن چىققانلىق، ئىمانسىز باخشىنىڭ دورىسىنى ئىچىش، شەيتاننىڭ سۈيدۈكىنى ئىچكەنگە باراۋەردۇر» دەپ ۋەز ئېيتىپ، كىشىلەرنى ئايشخان باخشىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىكەن. كىشىلەر مەزىننىڭ ئالدىدا ئۇنى «ئىمانسىز»، «جىنشى دىۋە» دەپ تىللىسىمۇ، بىرەر ئىشقا يولۇقسا يەنىلا ئايشخان باخشىنىڭكىگە يۈگۈرىدىكەن، بولۇپمۇ ئاياللارغا ئامال يوق ئىكەن.

# ئىككىنچى باب

بىر يىلى كۈزدە، بوراندا يوقىلىپ كەتكەن قويلىرىنى ئىزدەپ چىققان پادىچىلار قۇملۇقتىن ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ قالغان ئىككى ئادەمنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. پۈتۈن ئەزايىنى توپا باسقان، لەۋلىرىنى گەز باغلاپ ئۆلۈك سىنىغا كىرىپ قالغان بۇ ئادەملەرنى ئايشىخان باخشى بىر قىش باقتى. ئۇنىڭ قاغىسىق پۈرايدىغان يىلتىز قايناتمىسى، ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق كىشى بىلمەيدىغان جىن قوغلايدىغان «ئايەت»لىرى، كۆرگەن ئادەمنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالىدىغان پېرە ئويۇنلىرى ئۇلارغا ئاستا ـ ئاستا تەسىر كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇلار ھوشىغا كەلگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئەتىدىن ـ كەچكىچە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى، بەزىدە تۇرۇپلا لاغىلداپ تىترەپ، چىرقىرىغىنىچە ئۆزىنى ھەريان ئېتىشقا باشلايتتى. بۇ ھالەت خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. بىر كۈنلەردە ئۇلار تاماق، سۇ سورايدىغان، ئەتراپتىكى ئادەملەرگە ئەجەبلىنىپ قاراپ، ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدىغان، بارا ـ بارا باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىدىغان بولدى. ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىققۇدەك بولغاندا كىشىلەر ئۇلارنىڭ يۇت ـ قوللىرىنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئۇزۇن بولۇپلا قالماي، چىرايىنىڭمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بايقاشتى.

ئۇلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىككىسى ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ، ئەسلىدە چوڭ بىر دەريانىڭ بويىغا جايلاشقان ناھايىتى ئاۋات يۇرتتا ياشايدىكەن. كىچىكىدىن يول مېڭىشقا ماھىرلىقى،

باشقىلار ئىككى كۈندە باسىدىغان يولنى يېرىم كۈندە بېسىپ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، يۇرتىدا «ھەسەن ـ ھۈسەن شاتىر» دەپ ئاتالغانىكەن. بىر كۈنلەردە، شۇ ئەتراپتىكى بىرنەچچە باي بىرلىشىپ مەدىكار ياللاپ، قۇملۇقتىكى غايىب شەھەردىن مال ـ دۇنيا تېپىپ كەلمەكچى بولۇپتۇ. چوڭلارنىڭ، كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن كىشىلەرنىڭ توسۇشى، نەسىھەتلىرىگە قارىماي، يۇرتقا نەزىر بېرىپ، ئات ـ تۆگە، ئېشەكلىك چوڭ كارۋاننى باشلاپ قۇملۇققا يۈرۈش قىلىپتۇ. «ھەسەن ـ ھۈسەن شاتىر»لار ئەنە شۇ كارۋاننىڭ سېپىدە ئىكەن.

كارۋان تەجرىبىلىك يول باشلىغۇچىلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن كۆزلىگەن مەنزىلگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ بېرىپتۇ. ھە دېگەندىلا ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولۇپتۇ.

بايلىق ئىزدىگۈچىلەر قۇملۇقنى كولىغانچە كۆز ئالدىدا بىر ـ بىرلەپ نامايان بولغان قاتار كەتكەن ئۆي ـ ئىمارەت، ئىبادەتخانا، ساراي، بازار ـ مەيدانلارنى كۆرۈپ ئەقلى لال بولۇپتۇ. ھەسەن شاتىر دەسسەپ تۇرغان يېرىدىكى قۇملارنىڭ شىرىلداپ بىر يەرگە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال كەتمەن بىلەن ئەتراپىدىكى قۇمنى كولاپتۇ. كەتمىنى قاتتىق بىر نەرسىگە تەگكەندە قارىسا، ئۇ بىر ئۆينىڭ تۈڭلۈكى ئىكەن. تۈڭلۈكتىن ئۆيگە سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئۇ تۆت تېمىدا باغۇ ئېرەم، ھۆر ـ پەرىلەرنىڭ رەسىمى سىزىلغان شۇنداق بىر ياسىداق ئۆي ئىكەنكى، چىمەنلىكتە سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ، قۇشلار سايرىشىۋاتقاندەك، دەل ـ دەرەخلەردىكى يەل ـ يېمىشلار توككىدا يەرگە چۈشىدىغاندەك، رەڭدار قەسىرلەردە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ساز چېلىۋاتقان سازەندىلەرنىڭ سازلىرى ياڭراپ، ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتقان، بۇلۇتلار ئارىسىدا پەرۋاز قىلىشىۋاتقان ھۆر ـ پەرىلەر كىشىگە قاراپ جىلۋە قىلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن. ئۇ بۇلۇڭدىكى كېمىرلىك

ئىشىكتىن يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالغان دېدەك ئايالنى، بۆشۈكتە ئۇخلاۋاتقاندەك ياتقان بوۋاق بالىنى كۆرۈپتۇ. ئەڭ ئىچكىرىدىكى يىپەك پەردىلەر بىلەن بېزەلگەن بىر ئۆيدە قىزىل ھىلھىلە چىملىدىقنىڭ ئىچىدە ھازىرلا ئۇيقۇغا كەتكەندەك يېنىچە ياتقان بىر ساھىبجامالنى كۆرۈپ ئەس - ھوشىدىن ئايرىلغۇدەك بوپتۇ. ئۇنىڭ قاش - كىرپىكى تاۋلىنىپ، ئۇزۇن چېچى بەدىنىگە يېپىلىپ تۇرىدىكەن. پېشانىسىدىكى قىزىل خالى، چاچ، بويۇن، بىلەك - پاچاقلىرىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەر - ياقۇتلار رەڭمۇرەڭ يىلىنجاپ يېنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىكەن. ھەسەن شاتىر «ئاھ، يۇرىكىم» دەپ بىرھازا تۇرۇپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئۇزاقتا ئېسىگە ئاپتۇ. تىترەپ تۇرغان قولىنى ئۇزىتىپ، ساھىبجامالنىڭ بوينىدىكى ياقۇت بېزەككە قولىنى تەگكۈزۈشى بىلەنلا ئايالنىڭ ۋىلىلداپ تۇرغان كىيىملىرى بىلەن تومۇرلىرى لىپىلداپ سوقۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان تېنى پۇررىدە توزۇپ، كۆز ئالدىدا بىر دۆۋە ئاپپاق ئۇستىخان قاپتۇ. ئۇ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ، قورقۇنچ ۋە ۋەھىمىنى يېڭىپ ئۇستىخانلار ئارىسىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەر - ياقۇتلارنى تېرىپ قوينىغا ساپتۇ. ئۆينىڭ تۆت تېمىدىكى نەقىشلىك ئويۇقلارغا قەغەزدەك سىپتا سوقۇلغان كۈمۈش لوڭقا، پەتنۇس، چىنە - چەينەكلەر، ئالتۇن تاۋاق، قەدەھلەر، سۈزۈك، ئېسىل تاشلاردىن ياسالغان ئاجايىپ - غارايىپ، كۆركەم جابدۇقلار تىزىلغانىكەن. بۇلارنىڭ قايسىبىرىنى ئېلىشنى بىلمەي ھەسەن شاتىرنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپتۇ. ئۇنى ئېلىپ، بۇنى قويۇپ يۈرۈپ بىر ئويۇقتىن چاققانغىنا قىزىل رەڭلىك ساندۇق تېپىۋاپتۇ. ساندۇقنىڭ ئىچىدە لىققىدە ئالتۇن تەڭگە بار ئىكەن.

تەڭگىلەر خۇرجۇننىڭ ئىككى كۆزىگە تولۇپتۇ. قويۇن -

يانلىرى، خۇرجۇنى تولۇپ كۆتۈرەلمىگۈدەك بولغاندا، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي، تاپقانلىرىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەكچى بولۇپ تۈڭلۈكنى ئىزدىسە، تۈڭلۈك كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ھەر تەرەپكە چېپىپ چىقىپ كەتكۈدەك يوچۇق ئىزدەپتۇ. ئىزدە - ئىزدە، چېپ - چېپ تەرلەپ ھالىدىن كېتىپتۇ. دەسلەپ كىرگەندە ئۆزىگە قاراپ جىلۋە قىلىشاتقاندەك كۆرۈنگەن ھۆر - پەرىلەر ئەمدى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قوللىرىنى ئۇزىتىپ ئۇنى بوغماقچى بولۇۋاتقاندەك، ئۇچار قانات، جان - جانىۋارلار ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا خىرىس قىلىشىۋاتقاندەك بىلىنىپتۇ. قورققىنىدىن لاغ - لاغ تىترەپ، ئۆلۈم كۆزىگە كۆرۈنۈپ، «ئىسىت، سىڭگەن نېنىمنى يەپ ئولتۇرماي، بۇ يەرگە نېمىدەپمۇ كەلگەندىمەن!» دەپ خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاپتۇ. ئاخىر يادىغا كىچىك ۋاقىتلىرىدا چوڭلاردىن ئاڭلىغان سۆزلەر كەپتۇ - دە، قويۇن - يانلىرىدىكى ئالتۇن، گۆھەر - ياقۇت، خۇرجۇنلىرىدىكى تەڭگىلەرنى چىقىرىپ ئالغان يېرىگە قويۇپتۇ. شۇ چاغدىلا يېنىكلەشكەندەك، كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولۇپ، «ئاھ خۇدا، ئىشىمنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن» دەپ ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپتۇ.

كۆزى سەللا ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن، خۇددى بىرى «كۆزۈڭنى ئاچ!» دېگەندەك بولۇپ، ئىتتىك كۆزىنى ئاچسا باش ئۈستىدىكى تۈڭلۈكتىن يىپتەك سوزۇلۇپ قۇم چۈشۈۋاتقۇدەك، تۈڭلۈكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر پارچە ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ تۇرغۇدەك. ئۇ بىر ئامالالارنى قىلىپ تۈڭلۈكتىن چىقىۋاپتۇ. ئۈستىگە چىقىپ ھەريانغا يۈگۈرۈپ ئۇكىسى ھۇسەن ئاخۇننىڭ ۋە ھەمراھلىرىنىڭ ئىتىنى تۇۋلاپ ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمەپتۇ. ئاخىر ئۇلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئاسمان - پەلەك قۇم بارخىنىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن قۇم ئاستىدىكى ئىبادەتخانىغا چۈشۈپتۇ. سۈرلۈك قارىشىپ تۇرغان بۇت - سەنەملەرنى، مېھرابقا تىزىلغان

ئالتۇن قەدەھ، ئالتۇن تەخسە - كوجىدانلارنى، بۇتلارنىڭ ئايىغىدا ياتقان ئاپپاق ئۇستىخانلارنى كۆرۈپتۇ. ئۇكىسىنى ئىزدەپ ئۆيمۇئۆي ئارىلاپ، ئاخىر ئۆرۈلۈپ كەتكەن تامنىڭ ئاستىدا ياتقان بىر بۆلەك ھەمراھلىرىنى ئۇچرىتىپتۇ. ھەممىسىنىڭ خۇرجۇنلىرى، قويۇن - يانچۇقلىرى مال - دۇنياغا تولغان، ئەمما جانلىرىدىن ئايرىلغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇكىسىنى تېپىۋاپتۇ. تىڭشاپ كۆرسە يۈرىكى بىلىنەر - بىلىنمەس سوقۇۋاتقانىكەن. ئۇكىسىنىڭ قويۇن - يانچۇقلىرىدىكى ئالتۇنلارنى ئېلىپ تاشلاپ، كۆتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار تىرىك قالغان ھەمراھلىرىنى تېپىۋېلىش ئۈمىدىدە يەنە بىر كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاخىر ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، يېقىن ئەتراپتا ئۇتلاپ يۈرگەن تۆگىلەرنى تېپىپ، ھەسرەت - نادامەت، ئاللا - تۇۋا بىلەن كەلگەن يولىغا راۋان بولۇپتۇ. بىراق، مېڭىپ - مېڭىپ يولدىن ئېزىپ قاپتۇ. ئۇنى ئاز دېگەندەك، بوران چىقىپ يەر - جاھاننى قۇم - توزان قاپلاپتۇ. ئۇلار: «پېشانىمىزگە مۇشۇ يەردە ئۆلۈش پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ» دەپ، ئەلھۆكمىللانى ئېيتىپ تۇرغاندا، تۇساتتىن ئاكىسىنىڭ خىيالىغا بىر ئىش كەپتۇ: «ئۇكام، يېنىڭدا بىرەر نەرسە قالغانمىدى، بولسا تاشلاپ قوي» دەپتۇ. ئۇكىسى پوتىسىدىن بىر ئالتۇن قوشۇقنى چىقىرىپ تاشلاپتۇ. بوران ئاستا - ئاستا تىنچىپ، يىراقتا ئۇكەر يۇلتۇز كۆرۈنۈپتۇ...

ئاكا - ئۇكىنىڭ ھېكايىسى مەھەللىدىكى ھەممە ئادەمگە يادا بولۇپ كەتتى. ئادەملەر بىر - بىرىگە قايتا - قايتا سۆزلەپ بېرىشەتتى. ئاڭلىغۇچىلار باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى. ئاڭلاپ بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە قاراشتىن قورقۇپ يەنە بىر پەس جىم بولۇشۇپ كېتەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەسۋەسىنى باسالمايۋاتقانلىقىدىن،

يۈرەكلىرىنى تاتىلاپ ئوينىتىۋاتقان قانداقتۇر بىر تۇيغۇ بىلەن قورقۇنچ ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ قالغانلىقىدىن ئىدى. ئايشىخان باخشى خۇددى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك، كۆزلىرىنى ئالاڭ - بۇلاڭ قىلىپ، چىشسىز ئاغزىنى ماكىلدىتىپ: «غايىب شەھەر دەپ بىكار دېمەيدۇ، ئىگىسى بار شەھەر ئۇ. ئۇلۇغلار بەند قىلىنىۋەتكەن. ئەزەلدىن ئۇ يەرگە بارغان ئادەم ساق كەلگەن ئەمەس» دەيتتى. مەزىنىمۇ ھەر قېتىمقى نامازدا: «ئۇلۇغ خۇدا، ئاجىز بەندىلىرىڭنىڭ دىلىغا ئىنساب، شۈكۈر - قانائەت ئاتا قىلغايسەن، ئۇلارنى ئېزىتقۇ بىلەن يامان نىيەتتىن ساقلاپ ئەقىل - ھوش، ئەزىز جانلىرىدىن جۇدا قىلمىغايسەن» دەپ دۇئا قىلاتتى.

ئاكا - ئۇكا شاتىر توغراقلىقتا تۇرۇپ قالدى. خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان بۇلاق كۆز، ساپ دىل قىزلارغا ئۆيلىنىپ، بالا - چاقىلىق بولۇپ، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ خاتىرجەم تىرىكچىلىك بىلەن بولۇشتى. ئاندا - ساندا مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ، خوتۇن خەقلەرنىڭ ياكى بالىلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن يىراقتىكى بازارغا بېرىشقا مەجبۇر بولغانلىرىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى، ئىلگىرىكى تۇرمۇشى ئەسلىرىگە كېلىپمۇ قالاتتى. ئەمما، ئۇلارنى چۆل - باياۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مەھەللىگە باغلاپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بەك كۆپ ئىدى.

نەچچە كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە باسىدىغان بۇ شادىپاچاق ئادەملەرنى مەھەللىدىكىلەرمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، باشقىلارغا ياردەم قىلىشقا خۇشتار بولۇپلا قالماي، كۆرگەن - بىلگىنى مەھەللىدىكىلەردىن كۆپ ئىدى ھەم ئۇلارنى ۋائىزلاردەك قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرەلەيتتى. ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى توغراقلىقتىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ئۇلاردا تاشقى دۇنياغا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا

قىلغانىدى. ھەر قېتىم ئاكا ياكى ئۇكا شاتىر يىراق سەپەردىن كەلگەندە ئۆيگە بىرمۇنچە ئادەم يىغىلىپ، ئۇنىڭ تاشقى دۇنيادا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىنى تاقەت بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. يەپ ـ ئىچىپ، ئۇخلاپ ھاردۇقى چىققان شاتىر مەمنۇنلۇق بىلەن كېرىلىپ ئولتۇرۇپ بازاردا كۆرگەنلىرىنى، چارۋا مال، ئاشلىقنىڭ نەرخ ـ باھاسىنى، ئادەملەرنىڭ نېمە كويدا يۈرۈشكەنلىرىنى، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى قىزىقارلىق كونا ـ يېڭى گەپلەرنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بېرەتتى. بىر قېتىم ئۇ ئاقسۇ دېگەن بىر يۇرتتا دارىن، ئامبال، بەگلەر بىرلىشىپ پۇقرالاردىن قانداق قىلىپ پۇل يۇلۇپ، باي بولۇشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشقانلىقى، بىر ھەييارنىڭ ئادەم بېشىغا «چوقا بېجى» دەپ بىر تەڭگىدىن، ئۆي بېشىغا «تۈز بېجى» دەپ بىر تەڭگىدىن پۇل قويمايلىمۇ دېگەن مەسلىھەتى ياراپ كېتىپ، شۇ بويىچە پۇقرادىن پۇل يىغىپ، پۇلنى چۆنتەكلىگە تىقىشقانلىرى، يەنە بىر يۇرتتىكى بىر ئادىل ئەمەلدار بۇ ئىشنى چىن دۆلەتنىڭ ئۇلۇغ خانىغا مەلۇم قىلغاندا، خان: «مەن ناسارالار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇ تەرەپتىكى پۇقرالىرىمدىن خەۋەر ئالالماپتىمەن، مېنىڭ پۇقرالىرىم جاپادا قاپتۇ» دېگەنلىكى، بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن 72 دارىن، ئامبال، بەگنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى شۇنداق تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردىكى، ئولتۇرغانلار دۇنيادا مۇشۇنداق ئادىل پادىشاھمۇ بار ئىكەن، دەپ تەھسىن ئوقۇشۇپ كېتىشتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن نامازلىرىدا ئۇلۇغ چىن خاقانىنىڭ شان ـ شەۋكىتىنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشىنى، دۆلىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشىنى تىلەيدىغان بولۇشتى.

# ئۈچىنچى باب

بىر يىلى، توغراقلىقتىكى ياۋا ئۆرۈكلەر تازا چېچەكلەپ كەتكەن مەۋسۇمدا مەھەللىدە چار ساقال، سالاپەتلىك بىر ئادەم بىلەن تاۋار ـ دۇردۇنغا ئورالغان، پەرەنجىلىك ئايال پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى گۆدەك قىزىنى تۆگە يېتىلىۋالغان بىر يولچى باشلاپ كەلگەنىدى. چار ساقال ئادەم ئۆرۈمە تاملىق ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرۇشقان ساقاللىرى ئۆسۈك، كىيىملىرى كونا، سەللىلىك ۋە تۇماقلىق ئادەملەرگە سالام قىلغاندا، ئۇلار ھودۇقۇپ قېلىشتى. بۇ ئادەم تەمتىرىمەي ئۇدۇل توختاخۇننىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يېشى 80 دىن ئېشىپ، بېلىگە چۈشكۇدەك ئۇزۇن ساقىلى كۈمۈشتەك ئاقارغان توختاخۇنمۇ ئۇنى كۆرۈپ ھودۇقتى. بۇ يۇرتقا مېھمان كەمدىن ـ كەم كېلەتتى، بولۇپمۇ مۇنداق سۆلەتلىك مېھمان زادىلا كېلىپ باقمىغانىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرغاندا، ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرىكىدە بىر نەرسە ئېرىگەندەك بولدى. مېھمان ئىتتىك كېلىپ بوۋاينىڭ كۆكسىگە باش قويۇپ ئاغزى گەپكە كەلمەي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. توختاخۇنغىمۇ يىغا ئولاشتى. ئۇ ئېڭىشىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن مېھماننىڭ سول قولىنى تۇتتى، ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆزىگە تۇتۇپ قارىدى. قولىنىڭ بىر بارمىقى كەم ئىدى! ئۇ بىردىنلا ئۈمچىيىپ يىغلاپ، لاغىلداپ تىترىگىنىچە: «ئوغلۇم... ئوغلۇم قۇتلۇق ئاخۇن...» دەپ ئىگراپ مېھماننى قۇچاقلىۋالدى. بۇ ئۇنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە 40 يىل بولغان

ئوغلى ئىدى. ئۇ بۇ ئوغلىنى، ئۇنىڭ نەقەدەر ئىشچان ھەم زېرەكلىكىنى، ئوتتۇن كەسكىلى بېرىپ، بىر بارمىقىنى چېپىۋالغاندا يىغلىماي، قارىداپ كەتكەن بارمىقىنى قوينىغا سېلىپ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى... يۈرىكى پىژ - پىژ ئېچىشقان ھالدا ئەسلەيتتى. شۇ ئوغلۇم دۇنيانىڭ بىر يېرىدە ھاياتلا بولسا بىر كۈنلىرى كېلىپ قالار - ھە... دەپ ئۆز - ئۆزىنى بەزلەيتتى. مانا بۈگۈن ئۇ ئامراق ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ ئارمانىغا يەتتى. بىراق، ئۇنىڭ خوتۇنى بۇ كۈنلەرنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇمۇ ھايات بولغان بولسا خۇشلۇقىدىن قانداق بولۇپ كېتەر ئىدى - ھە.

ھايال ئۆتمەي چوڭ ئوغلى تۇردى ئاخۇن، كىچىك ئوغۇللىرى تۇرغۇن قارىي، تۇرسۇن قارىيلار، قىزلىرى مايسىخان بىلەن مەرەمنىساخانلار بالىۋاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كېلىشتى. قان قېرىنداشلار كۆرۈشۈپ مۇڭدىشىپ، مەرھۇم ئانىسىنى ئەسلىشىپ يىغا - زار قىلىشتى. ھەممىسىنىڭ كۆڭلى تىنغاندا قۇتلۇق ئاخۇن ئۇلارغا 40 يىل ئىلگىرىكى ئاشۇ بورانلىق كېچىدە ئۆچكىلەرنى ئىزدەپ يۈرۈپ يولدىن ئېزىپ قالغانلىقى، ئەتىسى شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كارۋانلار ئۇنى ھوشسىز ھالەتتە تېپىۋېلىپ، تۆگىگە مىندۈرۈپ ئېلىپ كەتكەنلىكى، ئۇ كارۋانلارغا ئەگىشىپ نۇرغۇن يۇرت - ئەللەرنى كېزىپ، كۆپ ئىشلارنى كۆرگەنلىكى، ھەج قىلىش ئۈچۈن ھەرەمگە بېرىپ، بىر ياخشى كىشىنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ، شۇ يەردە تىجارەت ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى، ئاخىر ئاتا - ئانا، يۇرت مېھرى ئۆزىنى يەنە دۇنيانىڭ بىر چېتىدىكى تۇغۇلغان ماكانىغا باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ، كۆز يېشى بىلەن ساقاللىرىنى يۇدى. دادا - بالا، قان قېرىنداشلار مۇڭدىشىپ گەپلىرى تۈگىمىدى. دادا ئوغلىنى «ھاجىم» دەپ ھۆرمەتلەپ گەپلىرىگە قۇلاق سالاتتى. ئاندا - ساندا گېپىگە لوقما سېلىپ

قويغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا كۆزىنى يۇمۇپ، بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈرۈپ ئولتۇراتتى.

ئەتىسى قۇتلۇق ھاجى مەرھۇم ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىدا خەتمىقۇرئان قىلىپ يۇرتقا نەزىر بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلىششقا باشلىدى. بۇ ئىشلار توغراقلىق تارىخىدا ئۇنتۇلغۇسىز زور ئىشلار ھېسابلاندى.

دەرۋەقە، قۇتلۇق ھاجى توغراقلىقتا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەندى. ئۇ مەھەللە ئوتتۇرىسىغا كۆركەم مەسچىت، مەدرىسە سالدۇردى. مەسچىت ئالدىدىكى يۇمىلاق مەيدان كېيىنكى ۋاقىتلاردا «يۇمىلاق بازار» دەپ ئاتىلىپ، توغراقلىقنىڭ مۇھىم پائالىيەت سورۇنى بولۇپ قالدى. يەنە يېڭىدىن ئۇچ كۆل كولىتىپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، راۋانلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى سۇنى نۆۋەت بىلەن تېجەشلىك ئىشلىتىشكە ئادەتلەندۈردى.

سىرتتىن مېۋە كۆچەتلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ، ياۋا مېۋىلەرنى ئۇلىتىپ، دېھقانلارنى مېۋىلىك باغلارنى بەرپا قىلىشقا دەۋەت قىلدى.

ئۇنىڭ ئاغىچىسى توغراقلىقتىكى ئاياللارغا شەھەرلىك ئاياللارنىڭ كىيىنىش، ئۆي تۇتۇش ئادەتلىرىنى ئۆگەتتى. ئۇ ھويلا ۋە يول بويلىرىغا توغراقلىقلار ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان چىرايلىق گۈللەرنى تېرىيتتى. كۆپ ئۆتمەي بۇ گۈللەر ھەممە ھويلىلاردا دېگۈدەك ئېچىلىشقا باشلايتتى.

قۇتلۇق ھاجى مەھەللىدىكى ياشلار ھەم باللارنى مەدرىسەگە يىغىپ ئۆزى دەرسگۈيلۇق قىلدى. ئۇ ھەر جۈمە نامىزىدىن كېيىن جامائەتكە ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى.

ھەر خىل سورۇنلاردا ئۆلۈم ـ يېتىم، دەپنە، نىكاھ، ئاغرىق ـ سىلاق، كۆچەت تىكىش، خەير ـ ئېھسان قاتارلىقلارغا ئائىت ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىپ، يېشىپ چۈشەندۈرۈپ، ئىلگىرى

قارىغۇلارچە، يېرىم ـ يارتا، خاتا ئوقۇپ كەلگەن كىشىلەرنى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، توغرا ئوقۇشقا يېتەكلىگەنىدى. ئۇنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرى، ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىشلىرى بەزى موللىلارنىڭ دىتىغا ياقمايتتى. ئۇلار قۇرئان ئايەتلىرىنى پەقەت ئەسلىي ھالىتىدىلا ئوقۇشقا بولىدۇ، ئۇنى زاغرا تىلىمىزغا ئۆرۈگەنلىك ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگەنلىك، دەپ غەيۋەت قىلىشاتتى. لېكىن، كۆپ قىسىم كىشىلەر يەنىلا قۇتلۇق ھاجىغا ئىخلاس قىلاتتى، ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى.

بىر يىلى قۇتلۇق ھاجىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يىراقتىكى شەھەرگە بېرىپ كەلگەن ھەسەن شاتىر: «ئىسلام ئېچىلىپتۇ، ئاللاتائالا بىز مۇسۇلمانلارغا رۇستەمى داستاندەك پالۋان، نۇشرىۋاندەك ئادىل پادىشاھ ئەۋەتىپتۇ، ئۇنى بەدۆلەت ئالىيلىرى دەپ ئاتىشىدىكەن. بەدۆلەت ئالىيلىرى يەكەن، خوتەننى ئېلىپ بوپتۇ. قەشقەردە جېنى بارلىكى ئەركەك لەشكەر بولۇپتۇ. ئۇلار لەشكەرنى «يىگىت» دەپ ئاتىشىدىكەن، يىگىت بولغانلارغا يېڭى تون، سەللە، ئۆتۈك تارقىتىلىدىكەن، بەدۆلەت ئالىيلىرىنىڭ يىگىتلىرى ئاز كۈندە ئاقسۇ، كۇچاغا يۈرۈش قىلغۇدەك...» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كەنتتىكى ئەر كىشىلەر مەسچىتنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ بۇ ئىشنى غۇلغۇلا قىلىشىدىغان بولدى. بەزى قېنى قىزىق ياش باللار «يىگىت بولۇپ جاھان كۆرىمىز» دەپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ توسقىنىغا قارىماي شەھەرگە قېچىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بېرىپلا ئۇزاق ئۆتمەي قايتىپ كېلىشتى.

ئىمىن باپكارنىڭ نەۋرىسى سالىھ ئاخۇن بىلەن پادىچىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. كېيىن ئۇلارنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دېگەن گەپلەرمۇ، جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، ئېسىل قىلىچ ئېسىپ، ياسىداق ئات مىنىپ يۈرەرمىش دېگەن گەپلەرمۇ چىقتى.

ھەسەن شاتىر شەھەردىن كېلىپ كۆپ ئۆتمەي، قۇتلۇق ھاجى شەھەرگە كەتتى ۋە شەھەردە ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. توغراقلىقلار شەھەرگە بېرىپ كەلگەنلەرنىڭ ئاغزىدىن بەدۆلەت ئالىيلىرىنىڭ ئالىم ـ ئۆلىما، ئىلىم ئەھلىلىرىنى چوڭ بىلىدىغانلىقىنى، قۇتلۇق ھاجىنىڭ بەدۆلەت ئالىيلىرىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ، ئوغۇللىرىنىڭ بىرىگە تەلىم بېرىشكە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئاڭلاشتى.

شۇ يىلى يازدا توغراقلىققا تۆگە قوشۇلغان، ئالابالداق بېزەلگەن، ئىلگىرى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان بىر غەلىتە ھارۋا كەلدى. ھارۋىغا يېڭى ئاي ۋە يۇلتۇز سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن چىت، سەگەز، گۈللۈك رومال، مەسە ـ ئۆتۈك، كاللەك قەنت، مەنپەسە، پەشمەت، ئەينەك ـ تارغاق، چاي ـ تۇز دېگەندەك ماللار بېسىلغانىدى. ھارۋىنى چىرايى قارامتۇل، مەڭزى قىزىل، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، چىرايىمۇ، تەق ـ تۇرقىمۇ دۆگىلەككىنە كۆرۈنىدىغان ئەر كىشى ھەيدەپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ھارۋىسىنى ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا توختىتىپ، ئاللىقانداق قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلىپ ئەتراپىغا ئادەم يىغاتتى. بالىلارغا ئۇششاق پارچىلانغان قەنت، ناۋات، مېغىز دېگەندەك نەرسىلەرنى بېرىپ قىزىقتۇراتتى، ئاياللارغا نېسىگە مال بېرەتتى ياكى ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنى ئۆيىدىكى بىرەر نەرسە بىلەن ئالماشتۇرۇش تەلىپىگىمۇ رازى بولاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەھەللىدىكىلەر بىلەن تېزلا تونۇشۇپ كەتتى. كىشىلەر ئۇنى چار بازارچى مۇھەممەد دەپ ئاتىشاتتى. چار بازارچى مۇھەممەد بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ يوق بولۇپ كەتتى ۋە ئىككىنچى يىلى يازدا ئالىچىپار ھارۋىسىنى ھەيدەپ يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇ يۈزى يېپىلغان بىر ئايال بىلەن ئۆزىگە ئوخشاش بەقەسەم تون كىيگەن، قارامتۇل چىرايىنى سەپكۈن باسقان، كۈلگەندە چىشلىرى ئاپپاق كۆرۈنىدىغان كىچىك ئوغۇل بالىنى

بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ خوتۇن ـ بالىلىرىنى كەنتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى پات ـ پات يوق بولۇپ كېتەتتى ۋە يەنە بىر چاغلاردا ئالىچىپار ھارۋىسىنى ھەيدەپ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى قۇيۇنلار ئايلىنىپ يۈرىدىغان قۇملۇق يولدا پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ يوق بولۇپ كېتىدىغان ۋاقتى بارغانسېرى ئۇزىراپ ئاخىر تامامەن ئىز ـ دېرەكسىز بولۇپ كەتتى. كېيىن بەزىلەر مۇھەممەد چار بازارچىنى يولدا قاراقچىلار ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دېسە، يەنە بەزىلەر مۇھەممەد چار بازارچى شەھەردە كاتتا سودىگەر بولۇپ ياشاۋېتىپتۇمىش، تۆت خوتۇنى بار ئىمىش، دېيىشەتتى. بۇ گەپلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

شۇ يىللاردا توغراقلىق رەسمىي كەنت بولۇپ رويخەتكە ئېلىندى. بازاردىن ھارۋىلىق ئەمەلدارلار كېلىپ قازى رەئىس، ئاقساقال، كۆكبېشى، مىراب، جارۇپكەشلەرنى تەيىنلىدى. توختى ئاخۇننىڭ چوڭ ئوغلى تۇردى ئاخۇن 70 يېشىدا توغراقلىقنىڭ تۇنجى ئاقساقىلى بولدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ بازاردىن شەرىئەت بويىچە ئۆشرە ـ زاكات يىغقۇچىلار كېلىپ تۇرىدىغان بولدى.

يازدا قۇتلۇق ھاجى توغراقلىققا كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن كىمخاب تونلۇق، يوغان سەللىلىك ئەمەلدار سۈپەت كىشىلەر بىللە كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نازۇك، ئىنچىكە بوي، قاش ـ كۆزلىرى كېلىشكەن ياش بەگكە ھەممىسى ئالاھىدە ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرسىتىشەتتى. ھاجى مېھمانلارنى بېغىدىكى ئالدىن ياسىتىپ تەييارلانغان شاھانە سۇپىغا باشلىغان بولۇپ، مېھمانلار چوغدەك قىزىل گىلەم، يۇمشاق كۆرپىلەر ئۈستىدە يوغان ـ يوغان تەكىيەلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئوتتۇرىغا سېلىنغان كەڭ داستىخان ھەر خىل تائاملار، قوي ـ كالا، كېيىك ـ جەرەن، كەپتەر ـ ئۇلار گۆشلىرىدىن قىلىنغان تۈرلۈك

نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغانىدى. باغنىڭ ئىچكىرىسىدە بىرنەچچە ئەر قوۋۇرغا گۈشلىرىنى ئۇزۇن - ئۇزۇن يۇلغۇن شاخلىرىغا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلىۋاتاتتى. پىشقانلىرىنى لېگەنلەرگە ئېلىپ ئۇدۇللۇق داستىخانغا توشۇيتتى، ئاغزى دومىلەنگەن چوڭ تونۇردىن پىشىپ تەييار بولغان پاقلان كاۋىپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى تارقىلىشقا باشلىغانىدى. تويۇپ كېكىرىشكە باشلىغان مېھمانلار ئاز - ئازدىن ئېلىپ، خۇشياقمىغاندەك چاينىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقان ئاقساقال، ئىمام - مەزىنلەر ھۆرمەت - تەكەللۇپ بىلەن مېھمانلارنى يەپ - ئىچىشكە دەۋەت قىلىشاتتى.

كاۋاپلارمۇ كۆپ يېيىلمىدى. تاۋاق - تاۋاقلاردا ئېلىپ كېلىنگەن مۇزدەك دوغاپ بىلەن گەمىدە سوۋۇتۇلغان يەل - يېمىشلەر ئېتىبار تاپتى. تويۇپ يەپ، ئۇسسۇزلۇقى قانغان مېھمانلار ئارقا - ئارقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ قورساقلىرىنى بوشىتىپ كېلىپ، كۆرپىلەردە يانپاشلاپ يېتىپ پاراڭغا چۈشۈشتى.

ئۇلار بەدۆلەت ئالىيلىرىنىڭ جەڭ غەلىبىلىرى، ئۇنىڭ ئادىل، دانالىقى توغرىسىدا ياكى قايسىبىر سەرۋاز، يىگىتنىڭ جەڭدە قانداق باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى، قايسىبىر تۆمەنبېگىنىڭ بىلەرمەنلىك قىلىپ ئالىيلىرىنىڭ ئەتىۋارلىشىدىن قالغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. شەرىئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە، گەپدانلىق قىلىشاتتى.

كەنتتىكى تاماشاغا ئامراق كىشىلەر بىلەن ئۇششاق باللار باغنىڭ نېرىقى بۇرجىكىگە توپلىشىپ پۈزۈر كىيىنگەن، سۆلەتلىك بۇ مېھمانلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە زەن قويۇپ، قىزىقىپ قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار تولىراق ھېلىقى ياش بەگكە قارىشاتتى. ئۇلار ئۇنىڭ بەدۆلەپ ئالىيلىرىنىڭ كىچىك بەگزادىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولۇشقان ھەمدە ياش بەگكە بۇ

گەپلەرنىڭ تازا خۇشياقمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىشقانىدى. بەگزادە يېنىدىكىلەرگە بىرنەرسىلەرنى دەپ قويۇپ، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن قوپۇشتىن توسۇپ، توپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. سەل نېرىغا بېرىپ پۇت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگەن بولدى. ئۇيان ـ بۇيان ماڭغاندا يېنىغا ئىسسىقلىق رەڭدار كۆز قويۇلغان ئەگرى قىلىچى ۋال ـ ۋۇل چاقنايتتى. ئۇ ئارقىغا ئۆتمەكچى بولۇپ مېڭىشىغا ئىككى ـ ئۈچ خىزمەتكار ئارقىسىدىن تەڭلا يۈگۈرۈشتى. ئۇ خىزمەتكارلارغا «بولدى، بەس، ئەگەشمەڭلار» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. ئارقىغا ئۆتۈپ تەرەت سۇندۇرۇپ، ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇدا قولىنى يۇدى. باغ تېمىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن يېرىدىن سىرتقا چىقىپ، سالماق قەدەم بىلەن مەھەللىنىڭ تۆۋىنىدىكى سايبۇلاق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭغا قارىشىپ تۇرغان ئۇششاق باللار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشتى ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن باشقا يوللار بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

سايبۇلاقنىڭ سۈيى مەھەللىنىڭ غەربىدىكى بىر تۈپ توغراقنىڭ تۆۋىدىن باشلىنىپ ئەگرى ـ بۈگرى بولۇپ ئېقىپ ئېرىق ھاسىل قىلىپ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلگە قۇيۇلاتتى. بۇلاقنىڭ ئەتراپى ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن چاتقال، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ قورشاۋى ئاستىدا قاراڭغۇلىشىپ تۇراتتى. ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا سېرىق،كۆك ياۋا گۈللەر بىلەن قاندەك قىزىل، نازۇك لەيلىقازاقلار كۆزگە تاشلىناتتى. قۇشلارنىڭ چىرايلىق ئاۋازدا سايرىشى، بۇلاقتىن كۆتۈرۈلگەن ساپ، سالقىن ھاۋا جاننى ھۇزۇرلاندۇراتتى.

ئالدىنقى كۈنى بەگزادە بۇلاق بويىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان چېغىدا قىزىل رومىلىنى كۆزىگە چۈشۈرۈۋالغان نازۇككىنە بىر قىز بالا قاپاق كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغىلا چىقىپ قالدى. قىز

ئۇنى كۆردى ـ دە، كېيىكتەك ئۈركۈپ ئۆزىنى قويۇق سۆگەت شاخلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئاتتى. بەگزادە كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا، شاخلارنىڭ شىلدىرلىشىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئالاقزەدىلىك ئىچىدە قالغان سەبىي كۆزلەر، تۇزاققا چۈشكەن قۇش قانىتىدەك لىپىلداپ كەتكەن ئۇزۇن كىرپىكلەر، گىلاستەك قىزىل، نەمخۇش، تىترەپ تۇرغان لەۋلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. قىز قايتا كۆرۈنمىدى. ئاشۇ جاننى ئالغۇدەك ئاجايىپ قىزنى تولۇق كۆرۈش ئۈچۈن، بەگزادە بۈگۈن بۇلاق بويىغا چۈشمەي، قويۇق چاتقال ئارىسىدىكى دەرەخ كۆتىكىگە جايلاشتى. بۇ يەردىن بۇلاق بويى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەتراپتا ئۇنى بىقارار قىلغان ئاشۇ قىزغا ئوخشاپ كېتىدىغان لەيلىتقازاقلار تېخىمۇ كۆپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

ئۇ باش ئۈستىنى يېشىل پەردىدەك توسۇۋالغان يوپۇرماقلار ئارىسىدىن بۇلاق تەرەپكە تەقەززالىق بىلەن قارىدى. ئارقا تەرىپىدە قانداقتۇر بىر يەردە قۇرۇق شاخلارنىڭ غىرسىلدىغىنىنى، بىركىملەرنىڭ پىخىلداپ كۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدى ـ يۇ، ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. تاقەتسىزلىك بىلەن كۆزىنى يەنە ئۇدۇلغا تىكتى. يىراقتىن ئېھتىيات بىلەن بېسىلغان يەڭگىل قەدەم تىۋىشى، قۇشلارنىڭ قانات قېقىشى ئاڭلاندى. بەگزادە سەل كۆتۈرۈلۈپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئالغا ئۇمتۇلدى.

دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس چىغىر يولدىن بىر قىز چىقىپ كەلدى. ئۇ تەمتىرىگەندەك، نېمىدىندۇر قورققاندەك ئېھتىيات بىلەن ماڭاتتى. ئۇ دەل بەگزادە كۈتكەن قىز ئىدى. ئۇ ئەتراپنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ، روملىنى قىيا ئېچىپ ئەتراپقا ئوغرىلىقچە قارىدى ـ دە، كۆڭلى تىنغاندەك خۇشال بولۇپ، ئىتتىك بۇلاق بويىغا چۈشتى. ئۇ 13 ـ 14

ياشلاردىكى ئەمدىلا قات يارغان غۇنچە كەبى يۇمران، مەسۇم ۋە گۈزەل بىر قىز ئىدىكى، كۆزلىرىگە لىق تولۇپ تۇرغان شېرىن چۈش ئىچىدە بۇ دۇنياغا ھەيرانلىق، ئەيمىنىش بىلەن باقاتتى. ئۆز گۈزەللىكى، ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك چىرايلىق مىڭىشلىرى، مەسۇمانە بېقىشلىرى بىلەن بۇ دۇنيانى نۇرلاندۇرۇپ تۇرغانلىقىنى ئەسلا سەزمەيتتى. ئۇ ئوچۇملىرىغا لىق سۇ ئېلىپ ئاسمانغا ئېتىپ، كۈن نۇرىنىڭ جۇلالاندۇرۇشى بىلەن ھېقىقەتەك ۋالىلداپ، ئۈنچە ـ مارجان بولۇپ ئېتىلىپ چۈشكەن سۇ تامچىلىرىغا قاراپ كۈلەتتى. قوللىرىنى ئۇزىتىپ ئۇلارنىڭ ئالىقانلىرىدا سانسىز ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈنۈپ ھەريان چاچراپ كېتىشىدىن زوقلىناتتى. رومىلى بوينىغا چۈشۈپ، ئۇششاق ئۆرۈلگەن قوڭۇر چاچلىرى مەجنۇنتالدەك سۇغا چىلىشىپ قالغىنى بىلەن ھېسابلاشمايتتى. ئۇ ئويناپ ھاردى. بىردىنلا نېمىنىدۇر ئەسلىگەندەك مەيۈسلۈك ئىچىدە شۈكلىنىپ قالدى. قاپاقنى سۇغا پاتۇرۇپ بۇلدۇقشىتىپ سۇ ئالدى. چاچلىرى ۋە رومىلىنى ئوڭشاپ، قاپاقنى يۈدۈپ چىغىر يولدا يۈرۈپ كەتتى. يوغان قاپاق ئۇنىڭ نازۇك بويىنى بېسىپ تۇرغان غەلىتە مەخلۇققا ئوخشايتتى. ئۇ ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇششاق، چىرايلىق چامداپ ماڭاتتى.

ئەتىسى قۇتلۇق ھاجى باشلىق يۇرت چوڭلىرى قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە باردى. ئۇ 80 ياشلىق ئىككى كۆزى ئەما بىر بوۋاينىڭ يالغۇز نەۋرىسى ئىدى. ئاچچىقى يامان، تەرسا بوۋاي ئۇلارغا يۈز ـ خاتىر قىلماي:

ــ بەدۆلەتتەك پادىشاھنىڭ ئوغلىغا قىز تېپىلماي قاپتىمۇ؟ ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭلار، مېنىڭ مۇشۇ بىر تال نەۋرەمگە كۆز قىزارتمىسۇن. ئاللاتائالا مېنى كۆزۈمدىن ئايرىغان بولسىمۇ، رەھىم ـ شەپقىتىدىن ئايرىمىدى. مۇشۇ نەۋرەم ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ماڭا ھاسىمۇ بولدى، ئانىمۇ بولدى، دادىمۇ

بولدى، ئەمدى كېلىپ بەگزادەم مەندەك ئاجىز قېرىنى يالغۇز نەۋرەمدىن ئايرىۋېتەمدىكەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

بەگزادە يېقىنلىرىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا تۇتۇلۇپ گەپ ـ سۆز قىلمىدى. مېھمانلار دەرھال قايتىش تەييارلىقىغا چۈشتى. قۇتلۇق ھاجى ۋە مەھەللە چوڭلىرى ئۇلارنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تۇتۇپ قالالمىدى.

ئەما بوۋاي ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا قىز نەۋرىسىنى ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن يەرگە ياتلىق قىلىپ، بۇ دۇنيادىن خاتىرجەم ئايرىلدى.

كۆپ يىللاردىن كېيىن ھەققۇلى بەگ ئۆز ئاكىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چۆل ـ باياۋاندا ئۆلتۈرۈلۈپ، بىر نامسىز جىلغىغا دەپنە قىلىنغان چاغلىرىدا، بوۋاينىڭ بۇ نەۋرە قىزى بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق تۆت بالىغا ئانا بولۇپ قالغانىدى. ئىتائەتمەن، شۇكۇر ـ قانائەتچان بۇ سەھرا ئايالى تىرىكچىلىك غېمى بىلەن تىنچ ياشايتتى. كىچىك ۋاقىتلىرىدىكى چۆچەككە ئوخشايدىغان ئاشۇ ئىشلارنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. ئەينى يىللاردىكى سۆلەتلىك بەگزادىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى تېخىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

شۇ يىللاردا جەنۇبتىكى ئالتە شەھەردىن تارتىپ تۇرپان، ئۈرۈمچىگىچە بولغان كەڭ زېمىندا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن توغراقلىقمۇ چەتتە قالمىدى. ئەر كىشىلەر سەللە ـ دەستارسىز، ئاياللار پەرەنجىسىز يۇرۇش قاتتىق مەنئىي قىلىندى. كەندىر تېرىپ نەشە ياسايدىغانلار، ئۇزۇمدىن بوزا ـ مۇسەللەس چېقىرىپ ساتىدىغانلار، قىمارۋازلار، ئوغرىلىق ۋە ھەر خىل ناشايان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلار سازايى قىلىنىپ، خالايىققا ئىبرەت قىلىندى، توپلىشىپ نەغمە ـ ناۋا قىلىپ مەشرەپ ئويناشتەك «كىشىلەرنى شەيتانىنىڭ يولىغا باشلايدىغان» قىلمىشلار يوقىتىلدى. بازار تەرەپتىن ھارۋىلىق، ئات، تۆگىلىك ئۆشرە ـ زاكات يىغىدىغان بەگ ـ مىرزىلار، «دىۋانىبەگ»لىرى توختىماي

كېلىپ تۇراتتى. ئاقساقال ـ دورغىلار، ئىمام ـ مەزىنلەر مۆمىن مۇسۇلمانلارنى ئاتالىق غازى بەدۆلەت ئالىيلىرىنىڭ نۇسرەت قازىنىپ جاھاننى ئىسلام نۇرىغا پۈركىشى، قوشۇنلىرىنىڭ غەيرەت ـ شىجائەتكە تولۇشى ئۈچۈن ئۆشرە ـ زاكات، سېلىق ـ ياساق، غەللە ـ تاناپلارنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشقا ئۈندەيتتى.

دەسلەپكى يىللاردا كىشىلەر تۆگە ـ ئاتلىرىنى، ئېغىلدىكى قوي ـ كاللىرىنى، بۇغداي ـ قوناق، ئوتۇن ـ سامانلىرىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تەقدىم قىلىشتى. «خۇدا يولىدا» چىشلىرىنى چىشلەپ جاپالىق كۈنلەرگە بەرداشلىق بەردى. ئەمما، ئۇلار كۈتكەن نۇسرەت تېخى يورۇيدىغاندەك، تىنچ، باياشات كۈنلەر يېتىپ كېلىدىغاندەك قىلمايتتى. ياساق ـ سېلىق، ئۆشرە ـ زاكاتلار بارغانسېرى كۆپىيىپ خەلقنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتتى. «دىۋانبېگى»، مىرزا ـ دورغىلار جان ئالىدىغاندەك ۋەھشىيلىشىپ ھېچنېمىسى قالمىغان خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا چۈشكەندى. زۇلۇم دەستىدىن يۇرتنى خانىۋەيرانچىلىق قاپلاپ، ئۆيلەردىن بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغاندى.

قۇتلۇق ھاجى يېقىن ـ يورۇقلىرىنى باشلاپ توغراقلىققا پات ـ پات كېلىدىغان، ھەر كەلگەندە، خېلى ئۇزاق تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. مېھمانلار ئەمدىلىكتە ئورۇش ـ مالىمانچىلىقتىن، «قوقانلىق »لاردىن قاقشايدىغان بولۇپ قېلىشقاندى. كىملەرنىڭدۇر بىر كېچىدىلا «قوقانلىق» بولۇۋېلىپ، ئەمەلگە ھەم مال ـ دۇنياغا ئېرىشىۋاتقانلىقى، «قوقانلىق»، «ئەنجانلىق»لارنىڭ ھوقۇق ـ ئىمتىيازىنىڭ يۇقىرىلىقى توغرىسىدا شىكايەت قىلىشاتتى. بەزىلەر ئىلگىرىكى چىن پادىشاھلىرىنىڭ تەرىپىنى قىلىشاتتى. بۇنداق چاغلاردا قۇتلۇق ھاجى:

— قوقانلىق، ئەنجانلىق كىم؟ ئالتە شەھەرلىك كىم؟ ھەممىمىز بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان، بىر ئاللاغا ئىشىنىدىغان،

زېمىنىمىز تۇتىشىپ كەتكەن خەقلەرغۇ؟ نېمىشقا بىر - بىرىمىزگە ئىشەنمەيدىغاندىمىز، دېسە، يەنە بەزىلەر:

— بىز ئالتە شەھەرلىك دېگەن شۇنداق بوزەك خەقمۇ؟ نېمىشقا ھېلى ئۇ، ھېلى بۇلار شىللىمىزغا مىنىۋالىدۇ؟ بەدۆلەتتەك ئادەملەر بىزنىڭ ئارىمىزدا يوقمۇ زادى؟ — دېيىشىپ قايىنىشاتتى.

# تۆتىنچى باب

قۇتلۇق ھاجى بارغانچە شەھەرگە كەمدىن كەم بارىدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆيىدىن سىرتقا چىقىشنىمۇ ئانچە خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. توختى ئاخۇن ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنى «110 ياشقا كىردىم» دەيتتى. قېرىلار ئۆزلىرىنىڭ يېگى كەلگەن ۋاقىتلىرىنى ئەسلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياكى دادا ـ ئاكىلىرىنىڭ يېشىغا سېلىشتۇرۇپ تەخمىنەن 118 ياش دەپ ھېسابلاشتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ زادى قانچە ياش ئۆمۈر كۆرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. خىزىردەك چىرايلىق قېرىغان بۇ بوۋاي كېلىنى يۆيۆپ بەرگەن ئاق يەكتىكى بىلەن ئاق ئىشتىنىنى كىيىپ، ھاسىسىغا تايىنىپ كېلىپ مەسچىتنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇنى كۆرگەن قېرىلارمۇ، ياشلارمۇ، ھەتتا ئۇششاق باللارمۇ ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلىشاتتى. ئۇ دائىم ئولتۇرىدىغان يېرىگە كېلىپ ھاسىسىغا تايانغىنىچە ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى نەگىدۇر تىكىپ ئۇزاق ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆز ئالدىدىكى ئادەم ۋە ئىشلارنى ئەمەس، ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى ئىشلارنى، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىنى، باللىق، ياشلىق چاغلىرىنى كۆرەتتى. ھازىر ئۇ دائىم ئولتۇرىدىغان، ئاپتاپ ئوبدان چۈشىدىغان ئاشۇ يەر بوشاپ قالدى. مەسچىتنىڭ ئەتراپى مۇھىم بىر قىسمىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك، چۆلدەرەپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ھەر قېتىم ئاشۇ بۇلۇڭغا كۆزى چۈشكەندە قۇتلۇق ھاجىنى يىغا تۇتاتتى. شۇڭا، ئۇ مەسچىتكە چىقماي نامازنى ئۆيدە ئوقۇيتتى.

نامازدىن كېيىن پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى. كونا كىتابلارنى ۋاراقلاپ رەڭدار، كۆركەم ئىشلەنگەن مۇقاۋىلىرىنى سىلاپ، گۈل ـ نەقىش خەت نۇسخىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ، كۆزى ئىختىيارسىز ھويلا ـ ئارامنى بېسىقتۇرۇپ، گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ يۈرگەن ياش چوكانغا چۈشەتتى. قاش ـ كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، سۇمبۇل چاچ، تولۇق كەلگەن بۇ چوكان توي قىلىپلا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن تۇل ئۆتۈۋاتاتتى. ئانىسى ئۇنى ھاجىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بەرسۇن، دەپ ئەكىلىپ قويغاندىن بېرى ياشىنىپ قالغان خىزمەتكار ئايالنىڭ قولىدا ئاقساپ قالغان ئۆي ئىشلىرى ئىزىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ھاجىنى ئىسسىقسىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن كۈنىگە 4 ـ 3 ۋاق قازان ئاساتتى، قولىمۇ تەملىك ئىدى. قىزلىرى شەھەرگە ياتلىق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن قەدىناس ئايالى ساقلىقى يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ شەھەردە تۇرۇپ قالدى. يالغۇزسىراپ قالغان ھاجى ئۇچقۇر يىللارنىڭ رەھىمسىزلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، ئىشلىرىغا ۋارىس بولغۇدەك ئوغۇل پەرزەنتىنىڭ يوقلۇقىدىن ھەسرەت چېكەتتى. ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى سەزمەي قالمىدى، ئۇلار مەھەللىدىكى چوڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۇل چوكاننى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ قويۇشتى. بىر يىلدىن كېيىن بۇ چوكان ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. قۇتلۇق ھاجى يېشى بىر يەرگە بارغاندا ئېرىشكەن يالغۇز ئوغلىدىن سۆيۈنۈپ، ئىسمىنى ئابدۇلكەرىم دەپ قويدى ۋە ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ تەربىيەلىدى. ئۇ مۇشۇ خۇشاللىقى تۈپەيلى، ئىشىك ئالدىغا توققۇز تۈپ تېرەك قويدى. بۇ تېرەكلەر ئاسمان ـ پەلەك بوي تارتىپ، ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىنكى «پولات تاۋلاش» دەۋرىدە كېسىلىپ كەتكەنگە قەدەر خۇددى جاھاننىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىنى يەتكۈچە تارتقان مويسىپىت بوۋايلاردەك

ئۆلۈغۋار سۈكۈت ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇردى.

قۇتلۇق ھاجى ئوغلىغا ئۆزى بىلگەنلىرىنى ئۆگىتىپ بولغىنىغا كۆزى يەتكەندە قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىگە ئاپىرىپ داڭلىق ئۆلىما باھاۋۇدۇن مەخسۇمنىڭ قولىغا تاپشۇردى.

قۇتلۇق ھاجى بىكار بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدا مېھمانخانىدىكى ساندۇقىدا ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان كۆن مۇقاۋىلىق قېلىن دەپتىرىنى ئېلىپ، قەلىمىنى ئۇچلاپ، تەئىلىق نۇسخىسىدا چىرايلىق خەتلەرنى يازاتتى. ئۇ خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا ئائىلىسىدە، يۇرتتا يۈز بەرگەن ئىشلارنى، ئۆزىنىڭ بەزى ئوي - پىكىرلىرىنى، ئۆزىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان بىرەر - ئىككى كۇپلېت شېئىر ياكى ھېكمەتلەرنى، يۇرتتىكى چوڭلارنىڭ ۋاپاتى، توي - مەرىكە، نەۋرە - چەۋرىلەرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، يۇرتتىكىلەر تۆلىگەن ئۆشرە - زاكات، سېلىق - ياساقلارنى خاتىرىلەپ قوياتتى. ئۇ دادىسى توغرىسىدا: «مەرھۇم دادام توختى ئاخۇن، ھىجرىيەنىڭ 1306 - يىلى شەئبان ئېيىنىڭ ئون يەتتىسى 118 يېشىدا پانىيدىن باقىيغا سەپەر قىلدى. ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇنلەر، چوڭ دادام تاھىر ھاجى بىلەن چوڭ ئانام مۆھتىرەم خېنىم ۋە بالا - چاقىلىرى قەشقەر شەھىرىدە غوجىلار يېغىلىقىدا قەتل قىلىنغان. دادام كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، مەرھۇم چوڭ ئانام ئۇنى كۆپىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغان. ئۇ جان ئۈزەر ئالدىدا دادامغا: ‹بېشىڭنى ئېلىپ چىقىپ كەت، قانچە يىراققا كەتسەڭ شۇنچە ياخشى. ھەرگىز قايتىپ كەلمە› دەپ ۋەسىيەت قىلغان. دادام جاھان كېزىپ تىنىچ يەر ئىزدەپ ئاخىر قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توغراقلىقتا تۇرۇپ قالغان» دەپ خاتىرىلىگەن. قۇتلۇق ھاجى توغراقلىقتا يۈز بەرگەن يەنە بىر چوڭ ئىشنى — قۇملۇقتىكى قەدىمىي شەھەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن چەتئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ

توغراقلىقتا كەلگەنلىكىنى تەپسىلىي خاتىرىلىگەنىدى: «... كۆزدە كەنتىمىزگە تۆگىچى، يول باشلىغۇچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەنگلىيە دېگەن پەرەڭ دۆلىتىدىن تەكشۈرگۈچىلەر كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىلىنىمۇ ھەم بىزنىڭ تىلىمىزنىمۇ بىلىدىغان بىر تىلماچنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ تىلماچ تازا لاياقەتلىك ئەمەستەك قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ئۇلار بىلەن قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ قۇملۇقتىكى قەدىم ماكاننى تەكشۈرگىلى كەلگەنلىكىنى بىلدۇق. قولىدا بەدۆلەت ئالىيلىرى يېزىپ بەرگەن رۇخسەت خېتى بار ئىكەن. بىزنىڭ دىيارىمىزدىكى قەدىمكى خارابىلەرنىڭ پەرەڭلەر بىلەن نېمە ئالاقىسى بار ئىكىنە؟ شۇنداقتىمۇ ئادىتىمىز بويىچە ئۇلارنى ئاش ـ تائام بېرىپ كۈتۈۋالدۇق. كەم ـ كوتىلىرىنى تولۇقلاپ يولغا سالدۇق. مەھەللىدىكىلەر ئۇلارنى ساق قايتىپ كېلەلمەيدۇ، دېيىشتى. ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچى، ھەممە كارامەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللا بەندىلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ئامىن ! »

قۇتلۇق ھاجى مۇشۇ قۇرلارنى پۈتۈپ ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندە قۇملۇققا يۈرۈپ كەتكەن ئون نەچچە ئادەمدىن ئۈچى قايتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىككىسى پەرەڭ، بىرى يەرلىك تۆگىچى ئىدى. ئۇلارنىمۇ قويچىلار قۇملۇق گىرۋىكىدىن تېپىۋېلىپ، سۆگەت شېخىدا توقۇغان كاجۇغا سېلىپ ئېلىپ كەلدى. بۇ يىللاردا ئايشىخان باخشى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىنى يالغۇز ئوغلى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. كىشىلەر ئۇنى قۇربان باخشى دەپ ئاتايتتى. ئۇ چىرايى قارامتۇل، تەمبەل، سەل مۈكچىيىپ، بېشىنى يەردىن ئالماي ماڭىدىغان ئادەم ئىدى. ئاندا ـ ساندا بېشىنى كۆتۈرگەندە بولسا بۆرتۈپ چىققان ماڭلىيى بىلەن ياڭاق سۆڭەكلىرى ئارىسىدىكى

چوڭقۇر كۆزلىرى يىرتقۇچنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىراپ كېتەتتى. ئالىيىپ سۇرلۇك قاراشلىرى، قوپال، غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا ۋارقىراپ سۆزلەشلىرى ئانىسىنىڭ ئۆزى ئىدى. پەرەڭلەر ئۇنىڭ پەرۋىش قىلىشى بىلەن تېزلا ماغدۇرىغا كەلدى. ئۇلار ساقىيىپلا باخشىنىڭ يىلتىز قايناتمىسى بىلەن كۆمىلاچ دورىسىغا قىزىقىپ قالدى. باخشىغا بەدۆلەت تارقاتقان تەڭگە پۇللاردىن بېرىپ ھەم ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قاتتىق ساقلاش شەرتىنى قوبۇل قىلىپ، دورىلارنىڭ تەركىبىنى خاتىرىلىۋېلىشتى. ھەممىدىن ئۇلارغا پېرە ئويۇنىمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق تۇيۇلدى. پېرە ۋاقتىدا ئۇلار باخشىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنۇشاتتى ۋە داپ چېلىنىشى بىلەنلا ئالىتاغىل دەسسەپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى. پۈت ـ قوللىرى ئۇزۇن، كالانپاي كەلگەن بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغاندىكى ھالىتى ناھايىتى كۈلكىلىك ھەم بىچارە كۆرۈنەتتى. ئەگەر باخشى ئۆگىتىشنى رەت قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ھۈنىرى بۈيۈك بىرىتانىيەلىكلەرنى چوقۇم ھەيران قالدۇرغان بولاتتى.

ئىككى ئېكسپېدىتسىيەچى مەھەللىدە خېلى ئۇزاق تۇردى. ئۇلار مەھەللىدىكى قېرىلار بىلەن تولىراق قۇتلۇق ھاجى بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئۇششاق باللار ئۇلارنىڭ كەينىدىن چىقماي يۈرەتتى. مەھەللىدىكىلەر ئىچىدە كۆك كۆز، يېشىل كۆز ھەم چېقىر كۆزلەر بار ئىدى. لېكىن، بۇقەدەر ئوچۇق، ئۇزۇل ـ كېسىل كۆك كۆزلەر دېھقانلارنى ھەيران قالدۇرغان ۋە ھاياجانلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇلار مۇشۇ ئىككىسىنىڭ كۆزىمۇ بىزنىڭ كۆزىمىزدەك ئۆتكۈرمىدۇ؟ ئاسمان ئۇلارغىمۇ كۆك، گۈل ئۇلارغىمۇ قىزىل كۆرۈنەمدىغاندۇ؟ دەپ سورىشاتتى.

پەرەڭلەر ئېلىپ يۈرىدىغان دۇربۇن، كومپاس، چاقماق تېشى،

مىلىتىق دېگەندەك نەرسىلەر ئۇلارنى ھەۋەسلەندۈرەتتى ۋە قورقۇتاتتى. ئۇ نەرسىلەرنى سىلاپ بېقىشنى ياكى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى.

پەرەڭلەر بويىنىغا ئېسىپ يۈرىدىغان قىلدەك ئىنچىكە تىللىرى «چىك ـ چاك»، «چىك ـ چاك» قىلىپ ماڭىدىغان قويۇن سائىتى ئۇلارغا ناھايىتى قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى. پەرەڭلەر كۆن تىمەك بولغاندا ئىنچىكە تىللارنىڭمۇ تىك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ سائەتنىڭ ۋاقتىنى توغرا كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەندە سەل چېچەنرەك ئادەملەر دەرھال گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ: «ياپىرىم، بۇ پەرەڭ دېگەن شەيتاننىڭ ئۆزى ئىكەن، خۇدا ياراتقان ۋاقىتنىمۇ كىچىككىنە قۇتىنىڭ ئىچىگە سولىۋاپتۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ كېتىشەتتى.

پەرەڭلەرنىڭ بىرى مەسچىت ئالدىدىكى ئادەم كۆپ يىغىلغان سورۇندا قوينىدىن ئالتۇن يالىتىلغان كىچىك بىر لاي ھەيكەلنى چىقىرىپ، كىشىلەرگە كۆرسەتكەندە، ھەممىسى چۆچۈپ كېتىشتى، ھەتتا كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇنىڭ راستتىنلا قەدىمىي شەھەردىن ئېلىپ كېلىنگەن نەرسە ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندە بولسا، پەرەڭلەر بۇ ھەيكەلنى قانداق ئېلىپ كېلەلىگەندۇ، قەدىمىي شەھەرنىڭ سېھرىي كارامىتى كاپىرلارغا كار قىلالمىدىغاندۇ يا؟ دېيىشىپ ياقىلىرىنى چىشلەشتى.

توغراقلىقتا ياش ۋاقىتلىرىدا يولۋاس، يىلپىز ئوۋلىغان ھاشىم ئاخۇن ئىسىملىك ئۇستا پالۋان بار ئىدى. پەرەڭلەر ھاشىم ئاخۇنغا قىزىقىپ قېلىشتى. بولۇپمۇ ئوۋچىلىققا ھەۋەس قىلىدىغان قوڭۇر چاچ، تەمبەلرەك كەلگەن بىر پەرەڭ دائىم ھاشىم ئاخۇننى ئىزدەپ بېرىپ، يولۋاسنى قەيەردە ئۇچراتقانلىقىنى، ئۇنى قانداق ئوۋلىغانلىقىنى زېرىكمەي سوراپتتى. ئۇ ھاشىم ئاخۇن باشلىق يەرلىك ئوۋچىلارنىڭ

باشلىشى بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇۋغا چىققان بولسىمۇ، تەلىيى ئوڭدىن كەلمىدى، ئاخىر، خاتىرە ئۈچۈن ھاشىم ئاخۇندىن بىر پارچە يولۋاس تېرىسى سېتىۋالدى ۋە يۇرتىغا قايتقاندا ئۇنى مېھمانخانىسىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويىدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈردى.

پەرەڭلەر سەپەرگە چىققۇدەك بولغاندا، تەييارلىقنى تەخ قىلىپ، دېھقانلاردىن سېتىۋالغان ئات ـ تۆگىلەرگە يۈك ـ تاقلىرىنى ئارتىپ، كېيىن يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مەھەللىدىكىلەر بىلەن خوشلاشتى. دېھقانلار بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئۆزلىرى ئاش ـ نان بېرىپ باققان، ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى شەرەت بىلەن پاراڭلىشىپ ئۆگىنىشىپ قالغان بۇ كىشىلەرنى قىيالمىغان ھالدا ئۇزىتىپ چىقىشتى. ئۇلار كېتىپ خېلى كۈنگىچە ئۇلارنىڭ كىچىك بالىدەك ساددا ھەم تۇزلۇكى، خىيالىغا كەلگەننى يوشۇرماي دەۋېرىدىغانلىقى، شەھەردىن كەلگەن بەگلەردەك ھالى يوغانلىق قىلماي، نېمە بەرسە يەۋېرىدىغانلىقى، چامغۇر، كاۋا توغراپ ئەتكەن ئۇماچقا نەقەدەر ئامراق ئىكەنلىكلىرىنى سۆزلىشىپ يۈرۈشتى. بىر قېتىم قۇربان باخشى ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا:

ــ پەرەڭ دېگەن ساددىمىكەن، ياۋاشمىكەن؟ جاھاندا ھىيلىگەر خەق ئۇ. ئۇ خەقنىڭ خىيالى سىلە بىلەن بىزدەك گول ئادەملەرنى ئالداپ ئاۋۇ قۇملۇقتىكى مال ـ دۇنيانى ئېلىۋېلىشتا. قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇلار تېخى نەچچە كېلىدۇ، ئاشۇ يەردىكى دەپنە ـ دۇنيانى تۈگەتمىگۈچە بولدى قىلمايدۇ. پەرەڭ دېگەنگە بىزدەك قارىتۇرۇك ئادەملەرغۇ تەڭ كېلەلمەيمىز، ئاۋۇ بەدۆلەت بىلەن چىن پادىشاھىمۇ تەڭ تۇرالمايدۇ، ــ دېدى.

شۇنداق دەۋېتىپ كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە خۇددى پەرەڭلەر

ئۇنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىدىغاندەك زەھەرخەندىلىك بىلەن ئەتراپىتىكىلەرگە قاراپ چىقتى. 30 ياشقا كىرگۈچە ئۆيلىنەلمەي، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى ئانىسىدىن قالغان كونا كەپىدە جىندەك يالغۇز ياشايدىغان بۇ بەندە نېمىشقىدۇر ئادەملەرگە ئۆچلۈك قىلاتتى. قىز ـ چوكانلارنى كۆرگەندە بولسا يىرگىنچتىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرەتتى. كىشىلەر ئۇنى «غايىبتىن ئۆيلەنگەن ئىمىش، كۈندە ئاخشىمى تۆنلۈكتىن كەپتەر سۈرەتلىك بىر جىن باخشىنىڭ ئۆيىگە ئۇچۇپ كىرىپ كېتەرمىش. ئۆيگە كىرىپلا ئايالغا ئايلىنىپ قازانغا ئۇنى چالغاچ، ئىككى پۈتىنى قالاپ باخشىغا ئاش ئېتىپ بېرەرمىش، دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر قۇربان باخشى كېچىسى توغۇچقا مىنىپ ئۇچۇپ يۈرەرمىش، كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە كۈھىقاپقا بېرىپ كېلەرمىش، دېيىشەتتى.

ئاياللارغا ئۆچ بولغانلىقىدىنمىكىن، ئۇنىڭ جادۇ ـ ئىسسىتقۇلىرى ئانىسىنىڭكىدەك تەسىر قىلمايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ۋارقىراپ قىلىدىغان سۆزلىرى توغرا چىقىپ قالاتتى. ئۇ شۇنداق ۋارقىراپ سۆزلەپ يېتكەن نەرسىلەرنى تېپىپ بېرەلەيتتى، كىشىلەرنىڭ تەقدىرىدىن ئالدىن بېشارەت بېرەتتى. ئۇنىڭ پەرەڭلەر توغرىسىدىكى سۆزلىرىمۇ توغرا بولۇپ چىقتى. كېيىنكى يىللاردا توغراقلىققا ئىنگلىزلارمۇ، ئورۇسلارمۇ، فىرانسۇز، ياپونلارمۇ، خەنزۇلارمۇ كەلدى. كەلگەندىمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەي كەلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېيىن توغراقلىقتا يەنە پەيدا بولدى، بەزىلىرى بىر كەتكەنچە كۆرۈنمىدى. قايتىپ كەلگەنلىرى تۆگە ـ تۆگىلەپ، ساندۇق ـ ساندۇقلاپ نېمىلەرنىدۇر ئېلىپ كەلدى ۋە يەنە تۆگىلەرگە يۈكلەپ ئېلىپ كېتىشتى. ساندۇقتىكى

نەرسىلەرنى بەزىلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىكەن، دىسە، بەزىلەر بۇت ـ سەنەم، كوزا ـ كومزەك، كونا كىتاب، رەسىم دىگەندەك نەرسىلەرمىش، دەيتتى. ھەممىلا ئادەم «پەرەڭ دىگەنمۇ قىزىق خەقكەن، ئاتام زامانىدىن قالغان ئاشۇ كوزا ـ كومزەك، بۇت ـ سەنەملەرنى نىمە قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ھەيران بولۇشاتتى. ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىپ تىگىگە يىتەلمىسىمۇ، ئۆز يۇرتىدىكى نەرسىلەرنى ئاللىكىملەرنىڭ ئەتىۋارلاپ بۇلاپ ـ تالاپ ئىلىپ كىتىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ قىلىشاتتى. ئاخىر يەنە: «بۇتپەرەس نەرسىلىرى دىنسىزلار بىلەن نىسارالارغىلا ھالال، مۇسۇلمانلارغا ھارام» دەپ كۆڭۈللىرىنى تەسكىن تاپقۇزۇشاتتى.

# بەشىنچى باب

ئىللىق، تىنچ كۈز كۈنلىرىدە تۇغراقلىق گويا تۈتاش كەتكەن، مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ئالتۇن رەڭلىك دولقۇن ئىچىدە چايقىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ بىر خىللىقنى بۇزۇپ تۇرغان ئېتىزلاردىكى يېڭىدىن ئۈنۈپ چىققان ياپيېشىل كۈزگى بۇغداي مايسىلىرى بىرنەچچە كۈن قەيسەرلىك قىلىپ باقىدۇ ـ دە، ئاخىر تەن بېرىپ، ئاستا ـ ئاستا بۇ چەكسىز سېرىقلىق ئىچىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. سارغايغان باغلاردا كۈز ئاپتىپى ۋايىغا يەتكۈزۈپ پىشۇرغان يەل ـ يېمىشلار، ئېتىزلاردا سارغىيىپ پىشقان، توپا باسقان قوناقلار ئەتراپىقا مەست قىلغۇچى پۇراقلىرىنى تارقىتىدۇ. سارغۇچ ئوت ـ چۆپ باسقان ئېتىز ـ دالالار بىلەن مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى ئەگرى ـ توقاي يوللاردا لىق سامان، ئوت ـ چۆپ بېسىلغان كۆتەك هارۋىلار ئاستا مېڭىشىدۇ، ئېتىز ئىشىدىن ئاز ـ تولا بوشىغان ئادەملەر بولسا ئىللىق، راھەتبەخش كۈز ئاپتىپىغا قاقلىنىشنى خۇدانىڭ نېمەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش دەپ بىلىدۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، چۈشتىن كېيىن ئاغىچادۆگدە كۈز ئاپتىپىغا قاقلىنىپ، باش بېقىشىپ ئولتۇرغان ئىككى ئايال قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى هارۋا يولىدا مەھەللە تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنى ئاق رومالىلىق چوڭ ياشلىق ئايالنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ يېنىچە ئولتۇرغان ياش ئايال ئاۋۋال كۆردى.

— ئاۋۇ يەردە بىر نېمىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك قىلىدۇ.

ئادەممىدۇ يا...

ئۇ بېشىنى ھەمراھىنىڭ تىزىدىن ئېلىپ، چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى ئوڭشاپ، بېشىغا روملىنى ئارتىۋالدى. ئىككى ئايال تەڭلا قوللىرىنى پېشانىسىگە قويۇپ، چىمىرلاپ تۇرغان پايانسىز قۇملۇقتا خۇددى بىر تال ئارغامچىدەك سوزۇلۇپ ياتقان يولغا، ئۇ يەردە تەۋرىنىپ، مىدىرلاپ تۇرغان نىمىنىڭدۇر قارىسىغا تىكىلىپ قاراشتى. قاراۋېرىپ كۆزلىرى تالغاندا ياش ئايال يەنە:

— ئادەم ئىكەن، مەھەللىگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بىر كىم كەلمەيتتى، كىمدۇ ئۇ؟ — دېدى ئاق روماللىق چوكراق ئايال. ئۇلار ئۇنىڭ كىملىكىنى پەرەز قىلىشقا ئۇرۇنۇپ ئۇزاققىچە قاراپ ئولتۇرۇشتى.

— ھاجىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىمىكىن؟...

— ياق، ئۇلار تېخى يېقىندا كېلىپ كەتمىدىمۇ.

— ھېلىقى ئۇزۇن پاچاقلارنىڭ بىرەرسىمىدۇ يا؟

— ئۇلار قېرىپ قالدى، سەپەرگە چىقالماس بولۇپ قالدى.

...

قارا بارغانسېرى زورىيىپ، ئۇنىڭ ئېگىز بويلۇق، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، جۇلدۇر كېيەن بىر ئەر كىشى ئىكەنلىكى، ئۇزۇن، تاياقتەك بىر نەرسىنى مورىسىگە ئارتىۋالغانلىقى ئايان بولدى.

— سائىل ئىكەن، نېمانچىلا بولۇپ كەتكەندۇ، ئادەم قورققۇدەكلا.

— قولىدا تايىقى بار ئىكەن. يۇرسىلە، ئۆيگە كېتەيلى.

— يەنە بىردەم تۇرۇپ باقايلى، بىز تونۇيدىغان بىرەرسىمۇ تېخى...

يولۇچى خېلىلا يېقىنلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن سەللىسى ئاستىدا غۇجمەكلىشىپ تۇرغان ئۇزۇن چاچلىرى يۈز ـ كۆزىنى باسقان ساقىلى بىلەن تۇتىشىپ

كەتكەنىدى. يىرتىلىپ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىدىن قويۇق مەيدە تۈكلىرى، جاراھەت قاپلىغان، كىر، ئورۇق تېنى كۆرۈنەتتى. يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنى تېڭىۋالغان ئەسكى لاتىلاردىن قان تەپچىپ تۇراتتى.

ئەر كىشى ئىككى ئايالنى كۆرۈپ ھاياجانلانغاندەك بولدى. كۆزلىرى پارقىراپ نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرىدى.

— ۋاي خۇدايىم، ئۇ سالىھ باپكارمۇ نېمە؟ قارىسىلا، دادىسىغا ئوخشاش ئىككى مۇرىسى ئالدىغا چىقىپ تۇرمامدۇ؟

— ۋاي قانداق قىلاي، شۇ ئىكەن، سالىھ باپكار ئىكەن. ئانىسى كۆرسە نېمە بولۇپ كېتەر. پۇگۇرسىلە، ئۆيىدىكىلەرگە خەۋەر قىلىپ قويسىلا!

ياش ئايال ياغلىقىنى قولىدا تۇتقىنىچە مەھەللىگە قاراپ يۈگۈردى. چوڭ ياشلىق ئايال قورقۇپ، ئىچىدە بىرنەرسىلەرنى ئوقۇپ، ھېلى مەھەللە تەرەپكە، ھېلى ئاستا قىمىرلىغىنىپ يولدا يېتىپ قالغان سالىھ ئاخۇن تەرەپكە قاراپ، ئوتتۇرىدا تۇرۇپ قالدى.

ھايال ئۆتمەي، مەھەللە تەرەپتىن قىيا - چىيا، يىغا - زار ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بىر توپ چوڭ ئادەم ۋە ئۇششاق بالا چىقىپ كەلدى. ھەممىسىنىڭ ئالدىدا سالىھ ئاخۇننىڭ ئاق چاچلىق ئانىسى ئۆزىنى ھاسىسىغا تايانغىنىچە ۋارقىراپ يىغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنى كېلىنى يۆلىۋالغانىدى. يەتتە يىل ئىلگىرى سالىھ ئاخۇن ماڭغاندا قۇچاقتا، بۆشۈكتە، ئىشىك تۈۋىدە قالغان، ھازىر چوڭى 12 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئۈچ بالىسىمۇ بىللە كەلگەنىدى.

سالىھ ئاخۇن بىرەر ئاي يېتىپ ئاران ئۆزىگە كەلدى. ئۇ كىشىلەرگە ئاقسۇ، كۇچا، كورلا تەرەپلەردە جەڭلەرگە قاتناشقانلىقىنى، مۇھەممەد ئاخۇننى قارا شەھەر ئەتراپىدا ئۆلۈپ كەتتى، دەپ ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بەدۆلەتنىڭ

سەلتەنىتى ۋە مەغلۇبىيىتىنى، ئوردا ئەتراپىدىكى ئىككى يۈزلىمىلىك، مۇناپىقلىق، سۇيىقەستلەرنى، قوشۇننىڭ تىرىپىرەن بولغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ يىگىتنىڭ لەشكىرىي يۈرۈش ۋە جەڭلەر توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى ئۇزاق يىللارغىچە توغراقلىقلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈردى. ئۇششاق بالىلار قۇم دۆڭلىرى ئارىسىدا قوللىرىدىكى قىلىچلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ئالالاھۇئەكبەر...» دەپ تۇۋلاپ جەڭ ئويۇنى ئوينىشاتتى. ئۆتقان تەرەپ قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە يۈگۈرۈپ چىقىپ: «زامان زامانى، ياقۇپ قۇشبېگىنىڭ زامانى، تىنچ بول، ئامان بول!» دەپ ۋارقىرىشاتتى.

سالىھ باپكار دادىسىدىن قالغان دۇكاننى قولىغا ئېلىپ باپكارلىققا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ كەم سۆز، قاپىقى يامان ئادەم ئىدى. ئۇ كۆتۈرۈپ كەلگەن، كىشىلەر تاياقمىكىن دەپ قالغان نەرسە مىلتىق، يەنە كېلىپ ئىنگلىز مىلتىقى ئىدى. سالىھ ئاخۇن جەڭلەردە يۈرۈپ مىلتىقنىڭ نەقەدەر مۇھىم نەرسە ئىكەنلىكىنى، مىلتىق بولغاندىلا ھەرقانداق دۈشمەننى يەر چىشلىتىپ جاننى قوغداپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. يېنىدا مىلتىقى بولسىلا يۈرىكى پۇتۇن، كۆڭلى توق تۇراتتى. ئۇ كىشىلەرگە ئارتۇقچە گەپ قىلماي، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مىلتىقنى پاكىز تازىلاپ، قوينىدا ساقلاپ كەلگەن بەش تال ئوق بىلەن قوشۇپ لاتىغا يۆگەپ تورۇسقا تىقىپ قويدى. ئۇ ئۇنى ھامان بىر كۈن ئەسقېتىپ قالىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

بەدۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن توغراقلىقلارنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇلار يېڭى ھۆكۈمرانلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلمۇاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. تۇردى ئاخۇن يۈزبېشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزلىرى باش قوشۇپ ئۇنىڭ چوڭ

ئوغلى يۈسۈپ ئاخۇننى يۈزبېشى قىلىپ سايلىۋالدى. كەنتتە ھەممە ئىش يەنە ئىلگىرىكى تەرتىپتە داۋام قىلىۋەردى. كىشىلەر ھەر كۈنى مۆتىلۆق ئەزان ئاۋازىغا ئەگىشىپ مەسچىتكە چىقاتتى. ناماز ئوقۇپ بولۇپ نېمىنىڭ گۇناھ، نېمىنىڭ ساۋاب، قانداق ئادەمنىڭ دوزاخقا، قانداق ئادەمنىڭ جەننەتكە يېقىن ئىكەنلىكىنى توغرىسىدىكى ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئاڭلىشاتتى. يەر تېرىيدىغانلىرى يەرلىرىنى تېرىپ، مال باقىدىغانلىرى ماللىرىنى كۆپەيتىشنىڭ غېمىدە بولۇشاتتى، پەقەتلا ئىلگىرى ئۆشرە - زاكات، سېلىق - ياساق سۈيلەپ ئۆزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان نائىنساب «دىۋانبەگ»، جاللات سۈپەت مىرزا، دورغىلار شامال ئۇچۇرغاندەك يوق بولۇپ كېتىشكەنىدى. ئاندا - ساندا ئۇ يەر - بۇ يەردىن كېلىپ قالىدىغان كىشىلەر جاھاننىڭ تىنچىپ كەڭرىچىلىك بولۇپ قالغانلىقىنى، چىن دۆلىتىنىڭ ئۇلۇغ خانى پۇقرالار ھال - كۈنىنى ئوڭشىۋالغۇچە ئالۋان - ياساق، باج - خىراجەت ئېلىنمايدۇ، دەپ يارلىق چۈشۈرگەنلىكىنى يەتكۈزۈشەتتى.

دەرۋەقە، بىرنەچچە يىل ئۆتە - ئۆتمەي، كۆتەك ھارۋىنىڭ چاقى ئاستىدا يانچىلىپ سولغان ئوت - چۆپكە ئوخشاپ قالغان توغراقلىقلار ئاستا - ئاستا قەددىنى رۇسلاشقا باشلىدى. سارغىيىپ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالغان چىرايلاردا قىزىللىق پەيدا بولدى. كىشىلەر نامازلىرىدا يەنە ئۇلۇغ چىن خانى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىدىغان، ئاللادىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە تېخىمۇ كۆپرەك ئىنساب - دىيانەت، مېھىر - شەپقەت ئاتا قىلىشنى تىلەيدىغان بولدى. ئۇلار چىن خانى گوڭشۈينىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن «قانۇن ئۆزگەرتىش» نى يولغا قويغانلىقى، ئىسلاھات مەغلۇپ بولۇپ، پادىشاھلىقتىن ئايرىلىپ، پادىشاھ ئوردىسىدىكى «نېلۇپەر كۆلى» نىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆيگە نەزەربەند قىلىپ قويۇلغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئۇلار كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرنى ــ پادىشاھلىق تەختىگە ئۈچ ياشلىق فۇ يىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى، بىراق ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپلا چىن سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى، 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ئەنە شۇنداق يوقىتىلغانلىقىدىنمۇ خەۋەرسىز قالدى. چۈنكى، توغراقلىق بەك چەت ئىدى. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندە، شەھەرگە بېرىپ كەلگەن بىرى:

ــ چىن پادىشاھى ئاغدۇرۇلۇپتۇ ! ــ دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. كىشىلەر ھاڭ ــ تاڭ بولۇشۇپ، دۆلەتتە پادىشاھ بولمىسا قانداق بولۇپ كېتەر؟ دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. كېيىن بۇ ئەندىشىنىمۇ ئۇنتۇپ:

ــ «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ»، بىزگە كىم قويۇپتۇ ئۇنداق ئىشلارغا باش قاتۇرۇشنى، ــ دېيىشتى.

توغراقلىقتا قۇراللىق ئىككى چېرىك بىلەن بىر ئەمەلدار پەيدا بولۇپ قالغاندا بۇ يەردىكى ئادەملەر دەسلەپتە قورقتى، قىزىقسىندى. كېيىن «يۇقىرىدىكى ئەمەلدارلىرىمىز بىزنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، ھەر نېمە بولسا» دېيىشىپ خۇشالمۇ بولۇپ قېلىشتى. ئۇزۇن قارا تاۋار چاپان، تاۋار بۆك كىيگەن، چىرايىدىن يەرلىك ئادەملەردىن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرغان بىر ئەمەلدار چېرىكلەرنى باشلاپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ چوڭ ــ كىچىك ھەممە ئادەمنى خەتلەپ، دېھقانلارنىڭ چارۋا ماللىرى، تېرىغىلى بولىدىغان يەرلىرىنىڭ سانىنى ئېلىپ تىزىملاپ، بۇ يەرنىڭ ئالاھىدە تەملىك پاقلان گۆشى ۋە مەشرەپلىرىنىڭ ھۇزۇرىنى يەتكۈچە سۈرۈپ قايتقاندىن كېيىن توغراقلىقلارنىڭ ئارامى بۇزۇلدى. ئالۋان ــ ياساق، باج ــ سېلىق يىغقۇچىلار يول جاپاسىدىن قورقماي، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىشكە باشلىدى. شەھەردىكى ئەمەلدارلار ھەر ئاخشىمى بىرنەچچە خىل

باج، ئالۋان ـ ياساق ئويلاپ تاپىدىغاندەك قىلاتتى. بارا ـ بارا يەر بېجى، ئۆي بېجى، تۇز بېجى، ئوتۇن ـ سامان بېجى، چاي بېجى، ياغ بېجى، باغ بېجى، بازار بېجى، يول بېجى، كۆۋرۈك بېجى، چارۋا بېجى، تۇياق بېجى، تۇگمەن بېجى دېگەندەك ھەددى ـ ھېسابسىز باج، ئالۋان ـ ياساقلار كىشىلەرنىڭ گەجگىسىدىن بېسىپ تىن ئالالماس قىلىپ قويدى. ئالۋان ـ ياساق، باج دەستىدىن يەر، ئۆي، چارپايلىرىنى سېتىپ خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن دېھقانلار، تىلەمچىلەر كۆپەيدى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار دۇكانلىرىنى تاشلىدى.

سالىھ ئاخۇن جەمەتى ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ باپكارچىلىق قىلىپ كەلگەن، ھۈنىرىگە تايىنىپ قەدىر ـ ئەھۋال كۆن كەچۈرىدىغان كىشىلەر ئىدى. توقۇغان ماتالىرى سېپتا بولغانلىقى، ئارتۇقچە باھا تالاشمايدىغانلىقى ئۈچۈن مەھەللىدىكىلەر ئىچىدە ئىناۋەت تاپقانىدى. سالىھ ئاخۇنمۇ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ يولىنى تۇتۇپ يۇرتداشلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ئىگىلىكىنى ئىزىغا سېلىۋالدى، ھۈنەرگە قولى كېلىپ قالغان ئوغلىغا ئايرىم دۇكان قۇرۇپ بەرمەكچىمۇ بولدى. بىراق، زاماننىڭ يەنە كاجلىقى تۇتىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلماس بولدى. زېھنى چېچىلىپ، قوللىرى كالانپايلىشىپ، ئىلگىرىكىدەك كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئىشلىگۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئالۋان ـ ياساق يىغقۇچىلار ھەر قېتىمدا ئۇنىڭ بىر توپ ماتاسى ئۈچۈن ئۈچ توپنىڭ پۇلىنى ئالاتتى. ئۇ ھەرقانچە تاكاللىشىپمۇ ئۇلارنى ئەلپازىدىن ياندۇرالمايتتى. بارغانچە تاپقان پۇلى ئالۋان ـ ياساققىمۇ يەتمەس بولۇپ كەتكەنلىكتىن، «قىلمايا، مۇشۇ ئىشنى، دۇكان بولمىسا مۇشۇ دەردمۇ تۈگەر!» دەپ، دۇكاننى

نەچچە قېتىم چۈشۈپمۇ تاشلىدى. موھتاجلىقتا چىدىماي يەنە قوراشتۇرغان بولسىمۇ، تورولگەن قاپىقى زادى ئېچىلمىدى. يەر تېراي دېسە، يېرىنىڭ تايىنى يوق، قوملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالىقانچىلىك بۇ يۇرتتا تىرىكچىلىكنىڭ يوللىرى بەكلا تار. ئۇ بەزىدە خوتۇن - بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، خۇرجۇن - قاچىلىرىنى يۈدۈپ يېرى كەڭ، سۇيى مول، ئازادە يەرلەرگە كېتىشنى ئويلاپمۇ قالاتتى. لەشكەرلىكتە يۈرۈپ جاھاننىڭ قوينى نەقەدەر كەڭلىكىنى كۆرۈپ، «ئاتا - ئانام قوملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ كىچىككىنە يەردە قانداق بولۇپ تۇرۇپ قالغان بولغىيتتى؟» دەپمۇ ئويلاپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئىككى كونىلوكى قالغان ئانىسىنى ئويلىسىلا، بۇ ئويلىرىدىن ۋاز كېچەتتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يېشەلمەيتتى، يۈرىكىنى غاجاپ تۇرىدىغان غەشلىكتىن قۇتۇلالمايتتى.

ئالۋان - ياساق يىغقۇچىلار يەنە كەلدى. بىرى پاكار، بىرى ئېگىز، ئىككىلىسىلا بوكىنى ئەگەل دېسە، بېشىنى ئېلىپ كېلىدىغان شۇم تەلەت بىرنېمىلەر ئىدى. بەدۆلەت زامانىدىمۇ مۇشۇنداق ئادەملەر بار ئىدى. كېيىن يوق بولۇپ كەتكەن. ھازىر يەنە پەيدا بولدى. تېخىمۇ ئاۋۇپ، تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ توقۇغان ماتالىرىنىڭ سانىغا ئېشەنمەي، ئۆيىنى ئاختۇرماقچى بولدى. مىجەزىم يوق، دۇكاندا ئولتۇرالمىدىم، دېگىنىگىمۇ ئىشەنمىدى. ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، خوتۇن - بالىلىرىنى قورقۇتۇپ، بالىلىرىغا قىشلىق كىيىم - كېچەك قىلىپ بېرىش ئۈچۈن نېرى ئېلىپ قويغان ئىككى توپىنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىدا نېمىدۇر ۋال - ۋۇل قىلىپ قالغاندەك بولدى، ئۇنىڭ

كالـلـىسـىغـا بىر ئـوي كـەلدى. ئۇ دەرھـال ئـېغىـلـغا كىـرىـپ تورۇستىن ئەسكى لاتىغا ئوراپ قـويغان ئـىنگلىـز مىلتـىقىنـى ئېلىپ چۈشتى. سۇرتۇپ تـازىلاپ، ئوق سېلىپ، باغنىڭ ئارقـا تېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، «ئۆچكەبۇلاق» قـا بارىدىغـان يولنىـڭ چېتىدىكى دەرەخلىكتە مۆكۈپ ئولتۇردى. ئۇ پەرەز قـىلغانـدەك، ئۇزاق ئۆتمەي بىرى پاكار، بىـرى ئېگىـز ئىككى ئادەم بۇ يولـدا پەيدا بـولـدى. ئۇلار يـىـراقـتـىـنـلا كـۆلـۈشـۈپ، پـاراڭلـىـشـىـپ كېلىۋاتاتتى. ئېگىزرەكى كىمـىنىدۇر قاتـتىق قورقـۇتقانلـىقىنـى ھـەرىـكەتلـىـرى بىـلـەن دوراپ كـۆرسەتـمـەكـتە ئـىدى. ئـۇلار يېقىنلاشتى. سالىھ ئاخۇن ئاستا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېگىزنـى قارىغا ئـالدى. «گۇم!» قىـلغان ئاۋاز بـىلەن تەڭ ئـۇ تىك مولـلاق چۈشتى. پاكىنەك چىرقىراپ ئالدىغا قاراپ قاچتى. سالىھ ئاخۇن ئۇنىمۇ قارىغا ئالدى. «گۇم!» قىلغان ئاۋاز بىـلەن تەڭ ئۇمـۇ دۈم چۈشتى. سالىھ ئاخۇن — سالىھ مەرگەن مىلتىقنى دەرەخلىككە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كىردى. قورقۇپ كەتكەن خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماي، دۇكىنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ قوللىرى باشقىچە چەبدەسلىشىپ كەتكەنىدى. شانىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ ـ چۈشكەن چاغدىكى رىتىملىق ئاۋازى ئۇنىڭغا خۇددى يېقىملىق سازنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىناتتى.

توغراقلىقلار دەسلەپتە «گـۇم!»، «گۇم!» قىـلـغان ئاۋازنـىـڭ نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. قورقۇپ، تىترىشىپ، ئۆيلىرىدىن چىقىپ ئەتراپقـا قاراشتى. ئـاتا ـ ئانا، بـالىچاقـا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىنىڭ دېرىكىنى قىلىشىپ، ھال ـ ئەھۋاللىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۆڭۈل توختىتىشتى. شۇ ئارىدا «ئـۆچكەبـۇلاق» ئـەتراپىدىن يۇقىرىقى مەھەللىگە كەلـگەن بىرەيلەن يولدا قـانغا مىلىنىپ

ياتقان ئىككى ئادەمنى كۆرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. كىشىلەر بۇ ئىككى ئادەمنى دەرھال تونۇۋېلىشتى ۋە ئۆلارنى جىرغىغا سېلىپ مەسچىتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى. ئۆلارنىڭ بىرى ئاللىقاچان ئۆلگەن، يەنە بىرى قانسىراپ هوشسىزلانغانىدى. يۇزبېشى، دورغىلار شۇ كۈنىلا بازارغا ئادەم ماڭغۇزۇشتى.

شۇ كېچىسى توغراقلىقلارنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ياشلار بىلەن ئۇششاق باللار مەسچىت ئالدىدىكى مەيداندا كېچىچە پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردى. قېرىلار بولسا تېخىمۇ بەكرەك مۈكچىيىپ، تېخىمۇ بەكرەك يۆتىلىپ، كۆپرەك ۋاقىتنى جايناMazدا ئۆتكۈزۈشتى. ھەممە ئادەم كۆڭلىدە بۇ ئىشنى كىم قىلغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. ئەمما، ھېچكىمنىڭ ئېغىزىدىن بىرەر ئېغىز گەپ چىقمايتتى.

بازاردىن ئەمەلدارلار بىلەن چېرىكلەر كەلدى. مەھەللىدە بىر ھەپتىدەك تۇرۇپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ قورال - ياراغ ئاختۇرۇپ، چوڭلار، ياشلار، باللار ۋە ئاياللار بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆزلەشتى. ئاخىر سالىھ باپكارنى ئۆيىدىن تۇتۇپ چىقىپ، دىڭزىغا سېلىپ، ئاتنىڭ كەينىگە سۆرىتىپ بازارغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ قېرى ئانىسى بىلەن بالىچاقىلىرى تاكى يىقىلىپ قالغۇچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ مېڭىشتى. ئەڭ ئاخىرىدا چوڭ ئوغلى بىر قاچا سۇنى دادىسىغا ئىچۈرۈپ بولۇپ، ۋارقىراپ يىغلىغىنىچە يولدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ قارا ئاتنىڭ ئارقىسىدىن گاھ يۈگۈرۈپ، گاھ يىقىلىپ، گاھ قوپۇپ سۆرىلىپ كېتىۋاتقان دادىسىنىڭ قارىسى قۇملۇق باغرىغا سىڭىپ كەتكۈچە شۇ ھالەتتە ئولتۇردى.

سالىھ باپكار تۇتۇلغان كۈندىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا «خەدىچە» دېگەن بىر ئىسىم چىقىپ قالدى. تۇل خوتۇن خەدىچە

شۇ ئىش بولغان كۈنى دەرەخلىككە ئۇتۇن تەرگىلى چىققانلىقىنى، شۇ يەردە سالىھ باپكارنىڭ ئۆزۈن بىرنەرسە بىلەن يولدا كېتىۋاتقان ئىككى كىشىنى ئاتقانلىقىنى، «گۇم، گۇم» قىلغان ئاۋاز چىققاندا ئۆزىنىڭ قورقۇپ يەرگە يېتىۋالغانلىقىنى، كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، سالىھ باپكارنىڭ دەرەخنىڭ كاۋىكىغا بىر نەرسە تىقىۋاتقانلىقىنى... چېرىكلەرگە بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەرگەن ھەم ئۇلارنى دەرەخلىككە باشلاپ بېرىپ، مىلتىقنى تېپىپ بەرگەنىكەن.

سالىھ باپكار شەھەردە جادۇغا بېسىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن توغراقلىقلار خەدىچە ئاتلىق بۇ ئايالنىڭ چىرايىغا قارىماس بولدى. خەدىچە دېگەن ئىسىم توغراقلىقتا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان ئىسىم ئىدى. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم قىزىغا «خەدىچە» دەپ ئىسىم قويمايدىغان بولدى. خەدىچە ئىسىملىكلەرنىڭ ئىسىملىرى ئۆزگەرتىلدى. بىرنەچچە يىلغىچە تۇغۇلغان ئوغۇل بالىلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك سالىھ دەپ ئىسىم قويۇلدى.

ئىش بۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشمىدى. بىر كېچىسى بىر ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق داد ـ پەريادى كېچە ئاسمىنىنى زىلزىلىگە سېلىپ، كىشىلەرنى شېرىن ئۇيقۇلىرىدىن ئويغاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن توغراقلىقتا چاچلىرى پاخپايغان، يۈز ـ كۆزىنى قاسماق باسقان، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ، گاھ يىغلاپ، گاھ كۈلىدىغان بىر ئايال پەيدا بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭ خەدىچە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەنە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشتى. قولۇم ـ قوشنىلىرى ئاش ـ نان بېرىپ، بارغان ـ تۇرغان يېرىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشتى. سوغۇق چۈشكەندە ئۇنى قەبرىستانلىقتا قېچىپ يۈرگەن يېرىدىن تۇتۇپ، قۇربان باخشىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشتى. يول بويى

يۇلقۇنۇپ، ئۇدۇل كەلگەننى تېپىپ، چىشلەپ كەلگەن خەدىچە باخشىنى كۆرۈپلا شۈكلەپ قالدى. ئۇ قايىنتىپ بەرگەن دورىنى دەرھال ئىچىپ، ئىتتەك ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ جىم ئولتۇردى. كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر ئۇنىڭ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئۆي سۈپۈرۈپ، سۇ توشۇپ يۈرگىنىنى كۆردى. 50 ياشتىن ئاشقان قۇربان باخشى شۇ يىلى قىشتا مەسچىت جامائىتىنى چاقىرىپ ئاددىي توي ئۆتكۈزۈپ خەدىچەنى نىكاھىغا ئالدى. ئۇ خەدىچەدىن ئىككى بالىلىق بولدى.

# ئالتىنچى باب

ئابدۇكېرىم قارىي يەتتە يىللىق خانلىق مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئۇستازلىرى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ توسقىنىغا قارىماي، تۇغۇلغان يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. دادىسى ياشىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دادىسىنىڭ رايىغا بويسۇنۇپ ئەمرىگە ئالغان ياش كېلىنچەكنى ئۇزاق يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. ياش كېلىنچەك ئەينى يىللاردا بەدۆلەتنىڭ بەگزادىسىنى ئاشىق ـ بىقارار قىلغان سەدەپخان ئىسىملىك ساھىبجامال ئايالنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، بوي ـ تۇرقى، چىراي ـ شەكلى چوڭ ئانىسىنىڭ ياش ۋاقىتلىرىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. شەھەردىن ئۆيلىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، توي ئىشىنى كەينىگە سۈرۈپ كەلگەن ئابدۇكېرىم ئاخۇن دادىسىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ توي قىلغاندىن كېيىن ئايالىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندىن نەچچە ھەسسە يېقىملىق، رايىش ۋە ساپدىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تېزلا باغلىنىپ قالدى.

ئابدۇكېرىم قارىي توغراقلىقتا ئىمام ۋە مۇدەررىس بولۇپ ياشىدى. قۇتلۇق ھاجى 90 يېشىدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغۇچە ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن بېقىپ، پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلدى. دادىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئادا قىلىپلا ھەج سەپىرىگە ئاتلاندى. ئۇ ھەج سەپىرىدە خەتەرلىك تاغ ـ داۋانلاردىن، دەريا ـ دېڭىزلاردىن، يات ئەللەردىن ئۆتۈپ، چىراي ـ تۇرقى ۋە گەپ ـ سۆزى خىلمۇخىل ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ ئەندىشلىك چىرايىدىن ۋە گەپ ـ سۆزلىرىدىن

دۇنيانىڭ تىنچ ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. قەشقەر تېخىمۇ داۋالغۇپ تۇراتتى. قورالّلىق ئەسكەرلەر، نەيزە، پالتا ـ پىچاق بىلەن قوراللانغان ئادەملەر بىلەن تولغان شەھەر قاتمۇقات قورشاۋ ئىچىدە ئىدى. ئابدۇكېرىم قارىھاجى خانلىق مەدرىسەدە بىر كېچە قونۇپ، ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا خۇپىيانە يوللار بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ تەۋەككۇلچى ئەمەس ئىدى. رايىش تەبىئىتىدىن ئۇرۇش ـ جېدەلگە تېخىمۇ لايىق ئەمەس ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قېرى ئانىسى بىلەن بالىچاقىلىرى ئۇنىڭ يولىغا قارىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئىنتىزارلىق ئىلكىدە يۇرتىغا يۈرۈپ كەتتى. تۆگە بىلەن تۇغۇلغان يۇرتىغا يېقىنلىشىپ كەلگەندە قۇم دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياپيېشىل چايقىلىپ تۇرغان توغراقلىقنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر تىنچ ماكان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. يۇرتداشلىرى ئۇنى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ئانىسى ئۇنى كۆرۈپ ساقىيىپ، تېتىكلىشىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. بۇ يەردىكى خاتىرجەم، ئارامبەخش ھايات، ساھىبجامال ئايالىنىڭ ساددا، ئەمما چەكسىز يېقىملىق ناز ـ كەرەشمىلىرى، بىر ـ بىرىدىن چېچەن، ئانىسىدەك يېقىملىق چوڭ بولۇۋاتقان ئوغۇل ـ قىز پەرزەنتلىرىنىڭ خۇشلۇقى ئۇنىڭغا جاھان ئەندىشىلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى. بۇ يەردە ئۇ ئۆزىنىڭ شەھەرگە لايىق ئەمەسلىكىنى، توغراقلىقتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، مۇشۇ يەردە ياشاپ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىشى كېرەكلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى.

ئابدۇكېرىم قارىھاجى ئىككىنچى يىلدىن تارتىپ كونىراپ قالغان مەسچىتنىڭ ئورنىنى ئېگىزلىتىپ، كەڭرىتىپ باشقىدىن ياساشقا تۇتۇش قىلدى. مەدرىسە ئۆيلىرىنى يېڭىلاپ، سانىنى كۆپەيتىپ، يەتتە ياشتىن ئون ياشقىچە بولغان ئوغۇل ـ قىز

بالىلارنى مەدرىسەگە يىغىپ ئارىلاش ئوقۇتتى. ئىلگىرى مەدرىسەدە ئوقۇشلا ئۆگىتىلەتتى. موللىلار بىلەن ئاتا ـ ئانىلار ئەرەب ھەرپلىرىنى دوراپ يېزىپ باقماقچى بولغان بالىلارنىڭ قولىغا ئۇراتتى. ئابدۇكېرىم قارىھاجى بۇ قېتىم كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئوقۇش ـ يېزىشنى تەڭ ئۆگەتتى. بۇ، توغراقلىقنىڭ كونىچە ئوقۇتۇش تارىخىدىكى چوڭ ئىش ئىدى. ئابدۇكېرىم قارىھاجىنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىپ، كېيىن قەشقەردە ئوقۇغان مۆمىن ئاخۇن ئىسىملىك بىر يىگىت قەشقەردىكى داڭلىق خەتتاتلاردىن بولۇپ قالدى. ھەر قېتىم ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇنىڭ قەلەم تەۋرىتىشىنى ياشناپ تۇرغان گۈل ـ چىمەنلەرنىڭ يەلپۈنۈشىگە ياكى ئەرەب ئارغىماقلىرىنىڭ تۈۋۈقى ئاستىدىن چىققان شامالغا ئوخشاتقانلىرىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى ئۇستازىنى ئەسلەيتتى ۋە تەرىپىنى قىلاتتى.

# يەتتىنچى باب

قىش ئايلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى، كۈچسىز قىش ئاپتىپىغا چۆمۈلگەن مەھەللە تىپتىنچ ئىدى. سامانلىقلارنى تاتىلاپ قاقىلداپ يۈرگەن توخۇلار بىلەن ئاندا ـ ساندا قاۋاپ قويىدىغان ئىتلار، قاقشال تېرەكلەرنىڭ ئۇچىغا قونۇۋېلىشقان قاغىلار بۇ تىنچلىقنى بۇزالمايتتى. ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن چىققان تۈتۈن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋاغا سىڭىپ كېتەتتى. ئاسماندا قانات كېرىپ ئەگىپ يۈرگەن سارمۇ خۇددى قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. يولدا قاپاق، سوغا كۆتۈرۈپ كۆل ياكى بۇلاق بېشىغا سۇغا ماڭغان ياش كېلىنچەكلەر بىلەن ئوغۇل باللار كۆرۈنۈپ قالاتتى.

ئاشۇاقتى بىلەن كۈن پارلداپ تۇرغان ئاسماندىن قاتتىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز كەلدى. يامغۇر ئاز ياغىدىغان بۇ يۇرتتا ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشىمۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى. يەنە كېلىپ كىشىلەر ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىشىنى بىرەر پالاكەتچىلىكنىڭ بېشارىتى، ئاللانىڭ غەزىپى كەلگەنلىكى دەپ چۈشىنەتتى. دەسلەپتە يىراقتىن كېلىۋاتقان بۇ گۈلدۈرلەش بىردىنلا كۈچىيىپ يەر ـ جاھاننى بىر ئالدى. خۇددى ئاسمان گۈمۈرۈلۈپ كىشىلەرنىڭ باش ئۈستىگە چۈشۈۋاتقاندەك بىلىندى. سۇغا كېتىۋاتقان ئاياللار بىلەن باللار قاپاق، چۆگۈنلىرىنى تاشلاپ دالدا جايلارغا قاراپ قاچتى. ھەممىلا ئادەم ئۈنلۈك ئاۋازدا ياكى ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇپ، بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىغا تووۋا قىلىشقا، ئاللادىن گۇناھلىرىنى

تىلەشكە باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي مەھەللە ئۈستىدە قاغىغا ئوخشاپ كېتىدىغان غايەت زور «قارا قۇش» پەيدا بولدى. كىشىلەر شۇ چاغدىلا بۇ ئاۋازنىڭ ئاشۇ «قارا قۇش»تىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىشتى. داد ـ پەرياد ئاۋازى ئىچىدە كىملەردۇ: «خالايىق، جېنىڭلارنى ئېلىپ قېچىڭلار، زامانى ئاخىرنىڭ ئالامىتى بۇ!» دەپ ۋارقىرىدى. كىشىلەر قازناقلىرىغا مۆكۈنۈپ قۇلاقلىرىنى مەھكەم ئېتىۋېلىشتى. «قارا قۇش» توغراقلىقلارنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە ئەگىپ غارقىراپ قاياقلارغىدۇر غايىب بولدى. كىشىلەر مۆكۈنگەن يەرلىرىدىن سەللىلىك، دوپپا ـ تۇماقلىق باشلىرىنى چىقىرىپ تىترىگىنىچە ھويلىغا، كوچىغا چىقىشتى. ئۇيان ـ بۇيان مارىشىپ، بايا تالادا تۇرۇپ قېلىپ «قارا قۇش»نى كۆرگەن بىر نەچچە چوڭ ئادەم بىلەن بالىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشتى. ئۇزاق ئۆتمەي گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز يەنە پەيدا بولدى. دەسلەپتە يىراقتىن بوش، بوغۇق، كېيىن ناھايىتى ئېنىق، كۈچلۈك ئاڭلاندى. ئەمما، «قارا قۇش» كۆرۈنمىدى.

«قارا قۇش» بىرەر ھەپتىگىچە توغراقلىق ئاسمىنىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ نەلەرگىدۇر كېتەتتى. چۈش پېشىن بولغاندا يەنە كېلىپ، بىر ـ ئىككى ئەگىپ كېتىپ قالاتتى. سالىھ باپكارنىڭ ئوغلى بىلەن تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى ئۆگزىدە تۇرۇپ كۆزىتىپ، «قارا قۇش»نىڭ تۆمۈردىن ياسالغانلىقىنى، باش تەرىپىدە تۈگىلۈكتەك بىر يېرى بارلىقىنى، ئۇنىڭدىن قۇلاقچا كىيگەن، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق بىر ئەر كىشىنىڭ بېشى چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرۈشتى. ئابدۇكېرىم قارىھاجى مەسچىتتە ئۆزىنىڭ سەپەردە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى، پەرەڭلەرنىڭ «ئايروپىلان» ياساپ ھاۋادا ئۇچۇۋاتقانلىقىنى، «پاراخوت» ياساپ چوڭقۇر دېڭىز ـ ئوكيانلاردا ئۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئاپتوموبىل، پويىزلارنىڭ سائەتتىكە قانچە چاقىرىم يول باسىدىغانلىقىنى، تېلېگرامما

دەيدىغان بىر ئەسۋاب ئارقىلىق دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدە يۈز بەرگەن ئىشنى شۇ سائەتتىلا يەنە بىر چېتىگە يەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ، «ئايروپىلان» دېگىنى مۇشۇ، دېدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى چۆچەك ئاڭلىغاندەك ئاڭلاپ، ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەن ئادەملەر ئەمدى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە باشقىدىن قىزىقىپ قېلىشتى. ئاللاتائالانىڭ كارامىتىگە بەندىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ، دېيىشىپ، شۇنچە ئېغىر تۆمۈرنىڭ ئاسماندا قانداق ئۇچالايدىغانلىقىنى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق مۇلاھىزە، تالاش ـ تارتىش قىلىشتى. كىمدۇر بىرى چۆچەكلەردىكىدەك بىر قۇلىقىنى بورىسا ئۇچىدىغان، بىر قۇلىقىنى بورىسا چۈشىدىغان «ياغاچ ئات» نىڭ گېپىنى قىلىپ، روزاخۇن تۆمۈرچى بىلەن ياغاچچى يۈسۈپاخۇننى «تۆمۈر قۇش» ياكى «ياغاچ ئات» قا ئوخشاش بىر نەرسە ياساپ بېقىشقا دەۋەت قىلىشۇدى، ئولتۇرغانلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

شۇ پاراڭ بولغان كۈننىڭ ئەتىسى كىشىلەر «تۆمۈر قۇش»نىڭ كېسەل تەگكەندەك ئىرغاڭلاپ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ چۈشۈپ كەتكەن يەردىن ئاسمان ـ پەلەك ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلدى. مەھەللىدىكىلەر ئات ـ ئېشەك، تۆگىلىرىگە مىنىپ، پىيادىلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئىس كۆتۈرۈلگەن يەرگە قاراپ ئاقتى. تۆمۈر قۇش كۆيۈپ تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن، تۇمشۇق تەرىپى قۇمغا كۆمۈلگەن ھالدا قۇيرۇقىدىن ئىس چىقىرىپ ياتاتتى. ئۇ چۈشكەن يەر ۋە ئەتراپىدىكى قۇممۇ قارىداپ، سارغىيىپ كەتكەنىدى. كىشىلەر دەسلەپتە يىراقتا قاراپ تۇردى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ، ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى تۇتۇپ، سىلاپ، تولغاپ بېقىشتى. بەزىلەر ئەسقېتىپ قالار دەپ قولىغا چىققۇدەك تۆمۈر ـ تەسەكلەرنى ئېلىۋېلىشتى. روزاخۇن تۆمۈرچى بىر كۆزىنى قىسىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇزاق چۆرگىلىدى. ھەرقانچە

چۈرگىلەيمۇ ئۈمرىدە كەتمەن بىلەن ئوتىغۇچتىن باشقا نەرسە ياساپ باقمىغان بۇ تۆمۈرچى «تۆمۈر قۇش»نىڭ قانداق ئۇچىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، ھە دەپ بېشىنى چايقايتتى. بىر دېھقان:

— ھەيۋىسى بەك چوڭ بولغان بىلەن بۇمۇ تايىنلىقكەن. ئۇيان ـ بۇيانغا نەچچە ئايلىنىپ قويۇپلا قۇمغا پېتىپ يېتىپتۇ مانا! — دېدى.

— ئاللانىڭ جازاسى بۇ، مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدا ئۇچۇپ، كۆرەڭلەپ كەتكىنىگە غەزىپى كەلگەن گەپ. ئاللا چاچىسىنى بەرسە مانا مۇشۇنداق بېرىدۇ.

— ئاللا ئۇلۇغ، خالىسا تۆمۈرگە، تاشقا جان بېرىپ ئاسماندا ئۇچۇرىدۇ، خالىسا مانا مۇشۇنداق خانىۋەيران قىلىدۇ... — كىشىلەر بۇ ئىشتىن ئەنە شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شەھەردىن ئەمەلدارلار بىلەن ئەسكەرلەر كېلىپ چۈشۈپ كەتكەن ئايروپىلاننىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ، ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى ئاختۇرۇپ دەپتەرىگە نېمىلەرنىدۇر خەتلەپ ئۇزاق ئاۋارە بولۇشتى. ئۇلار بىللە كەلگەن تىلماچىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئورۇسنىڭ ئايروپىلانى ئىمىش. ئىچىدىكى ئۇچقۇچى بازار ئەتراپىدىكى قۇملۇقتىن تېپىلىپتۇ. يارىدار ئىكەن. ئەسكەرلەر ئايروپىلاننىڭ بىر قىسمىنى چۇۋۇپ تۆگىگە بېسىپ ئېلىپ كەتتى. قالغان پارچە ـ پۇرات تۆمۈر ـ تەسەكلەرنى توغراقلىقتىكى كىشىلەر ئەكىلىپ ھويلىلىرىغا تاشلاپ قويدى. كىشىلەر «ئورۇسنىڭ تۆمۈرىدىن ياسالغان كەتمەن بىلەن ئوتىغۇچنىڭ بىسى ئاسان قايرىلىپ كەتمەيدىكەن» دېيىشىپ يۈردى.

ياغاچچى يۈسۈپاخۇن بالىلىرىغا ياغاچتىن «تۆمۈر قۇش» ياساپ بەردى. ئۇ توغراقلىقلار كۆرگەن ئايروپىلانغا قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك قۇشقا ئوخشايتتى.

تۇمشۇقى، كۆزلىرى بار ئىدى. كېرىلىپ تۇرىدىغان قانىتىمۇ قۇشنىڭ قانىتىغا ئوخشايتتى. پەقەتلا دۇمبىسىدىكى قۇش ئۇۋىسىغا ئوخشايدىغان يۇمىلاق ئويماندا دوپپا كىيگەن بىر ئوغۇل بالا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغانىدى. بالىلار دورامچۇق كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەھەللىدىكى ھەربىر بالىنىڭ قولىدا دېگۈدەك بىردىن «تۆمۈر قۇش» پەيدا بولدى. بالىلار مەھەللىنىڭ چېتىدىكى قۇم دۆڭلىرىگە چىقىۋېلىپ قۇشلىرىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ پەسكە قاراپ يۈگۈرۈشەتتى. «مېنىڭ قۇشۇم تېز ئۇچىدۇ» دەپ بىر - بىرى بىلەن بەسلىشەتتى. قوللىرىنى كېرىپ، ئاغزىدا غارقىرىغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان چاغلىرىدا ئۆزلىرىنى راستىنلا ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك سېزىشەتتى.

# سەككىزىنچى باب

كېيىنكى يىلىدىن تارتىپ تۇغراقلىقتا «ئەپەندى»لەر پەيدا بولۇپ قالدى. موللىلار ئۇلارنى «جەدىت»، «دەھرىيلەر» مۇ دېيىشەتتى. دېھقانلار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئۇزۇن چاپان كىيمەيدىغانلىقىغا قاراپ ئۇلارنى «كالتە چاپان ئەپەندىلەر»، «كالتە قۇيرۇقلار» دېيىشەتتى. «ئەپەندى» لەر ئابدۇكېرىم قارىھاجىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، يۇرت چوڭلىرى بىلەن بايلارنى يىغىپ قانداقتۇر «يېڭى مەكتەپ» ئېچىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشاتتى. بەزى ئادەملەر «يېڭى مەكتەپتە كاپىرلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆگىتىدىكەن، قىز - ئوغۇل ئارىلاش ئوقۇيدىكەن. ھەي مۇسۇلمانلار، بىز ئۇ دەھرىيلەرنىڭ يۇرتىمىزدا مەكتەپ ئېچىپ باللىرىمىزنى دىنىدىن چىقىرىشىغا قاراپ تۇرساق بولامدۇ؟» دەپ دېھقانلارنى ئەپەندىلەرگە قارشى تۇرۇشقا، ئۇلارنى كۆرگەن يەردە ئۇرۇپ، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىشكە كۈشكۈرتەتتى. يەنە بەزى ئەقىل - ھوشلۇق، شەھەر كۆرگەن ئادەملەر: «ئۇلارمۇ مۇسۇلمان، دىنىمىزغا قارشى ئەمەس، ئۇلار بىزدەك قارىتۇرۇك ئادەملەرنى ۋە باللىرىمىزنى ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلىمىز، دەپ چېپىپ يۈرىدۇ. باللىرىمىز ئوقۇش - يېزىشنى، ھېسابنى ئۆگىنىۋالسا، كۆزى ئېچىلسا يامان بولامدۇ؟ ئىنساپ بىلەنرەك گەپ قىلىڭلار، مۇسۇلمانلار» دەپ ئۇلارغا رەددىيە بېرەتتى.

بىر مەزگىللىك تالاش - تارتىش ۋە تەييارلىقتىن كېيىن مەدرىسەنىڭ يېنىغا يېڭىدىن ئىككى ئېغىز سىنىپ سېلىنىپ، يېڭى مەكتەپ قۇرۇلدى. ئەسلىدە بىر سىنىپتا قىز باللارنى

ئوقۇتۇش پىلانلانغان بولسىمۇ، دېھقانلار قىزلىرىنى «يېڭى مەكتەپ»كە بېرىشنى خالىمىدى. ئانچە ـ مۇنچە قول ـ ئىلكىدە بار كىشىلەر ئوغۇل باللىرىنىمۇ يېڭى مەكتەپكە بەرمەيتتى، پەقەت باللىرىنى ئوقۇتالمايدىغان بەزى نامرات كىشىلەرلا ئىككىلەنگەن، ئالدى ـ كەينىگە قاراشقان هالدا باللىرىنى يېڭى مەكتەپكە ئەكىلىپ شەھەردىن كەلگەن مۇئەللىمگە تاپشۇرۇشتى. مۇئەللىم ماش رەڭ شىرىق چاپان، كونا بادام دوپپا كىيىپ يۈرىدىغان، كۆلۈپلا تۇرىدىغان يىگىت ئىدى. ئۇ قازاننىڭ قارىسى بىلەن بويالغان دوسكىغا ھەرپلەرنى چىرايلىق يېزىپ باللارغا ئوقۇشنى ئۆگىتەتتى. ئارقىدىن باللارنى بىر ـ بىردىن چاقىرىپ دوسكىغا يازدۇراتتى. ئىككىنچى سائەتلىك دەرس هېساب ئىدى. ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن باللارغا سانلارنى تونۇش ـ يېزىشنى ئۆگىتەتتى. تەنتەربىيە دەرس ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارنى يۇمىلاق مەيداندا قاتار تۇرغۇزۇپ، يوغان قەدەم بىلەن «مەشكە دەسسەش»، ئوڭغا، سولغا بۇرۇلۇش، يۈگۈرۈش دېگەنلەرنى ئۆگىتىۋاتقاندا، دېھقانلار كېلىپ قىزىقىپ قاراپ كېتىشەتتى، بېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. دېھقانلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ قومۇش قەلەمنى چىڭ تۇتۇپ، لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ يازغان خەتلىرىنى كۆرگەندە ئىنتايىن هاياجانلىنىشتى. ئەمدىلىكتە باللار يۇمىلاق مەيداندا يۈگۈرۈش، چېلىشىش مۇسابىقىلىرىگە چۈشكەندە قىيقاس ـ چۇقان سېلىپ ئۇلارغا مەدەت بېرىدىغان، بەزىدە ئۆزلىرىمۇ چاپانلىرىنى سېلىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى. يېڭى مەكتەپ بارا ـ بارا بىر قىسىم قىزغىن قوللىغۇچىلارغا ئېرىشتى. كەنتتىكى بىر تۈركۈم ياش باللار مۇئەللىمنىڭ ئارقىسىدىن چىقماي يۈرۈشەتتى. مۇئەللىم ئۇلارغا ئۆزىنىڭ يۇرتىدا يېڭى مەكتەپتە ئوقۇيدىغان باللارنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكى، ئۇلارنىڭ ماش رەڭ فورما كىيىپ، بېلىنى كەمەردە باغلاپ، كالتەكلىرىنى مۈرىسىگە ئېلىپ غەزەل ئېيتىپ

ماڭدىغانلىقى، داۋاملىق چېلىشىش، يۈگۈرۈشتەك بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى، ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى تەييارلاپ ئويۇن قويىدىغانلىقى، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ناھايىتى بىلىملىك، قەيسەر بىر ئۇستازى بارلىقى، ئۇنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنىڭ شېئىر يېزىشنى ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئۆزى يازغان شېئىرلارنى ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋە ئەتراپىدىكى ياش بالىلارغا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان شېئىرلارنى يادلاتقان؛ باي بولسۇن، نامرات بولسۇن ھەممە ئادەم باراۋەر، قىز بالىلارنىڭمۇ ئوقۇپ بىلىم ئېلىش، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ھوقۇقى بار دەيدىغان ئىدىيەلەرنى تەشۋىق قىلغانىدى. مۇئەللىمدە ئوقۇيدىغان بالىلارنىڭ ئىچىدە سايبۇلاق تەرەپتە ئولتۇرىدىغان بىر نامرات دېھقاننىڭ ھېمىت ئىسىملىك ئوغلى بار ئىدى. ھېمىت مۇئەللىمدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئۆيىگە قايتقاندا ئىنى ـ سىڭىللىرىغا سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ ياتلىق بولۇش ئالدىدا تۇرغان زەينەپ ئىسىملىك بىر ئاچىسىمۇ ئانىسىغا ياردەملىشىپ چاق ئېگىرگەچ ئۇكىسىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى. ھېمىت مەكتەپتىن ۋاقتىدا كەلمىسە، تەقەززا بولۇپ ئۇنىڭ يولىغا قارايتتى. ھەر كۈنى ئۇكىسىدىن: «بۈگۈن مەكتەپتە نېمىلەرنى ئۆگەندىڭ؟» دەپ سوراپ، ئۇنىڭ دەپتەرگە يېزىۋالغانلىرىنى يېزىپ ئۆگىنىۋالمىغىچە قولى ئىشقا بارمايتتى. ئەقىللىق زەينەپ شۇنداق قىلىپ ئۈچ ئايدىلا ساۋاتىنى چىقىرىۋالدى. ھېمىت دەپتىرىگە يېزىۋالغان شېئىرلارنىمۇ بىرىنى قويماي يادلىۋالدى. قوشۇش ـ ئېلىشنى ئۆگىنىپ ھېساب ـ كىتاب ئىشلىرىدا ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ئاغزىغا قاراتتى.

ھېمىت بىر كۈنى مۇئەللىمگە ئاچىسى زەينەپ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنىدى. مۇئەللىم خۇشال بولۇپ، شۇ يەردىلا «بارىكاللا زەينەپ» ناملىق بىر شېئىر يازدى.

*زەينەپ ئۆزى گويا بىر مىسلىسىز گۈزەل قۇشتۇر،*
*گۈل ئاۋازى يېقىملىق كۆڭۈللەرنى خۇش ئېتۇر.*
*بىزنىڭ زەينەپ تېخىمۇ گۈزەلدۇر ھەم دىلرەبا،*
*چۈنكى ئىلىم ـ ئېرپاندىن ئۇنىڭ دىلى يورۇقتۇر.*

زەينەپ بۇ شېئىرنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ۋە ئۇنى دوستلىرىغا كۆرسەتتى. دوستلىرى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشتى. بىراق، ئۇلار ئۆزلىرى ئايرىم ئۇچراشقاندا «بۇ قانداق بولغىنى، شەھەرلىك ئەپەندى خەقنىڭ توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزىغا مۇنداق خەتلەرنى يېزىپ يۈرسە بولامدۇ. قاراڭلار، زەينەپنىڭ نومۇسسىزلىقىنى، خۇشال بولۇپ بىزگە كۆز ـ كۆز قىلىۋاتىدۇ تېخى. توۋا، توۋا... » دېيىشتى. بۇ گەپ ناھايىتى تېزلا زەينەپ بىلەن تويلاشقۇچى يىگىتنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. كىشىلەر ئەسلى شېئىردا نېمە دېيىلگەنلىكىنى چۈشەنمەي، بىلمەي تۇرۇپلا يىگىتنى كەلسە ـ كەلمەس مەسخىرە قىلىشاتتى ۋە ئۇنى دەيدەيگە سالاتتى. گۇمان، ھەسەت ئوتىدا ئەقلىنى يوقاتقان يىگىت ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بىر كۈنى زەينەپنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كېلىپ، زەينەپنى بىسوراقلا ئۇرۇپ ـ چەيلىدى ، ئاجراتقىلى كىرگەن قولۇم ـ قوشنىلىرى ئالدىدا زەينەپنى «بۇزۇق» دەپ ھاقارەتلەپ، توي قىلىش نىيىتىدىن يانغانلىقىنى بىلدۈردى. زەينەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى بىلسىمۇ، ئامالسىز ئىدى. ئۇلار: «ساڭا خەت ئۆگىنىشنى كىم قويغان، خەت ئۆگەنگىنىڭگە توي، مانا ئەمدى بېرىپ ئەپەندىگە تەگ!» دەپ قىزنى ئەيىبلەشتى. ھەممە كەلگۈلۈك زەينەپكە كەلدى. ئۇ

ئاتا - ئانىسىنىڭ تاپا - تەنىسى، قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ پىتنە - پاسات، مەسخىرىلىرىگە چىدىماي ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدى.

جۈمە كۈنى نامازدىن كېيىن ئىمام ئاخۇنۇم ئادىتى بويىچە ۋەز - نەسىھەت قىلىشقا تەمشىلىپ كانىيىنى قىرىپ تۇراتتى، تۆۋەن تەرەپتىن:

— ئاللا ھەق، جامائەت! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ھەممەيلەن چۆچۈپ ئىشىك تەرەپتە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان سوپاخۇن قارىيغا قاراشتى. قارىي پاكار، ئورۇق، قويۇق قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى قۇمچاقتەك كىچىك كۆزلىرىدىن زەھەر تېمىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. كىشىلەر ئادەتتە ئۇنى سوپاخۇن «پىت كۆز» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ زەينەپنى ئالماقچى بولغان يىگىتنىڭ دادا تەرەپ تۇغقىنى ئىدى.

— ھە نېمە گەپ، قارىي؟! — ئىمام ئۈنىڭدىن قوپال ئاۋازدا سورىدى. سوپاخۇن ئىمامغا بىر قاراپ، گەپ قىلالماي دۇدۇقلاپ قالدى. گېپى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك، ئۇچلۇق بوغدىيىكى يۇقىرى - تۆۋەن مىدىرلاپ كەتتى.

— نېمە گەپ زادى؟ تىللىرىنى چاينىماي گەپ قىلمامىلا، ھەممەيلەن ئاغزىلىرىغا قاراپ قالدۇق، — دېدى ئىمام تەنە قىلىپ.

سوپاخۇن بىردىنلا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— ئىمام ئاخۇنۇم، خوتۇن كىشى ناشايان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسا شەرىئەت بويىچە قانداق جازا لايىق كېلىدۇ؟ شۇنى سورىماقچى ئىدىم، - دېدى. ئىمام بىردىنلا ھوشيارلاشتى. سوپاخۇننىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى پەملەپ:

— پاكىت، گۇۋاھچىلار تولۇق بولسا، چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە لايىقتۇر. پاكىت، گۇۋاھچىلىرى بارمۇ؟ — دېدى.

سوپاخۇن قويۇن يانچۇقىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن بىر ۋاراق

سامان قەغەزنى چىقاردى. ئۇنى ئاۋايلاپ تۈزلەپ، ئىككى قوللاپ ئىمام ئاخۇنۇمغا سۇندى.

ئىمام ئاخۇنۇم قەغەزنى كۆزىدىن يىراق تۇتۇپ ئۇنىڭدىكى شېئىرنى ئوقۇدى. ئوقۇۋاتقان چېغىدا ساقال باسقان چىرايىدا شاللاق بىر كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى. ئۇنى ئوقۇپ بولۇپمۇ ھىجايغىنىچە خېلى ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كېتىپ:

— سىلىچە بۇنى پاكىت دېگىلى بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پاكىت دېگىلى بولىدۇ. بىر ئەر كىشى بىر خوتۇن كىشىنى «بىزنىڭ پالانچى» دەۋاتسا، ئۈزلىرىنى كاككۇك بىلەن زەينەپكە ئوخشاتسا بۇ پاكىت بولماي نېمە؟ — كۆپچىلىك غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى، كۆپ سانلىق كىشىلەر سوپاخۇننى قوللىدى.

ئىمام شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ:

— بۇنى مۇئەللىم ئۆزى يازغانلىقىنى كۆرگەنلەر بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەكتەپتىكى ھەممە باللار كۆرۈپتىكەن، — سوپاخۇن قارىي ئىشىك تۈۋىگە چىقىپلا ئۈچ بالىنى باشلاپ كىردى. ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ:

— بۇ شېئىرنى مۇئەللىم سىنىپتا يېزىپ ھېممىتقا بەرگەن، بۇنى بىز كۆرگەن، — دېيىشتى.

نامازدىن كېيىن تۆت - بەش ئەر كىشى زەينەپنى ئۆيىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقتى. ئۇنى ئىتتىنىڭ كاتىكىگە سولاپ، يۇمىلاق بازاردىكى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويدى. قوللىرىغا تاش ئېلىپ غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. ئەتراپتىكى ئادەملەرمۇ بىردىن - ئىككىدىن كېلىپ زەينەپكە تاش ئاتتى. چاچلىرى چۇۋۇلغان زەينەپ ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ بەدىنى

قانغا بويالدى. بەزى ئادەملەر تاش ئاتماقچى بولۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالاتتى ـ دە، تاشنى كاتەكنىڭ ئەتراپىغا قارىتىپ ئېتىۋېتىپ كېتىپ قالاتتى.

ياش مۇئەللىم بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. نىمىشقىدۇر كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك، ئوقۇغۇچىلارمۇ جىمغۇرلىشىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراشتىن قورقۇپ يۇرۇشكەندەك قىلاتتى. ئابدۇكېرىم قارىھاجى قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن قەشقەرگە كەتكەنىدى. ھېمىتمۇ بىر ھەپتىدىن بېرى مەكتەپكە كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بوگۇن جۇمە نامىزىغا كېلەلمىگەچكە ئۆزى چىرايىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان زەينەپنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن مۇنداق بالا ـ قازاغا ئۇچرىغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالغانىدى. كەچكە يېقىن ھېمىت ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، چىرايىدا قان قالمىغان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپلا:

— مۇئەللىم، ئاچام ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالسىلا، — دەپ يىغلاپ كەتتى.

— قايسى ئاچاڭ؟ ھېلىقى زەينەپ ئاچاڭمۇ؟ ئاچاڭغا نېمە بولدى؟

— ئۇلار سىلى يازغان شېئىرنى كۆرۈپ، ئاچامنى «بۇزۇقچىلىق قىپتۇ» دەپ... چالما ـ كېسەك قىلماقچى بولۇپتۇ. ئاچام ھازىر يۇمىلاق بازاردا، ھەممە يېرى قان... — ھېمىت ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلىدى . مۇئەللىم ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ يۇمىلاق بازارغا قاراپ يۈگۈردى.

يۇمىلاق بازارغا يىغىلغان ئادەملەر توغراقلىق تارىخىدا بولۇپ باقمىغان بۇ پاجىئەدىن گاڭگىراپ قېلىشقانىدى. ئۇلار زەينەپنى ئاقلىيالمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشاتتى. 14 ـ 13 ياشلارغا ئەمدىلا كىرگەن، ئاغزىدىن ئانا سۈتىنىڭ ھىدى كەتمىگەن گۆدەك قىز بالىنىڭ «بۇزۇق» ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ زەينەپ بىلەن تەڭ قىزلىرى بار ئىدى.

«ھەي بىچارە، نېمە كۆرگۈلۈك، نېمە تارتقۇلۇق بۇ. ئاھ خۇدا، بەندىلىرىڭنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب، رەھىم ـ شەپقەت ئاتا قىلغايسەن، ئۇلارنى بىھۇدە گۇماندىن، پىتنە ـ پاساتتىن خالاس قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىلىشاتتى. «ئابدۇكېرىم قارىھاجى بولغان بولسا، بۇ ئىشلارنى توسقان بولاتتى، ئىسىت...» دەپ پىچىرلىشىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. پەقەتلا سوپاخۇن قارىي باشلىق بىرنەچچە ئەر كىشى بىلەن ئىككى ۋات ـ ۋات خوتۇن ئوتتۇرىدا تۇرۇۋېلىپ قاغىدەك قاقىلداپ:

— نى ئات، نى نومۇس، دىنىمىزنىڭ شەنىنى بۇلغاپ، يۇرتىمىزنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ، بۇ شەرمەندىگە زادى ھەرقانداق جازامۇ ئاز... — دېيىشىپ كىشىلەرنى كۈشكۈرتۈۋاتاتتى.

مۇئەللىم ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئەبجەق كاتەكنى بىر تارتىپلا ئىككى پارچە قىلىۋەتكەندە ھەممە ئادەم ئاغزىنى ئېچىپ قاراپلا قالدى. ھېمىت بىلەن بىللە ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەن بادامخان ئاغىچا زەينەپنى يۆلىدى. ئۇنى كۆرۈپلا بىر مۇنچە ئادەم يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، بەزىلىرى زەينەپنىڭ يۈز ـ كۆزىدىكى قاننى سۈرتسە، بەزىلىرى ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرمەكچى بولۇشتى. بادامخان ئاغىچا زەينەپنىڭ ھالىغا چىدىماي:

— ۋاي بىچارە قىزىم، ئەسكىلەرنىڭ تۆھمىتىگە كەتكەن قىزىم، مۈشتەك تۇرۇپ مۇشۇ كۈننى كۆردۈڭمۇ قىزىم، — دەپ نالە قىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەرگە:

— زەينەپ مېنىڭ قىزىم، ئۇنىڭغا مانا مەن ئىگە. كىمنىڭ گېپى بولسا ماڭا قىلسۇن. ھاجىمۇ تېخى ھايات، ئىگىسى يوق جاھان ئەمەس بۇ، — دېدى.

مۇئەللىم ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان غەزىپىنى باسالماي، گويا نادانلىق، ئىچى قارىلىق ۋە ھەسەتخورلۇقتىن ئۆچ ئېلىۋاتقاندەك، ئاللىقاچان پاچاق ـ پاچاق بولۇپ كەتكەن كاتەكنىڭ ياغاچلىرىنى پۈتۈن قەھرى بىلەن دەسسەپ ـ

چەيلەيتتى...

ئابدۇكېرىم قارىھاجى قايتىپ كەلدى. ئۇ يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق چېچىلدى. جامائەتكە مۇئەللىمنىڭ شېئىرىدا ھېچقانداق ناشايان مەنە يوقلۇقىنى، شېئىرنىڭ يېزىلىش سەۋەبىنى، مۇئەللىم بىلەن زەينەپنىڭ پەقەتلا يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ سوپاخۇن قارىينى قاتتىق ئەيىبلىدى، ئىمامغىمۇ خېلى قاتتىق تەگدى. ھاجىنىڭ «ئاددىي بىر كۇپلېت غەزەلنى چۈشەنمىگەن سوپاخۇن قارىينىغۇ يالغان قارىي دېسە بولار، ئىمام ئاخۇنۇمنى نېمە دەرمىز؟» دېگەن گېپى خېلى يىللارغىچە كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەي يۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر سوپاخۇننى دادىسىنىڭ كەسپىنى قوشۇپ سوپاخۇن ياماقچى، دەپ ئاتىشىدىغان بولدى.

ئەسلىدىلا خەت ـ ساۋاتى بار بىرەر خوتۇن ئېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن مۇئەللىم زەينەپ ساقايماي تۇرۇپلا ئۇنى نىكاھىغا ئېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۇنىڭ سەت ياكى چىرايلىقلىقىنى، ئېگىز ياكى پاكارلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئاقساق ـ چولاق ياكى دوك بولسىمۇ، يۈزىدە قورقۇنچلۇق تاتۇقى بولسىمۇ مەيلى، دەيتتى. ئابدۇكېرىم قارىھاجى بىلەن بادامخان ئاغىچا ئۇلارغا ئىگە بولۇپ توينى قىلىپ قويدى. مۇئەللىم زەينەپنى توي ئاخشىمىلا تولۇق كۆردى. ئۇ توغراقلىقنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ، شىپالىق بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ھەقىقىي توغراق پەرىسى ئىدى. ئۇنىڭ ھۆسنى بىلەن ئەقىل ـ پاراسىتى بەسلىشىپ تۇراتتى. ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن ناھايىتى بەختلىك ياشىدى. ئارىدىن 4 ـ 3 يىل ئۆتۈپ يېڭى مەكتەپ تاقىلىپ قالغاندا ، مۇئەللىم زەينەپ بىلەن قۇچاقتىكى ئوغلىنى ئېلىپ يۇرتىغا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەتتى. ئۇ قەشقەردىكى چوڭ بىر باينىڭ ئوغلى ئىدى.

# توققۇزىنچى باب

ئابدۇكېرىم قارىھاجى يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كېسەلچان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىگىلىك ئىشلىرىغا ئېپى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىقتىسادىي جەھەتتە تۇرمۇشىنى ئوتتۇرلۇق ئۆتكۈزىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بادامخان تېجەشلىك ھەم پەم ـ پاراسەتلىك ئايال بولغاچقىلا، بىرنى ئىككى قىلىپ ئىشلىتىپ چاندۇرماي كېلىۋاتاتتى..

شۇ يىللاردا يېڭى يۇزبېشى ـــ تۇردى ئاخۇننىڭ نەۋرىسى ۋىلاخۇن تېز كۆتۈرۈلۈپ كەنتنىڭ ئالدى بولۇپ قالدى. يۇرتتىكىلەر ئۇنى قومۇلۇقتىن مۇشتتەك يوغان گۆھەر تېپىۋاپتۇ، دېيىشەتتى. ھەتتا بۇ ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك ھېكايە قىلىشىدىغانلارمۇ بار ئىدى.

ـــ بىر كۈنى ۋىلاخۇن ئېشەك مىنىپ، يوقىلىپ كەتكەن قويلىرىنى ئىزدەپ قومۇلۇقتا كېتىپ بارسا، يىراقتا بىر نەرسىنىڭ ۋال ـ ۋۇل چاقناپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا، يوغانلا بىر پارچە گۆھەر ئىكەن. ئۇنى قولىغا ئېلىپتۇ، ئۇنىڭ يورۇقىدىن كۆزلىرى قامىشىپ، كۆزىنى ئاچالماي قاپتۇ.

ـــ ئۇ ئاخشىمى ئۆيىگە چىراغ ياندۇرمىسىمۇ، ئاشۇ گۆھەرنىڭ يورۇقىدا يوپيورۇق تۇرارمىش. خوتۇنى نىساخان كېچىسى گۆھەرنىڭ يورۇقىدا چاق ئېگىرەرمىش.

كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، 1940 ـ يىللارغا كەلگەندە، كەنتتىكى تېرىلغۇ بولىدىغان يەرنىڭ كۆپ

قىسمى، سۈيى كۆندىن ـ كۈنگە ئازلاپ كېتىۋاتقان «توختاخۇننىڭ بۇلىقى» دىن باشقا سۈيى مول ئىككى بۇلاق ۋىلاخۇنغا تەۋە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چارۋا ماللىرىمۇ ئىغىل ـ قوتانغا پاتماي قالدى. كەنتتىكى يېرى يوق كىشىلەر ئۇنىڭ يېرىنى تېرىيتتى. ئۇلار مەسچىت ئالدىغا كىچىك بىر چەرچىنمال دۇكىنىمۇ ئاچقانىدى. بۇ دۇكاندا دېھقانلارغا كېرەكلىك ھەممە نەرسە تېپىلاتتى. ئۇنىڭدىكى ماللارنى نەق پۇلغا سېتىۋالغىلىمۇ، بىرەر نەرسىگە تېگىشكىلىمۇ بولاتتى. نېسىگىمۇ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈچ ئاتلىق ھارۋىسى بازار بىلەن شەھەرگە توختىماي قاتناپ تۇراتتى.

ۋىلاخۇن بىلەن ئوغۇللىرى بايلىقىغا قارىماي، ئەل قاتارى ناھايىتى ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرەتتى. كىشىلەر بىلەن بۇرۇنقىدەكلا «سەن»لىشىپ سۆزلىشىپ، ھەممىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنى دېمىسىمۇ ئالىقانچىلىك كەنتتىكى بۇ كىشىلەر بىر ـ بىرىگە تەگ ـ تېگىدىن ئايان بولۇپلا قالماي، كۆپ قىسمى ئۇرۇق ـ تۇغقان كېلەتتى. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە ئانا تەرەپتىن ياكى دادا تەرەپتىن توختاخۇننىڭ ئەينى يىللاردىكى تۆت ئوغۇل، ئىككى قىزىغا تۇتىشاتتى. يات ئۇرۇقتىكىلەر بولسىمۇ ئاز ئىدى.

ۋىلاخۇن بىلەن ئوغۇللىرى ئىشچان ھەم پىششىق ئادەملەر ئىدى. ئىشلىگەندە جېنىنى ئايىماي ئىشلەيتتى. يىللىقچى، ئورتاقچىلىرىنىمۇ شۇنداق ئىشلىتەتتى. كىشىلەر ئۇلارنى «چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدۇ» دەيتتى. لېكىن، ئۇلار يۇرتداشلىرىنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە قاراپ تۇرمايتتى. دائىم يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز ـ ئورۇقلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، مەسچىتكە سەدىقە قىلىپ تۇراتتى. ئېيتىشلارچە، ۋىلاخۇن يۈز بېشىنىڭ قازنىقىدا ئىككى خالتا يانمۇيان ئېسىقلىق تۇرىدىكەن. ئوڭ تەرەپتىكىسى «ئاق خالتا»، سول تەرەپتىكىسى «قارا خالتا»

دېيىلىدىكەن. ئۆزلىرى ھالال ئىشلەپ تاپقان پۇللىرى ئوڭ تەرەپتىكى خالتىغا تاشلىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن ئايمۇئاي ئۆشرە ـ زاكات ئايرىپ سول تەرەپتىكى خالتىغا تاشلىغاندىن باشقا، پۇقرادىن ئېلىنىدىغان ناماز ھەققى، شېرىنكانە، مىراس ھەققى قاتارلىقلار بىلەن سوۋغا ـ سالام ۋە تۆلەم پۇللىرىمۇ بۇ خالتىغا تاشلىنىپ يۇرتنىڭ ئۆشرە ـ زاكات پۇلى قىلىنىدىكەن. بىر قېتىم ۋىلاخۇننىڭ بىر نەۋرىسى «قارا خالتا»دىن پۇل ئېلىپ خەجلىگىنى ئۈچۈن ۋىلاخۇندىن قاتتىق تاياق يەپ، ئىككى ھەپتىگىچە ئورنىدىن قوپالماي ياتقانىكەن.

بىراق، يىللار ئۆتكەنچە مال ـ دۇنيا ، ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسى ئۇنىڭ بالىچاقا، نەۋرىلىرىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى ئۆزگەرتمەي قالمىدى. ئىلگىرى مەدىكارلار بىلەن تەڭ كەتمەن چاپىدىغان ئوغۇل، نەۋرىلەر ئەمدى ئۈجمە سايىسىدە ئوڭدا يېتىپ باشقىلارنى ئىشلىتىدىغان بولدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە كېلىنلىرى ئاياپ ـ يىللاپ ئېتىز تەرەپكە ئۆتمەيتتى. ئاندا ـ ساندا ئېتىز ـ ئېرىقنى كۆرگۈسى كېلىپ قالسا ، كۆيۈپ كېتىشتىن قورقۇپ يۈزىگە 3 ـ 2 قەۋەت قېتىق چېپىپ، يۈزىنى رومال بىلەن يېپىپ ھارۋىغا ئولتۇرۇپ باراتتى، ئوغۇل نەۋرىلەرنىڭ ئىچىدىن قىمار ئويناپ، توخۇ سوقۇشتۇرىدىغان، خەقنىڭ چىرايلىق قىز ـ كېلىنلىرىنى ئېلىپ قاچىدىغان، ئادەم يىغىپ جەڭگى ـ جېدەل چىقىرىدىغانلارمۇ، كوچىگە تايىنىپ باشقىلارنى بوزەك قىلىدىغانلارمۇ چىقىپ قالدى. ياشىنىپ قالغان ۋىلاخۇن بالىچاقا، نەۋرىلىرىنى باشقۇرالماس بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1951 ـ يىلى بۇ كەنتكە چۈشكەن خىزمەت ئەترىتى ۋىلاخۇن بىلەن چوڭ ئىككى ئوغلىنىڭ تەركىبىنى پومېشچىك ئايرىپ، ئۇلارنىڭ يەر، چارۋا مال، دۇكان ۋە ئۆي بىساتىنى مۇسادىرە قىلغاندا توغراقلىقلار «خوپ بولدى!» دېيىشتى. ئۇلارنى كۈرەش قىلغان يىغىندا چوڭلار گەپ ـ سۆز قىلماي

ئولتۇرۇۋالغان بىلەن بىر قىسىم ئاكتىپلار ۋىلاخۇنباي بىلەن ئوغۇللىرىنى قولىنى كەينىگە قايرىپ، گەجگىسىدىن بېسىپ تۇرۇپ تازا ئۇردى. ئۇرغانلارنىڭ بىرى « ياقا يۇرتلۇق» نامرات دېھقاننىڭ ئوغلى بەكراخۇن، يەنە بىرى قۇربان باخشى بىلەن خەدىچەنىڭ نەۋرىسى نەمەت ئىدى. ئىككىلىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋىلاخۇننىڭ ئورتاقچىسى ئىدى. يىلمۇيىل قەرزدىن قۇتۇلالماي كەلگەن بۇ كىشىلەرنى كومپارتىيە قۇتۇلدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باينىڭ چوڭ نەۋرىسى بۇ ئىككىسىگە كۈن بەرمەيتتى. ئۇلار ئۇچۇن ئۆچىنى ئېلىۋالىدىغان پۇرسەت كەلگەنىدى. كۈرەش يىغىنىدا بۇخەلچەم ئاتلىق ئورۇق، شادىپاچاق بىر ئايالمۇ باينىڭ ئۈستىدىن يىغلاپ تۇرۇپ شىكايەت قىلىپ، ئۇنىڭ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى، كۆزىگە قوللىرىنى تىقتى. ياشىنىپ قالغان ۋىلاخۇنباي خورلۇقتا چىدىماي يۈم ـ يۈم يىغلاپ كەتتى، مۇشۇ ئايالنىڭ ئېرى كېسەل بولۇپ ئۆزۈن يىل يېتىپ قالغاندا، ۋىلاخۇن ئۇنىڭغا قانچە قېتىم ئۇن، ياغ، گۆش چىقارتقان، باللىرىنىڭ قىشلىق كىيىم ـ كېچەكنى قىلىپ بەرگەنىدى ـ ھە. ئۆز ۋاقتىدا «باي ئاكام» دەپ يۈمغاقسۇتىنىڭ ئۇرۇقچىلىك تۇغقاندارچىلىقنى پەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن چىقمايدىغان ئايال ئىدى ئۇ.

ئاۋۇ سۆزلەۋاتقان ئادەممۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دەپىنە ـ دۇنياسىنى يېتىپ يەپ تۈگىتىۋەتكەن بىر ھۇرۇن ئىدى. ۋىلاخۇن ئۇنى چاقىرىپ ئەكىلىپ قانچە قېتىملاپ نەسىھەت قىلغان. ئاۋۇ شوئار توۋلاۋاتقانلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرگەنلەر جىق. ئۇ ئۇلارغا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان. ياش باللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى ـ جېدەل دېگەن بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، بىر ئۆيدىكى ئاكا ـ ئۇكىلارمۇ سوقۇشۇپ غاز ـ غۇژلىشىپ تۇرىدىغۇ، ھەي، خۇدا، ئۆزۈڭگە قويدۇم. بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى كەچۈرەرسەن، مۇشكۈلۈمنى

ئاسان قىلارسەن، ئۆزۈڭ بىر يولدا قويارسەن... ۋىلاخونباي خۇداغا ئەنە شۇنداق ئىلتىجا قىلاتتى، بىراق خۇدامۇ ئۇلارنى تاشلىۋەتكەندەك قىلاتتى.

شۇنىڭدىن تارتىپ ۋىلاخونلار توغراقلىقتىكى ئەڭ بەختسىز، بىچارە ئائىلەرگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆز ۋاقتىدىكى ئورتاقچىلار، نامرات پادىچىلار ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئاۋازنىڭ بارىچە شوئار توۋلاپ يۈرۈپ، كەنتتىكىلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئادەملەردىن بولۇپ قالدى.

1952 ـ يىلى 103 ئائىلىلىك توغراقلىقتا تۇنجى يېزىلىق هۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇ ۋىلايەت بويىچە ئەڭ كىچىك يېزا ئىدى. قۇربان باخشىنىڭ نەۋرىسى ــ نەمەت (ئىلگىرى بېشىدا يارىسى بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى نەمەت تاز دېيىشەتتى) يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ تۇنجى باشلىقى بولدى. كوممۇنىستىك پارتىيە نامراتلارنى يۆلەيدىغان پارتىيە بولغاندىكىن، ئۇنىڭدەك كۆك نامراتنىڭ باشلىق بولۇشى تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىدى. يەنە كېلىپ «تاز دېگەن هەييار كېلۇر» دېيىشكىنىدەك، نەمەتنىڭمۇ ئاغزىدا گېپى، قورسىقىدا يەتكۈدەك چۈتۈرى بار ئىدى. ۋىلاخونبايلارنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەن تۇل ئايال بۇخېلىچىخان ئاياللار مۇدىرى بولدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش شادىپاچاق بەش قىزى بار ئىدى. چوڭلىرى ئەرگە تېگىپ كەتكەن بولۇپ، هازىر راسا بويىغا يەتكەن ئۈچىنچى قىزى قىزلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىقى هېسابلىناتتى. ئىلگىرى بۇخېلىچىخان بۇ قىزىنى دائىم ۋىلاخونبايلارنىڭ ئۆيىگە ئەگەشتۈرۈپ ئاپىرىپ: «ئالتۇنگۈل قىزىم بەك ئىشچان، لېكىن غىزانى ئاز يەيدۇ، هەممىدىن ئوبدان يېرى قورۇق گەپ بىلەن خۇشى يوق...» دەپ ماختايتتى. كۆڭلىدە ئۇلار بىلەن قۇدا بولۇشنى تاما قىلاتتى، جاهان ئۆزگەرگەن هامان نەمەت تاز بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇۋالدى.

ئىلگىرى نەمەتنى كۆرسە بۇرنىنى توسۇپ نېرى كېتىدىغان ئالتۇنگۇلمۇ نەمەتنىڭ ئارقىسىدىن چىقمايدىغان بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ تاز ئالتۇنگۇلگە ئېرىشتى. شادىپاچاق خوتۇن ئاياللار مۇدىرى ھەم يېزا باشلىقىنىڭ قېيىنئانىسى بولۇپ دەۋران سۈرۈشكە باشلىدى. توغراقلىقلار نەمەتتىن ئەمەس، بۇخېلىچىخان مۇدىردىن قورقۇشاتتى، دېمىسىمۇ ئۇ توغراقلىقتا يەرنىڭ تېگىدە مىدىرلىغان يىلاننىڭ شەپىسىنى سېزىپ، نەمەتكە خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى. نەمەتتىن ئاڭلىغان گەپلىرى بىلەن بىرىنى خۇش قىلسا، يەنە بىرىنى قورقۇتاتتى. شۇنداق قىلىپ يېزىدىكى ھەممە ئادەمنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانىدى. ئون يىلغا قالماي بۇخېلىچىخاننىڭ كۈيۈ ئوغۇللىرى توغراقلىق بويىچە ھاللىق ئادەملەرگە ئايلاندى. نەمەت توغراقلىقنى ساق 32 يىل سورىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئىسيانچىلار ھوقۇق تارتىۋالغان بولسىمۇ، قاملاشتۇرالماي ئاخىر يەنە نەمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قانداقتۇر بىر ھەرىكەتتە خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى بىلەن نەمەتنىڭ خوتۇنى تەرەپ تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىشىپ قىلغان زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى پاش قىلىنىپ، نەمەت ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلانغانمۇ بولدى. ئەمما، يېڭى باشلىق تېخىمۇ نامرات، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تېخىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاللىنىپ بولغۇچە توغراقلىقلارنىڭ يەنە جاپا تارتىشىغا توغرا كېلەتتى. ئىككىنچى يىلى، كەنتتىكى قېرىلار مەسلىھەتلىشىپ، دېھقانلارغا گەپ ئۆگىتىپ يۈرۈپ، يېڭى باشلىقنى ئۆرۈۋېتىپ يەنە نەمەتنى سايلىۋالدى.

نەمەت ساۋاتسىز ئىدى. ئۆزىنىڭ ئىسمىنى قىڭغىر - قىيسىق قىلىپ ئاران يازالايتتى. يېزىنىڭ خەت - ئالاقە ئىشلىرىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى ھېممىت ئاخۇنغا تاشلاپ بېرەتتى. يۇقىرىدىن كەلگەن ھۆججەتلەرنىمۇ ئۇنىڭغا ئوقۇتۇپ

ئاڭلايتتى. بىرەرى ئەرز يېزىپ كەلسە، ئەرزنى ئوقۇغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ «ئەرزىڭىزنىغۇ كۆردۈم. ئۆز ئاغزىڭ بىلەن بىر دېگىن، ئاڭلاپ ئاندىن بىر نېمە دەي» دەيتتى. ئەرز قىلغۇچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: «ھە، مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ مۇشۇنچىۋالا ئەرز يېزىپ كېلەمسەن؟» دەپ قوياتتى. يېزىدا يىغىن ئېچىلسا گېزىتنى تەتۈر تۇتۇۋېلىپ، گېزىت ئوقۇپ بەرگەن بولۇپ ۋەزخانلىق قىلاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى بىلگەچكە، قىلىقلىرىدىن ئىچىدە كۈلسىمۇ، ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايتتى.

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ يېزىدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، تېببىي پونكىت، باجخانا، ئاشلىق پونكىتى، چارۋا مال پونكىتى قۇرۇلدى. بۇ يىللاردا ئادەم ۋە تېرىلغۇ يەر تېز كۆپىيىپ بۇلاقلارنىڭ سۇيى يېتىشمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، توغراقلىقتىكىلەر ئۈچ يىل زەربىدارلىق بىلەن ئىشلەپ ئۆستەڭ چېپىپ بىر يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتىكى دەريادىن سۇ باشلاپ كەلدى. بۇ ئۆستەڭ ئازادلىق ئۆستىڭى دەپ ئاتالدى. بۇ ئۆستەڭگە ئەتىياز ۋە كۈزدە سۇ كېلەتتى. يېزىدىكىلەر ھەر يىلى قىشتا قۇم تىنىپ قالغان ئۆستەڭنى قايتىدىن قېزىپ، قېشىنى ئېگىزلىتەتتى. كىشىلەر بۇنى «ئۆستەڭ ھاشىرى» دەپ ئاتايتتى. ئازادلىق ئۆستىڭى 1970 ـ يىللاردا ناھىيەنىڭ ياردىمى بىلەن تاش ئۆستەڭ قىلىپ ئۆزگەرتىپ ياسالغۇچە توغراقلىقتىكىلەرنى ئاز قىينىمىدى. لېكىن، توغراقلىق ئۈچۈن سۇ جانغا باراۋەر ئىدى. ئۇلار سۇ ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە رازى بولاتتى. يەنە بىرى، توغراقلىقتىن ناھىيەگە بارىدىغان تاشيول ياسىلىپ، قاتناش ئاسانلاشتى. دېمەك، توغراقلىقتا زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئۆزگىرىش توغراقلىقنىڭ تاشقى قىياپىتىدىلا ئەمەس، ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسى، ھەۋىسى، يۈرۈش ـ تۇرۇش،

كىيىنىشىدىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۆزگەرمىگەن بىرلا نەرسە بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ توسقۇنسىز، يۈگەنسىز، ئۆزى بىلگىنىنى قىلىدىغان قۇم - بوران ئىدى. ئۇ توغراقلىقنىڭ ھەممىدىن ئالىي ھۆكۈمرانى ئىدى. ئۇ خالىسا كېچىدە، خالىسا كۈندۈزدە چىقمۇۋېرەتتى. ئېتىزلاردىكى ئەمدىلا تۆت قۇلاق بولغان مايسىلارنى، ئورۇلۇش ئالدىدا تۇرغان، دېنىنى كۆتۈرەلمەي قالغان بۇغدايلارنى، ئەمدىلا قوناقتەك بولغان كۆك غورىلارنى بىر پەستىلا خانىۋەيران قىلىپ، ھەممە يەرنى قۇمغا كۆمەتتى. بولۇپمۇ ئەتىيازدا بورانلىق كۈنلەر بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كېتەتتى. چېكى يوقتەك بىلىنىدىغان ۋەھىمىلىك كېچىلەردە بوراننىڭ ھۇشقىيىتىشى، دەرەخلەرنىڭ غىرىسلاپ ئىڭرىشى، قوناق شاخلىرى بىلەن چاتقاللارنىڭ شۇۋۇلدىشى، ئۆگزىدە نېمىلەرنىڭدۇر تاراقلىشى خۇددى يىراق غايىب شەھەردە بەزمە قۇرغان جىنلارنىڭ نەغمە - ناۋاسىدەك بىلىنەتتى. توغراقلىقلار ئاشۇ سادالارغا قۇلاق سېلىپ كۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇققا تىككىنىچە خىيال سۈرەتتى. ئۇخلاپ قالغانلىرىدا بولسا بەكمۇ شېرىن، بەكمۇ گۈزەل، بەزىدە قورقۇنچلۇق ياكى سىرلىق، تېگىگە يەتكىلى بولمىغۇدەك غەلىتە چۈشلەرنى كۆرەتتى. بوران توختىغاندا ئۆيلىرىدىن چىقىپ، نەمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئېتىزلاردىكى قۇمنى تازىلايتتى، قۇم تىنىپ قالغان بۇلاق كۆزلىرىنى ئاچاتتى. زىرائەتلەرنى قايتىدىن تېرىشقا تۇتۇش قىلاتتى.

توغراقلىقتا ھايات ئەنە شۇ تەرىقىدە داۋاملىشاتتى.

# ایکنجی قسم

# ئونىنچى باب

1953 ـ يىلى ئەتىيازدا تۇغراقلىقنىڭ سۈزۈك كۆلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەتتى. گويا يەرگە ئېرىشكەن دېھقانلارنىڭ خۇشاللىقى تەبىئەتنىمۇ تەسىرلەندۈرگەندەك، قۇم ـ بورانمۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەيلا قويدى. نامرات دېھقانلار خۇددى شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا يۈرۈشەتتى. چۈشىمىزدىن ئويغىنىپ كەتسەك، ھەممە ئىش ئەسلىگە كېلىپ قالارمۇ، دەپ ئەنسىرىگەندەك، ئۆزلىرىگە بۆلۈنگەن يەرنىڭ بېشىغا بېرىپ، يەرنىڭ بېشىغا قادالغان ئۆز ئىسمىلىرى يېزىلغان تاختاينىڭ شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىلا خاتىرجەم بولاتتى.

سالى باپكارنىڭ 18 ياشلىق نەۋرىسى ئابدۇغېنى ئاخۇن تاڭ خىرە ـ شىرە يورۇشىغىلا كەتمەننى ئېلىپ ئېتىزغا چىقىپ كەتتى. ئۇلارغا بۆلۈنگەن يەر مەھەللىگە يېقىن بولۇپلا قالماي، مۇنبەت ئىدى. ئۇلار ۋىلاخۇنلار بىلەن قوشنا ئولتۇراتتى ھەم ۋىلاخۇننىڭ مۇشۇ بىر پارچە يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئۆمۈرۋايەت مۇشۇ يەرگە ئىشلەپ ئۆتكەنىدى. ئەمدى بۇ يەر ئۇلارغا تەۋە بولدى، بۇ يەرنى ئۇلارغا كومپارتىيە بەردى. ئەمدى ئۇنى ھېچكىم ئۇلاردىن تارتىۋالالمايدۇ.

ئابدۇغېنى ئاخۇن تۈنۈگۈن ئاغدۇرۇپ بولغان يەرنىڭ بېشىغا بېرىپ قاپقارا كۆرۈنىدىغان نەم تۇپراقتىن ئالىقىنىغا ئېلىپ، بۇرنىغا يېقىن ئەكىلىپ راھەتلىنىپ پۇرىدى. داڭگاللىرىنى ئېزىپ، ئالىقىنىدا ئۇزاق تۇتۇپ تۇردى، كۆڭلىدە نېمە تېرىشنى، قانداق ھوسۇل ئېلىشنى دىتلاپ، ئۆكىلىرىنىڭ ئۇستىبېشىنى

يېڭىلاشنى، ئانىسىغا كۆڭلەكلىك، دادىسىغا يېڭى ئۆتۈك ئېلىپ بېرىشنى پىلانلىدى. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە تېخى ھېچكىمگە تىنمىغان ئارمانلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ ۋىلاخۇنباينىڭ قىزى زەينەپنى ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى، زەينەپ كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا «ئابدۇغېنى ئاكام» دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقمايتتى، خاپىلىقىنىمۇ، خۇشلۇقىنىمۇ ئۇنىڭغا ئېيتاتتى. كەپسىز ئوغۇل باللار بوزەك قىلسا ياكى تۇغقانلىرىدىن رەنجىسە «ئابدۇغېنى ئاكامغا دەيمەن» دەيتتى، ئاتا ـ ئانىسى بەرگەن تاتلىق ـ تۈرۈملارنى ئۇنىڭسىز يېمەيتتى، ھېچقانداق ئويۇننى ئۇنىڭسىز ئوينىمايتتى. زەينەپنىڭ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان چىرايى، چېچەنلىكى، ساپدىللىقىلا ئەمەس، تەرسا ـ جاھىللىقى، قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدىغان ئۆز بېشىمچىلىقىمۇ ئۇنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرەتتى. ئۇ خېلى چوڭ بولغىچە زەينەپتىن باشقا قىز بالىغا نەزەر ـ كۆزىنى سالمىدى.
شۇنداق قىلىپ بالىلىق چاغلىرىدىكى ھەمراھىنىڭ قاچانلاردىدۇ ئۆزىنىڭ يىگىتلىك قەلبىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى. ئىلگىرى جاھانغا پاتماي قالغان ۋىلاخۇنلار بايلىق ۋە ئىمتىيازىدىن ئايرىلىپ قېلىشى بىلەن ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ بۇ ئارمانىغا يېتىشىگىمۇ تۇسالغۇ قالمىدى. ئۇ يېزا ئاكتىپلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما ئىچىدىمۇ ئىناۋىتى بار ئىدى. ئۇ بۇ ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ پۇرسەت بولسىلا زەينەپنى قوغدىدى، ئاسرىدى، ئۇنىڭغا ۋە دادىسىغا، ئاكىلىرىغا خۇپپىيانە ياردەم قىلدى. بىرلا يېرى، زەينەپ تېخى يېڭى ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان نىكاھ يېشىغا توشمىدى. ئۇ ئابدۇغېنى ئاخۇننى ئاكىسىدەك يېقىن كۆرەتتى، ھۆرمەت قىلاتتى. ئابدۇغېنى ئاخۇن نېمىشقىدۇر زەينەپكە توي قىلىش توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمايتتى. ئېغىز ئېچىپلا قويسا زەينەپنى ئۈركۈتىۋېتىدىغاندەك، زەينەپ ئۇنىڭغا ئىككىنچىلەپ يېقىن

يولىمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭدا ئۆزىنى زەينەپكە لايىق كەلمەيمەن، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىسىل يىگىتلەرلا لايىق، دەپ ھېسابلايدىغان ئەندىشىمۇ بار ئىدى.

ئەتراپ بارا ـ بارا يورىدى. ئېتىزدا ئادەملەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ بىرمۇنچە يەرنى ئاغدۇرۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، غەيرەتكە كەلگەندەك بولدى ـ دە، قىلىن چاپانلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، بېلىنى مەھكەم باغلاپ كەتمەنلىرىنى ئوينىتىشقا باشلىدى. ئېتىزدا ئاياللارمۇ پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ تولىسى پاختىلىق چاپانلىرىنىڭ ئىچىگە ئۇششاق گۈللۈك چىتتىن كۆڭلەك كىيگەنىدى. ئوچۇق رەڭلىك تاۋار ـ دۇردۇن كۆڭلەكلەرنى كىيگەنلەرمۇ، ماتا كۆڭلەك كىيگەنلەرمۇ بار ئىدى. كۆپ قىسمى دوپپا كىيىپ، چاچلىرىنى ئىككى تال ئۆرۈپ ئارقىسىغا تاشلىۋالغان، سەل چوڭراق ئاياللارلا ياغلىق، رومال ئارتقانىدى. ئارىلىقتىكى ئارام ئېلىش ۋاقتىدا قىز ـ چوكانلار بىر يەرگە كېلىۋېلىپ، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ئېتىزنى بېشىغا كىيىشتى. نېرىقى ئېتىزدا توپلىشىپ كەتمەنلىرىگە تايىنىپ تۇرۇشقان ياش يىگىتلەر قىزلارغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇشاتتى ۋە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن قوللىرىغا تۈكۈرۈپ، كەتمەننى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ راسا چېپىشاتتى. قىزلارمۇ ئۇلارغا بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىپ كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ ـ قاراپ قويۇشاتتى. بىرنەچچىسى بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ پىچىرلىشاتتى ـ دە، جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلۈشەتتى. قارىغاندا بۇ يىل كۈزدە توي قايناپ ئىدىغاندەك قىلاتتى.

ئاشۋاقتى بولغاندا ئىشلەۋاتقانلار بىردىن ـ ئىككىدىن ئۆيلىرىگە قاراپ مېڭىشتى. يىگىتلەر قاتارىدىكى كىيىملىرى خېلى يېڭى، تەق ـ تۇرقىمۇ قاملاشقان توختى قارىي ئىسىملىك يىگىت كەتمىنىنى جىگدىنىڭ شېخىغا ئېلىپ قويۇپ، مەھەللە تەرەپكە ئەمەس، قومۇشلۇق تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، ھەمراھلىرى

ئارقىسىدىن: «قارىي، نەگە؟» دەپ كۈلۈشۈپ قالدى. يىگىت يېقىنىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپلا قەدىمىنى تېزلەتتى ۋە بىر پەستە مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، بىر چېتى يىراقتىكى قوم بارخانلىرىغا تۇتىشىپ كەتكەن قومۇشلۇق دۆڭگە كېلىپ توختىدى. ئەتراپقا تەقەززالىق بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ قويلارنىڭ ئارقىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن 16 ـ 15 ياشلاردىكى قىز بالىنى كۆرگەندە، چىرايىدا ھودۇقۇش ئارىلاشقان خۇشاللىق پارلىدى. ئۇ بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا مېڭىپ: «زەينەپ!» دەپ توۋلىدى. قىز توختاپ قايرىلىپ قارىغاندا، ئۇنىڭ چىرايىدىمۇ يىگىتنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ كېتىدىغان خۇشلۇق چاقناپ كەتتى. بىراق، بۇ خۇشلۇق كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قايغۇلۇق كەيپىياتقا ئالماشتى.

ــ زەينەپ، ئۆيۈڭدىن بىرەرى كەلدىمۇ؟ قورسىقىمنىڭ ئاچقاندۇ، ئاله، ماۋۇ كۆمەچنى ساڭا ئەكەلدىم، ــ يىگىت بەلبېغىدىن نانني ئېلىپ قىزغا ئۇزاتتى.

ــ قورسىقىم ئاچمىدى. ماڭا ھېلى ئۆيدىكىلەر نان ئەكىلىپ بېرىدۇ.

يىگىت ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقىنىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدە ھەممە ئادەم پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە. ۋىلاخۇنباي كېسەل. بۇ بىچارە ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمەيدۇ. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا قوي بېقىش ئەمەس، تالا ـ تۈزگىمۇ تۈزۈك چىقمايتتى. ئەمدىلىكتە تېرىسى قارىداپ، پۇت ـ قوللىرى يېرىلىپ جاپاكەش دېھقان قىزلىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ كەتتى. ئىلگىرى ئۇنى كۆرسە بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك بولۇپ كېتىدىغانلار ھازىر ئۇنى «پومېشچىكنىڭ سېسىق قىزى»، «تەييارتاپ خېنىم»، «قان شورىغۇچ» دەپ تىللىشىدۇ، سىلكىپ ئىشقا بۇيرۇيدۇ. يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىنى كۆز ئالدىدىلا دوراپ مەسخىرە قىلىشىدۇ.

توختى قارىي قىزنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراپ تۇردى.

ئۇنىڭ ئىزا تارتىپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگىنىنى سېزىپ، ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى. بەلبېغىنى يېشىپ يەرگە يايدى، بەلباغنىڭ ئۈستىگە ناننى قويۇپ بولۇپ، يانچۇقىدىن ئۇزۇن بىر تىزىق مېغىزنى چىقىرىپ ناننىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى. قىزغا قاراپ:

— نان ساڭا قالدى، بەلباغنى ئەتە كېلىپ ئېلىۋالىمەن، — دەپ توۋلىدى. ئۇ قومۇشلۇقتىن چىقىپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلغىنىدا، بايا ئۆزى تۇرغان دۆڭدە زەينەپنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپلا يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ قىزغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، مەھەللە ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

ئابدۇكېرىم قارىھاجى ئازادلىق ھارپىسىدا 69 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ چوڭ نەۋرىسى توختى قارىي 16 ـ 15 ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇ ئەقلىنى بىلگەندىن تارتىپ چوڭ دادىسىنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەچكىمىكىن، ئۆيدىكىلەر ئۇنى چىرايىدىلا ئەمەس، يۈرۈش ـ تۇرۇش، مىجەز ـ خۇلقىمۇ چوڭ دادىسىنى تارتىتى، دېيىشەتتى. نەۋرىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇنى چوڭ كۆرۈشەتتى. كېيىنكى يىللاردا دادىسى ھېلىماخۇن جاھانغا بېقىپ ئۇنىڭغا بىرەر ھۈنەر ئۆگىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنى توغراقلىقتىكى ئۇستا تىككۈچىگە شاگىرتلىققا ئاپىرىپ بەردى. توختى قارىي دۇكانغا بېرىپ تۈگمە قاداۋاتقان، چولاق چولاۋاتقان شاگىرت باللارغا بىردەم قاراپ تۇرۇپلا قايتىپ كەلدى ۋە «خوتۇن خەقنىڭ ئىشى قاپتىمۇ مەن ئۆگىنىدىغان» دەپ ئىككىنچىلەپ بارغىلى ئۇنىمىدى. تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىقتەك ئىشلارنىمۇ چالا ـ بۇلا ئۆگىنىپلا بولدى قىلدى. ئۇ كونا كىتابلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. نەۋايى، فۇزۇلى، ھۇۋەيدالارنىڭ ناھايىتى كۆپ شېئىرلىرىنى يادقا بىلەتتى. قومۇشنى ئۈچلاپ قەلەم ياساپ، سامان قەغەزگە كۆركەم ھۆسنخەتلەرنى يازاتتى. خەتلەرنىڭ چۆرىسىنى نەقىش، گۈللەر بىلەن شۇنداق چىرايلىق

بىرنۇپتەتتىكى، كۆرگەن ئادەم كۆزىنى ئالالماي قالاتتى. بەزىدە پىشايۋاندا ئولتۇرۇپ قەلەمنى شارت ـ شۇرت يوگۇرتۇپ، هويلىدا دانلاپ يۈرگەن توخۇلارنى، كالا، ئۆچكىلەرنى ياكى ئويناپ يۈرگەن ئۇششاق بالىلارنى شۇنداق ئوخشىتىپ سىزاتتىكى، ئۆزىمۇ هەيران بولاتتى. چوڭ دادىسى ئۇنىڭ ئادەمنىڭ رەسىمىنى سىزىشنى خوپ كۆرمەسمۇ، «ساڭا بۇ هۈنەرنى خۇدايىم بېرىپتۇ. بولمىسا هېچقانداق ئۇستا كۆرمەيمۇ مۇشۇنداق رەسىملەرنى سىزالمايتتىڭ. لېكىن سەن بىرەر يۈز يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بولساڭچۇ، كارامەت ئۇستا خەتتات هەم رەسسام بولۇپ كېتىدىكەنسەن» دەپ ئۇنىڭغا دادىسىدىن قالغان، مۇقاۋا، بەت چۆرىسى، خەت ئارىلىرىغا نەپىس نەقىشلەر سىزىلغان كونا كىتابلارنى كۆرسىتىپ، خەتتاتلارنى تونۇشتۇرۇپ كېتەتتى. دادىسى هېلىماخۇنمۇ ئوغلىنىڭ تولىراق قەلەم ـ قەغەز بىلەن هەپىلىشىپ يۈرگىنىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالاتتى. لېكىن، يېڭى هۆكۈمەت بىكار تەلەپلىككە يول قويمايتتى. ئاچ قالماسلىق ئۈچۈن ئەمگەك قىلماي بولمايتتى. توختى قارىي كىچىكىدىن ئەمگەك قىلىپ ئۆگەنمىگەن بولسىمۇ، ئېتىز ئىشىغا ئامراق چىقتى. ئۇ يەر هەيدىگەن، يەر ئاغدۇرغان، سۇ تۇتقان، ئورما ئورغان ۋاقىتلىرىدا هېرىپ هالىدىن كەتسىمۇ ناهايىتى خۇشال يۈرەتتى. توپا ئاستىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان مايسىلارغا، قۇشلارغا، غازاڭ باسقان باغلارغا، تەكشى سارغايغان توغراقلارغا قاراپ هېسسىياتلىنىپ بىرەر ـ ئىككى كۇپلېت بىر نەرسىلەرنى يېزىپ قوياتتى.

توختى قارىي ئىلگىرى ۋىلاخۇنباينىڭ قېرىغاندا تاپقان ئەتىۋارلىق بىر قىزى بارلىقىنى ئاڭلىغان، كىچىك چاغلىرىدا چالا ـ بۇلا كۆرگەن بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنى ئۇچراتمىغانىدى. كۆزدە ئۆستەڭ چاپقىلى بارغان يەردە ئورۇق، سەل تاتىراڭغۇ، توم ئىككى ئۆرۈم چېچى بېلىگە چۈشۈپ

تۇرىدىغان، گويا گۈزەل ھۆسنىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك دائىم باشقىلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يەرگە قاراپ ئولتۇرىدىغان غەمكىن بىر قىز بالا ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. توختى قارىي يېنىدىكىلەردىن سوراپ، ئۇنىڭ ۋىلاخۇنباينىڭ قىزى زەينەپ ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئەمگەك باشلانغاندا، ئاكتىپ ياش باللار «پومىشچىكنىڭ قىزىنى چىنىقتۇرىمىز» دەپ ئۇنىڭ زەمبىلىگە توپىنى تازا چىڭداپ ئۇسسۇۋەتسىمۇ، زەينەپ چىشىنى چىشلەپ، باشتىن ـ ئاخىر غىڭ قىلماي ئىشلەپ كەتتى. ئۇنىڭ قىزىرىپ، قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە ئۆرۈم چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ زەمبىلنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ھالىتى كىشىنى ئىختىيارسىز قايىل قىلاتتى. توختى قارىي سەل نېرىدا تۇرۇپ خۇددى ئەزەلدىن كۆرمىگەن ئاجايىباتنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك، زەينەپكە قىزىقىپ قارايتتى، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى. ئاخىر بىركۈنى توپا ئۇسۇش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلدى. ئۇنىڭ زەينەپلەرنىڭ زەمبىلىگە توپىنى ئازلا ئۇسۇپ بولدى قىلغىنىنى كۆرگەن ياش باللار چۇرقىرىشىپ كەتتى. توختى قارىي پېتىنى بۇزماي:

ــ نېمانچىۋالا قىلىسىلەر، قىز بالا تۇرسا، جېنىغا تۇشلۇق ئىشلىمەمدۇ. كىچىك تۇرۇپ بىرەر كېسەل تېپىۋالسا ئوۋال ئەمەسمۇ. پومېشچىكنىڭ قىزىمۇ ئادەم تۇرسا ! ــ دېدى. بەزىلەر پومېشچىك ئادەممىكەن؟ پومېشچىك دېگەن قان شورىغۇچى، ئەزگۈچى دەپ ئۇنىڭ كوكۇلىسىغا ئېسىلماقچى بولۇشقاندا، ئابدۇغېنى ئاخۇن چىقىپ توختى قارىيغا بولۇشتى. جېدەل شۇنىڭ بىلەن بېسىقىپ قالدى، ھە دېسىلا زەينەپنى بوزەك قىلىدىغان بىرنەچچىسىمۇ شۇنىڭدىن كېيىن سەل ئۆپكىلىرىنى بېسىۋېلىشتى. ۋەزىپىنى تاماملاپ ئۆستەڭدىن قايتىدىغان چاغدا، ياشلار كىگىز ـ كېچەك بېسىلغان هارۋىلارغا چىقىپ جايلاشتى. زەينەپ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. توختى قارىي ئۇنىڭ

تەمتىرەپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ھارۋىسىغا چىقىرىۋالدى. ھارۋىلار قىز ـ يىگىتلەرنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى ئىچىدە قاتارلىشىپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ يەرگە تۇتاشقان يول بولمىغانلىقتىن ھارۋىلار كونا ئىزلارنى بويلاپ گاھىدا ئويمان ـ چوڭقۇرلاردىن، گاھىدا قۇم دۆڭلىرىدىن ئۆتەتتى. ھارۋا ھەربىر چايقالغاندا، قىز ـ يىگىتلەر بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ تۆپىسىگە يىقىلاتتى. كۈلكە ـ چاقچاق، قىيا ـ چىيالار چۆل قوينىنى بىر ئالاتتى. توختى قارىيلارنىڭ ھارۋىسى قازان ـ قومۇچ بېسىلغان ھارۋا ئىدى. زەينەپ ھارۋىدىكى شوخ باللاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، دۈم كۆمتۈرۈلگەن يوغان قازاننىڭ يېنىدا قازان باغلانغان ئارغامچىنى تۇتۇپ ئولتۇردى. ئەتىسى سەھەردە ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى، كىيىملىرىنىڭ قاپقارا بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ھەممەيلەن تازا كۈلۈشتى. توختى قارى شۇ كېچىسى ئات ھارۋىسىدا سىلكىنىپ ئولتۇرۇپ، « باينىڭ قىزى بولغان بىلەن ئەركە ـ نايناق ئەمەس ئىكەن، بەزى قىز باللاردەك ئوغۇللارغا سۈركەلمەيدىكەن، مۇشۇ ئوبدان خوتۇن بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنى خىيالىدىن چىقىرالماس بولۇپ قالدى. ئەمما، كۆرۈشكەندە قىزىرىپ ـ تاتىرىپ، ئىككى ئېغىز پاراڭلىشالمايتتى. پەقەتلا بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپ، بۇنىڭدىن يوشۇرۇنچە شادلىناتتى. بۇ ئىشنى توختى قارىينىڭ يېقىن ئاغىنىسى ھەسىناخۇن سېزىپ قىلىپ:

ــ پومېشچىكنىڭ قىزىنى ئېلىپ ساق بېشىڭغا ئاغرىق تېپىۋالارسەنمىكىن، ئالىمەن دېسەڭ قىز بالا دېگەن تولىغۇ، ــ دەپ نەسىھەت قىلماقچى بولدى. توختى قارى ئۇنىڭغا: «قېنى بىر گەپ بولار» دەپ قويىدى. ئۆزىنىڭ زەينەپنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنى ئالماي قويمايدىغانلىقىنى دەپ يۈرمىدى.

ھېلىماخۇننىڭ ئۆيىدىن زەينەپنى سوراپ ئەلچى كەلگەندە

ۋىلاخۇن ئائىلىسىدىكىلەر خۇشاللىقىدىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قېلىشتى.

ئىككى تەرەپ پۇتۇشۇپ توي كۈنىنى بېكىتىدىغان چاغدا، ۋىلاخۇننىڭ چوڭ ئوغلى:

— راست گەپنى قىلغاندا، دادامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى. دادامنىڭ كۆزى ئوچۇق ۋاقتىدا توينى قىلىۋەتسەك، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال تويغا تۇتۇش قىلىندى.

توي داۋراڭسىز، ئەمما كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ۋىلاخۇنلارنىڭ ئۆيىگە يېقىن - يورۇقلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىلا كەلگەن بولسىمۇ، ھېلىماخۇنلارنىڭكىگە يۇرت ئىچى يوپۇرۇلۇپ دېگۇدەك كەلدى. ھېلىماخۇنلار داستىخاننى كەڭرى سېلىپ، يۇمشاق ھەمەك بىلەن ھۆل - قۇرۇق يېمىشنى تۆكمە قىلىپ تىزدى. گۆش بېسىلغان لېگەن - لېگەن ئاشلارنى كەينى - كەينىدىن ئېلىپ چىقىپ مېھمانلارنى گۆش بىلەن پولۇغا تويغۇزدى. ئاشتىن كېيىن قىرىلار چىشلىرىنى كولىشىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ، ئەينى يىللاردىكى توختى ئاخۇننىڭ نەقەدەر قاۋۇل، مەرد ئادەملىكى، بىر ئولتۇرۇشتا بىر قوينىڭ گۆشىنى يەپ قوپۇپ كېتىدىغانلىقى، ئۆزى يالغۇز ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىدىغانلىقى، يۇرتقا كەلگەن ھەربىر ئادەمنى قوي - كالا، تېرىيدىغان يەر بۆلۈپ بېرىپ كۈتۈۋالىدىغانلىقى، يۇرتنى قانداق ئادىللىق، كەڭ قوللۇق بىلەن سورىغانلىقى؛ قۇتلۇق ھاجى كىچىكىدە يوق بولۇپ كەتكەندە توختاخۇننىڭ قانداق ئۇن سېلىپ يىغلىغانلىقى، ئاغىچىسى ئايخاننىڭ كۈندە كەنت بېشىدىكى دۆڭگە بېرىپ يىراققا قاراپ تۇرۇۋالغانلىقى، قۇتلۇق ھاجىنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىگە تەپسىر ئېيتىپ، كىشىلەر مەنىسىنى بىلمەي ئوقۇپ كەلگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى، قانداق سورۇندا قايسىسىنى ئوقۇشنى ئۆگەتكەنلىكىنى... سۆزلىشىشتى. كەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن توي - تۆكۈن، مۇراسىملاردا بوۋايلار بۇلارنى

سۆزلەشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. توغراقلىقلار بۇ يۇرتنى بەرپا قىلغان بۇ كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ھۆرمەتلەيتتى. گەرچە ھېلىماخۇن ھازىر نامراتلىشىپ قالغان، ۋىلاخۇنلار بايلىق ۋە كۇچىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنى يەنىلا چوڭ كۆرەتتى. ئۇلار يەنە سالىھ باپكارنىڭ نەقەدەر مەرگەنلىكى ۋە قورقماسلىقىنى، ئايشىخان باخشىنى، ئۇزۇن پاچاق ئاكا ـ ئۇكىلارنى... ئەسلىشەتتى. ئۇلار مۇشۇ يەردە بالا ئوقۇتقان بىر ياش مۇئەللىم بىلەن مۇشۇ يەرلىك نامرات دېھقاننىڭ قىزى زەينەپنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلىشەتتى. زەينەپكە ئۇۋال بولغان، ئۇنى ئالماقچى بولغان يىگىت تەرەپ نائەھلىلىك قىلىپ قويغان، لېكىن، ئاشۇ مۇئەللىمزە بولىدىغان يىگىت ئىكەن، دېيىشەتتى. شۇ يەرگە كەلگەندە كىمدۇر بىرى گەپنى بۆلۈپ: «شەھەرگە بارغانلار كۆرۈپتىكەن، ئۇلار ناھايىتى ئىپسىل ئۆيلەردە تۇرىدىكەن. زەينەپخان شەھەرنىڭ خېنىملىرىدەكلا بولۇپ كېتىپتىكەنمىش» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن پاراڭ بۇگۇنكى تويغا، يەنە كىملەرنىڭ توي قىلماقچى ئىكەنلىكىگە يۆتكىلەتتى. ئۇلار تاكى ئاياللار بىلەن يىگىتلەر قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگۈچە شۇنداق ئولتۇرۇشاتتى.

توختى قارىي ھۇجرا ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ، يۇرىكى دۇپۇلدىگەن ھالدا ئىشىك تۇۋىدە بىر پەس تۇرۇپ قالدى. يىپتەك ئىنچىكە ئىس چىقىرىپ كۆيۈۋاتقان جىنچىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئاق غىجىم رومالنىڭ تېگىدە ئولتۇرغان زەينەپ ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ھېلىلا غايىب بولۇپ كېتىدىغان خىيالىي پەرىزاتتەك كۆرۈندى. شۇ ھامان يۇرىكىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىسسىق بىر ئېقىم پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارىدى. ئۇ ئىتتىك زەينەپنىڭ يېنىغا كەلدى. رومال يېنىك سىلكىنەتتى. زەينەپ تىترەۋاتقاندەك ياكى يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بىردىنلا

زەينەپكە ئىچى ئاغرىپ كەتتى. ئۇ زەينەپنى غىجىم رومالنىڭ ئۇستىدىنلا قۇچاقلىۋالدى. قۇچىقىدىكى زەينەپ ئۇنىڭغا قوزىچاقتەك كىچىككىنە، ئاجىز بىلىندى.

— نېمە بولدۇڭ زەينەپ، نېمىشقا يىغلايسەن؟

زەينەپنىڭ ئورۇق تېنى تېخىمۇ كۈچلۈك سىلكىندى. زەينەپ ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ ياكى... ماڭا مەيلىڭ يوقمىتى؟

— ئۇنداق ئەمەس، مەن... مەن قورقىدىكەنمەن.

— نېمىدىن قورقىسەن، مەندىنمۇ؟

زەينەپ جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ يىغىسى پەسەيدى، ئەمما ئۇ گەپ قىلمايتتى. ئاربلاپ خورسىنىپ قوياتتى. بەدىنى مۇزدەك، تېخىچە تىترەپ تۇراتتى. توختى قاريي زەينەپنى كىچىك بالىنى تەۋرەتكەندەك يەڭگىل تەۋرىتىپ، چاچلىرىنى سىلىدى. كۆڭلىدە ئۇنى چوڭ قىزلاردەك كۆرسىتىپ تۇرغىنى مۇشۇ قويۇق ھەم ئۇزۇن چاچلىرى ئىكەن، دەپ ئويلىدى.

— سەن نەچچە ياشقا كىردىڭ زەينەپ، راستىنى دەپ باقە.

— ئون... ئون بەشكە.

— داداڭ سېنى ئون سەككىزگە كىردى دەپتىكەنغۇ، نېمىشقا شۇنداق دەيدۇ؟

— مەن... مەن بىلمىدىم.

— سەن تېخى چوڭ بولماپسەن زەينەپ، سەن مەندىن قورقمىغىن. سەن ماڭا ئاۋۇ يەرگە ئورۇن سېلىپ بەرگىن. يەنە بىر گەپ، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمە.

زەينەپ بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇپ، چاققانلىق بىلەن يەرگە چۈشتى. غىجىم رومالنى قوزۇققا ئىلىپ قويۇپ،

سۆپىنىڭ ئىچكىرىسىگە ئايرىم ئورۇن سالدى. توختى قارىي كىيىمىنى سېلىپ يېتىپ بولغىچە پەگاھتا بېشىنى سېلىپ قول باغلاپ تۇردى. توختى قارىي يېتىپ بولغاندا پۇتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ، قارا چىراغنى پۈلەپ ئۆچۈرۈپ، تىۋىش چىقارماي ئۆزىگە ئورۇن سالدى. تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان سۇس يورۇقلۇق تۇگۇلۇپ ئولتۇرغان زەينەپنىڭ يۇمىلاق كەلگەن نازۇك مۇرىسىنى خىرە - شىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. توختى قارىي ئۇنىڭ ئاستا سوزۇلۇپ يوتقانغا كىرىپ ياتقىنىنى تەستە ئىلغا قىلالىدى.

بىرھازادا قاراڭغۇلۇقتىن ئۇنىڭ تىترەك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەتىگەنلىككە ... يەڭگىلەر نېمىدەپ قالاركىن؟ ...

— ھە راست، ئۇلار سېنى... قانداق قىلساق بولار؟

زەينەپ خورسىندى. ئارقىدىن ھۆجرىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. توختى قارىي قاراڭغۇلۇقتا قانچە تىكىلىپ قارايمۇ زەينەپنىڭ قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ يەڭگىل تىنىق ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى.

— زەينەپ...

توختى قارىي شىپىرلىغان تىۋىشنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ بولغۇچە زەينەپ ئۇنىڭ يوتقىنىنىڭ ئىچىگە كىردى. خۇددى پىچاقتا بېشىنى تۇتۇپ تۇرغان قوزىدەك ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا سوزۇلۇپ ياتتى. ئۇ تېز - تېز نەپەس ئالاتتى. بەدىنى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتاتتى. توختى قارىي ئاستا يېنىچە بولۇپ زەينەپنىڭ يۈزىنى سىلىدى. ئۇنىڭ قولى تەگكەندە قىزنىڭ نەم كىرپىكلىرى ئۆركۆگەن قۇشنىڭ قانىتىدەك لىپىلداپ كەتتى، ئۇ قىزنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئاستاغىنە ئۆزىگە قاراتتى. قىزنىڭ بەدىنىدىكى تىترەك ئۇنىڭغىمۇ

ئۆتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ يىغلىغۇسى كەلدى. زەينەپ ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىگە باش قويۇپ چوڭقۇر تىندى. ئۇنىڭ يۇمران تېنىدىن، چاچلىرىدىن، تىنىقىدىن تارقالغان سۈس مەززىلىك ھىد — بۇ ھىدنى ھېچ نەرسىگە ئوخشاتقىلى بولمايتتى — توختى قارىينىڭ يۈرىكىنى دۈپۈلدىتىپ، نەپسىنى تېزلەتتى...

زەينەپ ئىككىنچى يىلى بىر ئوغۇل تۇغدى، ئۇنىڭ ئۆڭى چوڭ دادىسى ھېلىماخۇنغا ئوخشاش ئاق سېرىق، كۆزلىرى يېشىلغا مايىل ئىدى. تۈڭلۈكتىن چۈشكەن يورۇقلۇقتا بوۋاقنىڭ قىزغۇچ تېرىسىدىكى يۇمران سېرىق تۈكلەر ئالتۇندەك ۋاللىدايتتى. چوڭلار ئۇنى ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، ئىشچان دېھقان بولسۇن، دەپ ئىسمىنى تۇردى ئاخۇن قويدى. تۇردى ئاخۇن يېشىغا توشمايلا ئۇ يەنە سېزىك بولدى. ئىككىنچى ئوغۇل بۇغداي ئۆڭ، يوغان باش، قاشلىرى قويۇق، ناھايىتى جانلىق ئىدى. زەينەپنىڭ بويىنىدىكى كەھرىۋا مارجانغا ئېسىلىپلا ئالسا زادى قويۇپ بەرمەيتتى. 40 كۈنلۈك بولغان چاغلىرىدىلا 3 ـ 4 ياشلىق بالىلاردەك ئېغىر ئىدى. زەينەپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلگۈچە ھېرىپ ھاسىراپ كېتەتتى. ئۇلار ئۇنى رۇستەمى داستاندەك پالۋان بولسۇن، دەپ ئىسمىنى رۇستەم قويدى.

زەينەپ بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرگەندىن بۇيان كۈندىن ـ كۈنگە رەڭ تۈزۈپ، تولۇپ، قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ بىرىنى كۆتۈرۈپ، بىرىنى يېتىلەپ يۈرۈپ ھەممە ئىشقا يېتىشەتتى. توختى قارىي ھېلى بۆشۈك يېنىدا، ھېلى قازان بېشىدا، ھېلى مالنىڭ ئارقىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن

زەينەپكە قاراپ ئىچىدە ئۈنىڭغا ئامراقلىقى كېلەتتى. قولىدىن كېلىشىچە بەزى ئىشلارنى تەڭ قىلىشىپ، ئۇنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە ئۇرۇناتتى. ھېلىماخۇن بىلەن نۇسرەتخانمۇ گېپى ئوچۇق، ئايىغى يەڭگىل بۇ كېلىنىنى قىزىدىن ئارتۇق كۆرەتتى. ئۆزلىرى يالغۇز قالغاندا: «بۇ كېلىنىمىز قىز بالا بولغىنى بىلەن دادىسى ۋىلاخۇننىلا دوراپتۇ. ئۇ ھازىرغۇ قېرىپ قالدى. ياش ۋاقتىدا شۇنداق ئىچى كۆچلۈك، ئەتىدىن كەچكىچە ئىشلەپ ھارمايدىغان، باشلىغان ئىشىنى ئاخىرىغا ئاچىقمىغىچە بولدى قىلمايدىغان ئادەم ئىدى» دېيىشەتتى.

# ئون بىرىنچى باب

1956 ـ يىلى باش باھاردا، توغراقلىقتا ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپى قۇرۇش توغرىسىدا تازا غۇلغۇلا بولۇۋاتقان كۈنلەردە زەينەپ يەنە بويىدا قالغانلىقىنى سەزدى. بىرىنەچچە كۈندىن بۇيان كۆڭلى ئېگىز ـ پەس بولۇپ، گېلىدىن غىزا ئۆتمەي ماغدۇرسىزلىنىپ يۈرەتتى. ئەتىگەندىلا ئاكتىپ ئايال پاتەمخان ئۇنى يىغىنغا چاقىرىپ كەلدى. يىغىن يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئەتراپى تېرەكلەر بىلەن قورشالغان مەيدانىدا ئېچىلغان بولۇپ، يىغىن سەھنىسى تەرەپتىكى تامغا «توغراقلىق يېزىسىدا كوپىراتىپ قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش يىغىنى»دېگەن خەت چاپلانغان قىزىل لوزۇنكا ئېسىلغانىدى. ئۇزۇن چاپانلىق، تۇماقلىق ئەر كىشىلەر توپىلاڭ يەردىلا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى. رەڭگارەڭ ياغلىقلارنى ئارتىشقان ئاياللار بىر چەتكە يىغىلىپ، يۇكۇنۇپ ياكى تىزىنى ئېتەكلىرى بىلەن يېپىپ ئولتۇرغىنىچە بىر ـ بىرى بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھەممىسىلا كىچىك، ئۇچ بۇرجەك قەغەز بايراقچىلارنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. زەينەپ ئەيمىنىپ مېڭىپ ئاياللارنىڭ قاتارىغا بېرىپ ئولتۇرۇشىغا پاتەمخان ئۇنىڭغىمۇ كىچىك بايراقتىن بىرنى بېرىپ، شوئار توۋلىغاندا بايراقنى ئوڭ قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ، بار ئاۋازى بىلەن توۋلاشنى جېكىلىدى.

تۆر تەرەپكە قويۇلغان ئۇزۇن شىرەنىڭ ئارقىسىدا ھەربىيچە شىرىق چاپان، قولاقچا كىيگەن، قاشلىرى قويۇق ئوتتۇرا ياشلىق

بىر ئەر كىشى بىلەن ياشراق، ئورۇق، قاڭشارلىق بىر كادىر، كۆك چاپان، كۆك ئىشتان كىيگەن خەنزۇ باشلىق، ئۇنىڭ يېنىدا ياش، دوغىلاقىنە بىر ھەربىي يىگىت ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان نەمەت ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان ئاكتىپلاردىن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سوراپ بولۇپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا:

ـــ كۆپچىلىك، دىققەت، مەجلىسىمىزنى ھازىر باشلايمىز، ـــ دېدى. سورۇندىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋازلار ئاستا ـ ئاستا پەسەيدى. نەمەت سەھنىدە ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئادەمنى «سا چۇجاڭ» دەپ، خەنزۇ ئادەمنى «ۋاڭ شۇجى» دەپ تونۇشتۇردى. دېھقانلار ياش كادىرنىڭ رايوننىڭ ئالاقىچىسى ئىكەنلىكىنى، ھەربىي يىگىت شياۋلىيۇنىڭ خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. توغراقلىقتا ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، پومېشچىك، باي دېھقانلارنى كۈرەش قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۇدەك شياۋلىيۇ باشلامچىلىق قىلغانىدى. ئۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى ئاز ـ تولا بىلەتتى. سۆزلەۋېتىپ بەزى گەپلەرگە ئاغزى تازا كەلمىسە، دېھقانلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى. ئۇلار ئۇنى يېڭى تىلى چىققان بالىدەك چۈچۈك گەپ قىلىدۇ، دەيتتى. باشقا كادىرلارنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىسىمۇ، شياۋلىيۇنىڭ يامىداپ قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلىماي قالمايتتى.

سايباغ رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ساۋۇت ئۆمەر ئالدىدىكى قەغەزلەرگە پات ـ پات قاراپ قويۇپ، ئۆتكەن يىلدىن بۇيان رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى يېزىلاردا يېزا ياكى چوڭراق كەنتلەرنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، يامغۇردىن كېيىنكى مايسىلاردەك بوي تارتىپ ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلىغانلىقى، كوپېراتىپقا كىرگەن

دېھقانلارنىڭ كوپېراتىپتىن نەقەدەر رازى ۋە خۇشال ئىكەنلىكى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ بۇ يىل يىل ئاخىرىغا قەدەر سايباغ رايونىدا كوپېراتسىيەلىشىشنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— دېھقان قېرىنداشلار، مەن سىلەرگە بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزىمەن، توغراقلىق دېھقانلىرىنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە ئاساسەن، يۇقىرى رەھبەرلىك توغراقلىقتا بىر ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇشنى قارار قىلدى! — دېدى. ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان يېزا ئاكتىپلىرى قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ تەنتەنە قىلىشتى. رايون باشلىقى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— كوپېراتىپ نامى ۋە كوپېراتىپنىڭ يۇقىرى قاتلام مەسئۇللىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى بىز داۋاملىق ئويلىشىپ رەسمىي مۇزاكىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئېلان قىلىمىز. تۆۋەندە يولداش نەمەت توغراقلىق يېزىسىدا كوپېراتىپ قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ۋە دەسلەپكى لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كۆپچىلىك، قارشى ئالايلى، — دېدى.

نەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ سۇكۇت ئىچىدە ئولتۇرۇشقان بىر يۇرتلۇقلىرىغا، بىر چەتتە ئولتۇرغان ۋىلاخۇن ۋە ئوغۇللىرىغا، بىرنەچچە باي دېھقانغا بىرمۇبىر قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ چوڭقۇر كۆزلىرى خۇددى رەقىبلىرىگە ھەيۋە قىلىۋاتقاندەك سۈرلۈك پارقىرايتتى. بۇ كۆزلەر ئايشىخان باغشى بىلەن قۇربان باغشىنىڭ كۆزىگە بەك ئوخشايتتى. ئۇ ئالدىدىكى ھېمىت ئاخۇن تەييارلاپ بەرگەن دوكلاتقا ئوقۇۋاتقان قىياپەتتە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، گېلىنى قىرىپ سۆزىنى باشلىدى. باشتا، يېزا رەھبەرلىكىنىڭ ئامىمنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ كوپېراتىپ قۇرۇش يولىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى خېلى ئۇستىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. ئارقىدىن توغراقلىق كوپېراتىپى يەر تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ئۈچ ئەترەتكە

بۆلۈنگەنلىكىنى، ھەرقايسى ئەترەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ۋە بوغالتىرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلدى. ئاخىرىدا، ھېمىت ئاخۇن ھەربىر ئەترەتتىكى كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئىسمى ۋە ئۇلارنىڭ كوپىراتىپقا قوشقان يەر، ئات ـ ئۇلاغ، چارۋا مال قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى خاتىرىلەنگەن ئۇزۇن بىر تىزىملىكنى ئوقۇدى. دېھقانلار بۇ سۆزلەرنى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتىسىمۇ، چىرايىدىن ئەندىشە، تىنچسىزلىق چىقىپ تۇراتتى. ھېمىت ئاخۇن تىزىملىكنى ئوقۇپ بولغاندا، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئاۋازلار بارغانسىرى كۈچىيىپ، ئورنىدىن قوپۇپ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقان نەمەتنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى.

— كوپىراتسىيەگە قاتنىشىش ـ قاتناشماسلىق ئىختىيارىي بولىدۇ، دېگەنتىڭلار، گېپىڭلار راستمۇ؟ راست بولسا، مەن ھازىرچە كىرمەي تۇراي. قوشقان يەر، ئات ـ ئۇلاغلىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار!

— بىزمۇ كوپىراتىپتىن چىقىپ كېتىمىز.

— مەنمۇ يېرىمنى ئۆزۈم تېرىيمەن!

ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغان كىشىلەر تۇشمۇتۇشتىن ۋارقىرىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتتى. سەھنىدە ئولتۇرغان رايون باشلىقى ساۋۇت ئۆمەر بىلەن شياۋلىيۇمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ:

— كۆپچىلىك، ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار، گەپ بولسا ئالدىرىماي چىرايلىقچە قىلىشايلى، — دېدى. رايون باشلىقى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— كوپىراتسىيەگە كىرىش ـ كىرمەسلىك ئەلۋەتتە ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىش. لېكىن، ئادەم كۆپ بولغاندا كۈچ كۆپ بولىدۇ، ئەقىل ـ پاراسەت كۆپ بولىدۇ. بەزىلەردە ياخشى يەر بولسا، بەزىلەردە ياخشى ئۇلاغ بولىدۇ. يەنە بەزى

ئائىلىلەرنىڭ ئەمگەك كۈچى قاۋۇل بولىدۇ، بۇلار بىرلەشسە ئارتۇق - كەم تەرەپلەر تولۇقلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش يۈكسىلىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، كوممۇنىزمغا يېتىپ بېرىش يولىمىز قىسقىرايدۇ. يۇرتداشلار، كوممۇنىزمنى قانداق قۇرىمىز؟ ئەلۋەتتە كوللېكتىپلىشىش يولى ئارقىلىق قۇرىمىز، كوممۇنىزم دېگەندە شەخسىي مۈلۈك، شەخسىيەتچىلىك بولمايدۇ. ھەممە بايلىق ئومۇمنىڭ بولىدۇ، ھەممە ئادەم خالىغىنىچە يەپ - ئىچىدۇ، ئىشلىتىدۇ. ئاشۇ مەقسەتكە تېزراق يېتىش ئۈچۈن پارتىيە كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن - ئوتتۇرا دېھقانلارنى كوپېراتسىيە قۇرۇپ، كوللېكتىپلىشىش يولىغا مېڭىشقا چاقىردى. پارتىيەنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان دېھقانلىرىمىز ئەلۋەتتە كوپېراتسىيەلىشىشتىن باش تارتمايدۇ، كۆپچىلىك سىلەرگە يەرنى كىم بەرگەن؟ پارتىيە ئەمەسمۇ؟

ئارقىدىن ۋاڭ شۇجى سۆز ئالدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ساۋۇت ئۆمەر تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزىمۇ ساۋۇت ئۆمەرنىڭكىدىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى. ئاخىرىدا شىياۋلىيۇ سۆز ئېلىپ ئۇيغۇرچە سۆزلىدى.

— كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان يۇرتداشلار، بىر ئۈچۈم سىنىپىي دۈشمەنلەر، باي - پومېشچىك، بۇزۇق ئۇنسۇرلار بۇلۇڭ - پۇچقاقتا تۇرۇپ پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ بىزنىڭ كوپېراتسىيە قۇرۇشىمىزغا جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. كۆپچىلىك، بىز ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىمىز، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىشىمىز لازىم!

ئۇ سۆزىنى توگىتىپ بولۇپ ئالدىغا ئىنتىلىپ، ئوڭ مۇشتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شوئار توۋلىدى. دېھقانلارمۇ قولىدىكى كىچىك بايراقچىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ

توۋلاشتى:

ــ ياشىسۇن ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى!

ــ ياشىسۇن پىرولېتارىيات دىكتاتورىسى !

يوقالسۇن پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىيەتچى، بۇزۇق ئۇنسۇرلار!

ــ پارتىيەگە ئەگىشىپ كوپېراتسىيەلىشىش يولىدا ماڭغىنىمىز ماڭغان !

شوئار ئاياغلاشقاندا بايا بەس ـ بەستە كوپېراتىپتىن چىقىپ كېتىمىز دېگەنلەرنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. يىغىن مەيدانىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى.

نەمەت شاڭجاڭ ئاۋازىنى قىرىپ ئۈنلۈك توۋلىدى:

ــ ئەمىسە، يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي: باشقا گەپ ـ سۆزلەر بارمۇ؟

ھېچكىم گەپ قىلمىدى. نەمەت بۇ سۆزىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغاندا ئالدىدا ئولتۇرغان ئاكتىپلار:

ــ پىكرىمىز يوق، كوپېراتسىيەلىشىش يولىدا قەتئىي ماڭىمىز ! ــ دەپ توۋلاشتى.

ــ ئەمىسە يىغىن ئاياغلاشتى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىش ئىشلەپچىقىرىش ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. ھەرقانداق ئىش بولسا ئالدى بىلەن ئەترەت باشلىقلىرىنى ئىزدەڭلار. ئەمدى ئەترەت باشلىقلىرى بىلەن بوغالتىرلار قېلىپ، قالغانلار تارقىساڭلار بولىدۇ.

دېھقانلار ئورنىدىن قوزغىلىشقا باشلىدى.

ــ نەمەت شاڭجاڭ، نەمەت شاڭجاڭ، توختاپ تۇرسىلا، مېنىڭ بىر ئېغىز پىكرىم بار، ــ ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان سىدىق ئاخۇن ساقاللىرىنى تىترىتىپ بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىرىدى، ــ مەن باي، پومېشچىكمۇ ئەمەس، بۇزۇق ئۇنسۇرمۇ ئەمەس. پارتىيەنى ئىككى قوللاپ ھىمايە قىلىمەن. لېكىن شۇ... يېرىمنى ئۆزۈم تېرىسام

دەيمەن، مەن هازىرچە كوپىراتىپقا كىرمەي تۇراي، كۆلۈگە خۇدا بۇيرۇسا بىر گەپ بولار .

سەھنىدە ئولتۇرغانلارنىڭ قاپىقى تۇرۇلدى. ساۋۇت چۇيجاڭ:

— ئۇنداق بولسا مەيلى ئەمىسە. لېكىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالمىساقلا بولىدۇ، «ئايرىلغاننى ئېيىق يەپتۇ، بۆلۈنگەننى بۆرە» دېگەننى ئاڭلىمىغانما؟ — دېدى.

— مەيلى، ئۆزۈمنىڭ شورى، باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن، — سىدىق ئاخۇن شۇنداق دەپ، ساپسېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ «خىر - خىر» كۈلدى.

زەينەپ 1 - ئەترەتنىڭ باشلىقى ئابدۇغېنى ئاخۇن بىلەن يىغىن مەيدانىدا ئولتۇرۇپ قالغان ئېرى توختى قارىيغا قاراپ - قاراپ قويۇپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئىككى ئوغلىنى قېيىنئانىسىغا تاشلاپ قويۇپ چىققانىدى. بالىلىرىنى ئويلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ كۆكسى چىڭقىلىپ، كۆڭلىكىنىڭ ئالدى ھۆل بولدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تۇردى ئاخۇن بىرەر ياشقا كىرە - كىرمەيلا ئۆزلۈكىدىن ئەمچەكتىن ئايرىلىپ غىزاغا كىرىشىپ كەتكەنىدى. كىچىكى رۇستەم باشقىچە ئىشتىھالىق چىقتى. ئانا سۈتىنى تويماي ئېمەتتى. ئانچە - مۇنچە غىزاغا كىرىشكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئانىسىنى ئىزدەپ قىرقىراپ يىغلاپ تۇراتتى. ئۇ چۈشۈپ قالاي دەپ قالغان ياغلىقىنى ئوڭشاپ چىگىپ قەدىمىنى تېزلەتتى. ئالدى تەرەپتىن ئۇرۇلۇۋاتقان شامال ئىلگىرىكىدەك يۈزلەرنى چاقماي، ئىللىق بىلىنەتتى. ھاۋادا ئەتىيازدىلا بولىدىغان بىر خىل مەست قىلغۇچ ھىد بار ئىدى. يەنە بىر - ئىككى ھەپتە ئۆتسىلا، ئۆلۈكتەك سوزۇلۇپ ياتقان يەرلەر، دەل - دەرەخلەر ئويغىنىپ، جانلىنىپ رەڭ تۈزۈشكە باشلايدۇ. دېھقانلار ئېتىزغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۆي - ئۆيلەردە كۆك چۆچۈرىسى تۈگۈلىدۇ ياكى كۆجە ئېشى ئېتىلىدۇ. يىگىتلەر سورۇن تۈزۈپ

چىلىشىشقا چۈشىدۇ. ئاخشىمى چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش يىغىلىپ نورۇز مەشرىپى ئوينايدۇ. مەشرەپتە چوڭلار ياشلارغا ئىش ئۆگىتىپ، ئەقىل كۆرسىتىدۇ. قىز ـ يىگىتلەر مۇشۇنداق مەشرەپلەردە تونۇشۇپ، تېپىشىپ توي قىلىشىدۇ. بۇ توغراقلىقلار ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىش. بولۇپمۇ كومپارتىيە كېلىپ يەرلەرنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بەرگەندىن كېيىن دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ئۇسىسى ئۇخشىغان يەرنىڭ مايسىسىدەك لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خۇشاللىق قاپلىدى. دېھقانلار نورۇزنى ئىلگىرىكىدىن بەكرەك تەقەززالىق بىلەن كۈتىدىغان، پۇخادىن چىققۇچە كۆڭۈل ئاچىدىغان بولدى.

دېھقانىنىڭ نەزىرىدە، نورۇز كەلدى دېگەنلىك ئېتىزغا چىقىدىغان، كەتمەن تۇتۇپ ئىش باشلايدىغان ۋاقىتنىڭ كەلدى، دېگەنلىك. نورۇزدىن كېيىن قاتىلاڭچىلىق باشلىنىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. كېيىن ئۇجمە پىشىدۇ، غورىلار ئالا بولىدۇ...

غورا يادىغا يېتىشى بىلەنلا زەينەپنىڭ ئاغزىغا «غۇژژىدە» سۇ كەلدى. ئۇنىڭ سۇلۇق، چۇچۇمەل نەرسىلەرنى يېگۈسى كېلەتتى. تېزراق بېدە چىقسا، يۇمران، سېمىزلىرىنى تاللاپ چاناپ ـ چاناپ چۆچۈرە ئەتسەم، غورا سېلىپ ئاش ئەتسەم... دەپ ئويلايتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ: «تېرەكلىك ھويلا»نىڭ ئالدىدىكى ئاسمانغا بوي سوزۇپ تۇرغان تېرەك شاخلىرىغا قاراپ قويدى. ھەر قېتىم سېزىك بولغىنىدا قېيىنئانىسىنىڭ «سېزىكى قانمىغان ئايالنىڭ بالىسى پۇچۇق بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، قېيىنئاتىسىنىڭ پات ـ پاتلا گەمىدە ساقلىغان بىرەر ساپاق ئۈزۈم، قوغۇن، بىرەر ياغلىق بېھى ياكى ئانار تېپىپ ئەكىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ خۇشال بولدى. دوقمۇشتىن قايرىلىشىغا ئۇدۇلدىكى يوغان ئىككى قاناتلىق

ئىشىكنىڭ يېنىدا يىغلاۋاتقان رۇستەمنى كۆتۈرۈپ تۇرغان قېيىنئانىسىنى كۆرۈپ، بېشىدا توختىمايۋاتقان ياغلىقنى يۇقىرىغا تارتقىنىچە قىز ۋاقىتلىرىدەك يەڭگىل قەدەملەر بىلەن يۈگۈردى.

مەھەللىدىكى بىر قىسىم ئەر خەقلەر مەسچىت ئالدىدىكى يۇمىلاق بازارغا كېلىپ، مەسچىت تېمىغا يۆلەپ قويۇلغان، پوستى ئاقلىۋېتىلگەن تېرەك ياغىچىدا قارا قاغىلاردەك قاتار ئولتۇرۇپ باياتىن مەجلىستە قىلالمىغان گەپلىرىنى قىلىشىپ تالاش ـ تارتىشقا چۈشۈپ كەتتى. ۋىلاخۇنبايلارغا تۇغقان كېلىدىغان ئىبراھىم ئاخۇن ئىسمىلىك كەكە ساقال ئادەم ئەتراپىغا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، قۇرۇق يۆتەلدى ـ دە، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتىپ گەپ باشلىدى:

ــ مېنىڭچىغۇ، يېڭى ھۆكۈمەت بىزنى يامان يولغا باشلىمايدۇ. كونىلاردا ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە دەيدىغان گەپ بار. بىزنىڭمۇ كۆپچىلىك نېمە ئىش قىلسا شۇنى قىلىپ، ئەل قاتارى ئۆتكىنىمىز تۈزۈك. شۇغىنىسى، مۇنداق بىر ئىشنى سەل چۈشىنەلمەي ئولتۇرىمەن. بىزنىڭ كوپىراتىپقا قوشقان مەبلىغىمىز كۆپ. ئەمگەكنىمۇ ئوبدان قىلىمىز، لېكىن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بەزىلەر ئۇنداق ئەمەس. قوشقان نېمىسىنىڭ تايىنى يوق، يەنە كېلىپ ئەمگەك دېسە بېشى ئاغرىيدۇ. پايدىنى كۆرسە ھەممىنىڭ ئالدىدا چاپىدۇ. تاشنى تاياقتا تاڭغاندەك، ئۇنداقلارنى بىزگە تېڭىپ قويسا، يا ئۆزىمىز ئىتتىك ماڭالماي، يا ئۇلارنى يۇدۇپ بولالماي ئاۋارىچىلىككە قالارمىزمىكىن دەيمىنا. مۇشۇ تەرەپلىرىنى ئويلىغاندا، ھەي... قانداق بولاركىن بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى...

ــ كىم بىلەن كوپىراتىپ بولساڭلار ئىختىيارىڭلار، دەيدىغۇ، شۇنداق بولغاندىكىن، پالانچى بىلەن كوپىراتىپ

بولمايمەن، پوكۇنچى بىلەن بولمەن، دەپ چىقمامسىلە ئوتتۇرىغا، — دېدى ئوبۇلقاسىم ئاخۇن دۇكانچى. ئۇ بەستلىك، ئۆڭكى قارا ئادەم ئىدى. قاش - كۆزلىرى، كۇلۇپلا تۇرۇشى چوڭ بوۋىسى مۇھەممەد چاربازارچىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ يەتتە قىزى بار ئىدى. قىزلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئوخشايتتى. ئۇ خوتۇنىنى «ئوغۇل تۇغالمايدىغان خوتۇن» دەيتتى. بىر مەزگىل خوتۇن - باللىرىنى تاشلاپ بازارغا كۆچۈپ بېرىۋېلىپ ئۆيلىنىپمۇ باقتى. كېيىن ئالغان خوتۇنىمۇ ئۇنىڭغا كەينى - كەينىدىن ئىككى قىز تۇغۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئارىنى ئوچوق قىلىۋېتىپ توغراقلىققا يېنىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنى ھەجەرخان ئۇنى «بىزنىڭ ئاۋۇ ئوغۇل تاپالمايدىغان ئادەم» دەيدىغان بولدى. ئۇ يېقىندىن بۇيان شەخسىي دۇكانلارنىمۇ كوپېراتسىيەگە قوشىدىكەن دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ دەككە - دۇككىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

— ھاي، ھاي، ئاغزىڭلىغا بېقىپ سۆزلەڭلار، — دېدى ھۇسېيىن ئاخۇن ئىسىملىك قىزىل ساقال موللا، — ھەممە ئادەم كەمبەغەل بىلەن كوپېراتىپ بولمايمەن، دېگىلى تۇرسا، ئاۋۇ كەمبەغەللەر بىلەن ھۇررۇنلار ئايرىلىپ قالمامدۇ. ھەرقايسىڭلار بىلمەمسىلەر، كومپارتىيە دېگەن كەمبەغەللەرنى يۆلەيدىغان پارتىيە. كەمبەغەلدىن قېچىپ، باي - پومېشچىكلارنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ قالماڭلار، يەنە.

— ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ بايلارنىڭ گېپى گەپ بولۇپ كەلگەن. بۇ پارتىيەنىڭ ھەقىقەتەن بايلار بىلەن خۇشى يوق ئىكەن. كەمبەغەلنى يۆلىگەنغۇ تولا ساۋاب ئىش، لېكىن مەن بۇ خەقنى سەل گېپىدە تۇرمايدىكەن، دەپ قالدىم. نېمىشقا دېسەڭلار، يەر ئىسلاھاتىدا ئۆزى كېلىپ يەرنى دېھقانغا بۆلۈپ بەردى. ھەممىمىز خۇش بولۇپ، دوپپىمىزنى ئاسمانغا ئاتتۇق. تازا ئىشلەپ، ئەمگىكىمىزنىڭ مېغىزىنى چاقىدىغان چاغدا،

يېرىڭنى كوپېراتسىيەگە قوشمىساق بولمايدۇ، دەپ تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا دەيمىنا...

— هاي، هاي، ئىبراھىم ئاخۇن، يېرىڭلىنى كوپېراتسىيەگە قاتناشتۇرساڭلار كوپېراتسىيەدىكى ھەممە يەر سىلىنىڭمۇ بولىدۇ، ئەمەسمۇ.

— ئا، قويۇڭلار ئۇنداق ئاقماس گەپنى. كوپېراتسىيەنىڭ يېرى قانداقمۇ مېنىڭ بولسۇن، مەندە مۆھۈر خېتى بارمىكەن؟ قاراپ تۇرۇڭلار، ۋاقتى كەلسە «تاغار بايىنىڭ، ئېشەك بايىنىڭ، يىقىلسا يۆلىمەيمەن، ئۆلسە تۆلىمەيمەن» دېگەندەك ئىش بولىدۇ بۇ.

— ئۇنى دېمىسىمۇ راست، يەر ئۆزۈڭنىڭ بولسا، ئۇنىڭ بىر ئۇچى يۇرەككە، بىر ئۇچى بىلەككە تۇتىشىدۇ، دېگەن گەپ. ئۇنىڭ كويىدا كۆزۈڭگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، كوپېراتسىيەنىڭ يېرىنى ھېچكىم مېنىڭ دېيەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا ھېچكىم ئۆزىنىڭ يېرىگە جان كۆيدۈرگەندەك جان كۆيدۈرمەيدۇ. بۇ جاھاننىڭ ئىشى شۇنداق.

ئىبراھىم ئاخۇن شۇنىڭدىن كېيىن كىمنى كۆرسە ئەنە شۇنداق ئەندىشىلىك گەپلەرنى قىلىپ، قاقشاپ يۈردى. ئۇنىڭ ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، پىشقان دېھقان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يېرى توغراقلىقتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك يەرلەردىن ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. ئۇنىڭ ئەلۋەتتە ئۇنداق يەرنى قولدىن بەرگىسى كەلمەيتتى. نورۇز ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپتە، ئۇ رايون باشلىقى ساۋۇت ئۆمەرنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىۋالدى. رايون باشلىقى ئۇنىڭغا پەقەت گەپ يېگۈزەلمەي:

— ئېيتىڭىز نېمە سىزنىڭ؟ ئەجەب گىجىڭ ئادەم ئىكەنسىز! — دېدى. ئەتراپتا تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ياش باللار:

— ئىبراھىم گىجىڭ! — دەپ ۋارقىراشتى. گۈلخان يورۇقىدا چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ مۇقام ئاڭلاۋاتقان دېھقانلار

پاراقلاپ كۆلۈپ كېتىشتى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئىبراھىم ئاخۇن «ئىبراھىم گىجىلەڭ» دەپ ئاتالدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئىبراھىم گىجىلەڭ بىلەن سىدىق ئاخۇن پومىشچىك، باي دېھقانلار بىللە بىلەن ناھىيەنىڭ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا ئەۋەتىلدى. سۇ ئامبىرىدا ئالتە ئاي ئىشلەپ، ئالمىشىدىغان نۆۋەتى كەلگەندىمۇ، نەمەت ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئادەم ئورۇنلاشتۇرمىدى. ئۇلار بۇنى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن «جازا» دەپ بىلىپ دەردىنى ئىچىدىن چىقىرالماي يۈرۈشتى.

زەينەپ رامىزان ئېيىدا قوشكېزەك تۇغدى. قوشكېزەكنىڭ چوڭى ئوغۇل، كىچىكى قىز ئىدى. كىچىككىنە، يىغلاڭغۇ، قورچاقتەك چىرايلىق قىز بوۋاق كىمنى كۆرسە ئاغزىنى ئېچىپ كۈلەتتى. ئۇ كۈلگەندە تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. ئۆيدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيتتى. ئۇنىڭ قوشكېزەك ئاكىسى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، كۆزى بىلەن زەينەپكە ئەگىشەتتى. زەينەپ سەل نېرى كەتسە قىرقىراپ يىغلايتتى. ئەمما، زەينەپ يىغلاۋاتقان ئوغلى بىلەن كارى بولماي، قىزىنى قۇچىقىغا ئالاتتى، توختى قارىي قىزىغا تېخىمۇ ئامراق ئىدى. بىچارە بولۇپ قالغان ئوغۇلغا ھېلىماخۇننىڭ ئىچى ئاغرىدى. ئۇ ئۇنى بۆشۈكتىن يېشىپ، قوينىغا سېلىۋېلىپ نەمۇنە كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. قورسىقى ئېچىپ يىغلىسا قۇش بالىسىنىڭ ئاغزىغا دان سالغاندەك نان چايناپ يېگۈزەتتى، ئاغزى بىلەن سۇ ئىچۈرەتتى. بارا ـ بارا بوۋاق چوڭ دادىسىغا ئانىسىدىن بەكرەك ئۆگىنىپ كەتتى. شۇنداق بولغىنىدىن، قولىنىڭ ئازراق بولسىمۇ بوشىغىنىدىن زەينەپمۇ خۇشال بولدى. روزا ـ رامىزاندا تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئوغۇلنىڭ ئېتى روزاخۇن بولدى. زەينەپ قىزىغا زۇمرەتخان ئىسمىلىك ھاممىسىنىڭ ئىسمىنى قويدى. بالىلار كۈنسېرى يېڭى قىلىق

چىقىرىپ چوڭ بولۇۋاتاتتى. باللىرى ئېيىغا توشۇشى بىلەنلا پاتەمخان ئۇنى ھەر كۈنى ئەمگەككە چاقىرىپ كىرىدىغان بولدى. زەينەپ قىزنى ئېتىزلىقا ئالغاچ چىقىپ، بوشۇككە بۆلەپ سايە يەرگە قويۇپ قوياتتى. زۇمرەت سۇزۇك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئاسماندىكى بۇلۇتلارغا، دەرەخ شاخلىرىغا، قۇشلارغا قاراپ ئۆزىچە بىرنەرسىلەرنى دەپ گۇڭۇرايتتى. ئۇنىڭ يىغلىغان ئاۋازىمۇ يېقىملىق ئىدى. ئۇ يىغلىغان ھامان زەينەپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا يۈگۈرۈپ كېلەتتى. قورسىقى تويۇپ، مەڭزى ئاناردەك قىزارغان زۇمرەت ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى جۇپلەپ ئۇيقۇغا كەتكەندە بۆشۈك ئۇستىگە يېشىل گىرىپتىشنى ياغلىقنى يېپىپ قويۇپ يەنە ئىشىغا كېتەتتى. كەچتە ئاش ئېتىپ، قازان ـ قومۇچنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىلا، قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىشى قىلغاچ، ئالتە ئايدىن بېرى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدىن كەلمەي ئىشلەۋاتقان دادىسى بىلەن ئاكىلىرىنى، چوڭ ئاكىسىنىڭ باللىرى بىللە تۇرۇۋاتقان ئانىسىنى ئەسلەيتتى.

ژىلاخۇنباينىڭ چوڭ دەرۋازىلىق قورۇسى كوپېراتىپ ئىشخانىسى قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسىنىڭ خوتۇن ـ باللىرى ئىلگىرىكى ئاتخانىدا تۇراتتى، ئاتخانا ئوتتۇرىدىن توسۇلغان بولۇپ، تام ـ تورۇسلىرىدىكى يوچۇقلارغا ئەسكى ماز، لاتىلار تىقىپ قويۇلغانىدى. قېيىنئانا بىلەن كېلىنلەر — بىر چاغلاردا ئاپتاپتا كۆيۈپ كېتىمىز دەپ يۈزىگە ئۇچ قەۋەت قېتىق چاپىسا ئېتىزغا چىقمايدىغان ھالدار «خېنىملار» ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئېتىزدىن كىرمەي ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئاچ قورساق باللىرى ئانام قاچان كېلەركىن، دەپ ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

«ھەممىدىن دادامغا ئۇۋال، — دەيتتى زەينەپ ئىچىدە، — بىچارە دادامنىڭ پۇتى ئاغرىيتتى، يۆتىلىمۇ كۈچىيىپ قالغان، ئۇ يەرلەردە قانچە قىيىنىلىۋاتىدىكىن...» بىرنەچچە كۈننىڭ

ئالدىدا ھاشارچىلارغا كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئالغىلى كەلگەن ئىبراھىم گىجىگىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ھاشارچىلار تۆپتۈز كەتكەن كەڭ سايدا ياتىدىكەن. ياز كۈنى ئاخشاملىرىمۇ سوغۇق شامال پاختىلىق چاپان بىلەن بىر قات يوتقاندىن داكىدىن ئۆتكەندەك ئۆتۈپ كېتىدىكەن. شۇڭا 9 ـ ئاي كىرە ـ كىرمەيلا ئاغرىپ قالىدىغانلار كۆپىيىپتۇ. ئۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارغا قىلىنىراق كىگىز، جۇۋا، كۆرپە دېگەندەك نەرسىلەر بەك زۆرۈرمىش. زەينەپ ساندۇقتىن دادىسىنىڭ كونا پاختىلىق چاپىنىنى تېپىپ ئەكەلگەنىدى. بۇ چاپاننى ياماپ دادىسىغا ئەۋەتمەكچى ئىدى. ئۇ دادامغا يەنە نېمىلەرنى ئەۋەتسەم بولار، نان يېقىپ ئەۋەتسەم تاپشۇرۇپ ئالالارمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ، يېغى تۈگەپ قالغان قارا چىراغ «لاپ ـ لاپ» قىلىپ ئۆچۈپ قېلىشتىن بېشارەت بەرگىچە توختىماي ئۇھ تارتىپ ئولتۇردى. چىراغ ئۆچۈپ قالغاندىلا قاراڭغۇدا سىلاشتۇرۇپ يىپ ـ يىڭنىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، چاپاننى قاتلاپ ئېلىپ قويدى. قاراڭغۇلۇقتىن توختى قارىنىنىڭ بوش خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۈگۈلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي يورۇقى يوتقىنىنى تېپىپ ئېچىۋېتىپ، پۇت ـ قوللىرىنى ھەريان تاشلاپ ياتقان ئوغۇللىرىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ئوغۇللىرىنى ئوڭلاپ ياتقۇزۇپ يوتقانلىرىنى يېپىپ قويدى. بىر جۈپ بوشۇكنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سۈت ئۇيقۇسىدا ياتقان بوۋاق باللىرىنىڭ گىردە ناندەك كىچىك، يۇملاق يۈزىگە سىنچىلاپ قاراپ، مەيىن شامالدەك يەڭگىل تىنىقىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغىنىدا قەلبىنى ئىللىق بىر سىرلىق چۈلغىۋالدى. نېمىشقىدۇر كۆزلىرىگە ياش تولدى. ئۇ بۇ سىرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. لەۋلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس پىچىرلايتتى:

— شۈكۈر خۇدايىم، بەرگەن كۈنلىرىڭگە مىڭ شۈكۈر.

# ئون ئىككىنچى باب

ئىككىنچى ئاي كىرىپ باھارنىڭ ئىللىق نەپىسى ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. توغراقلىق زېمىنىنىڭ ئويغىنىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئارىسىدا بىر ئەنسىزلىك، بۆلۈنۈش پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. ئىبراھىم گىجىگىنىڭ نەۋرە ئىنىسى ئوسمان، ھۇسىيىن موللا، ئوتتۇرا دېھقان سىدىق ئاخۇن، ئېگىز بوي، ئات يۈز، ئاچچىقى كەلسە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان تىلىۋالدى ئاخۇن قاتارلىقلار مەسچىت ئالدىغا، كوپىراتىپنىڭ كاتىپى ھېمىت ئاخۇن، سالىھ باپكارنىڭ نەۋرىسى ئابدۇغېنى ئاخۇن، ۋىلاخۇنلارغا يىلقىچى بولغان بەكرى ئاخۇن، تاش ئاخۇن، يۈسۈپ ئاخۇنغا ئوخشاش نامرات يىلقىچى، ئورتاقچىلارنىڭ بالىلىرى، بۇخېلچىخان مۇدىرنىڭ كۈيۈ ئوغۇللىرى، يېڭى مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان بىرنەچچە ياش يىگىت كوپىراتىپ ئىشخانىسى جايلاشقان ۋىلاخۇنبايلارنىڭ ھويلىسىغا يىغىلاتتى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە بەزىدە نەمەت شاڭجاڭ بىلەن يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلارمۇ قاتنىشاتتى. بۇلارنىڭ چىرايى، يۈرۈش - تۇرۇشىدىن ناھايىتى زور ئىشەنچ ھەم قىزغىنلىق، ھېچنېمىدىن يانمايدىغان ئوتقا ئوخشاش توسقۇنسىز كۈچ بىلىنەتتى. ئۇلار يۇقىرى ئاۋازدا قىزغىن پاراڭلىشاتتى، ئاڭلىغانلىرىنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشەتتى، كوپىراتىپقا قارشى «قالاق»، «ئەكسىيەتچى» كۈچلەرنىڭ سۈيىقەستىگە قانداق زەربە بېرىش. ئوتتۇرىدا ئىككىلىنىپ تۇرغان ئاممىغا قانداق خىزمەت ئىشلەش توغرۇلۇق بەس - مۇنازىرە قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ساددا ھېس -

تۆيغۇسى بىلەن كومپارتىيەنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي نىجاتچىسى ئىكەنلىكىگە، كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان كوپېراتسىيەلىشىش ھەرىكىتىنىڭ توغرىلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى ۋە بۇ يولدا جانلىرىنى پىدا قىلىشقا تەييار ئىدى. كومپارتىيەنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭسىلا ھەرقانداق مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن سەزگۈر ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى ئايرىم قالغاندا، موللىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ـــ زامانى ئاخىر بولغاندا كۆنچىقىش تەرەپتىن كەلگەن سانى ناھايىتى كۆپ بىر قوۋمنىڭ جاھاننى سورايدىغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى سۆزلىشىپ:

ـــ ئاشۇ قوۋم مانا مۇشۇ خەنزۇلار ئەمەسمۇ. ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى نېمىدېگەن زور ـ ھە! ئۇلار بىلەن قارشىلىشىش تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغانلىق بولماي نېمە؟ ـــ دېيىشەتتى.

ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەر ـــ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا، جاھاندىن ئايرىلغان بۇ چەت يۇرتتا خالىسا مال بېقىپ، خالىسا يەر تېرىپ، بىر ئاللاغا سېغىنىپ ئۆزى بىلگەنچە ياشاپ كەلگەن كىشىلەر ئىدى. ئەزەلدىن ھېچكىم، ھەتتا بۇ يۇرتنى بەرپا قىلغانلارمۇ، بۇ يۇرتنى سورىغانلارمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىشىغا ئارىلاشمىغان. كومپارتىيەغۇ ئۇلارغا يامان قىلمىدى. بىراق، ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ تۇتقان يولىدىن چەتلەپ، ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان «كاپېراتسىيە» گە كىرىپ، ئورتاق يەر تېرىپ جان بېقىشنى ئۇلار قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن.

ـــ بىز دېھقانمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئۆي تۇۋىقىچىلىك يېرى، نوغۇچىلىك سۈيى بولمىغان دېھقانمۇ دېھقان بولامدۇ؟ كۆپچىلىكنىڭ نەرسىسى دېگەننىڭ ئىگىسى بولامدۇ، ئىگىسى يوق نەرسىنىڭ قەدرى بولامدۇ؟

ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان، ئاللىقانداق نەزەرىيە،

ئېزىم ـ پىېزىملاردىن ئۆز تەجرىبىسىنى ئەۋزەل بىلىدىغان بۇ ئادەملەر شۇنداق دەپ غۇلغۇلا قىلىشاتتى. قىسقىسى، 1957 ـ يىلىنىڭ باش باھارىدا كوپېراتسىيەلىشىش مەسىلىسى دېھقانلار يەۋاتقان غىزالىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، غۇلغۇلا قىلىشىدىغان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. بۇ يىلقى نورۇزمۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، ئېتىز بېشىغا داش قازان ئېسىپ كۆجە ئېشى ئېتىش، ئېگىز دەرەخلەرگە ئىلەڭگۈچ سېلىش، سورۇن تۈزۈپ چېلىشىشمۇ ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمىگەندەك ئىدى.

تىپتىنچ ئۆتكەن نورۇزدىن كېيىن ئېتىزغا چىققان دېھقانلار خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئۆز يەرلىرىنى قىرلاپ تېرىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. كوپېراتىپ ئاتخانىسىغا قارايدىغان ھېلىم ئاخۇننىڭ توسقىنىغا قارىماي 3 ـ ئەترەتتىكى ئوسمان بىلەن 1 ـ ئەترەتتىكى بىرنەچچە دېھقان ئاتلىرىنى يېتىلەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

ئارقىدىنلا 3 ـ ئەترەتتىن بىر توپ ئادەم كېلىپ ئېغىلدىكى ئۇيلىرىنى يېتىلەپ ماڭدى. ئات ـ ئۇلاغ بولغان بىلەن يەم ـ بوغۇز بولمىسا بولمايدۇ ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدىن ئارا ـ گۈرجەك، تاغارلىرىنى، ئېشەك ھارۋىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئالدىنقى يىلى كۈزدە ئورۇچە يىغقان سامان، يەم ـ خەشەك، شاخ ـ شۇمبىلارنى ئۆيلىرىگە توشۇغىلى تۇردى.

نامرات يىللىقچىنىڭ ئوغلى يۇسۇپ قولىغا كالتەك ئېلىپ كوپېراتسىيەنى بۇزماقچى بولغانلارنىڭ ئالدىنى توستى:

ـــ يەم ـ خەشەك بىلەن ئۇلاغلار كوپېراتىپنىڭ، كىم جايىغا قويۇپ قويمايدىكەن، مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن بىكار!

ـــ ئۆتەپ بارە، يالاڭتۆش! كوپېراتسىيەدە نېمەڭ بار ئىدى سېنىڭ، بۇنچىۋالا يوغان سۆزلەيدىغان! يولىنى بوشات، بولمىسا

ئۆزۈڭنىڭ مېڭىسى چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ ھېلى !

— قاراڭلار بۇنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكىنىنى، بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويىدىغان نېمىكەن بۇ.

— ھەي يۇسۇپ، تولا پۇتلاشماي ماڭقاڭنى ئېرتىپ كېلە، يۇگۇر!

— ھەرقايسىڭغا پۇتلاشقىنىم پۇتلاشقان. قانداق قىلالايتتىڭ؟ بۇ دېگەن كوپىراتىپنىڭ مۈلكى. ھېچقانداق ئادەمنىڭ كوپىراتىپنىڭ بىر تال سامىنىنى ئېلىشقا يول قويمايمەن ! جېنىمنى تىكىپ قويدۇم. قېنى كېلىشە !

توپنىڭ ئالدىدا تۇرغانلار يۇسۇپنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ ئىلگىرىلىيەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئارقىدىكىلەر باستۇرۇپ كېلىپ يۇسۇپنى دۈگجۈتۈۋەتتى. ئېگىز بوي بىر دېھقان ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پومداقلىشىپ كەتتى. ئەتراپتا تۇرغانلار يۇسۇپنىڭ ئۆتتۈر كەلگەن يېرىگە تەپكىلى تۇردى. ئېگىز بويلۇق ئادەم ئۇنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ تازا ئۇردى. بىر نەچچە ئادەم يۇسۇپ تىقىپ قويغان شوتىنى نەدىندۇر تېپىپ كېلىپ، ئۆگزىدىكى شاخ - شۇمبا، يەم - بوغۇزلارنى ھويلىغا تاشلىغىلى تۇردى. يەنە بىرنەچچەيلەن كەتمەننىڭ چۈلدىسى بىلەن ئىغىلنىڭ قۇلۇپىنى چېقىۋاتقاندا، ياش ئامبارچى يىگىت كەتمەن، ئارا، باداڭلارنى كۆتۈرگەن بەكرى ئاخۇن، تاش ئاخۇن قاتارلىق ئاكتىپلارنى باشلاپ كېلىپ قالدى. ئۇلار ئۆتتۈر كەلگەننى ئۇرۇپ يىقىتىپ، ئۆگزىدىكى ئىككى ئادەمنى سۆرەپ چۈشتى. ئاڭغىچە ھويلىدا تۇرغانلارمۇ، يىقىلىپ ياتقانلارمۇ ئالла - توۋا كۆتۈرۈشۈپ تالاغا قاراپ قاچتى. ئاكتىپلار ئېگىز بويلۇق ئادەم بىلەن ئۆگزىدىن تارتىپ چۈشكەن ئىككى ئادەمنى بولدى دېگۈچە ئۇرۇپ، ئېشەك ھارۋىسىغا سېلىپ، ئىككى ئايالنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆيلىرىگە ئەۋەتىۋەتتى، ئىش شۇنىڭ بىلەن بېسىققاندەك بولدى. بىردەمدىلا كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشتى.

يۈز ـ كۆزلىرى كۆكىرىپ ئىششىپ چىققان يۈسۈپ ئىشنىڭ تېخى ئاياغلاشمىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ تامنى تۇتۇپ ئاقساپ ماڭغىنىچە سىرتقا چىقىپ ئەتراپنى كۆزەتتى. چوڭ دەرۋازىنى دەم سىلىپ تاقاپ، هويلىغا ئىككى كۆزەتچى قويىدى. قالغانلار ئۆيدە ئوچاق ئالدىدا خېلىغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

تاڭ سەھەردە، شەرق تەرەپ خىرە ـ شىرە يورۇپ، يىراق ـ يېقىندىكى خورازلار بەس ـ بەستە چىللاشقا باشلىغاندا، باشلانغۇچ مەكتەپنى يېقىندا پۈتكۈزگەن ساۋۇت ئىسىملىك ئۇزۇن پاچاق يىگىت ئىشىكنى يەم بىلەن ئېچىپ سىرتقا چىقتى. ئۇ تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئەتراپقا قاراپ، ئادەم قارىسىنى كۆرمىگەندىن كېيىن جەرەندەك تېز ـ تېز مېڭىپ توغراقلىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىنچىكە بويى ئاغىچا دۆڭدە بىر كۆرۈنۈپ غايىب بولدى ـ دە، كېيىن قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئاقىرىپ كۆرۈنىدىغان هارۋا يولىدا يەنە پەيدا بولدى. يىراقتىن قارىغاندا، ئېگىز، ئىنچىكە بوي، يوغان تۇماق كىيىۋالغان ساۋۇت خۇددى ياز كۈنلىرى قومۇشلۇقتا پەيدا بولۇپ قالىدىغان، دېھقانلار «ئۇزۇن پاچاق» دەپ ئاتايدىغان قۇشقا ئوخشايتتى. ئۇزۇن پاچاق ساۋۇت ئەينى يىللاردىكى ئاكا ـ ئۇكا شاتىرلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى.

چۈشكە يېقىن يەردىن ئۇنىگەندەكلا پەيدا بولغان 50 ـ 40 ئادەم ئەترەت هويلىسى ئالدىغا توپلاشتى. هەممىسىنىڭ قولىدا كەتمەن، ئورغاق، پالتا ـ پىچاق، دۇمبا دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇلار هويلا ئىشىكىنى بۇزغىلى تۇرغاندا، ئاكتىپلاردىن بىرنەچچىسى تامدىن ئاتلاپ قېچىپ كېتىشتى. قالغانلىرى ئۆگزىگە چىقىۋېلىشتى. ئۇلار قوللىرىغا بادرا ئېلىپ بادرىنىڭ ئۇچىغا ئورغاق ياكى پىچاق بېكىتىپ، «قېنى كېلىشە، ئەركەك بولساڭ كەل، جەڭگە يارىساڭ كەل!» دەپ هۇجۇمچىلارغا هەيۋە قىلىپ تۇردى. هويلىغا بېسىپ كىرگەنلەر تام تۈۋىگە يېقىن

كېلىشتىن قورقۇپ، بىر جايغا توپلىشىپ خېلى ئۇزاق تۇرۇشتى. دىۋىدەك قامەتلىك تاش ئاخۇننىڭ ئۆزىلا ئۇلارنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇنداق تۇرۇۋېرىشمۇ ئىش ئەمەس ئىدى، ئىتتىز ـ ئىرىقتا، ئۆيلىرىدە ئۇلارنى نۇرغۇن ئىشلار كۈتۈپ تۇراتتى. بەزىلىرى بىردىن ـ ئىككىدىن غىپپىدە كېتىپ قېلىشتى. نامازشامغا يېقىنلاشقاندا ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم قالمىدى. ئۆگزىدىكىلەر چۈشۈپ ئوچاققا ئوت قالاپ غىزا ئېتىپ يەپ قورساقلىرىنى توقلاشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەترەت ئىشخانىسى ئالدىغا يەنە بىر تۈركۈم ئادەم يىغىلدى. ئۇلار ئالدىنقى كۈندىكىدىن ئازراق بولسىمۇ، پەيلى يامان ئىدى. دۈمبا، پالتىلىرىنى شىلتىپ:

— كومپارتىيە ئەركىنلىكىمىزنى قولىمىزغا بەرگەن، ھەرقايسىڭنىڭ بىزنى توسىدىغانغا ھەددىڭ ئەمەس!

— قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز! ئادەم ئۇرغانلارنىڭ خامىرىنى يارىمىز!

— نوچى بولساڭ خوتۇن كىشىدەك ئۆگزىگە مۆكۈۋالماي، مەيدانغا چۈشمەمسەن! — دەپ ۋارقىرىشاتتى. ئۆگزىدىكىلەرمۇ تىغمۇتىغ تۇرۇپ، پەستىكىلەرنى:

— پومېشچىك، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ غالچىلىرى، سوتسىيالىزمنىڭ دۈشمەنلىرى، قاراپ تۇرۇش، ھەرقايسىڭ جاجاڭنى يېمەي قالمايسەن، — دەپ تىللىشاتتى. ھۇجۇمچىلار نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقماقچى بولغان بولسىمۇ، چىقالمىدى. ئۆگزىگە بىردەم تاش، كېسەكمۇ ئېتىپ بېقىشتى. ئاخىر يەنە تىللاپ ـ تىللاپ، قازا بولغان نامازلىرىنى ئوقۇۋېلىش، ئوسسى ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يەرلىرىنى تېرىۋېلىش ئۈچۈن كېتىپ قېلىشتى. يولدا ئۇلارغا يۈسۈپنىڭ قېيىنئاتىسى ئۇچراپ قالدى. ئۇ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى جاڭگالدا قوي بېقىپ يالغۇز ياشايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ تونۇش ـ بىلىشلىرىگە كۈلۈپ

سالام قىلدى. ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالمىغانلىقىغا ھەيران قېلىپ:

— ھەي خەق، نېمە بولدى ھەرقايسىڭغا؟ يا مەن بىر نېمە قىلدىممۇ، نېمىشقا سالىمىنى ئىلىك ئېلىشمايسەن؟ — دەپ توۋلىدى.

ئىش شۇنىڭ بىلەن بۇزۇلدى. ئاچچىقىنى كىمدىن ئېلىشنى بىلمەي تۇرغان كىشىلەر «ھە مانا، مۇشۇنداق بولدى !» دېيىشىپ، ئۇنى ئېشەكتىن يىقىتىپ، بىرنەچچىنى سېلىپ، ئۇيان ـ بۇيان دۆشكەلىگىلى تۇردى. قويچى بوۋاي ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىدى ـ دە، قىزىقچىلىق قىلىپ:

— ھوي ـ ھوي بالىلار، نېمە بولدۇڭلار؟ ساراڭ بولۇپ قالدىڭلارمۇ؟ شامال دارىپ قالمىغاندۇ؟ — دەپ كۈلدى. چاپىنىنىڭ توپىسىنى قاققان بولۇپ، ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ:

— مەن كېتىۋالاي جۇمۇ. كىچىك ۋاقتىمدا بىر ساراڭ مېنى قوغلاپ ئۇرۇپ كەتكەن، قورقۇپ كەتكىنىمدىن ئاغزى ـ بۇرنۇمغا قوقاق چىقىپ كېتىپ ئۈچ ئاي ياتقانىدىم. شۇنىڭدىن تارتىپ ئالدىمغا بىرى يۈگۈرۈپ كەلسە، يا ئۇنلۇكرەك گەپ قىلسا قورقىمەن. مەن كېتىۋالاي جۇمۇ ئۇكىلىرىم، كېتىۋالاي، — دېگىنىچە ئېشىكىنى تۇتۇپ مىنىپ، ئۆزىنى قورشىۋالغانلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىپ قالدى.

ئۇزۇن پاچاق ساۋۇت يولغا چىقىپ كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن رايوندىن ھەربىي ۋە ساقچىلارنى باشلاپ كەلدى. رايوندا يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان نەمەت بىلەن ئابدۇغېنى ئاخۇنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەنىدى. ھەربىيلەر كېلىپلا ئاكتىپلارنى يىغىپ كېچىلەپ مەجلىس ئاچتى. ئاكتىپلار توغراقلىقتا يېقىنىدىن بۇيان يۈز بەرگەن ئىشلارنى، كىملەرنىڭ كوپېراتسىيەنى چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلمىغانلىقى، كىملەر

خەلقنى قۇترىتىپ كوپىراتسىيەنى چۇۋۇماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ دوكلات قىلىشتى. ئەتىسىدىن تارتىپ قارشى تەرەپتىكىلەرمۇ ئىككى ـ ئۈچتىن، گاھىدا توپلىشىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كوپىراتسىيەگە كىرمەسلىكتىكى باھانە ـ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ، يەر، چارۋا، يەم ـ خەشەكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھەربىيلەر ئۇلارنى ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئالدىغا كۆرۈشكىدا قايناقسۇ قويۇپ بېرىپ، سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىدا مەھەللە سىرتىدىكى ئوچۇقچىلىقتا مەشكە دەسسەشنى، قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلدى ياكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ سۇ توشۇپ، ھويلا ـ ئاراملىرىنى سۈپۈرۈپ، ئېغىلدىن قىغ چىقىرىشىپ بەرگەچ، ئۇلارغا كوپىراتسىيەلىشىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلدى. ئۇلار قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلىۋاتقاندا دېھقانلار بىر چەتكە ئولىشىۋېلىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. «ئاۋۇ مەرگەن ئىكەن، ماۋۇ ئاتالمايدىكەن» دېيىشىپ ئۇلارغا باھا بېرىشەتتى.

بىرنەچچە كۈنگە قالماي كوپىراتسىيەدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ يۈرگەن بىر قىسىم كىشىلەر نىيىتىدىن يېنىپ، ئاكتىپ دېھقانلارغا ئەگىشىپ ئۇيچە ئەمگەككە قاتنىشىپ كەتتى. ئىككىلىنىپ قالغان كىشىلەرمۇ جېدەلخورلاردىن ئۆزىنى تارتىپ يۈرىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئاخىر ھەربىي ـ ساقچىلار ۋە رايون باشلىقلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئېچىلغان چوڭ يىغىندا كوپىراتسىيەدىن چىقىپ كېتىمىز دەيدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ھەتتا ئەڭ جاھىللىرىمۇ گەپ قىلىشقا پېتىنالماي ئىچىگە تىنىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى. شۇنداق قىلىپ توغراقلىقتا ئالىي كوپىراتىپ رەسمىي قۇرۇلدى. نەمەت كوپىراتىپ مۇدىرى بولدى. يۇسۇپ بىلەن ئابدۇغېنى ئاخۇن مۇئاۋىن مۇدىر، ھېمىت ئاخۇن كاتىپ، ئۇزۇن پاچاق ساۋۇت پوچتىكەش ھەم ئالاقچى

بولدى. كوپېراتىپ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ناھىيەدىن كەلگەن ئارتىسلار توغىراقلىقتا ئىككى ئاخشام ئويۇن قويدى، ئارقىدىن رايوننىڭ كىنوچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «چاپايېۋ» ناملىق كىنونى توغراقلىقتا ئېلىپ كەلدى. كىنو قويۇلىدىغان ئاخشىمى دېھقانلار يۇمىلاق بازارغا بالدۇرلا يىغىلىشقا باشلىدى. ئۇلار بۇرۇتلۇق كىنوچى ئاشلىق پونكىتىنىڭ تېمىغا تارتىپ قويغان ئاق لاتىغا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىن ھەر خىل قىزىقچىلىقلار چىقىدىغان سېھىرلىك ماشىنىسىغا ئەجەبلىنىپ قارىشاتتى. كىنو باشلىنىشى بىلەنلا كىشىلەرنى جەلپ قىلىۋالدى. بۇ كۆپ قىسىم توغىراقلىقلار كۆرگەن تۇنجى ھەقىقىي كىنو ئىدى. ئۇلار ئىلگىرى كۆرگەن پاختا تېرىۋاتقان قىرقىم چاچ ئاياللار، بىنالار، زاۋۇتلار چىقىدىغان كىنولارغا ئوخشىمايتتى. يوغان ئۆتۈك، قولاقچا، جۇۋا كىيگەن، مىلتىق ئاسقان ئادەملەر ئۇيانىدىن بۇيانغا ماڭاتتى، قوپال ئاۋازدا ۋارقىرىشىپ سۆزلىشەتتى، ھاراق ئىچىپ، ناخشا ئېيتىشاتتى، ئۇسسۇل ئويناشاتتى، دېھقانلار بۇ كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ توختىماي كۈلۈشەتتى، كىنودىكى ۋەقەلىك بارغانسېرى جىددىيلىشىپ، قانلىق جەڭ مەيدانى كۆرۈندى. ئاتلىق ئەسكەرلەر چېپىپ كېتىۋاتقاندا، مۆكۈنۈپ ياتقان دۈشمەنلەر ئوق ئېتىپ، ئۇلارنى ئاتلىرىدىن دومىلىتىۋېتەتتى. ھەر قېتىم بىر ئەسكەر ياكى ئات يىقىلسا كىنو كۆرۈۋاتقانلار: «ئاپلا ! ئەجەب يىقىلدى ـ ھە!»، «ۋاي ئىسىت، ئەجەب ئېسىل ئات ئىكەن، مېنىڭ بولۇپ قالسىچۇ» دېيىشىپ كېتەتتى. ئاياللارمۇ چىدىماي «ۋاي ئانام، قانداق قىلاي» دەپ باشلىرىنى يۇركۇۋېلىشاتتى.

ئاتلىقلارنىڭ ئىچىدىكى بۇرۇتلۇق، ئاچچىقى ھەممىدىن يامان كەلگىنى نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئېتىنى دۈشمەن تەرەپكە قاراپ چاپتۇردى، قالغانلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ۋارقىشىپ، قىلىچلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ

ئالغا ئاتلاندى. ئېكراننىڭ ئالدى تەرىپىدىن قارىغاندا ئاتلىقلار خۇددى كىنو كۆرۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ باش ئۇستىگە چىپىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئالدىدا ئولتۇرغانلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. كۆرۈنۈش تېخىمۇ چوڭىيىپ، تېز چېپىۋاتقان ئاتلارنىڭ پۇتلىرى ئېكراندىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. يۇرەكسىزرەك بىرى: «خالايىق، قېچىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى، ھەممە ئادەم گويا شۇ گەپنىلا كۈتۈپ ئولتۇرغاندەك، ئالدى ــ كەينىگە قارىماي پاتىراقلىشىپ قېچىشتى. قېچىپ خېلى يەرگە بارغاندا كەينىلىرىگە قارىشىپ، ئارقىسىدىن ھېچكىم قوغلاپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىردىن ــ ئىككىدىن ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېلىشتى.

كىنو ئۇدا يەتتە ئاخشام قويۇلدى. ھەر ئاخشىمى يۇمىلاق بازارغا ئادەم پاتماي قالاتتى. ئادەملەر دەرەخلەرگە، مەسچىتنىڭ، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە چىقىۋېلىشاتتى. بىر ئاخشىمى ئادەم كۆپ چىقىۋالغان بىر ئۆي گۇلدۇر ــ غالاپ قىلىپ ئۆرۈلۈپ، كىنو كۆرۈۋاتقانلارنى چاڭ ــ توزانغا پۇركىدى. يىقىلىپ چۈشكەنلەر، يارىلانغانلارمۇ چاڭ ــ توزان ئارىسىدىن ئۈمىلەپ قوپۇپ كىنونى ئاخىرىغىچە كۆرۈشتى. توغراقلىقلار كىنودىكى ئادەم ۋە ئىشلارنى، ئۆزلىرىنىڭ كىنودىكى ئاتلىقلاردىن قورقۇپ قانداق قاچقانلىرىنى، كىنو كۆرىمىز دەپ ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، ئۆيلەرنى ئۆرۈۋەتكەنلىكىنى ئۇزاق يىللارغىچە سۆزلىشىپ كۈلۈشۈپ يۈرۈشتى.

# ئون ئۈچىنچى باب

ئالتۇنگۈل زىلۇا بوي، ئاق سېرىق، سىزىپ قويغاندەك قاشلىرى ئاستىدىكى يېشىلغا مايىل چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىنى ئۇزۇن، ئەگمەچ كىرپىكلەر ئوراپ تۇرىدىغان، قاڭشارلىق كەلگەن چوكان ئىدى. گەپ قىلغاندا، بولۇپمۇ كۈلگەندە ئاغزىنىڭ سەل يوغانلىقى بىلەن ئىككى تەرىپىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان «ئوغرى چىشى» چىرايىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس بۇزۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خېلىلا چىرايلىقلاردىن ھېسابلىناتتى. بولۇپمۇ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ناز ـ كەرەشمە بىلەن تولغىنىپ گەپ قىلىشلىرى ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى. ئانىسى بۇخېلىچىخان كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇنىڭغا: «ئوتتۇنچىدەك گۆش ـ گۆش دەسسەپ ماڭماي، قەدەمنى كىچىك ئېلىپ، بەدىنىڭنى ئوينىتىپ ماڭ، كۈلگەندە قولۇڭنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىڭنى توسۇۋال» دەپ ئۆگىتەتتى، ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاپ، ھەممە جەھەتتە ئانىسىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقتى. بولۇپمۇ توي ئىشىدا ئانىسىنى بەك رازى قىلدى. بىراق، ئالتۇنگۈل توي ئاخشىمىلا ئۆزىنىڭ بەخت ۋە مۇھەببەتتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. نەمەت خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئۇ ئۇنىڭ چىقارماي ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ يىغلىدى. ئۇ كۈندۈزى چىرايلىق ياسىنىپ، چاندۇرماي كۈلۈپ يۈرەتتى. ئەمما، كېچە ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاخ ئىدى. نەمەتنىڭ قىزغۇچ، پۇرلىشىپ كەتكەن ساقالسىز چىرايى، دۆڭ پېشانىسى

ئاستىدىن كىشىگە بىگىز دەك قارايدىغاق چوڭقۇر كۆزلىرى، چىلىق يۇمۇلغان قانسىز لەۋلىرى ئۇنى قورقۇتاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بەدىنى ھەتتا كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن چىقىپ تۇرىدىغان ئېغىلىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدىغان بىر خىل پۇراق ئۇنى سەسكەندۈرەتتى. بۇ چىرايىنى كۆرمەسلىككە، بۇ پۇراقتىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئۇنىڭ ئامالى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنى كۈندىن ـ كۈنگە سولۇپ، روھسىزلىنىپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئانىسى كۈيۈ ئوغلى نەمەتنى كۆرسە ئېچىلىپ ـ يايراپ، ياش چوكانلاردەك خۇلق چىقىرىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ بىلەن تۇمشۇق تىرىشىپ سائەتلەپ كۇسۇلدىشىپ ئولتۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا ئالتۇنگۈل نەمەتكە ئەسلىي ئانامنىڭ كۆڭلى بارمىدىكىن؟ دەپ ئويلاپ، كۆڭلى غەش بولاتتى.

ئالتۇنگۈل بىركۈنى يۇمىلاق بازاردىكى دۇكانغا كېتىپ بېرىپ، بازاردىن قايتقان توختى قارىي بىلەن زەينەپنى ئۇچراتتى. ئاق يۈزلۈك، قارا قاش، قارا كۆز، قويۇق بۇرۇتلىرى ئۆزىگە يارىشىپ تۇرغان توختى قارىي ھېلى قۇچىقىدىكى قىزىنى ئەركىلەتسە، ھېلى زەينەپكە ئامراقلىق بىلەن بىرنەرسىلەرنى دەيتتى. زەينەپ قېيىدىغاندەك قاپاقلىرىنى سۈزەتتى ـ يۇ، چىدىيالماي يەنە كۈلۈپ سالاتتى. توختى قارىي بالىنى سايە قىلىپ تۇرۇپ زەينەپنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىدى. زەينەپ قىپقىزىل بولۇپ، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كۈلدى. شۇ چاغدا ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئالتۇنگۈلنى كۆرۈپ قېلىپ ئىزا تارتتى بولغاي، رومىلىنى ئوڭشىغان بولۇپ يانغا قارىۋالدى. ئالتۇنگۈل تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ، توختى قارىيغا كۈلۈمسىرەپ سالام قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

توختى قارىي بىلەن زەينەپ ئالتۇنگۈلنى شۇ ھامان ئەسلىرىدىن چىقىرىۋېتىشتى. لېكىن، ئالتۇنگۈل خىلى خىلىغا

كەلگەن بۇ بىر جۈپ ياش ئەر ـ خوتۇننى خېلى كۆڭۈلدىكىچە خىيالىدىن نېرى قىلالمىدى. ئۇ ئەقلىنى بىلگۈدەك بولغان چاغلىرىدىن تارتىپ، چوڭ بولغاندا توختى قارىيغا ياتلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. پاكىز، مۇلايىم، مېھرى ئىسسىق بۇ يىگىتتە توغراقلىقلاردا تېپىلمايدىغان قانداقتۇر ئالاھىدىلىكلەر بار ئىدى. ئۆزى گەرچە ئانىسىنىڭ رايى بويىچە نەمەتكە تەگكەن بولسىمۇ، توختى قارىينىڭ زەينەپنى ئالغانلىقىنى ئاڭلىغاندا: «پومېشچىكنىڭ قىزىنىڭ ئەجەب تەلىيى كەپتا» دەپ چىدىماي قالغانىدى. بۇگۈنكى بۇ ئۇچرىشىش ئۇنىڭ قەلبىدە كۆمۈلۈپ قالغان ئوت ئۇچقۇنلىرىنى بىراقلا يېلىنجىتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ توختى قارىينى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئاخشىمى ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئېغىل ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان نەمەتنىڭ يېنىدا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ يېتىپ، توختى قارىينىڭ قاپقارا، قويۇق بۇرۇتى ئاستىدىكى لەۋلىرىنى، سەل مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۈلۈمسىرەپ قاراشلىرىنى، ئاچىسىنىڭ تويىدا ئۇنىڭ بىلەن بېقىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغانلىقىنى، ئانىسى ۋە ئاچىلىرىدىن يوشۇرۇنچە قىزىلگۈل شېخىغا قونۇپ تۇرغان بۇلبۇلنىڭ كۆرۈنۈشىنى كەشتىلەپ، ئەتراپىغا تور توقۇپ تەييارلىغان شايى ياغلىقنى توختى قارىيغا بېرەلمەي قانچىلىك ئاۋارە بولغانلىقىنى ئاجايىپ ئىشتىياق ۋە ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئويلاپ كەتتى. ئويلىغانچە ئۇيقۇسى قېچىپ، ئۇيانىدىن بۇيانغا ئۆرۈلۈپ، تولغىنىپ، تاڭنىڭ قانداق يورۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى.

ئالتۇنگۈلنىڭ يېنىدا ياتقان نەمەت ئۇنىڭ توختىماي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشلىرى ۋە ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈشلىرىنى سەزمەي قالمىدى. ئۇ ئالتۇنگۈلنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن بەكرەك چۈشىنەتتى. ئۇلار بىر مەھەللىدە چوڭ بولدى. كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ ئالتۇنگۈل نەمەتكە نەزەر ـ كۆزىنى سېلىپ قويمايتتى. سەل

چوڭ بولغاندىمۇ ئۇنىڭدىن قېچىپمۇ يۈرمەيتتى. ئەمما، بىچارە ئەمەتنىڭ كۆڭلىدە ئالتۇنگۈل بۇ دۇنياغا گويا ئۆزى ئۇچۇنلا يارالغاندەك بىر خىل تۇيغۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ياراتمايدىغانلىقىنى، ئالتۇنگۈلنىڭ ئانىسىنىڭ ئۇنى ۋىلاخۇنباينىڭ ئوغۇللىرىغا سايە قىلىپ يۈرگىنىنى بىلسىمۇ، ئۇنى كۆڭلىدىن چىقىرالمايتتى. دائىم يوللاردىن، بازاردىن، ئېتىزدىن ئالتۇنگۈلنىڭ چىرايلىق بويلىرىنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ ناز ـ كەرەشمىلىك ئاۋازى، كۈلكىسىنى قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاڭلايتتى. ئالتۇنگۈل يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «قۇماقباش تاز، نېرى تۇرە!» دەپ ئىتتىرىۋەتسىمۇ، ئۇنىڭ بەدەنلىرى هاياجاندىن تىترەيتتى. ئۇ ئالتۇنگۈلنىڭ ئارقىسىدا تەلمۈرۈپ يۈرۈپ ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئاشىق بىچارە ئىكەنلىكىنى، ئۇ توختى قارىينىڭ ئوتىدا هەرقانچە كۆيۈپ پىشسىمۇ، توختى قارىينىڭ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدى. ئۇ ئىچىدە «خەپ توختاپتۇر، هامان بىركۈنى ئالىقىنىمغا چۈشىسەنغۇ» دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ قۇماق بېشى خىلمۇخىل پىلان، هىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. 1950 ـ يىللاردا توغراقلىقتا يۈز بەرگەن ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. ئۇ ئېزىلگەن، خارلانغان نامرات دېھقانلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىچىكىدە ۋىلاخۇنباينىڭ نەۋرىسى بىلەن چېلىشىپ ئويناندا سۇنۇپ كەتكەن قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋىلاخۇنباي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئۈستىدىن يىغلاپ تۇرۇپ شىكايەت قىلدى. چوڭ يىغىنلاردا ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە شوئار توۋلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ توغراقلىقلا ئەمەس، رايون، ناھىيە بويىچە هەممىگە تونۇلدى. خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ يۈرۈپ رايون، ناھىيەلەردە ئېچىلغان مۇهىم يىغىنلارغا قاتناشتۇراتتى،

ئۆزىنىڭغا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تاپشۇراتتى. ئۇ توغراقلىقتىكى تۇنجى كومپارتىيە ئەزاسى، توغراقلىق يېزىسىنىڭ تۇنجى باشلىقى، توغراقلىقتا قۇرۇلغان ئالىي كوپېراتىپنىڭ مۇدىرى بولدى. ئۇ ئەمدى توغراقلىقتىكى ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۇيان - بۇيان قىلالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىدى.

شۇ كۈنلەردە ئۇ ئالتۇنگۈلنىڭ ئۆزىگە باشقىچە قىزىقىپ قارايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتى. يەرنىڭ تېگىدە مىدىرلىغان يىلاننىڭ تىۋىشىنى سېزەلەيدىغان بۇخېلىچىخان ئۇنى ئۆزى ئىزدەپ كېلىپ ئالتۇنگۈلنى ئۇنىڭغا بېرىش ئويى بارلىقىنى پۇراتقانمۇ بولدى. نەمەت خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى چاندۇرماي، باشقا گەپلەرنى قىلىپ ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك ئولتۇردى. بۇخېلىچىخان: «بېشىڭنى يەيدىغان تاز، نېمەڭگە ھال تارتىسەن، خەپ توختاپ تۇر...» دەپ ئىچىدە مىڭنى تىللاپ، ئىككىنچى قېتىمدا قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى.

پارقىراپ تۇرىدىغان شايتۇل چېچەكلىك رەڭلىك تاۋار كۆڭلەك، قارا جىلىتكە، مارجان دوپپا كىيگەن ئالتۇنگۈل ئەگمەچ كىرپىكلەر بىلەن ئورالغان چولپان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۆزىگە ھەيرانلىق ۋە ھەۋەس بىلەن تىكىلگەندە، نەمەتنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى. دېمىسىمۇ، بۇ دۇنيادا ھېچ نەرسە ئۇنى ئالتۇنگۈلدەك خۇش قىلالمايتتى. بىراق، توي كېچىسى ئالتۇنگۈل ھەدەپ ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى. ئەتىسىدىن باشلاپ «مىجەزىم يوق...» دەپ ئايرىم ئۆيدە يېتىۋالدى. بۇخېلىچىخان كېلىپ ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر نېمىلەرنى ئىچۈرۈپ، گاھ ھەيۋە قىلىپ، گاھ ئالداپ ئەيۋەشكە كەلتۈرگەنمۇ بولدى. لېكىن، ئالتۇنگۈل يوتقاندا مۇزدەك سوغۇق ھالەتتە ياتاتتى، تۇمشۇقلىرىنى ئېلىپ قېچىپ، تەتۈر قاراپ ئۇنى غەزەپ ۋە رەشك ئوتىدا ياندۇراتتى. ئاشۇ تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز كۆڭۈلسىزلىكتىنمىكىن ياكى

باشقا سەۋەب بارمىكىن، ئالتۇنگۈل تا هازىرغىچە قورساق كۆتۈرمىدى. نەمەتنىڭ كۆڭلىدىكى غايىۋانە مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى بارا ـ بارا گۇمان، نارازىلىق ۋە غەزەپ ئىگىلەشكە باشلىدى. ئالتۇنگۈل قانچىلىك نېمە ئىدى ! ئۇ خالىسىلا، ئالتۇنگۈلنىڭ كەشىنى بىر كۈندىلا توغرىلاپ، ئۆزى خالىغاننى چېكىپ تالالاپ، تۇرۇپ ئالالايدۇ. ئۇلا نىيىتىنى بۇزسا، توغراقلىقتىكى ھەرقانداق قىز ـ چوكان ئۇنىڭ ئالدىنىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ دېگەن كىم ـ ھە؟

توغراقلىقتا ئەزەلدىن ئۇنىڭدەك ھەممە ئادەمنى ئاغزىغا قاراتقان، دېگىنى دېگەن، ئەتكىنى ئەتكەن بولىدىغان يەنە بىر مەنسەپدار ئۆتكەن ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆتمەيدۇ. بۇنى نەمەتنىڭ چوڭ دادىسى قۇربان باخشى ئالدىنئالا پال سېلىپ بىلىۋالغان. 90 ياشقا كىرگەن چېغىدا، بىر كۈنى كېلىنىنىڭ بېشىنى يارا بېسىپ كەتكەن بىچارە نەمەتنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ھاي ـ ھاي، كېلىن، كىمنى ئۇرۇۋاتقىنىڭنى بىلەمسىز؟ مۇشۇ ئاجىز بالىڭىز چوڭ بولغاندا يۇرتنى تىترىتىدىغان كاتتا ئادەم بولىدۇ، سىز ئۇنىڭ ئانىسى، ئۇنىڭغا ھەرگىز يامان كۆزدە قارىغۇچى بولماڭ !» دېگەنىدى. پال دېگەن شۇنداقمۇ توغرا چىقامدىغان ! ئۇنىڭ چوڭ دادىسى قۇربان باخشى ھەقىقەتەن كارامەت ئادەم ئىدى. ئىلىشىپ قالغان كىشىلەرنى پېرە ئوينىتىپ ساقايتالايتتى. ئۇ باخشىلىقمۇ، پالچىلىقمۇ، تېۋىپلىقمۇ قىلالايتتى. لېكىن، ئەزەلدىن كىشىلەردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلمايتتى. بەرسە ھەشقاللا دەپ ئالاتتى. ئاغرىپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ داۋالايتتى. دادىسىدىن كىچىك قالغان نەمەت چوڭ دادىسىغا بەك ئامراق ئىدى. ئۇ بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ پەگاھتا تۇگۇلۇپ ئولتۇراتتى. بىرەر ئىشقا بۇيرۇغان ھامان سەكرەپ قوپۇپ، بۇيرۇغان ئىشنى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئادا قىلاتتى. ئۇ

تەڭتۇشلىرى بىلەن ئويناش، ئادەم كۆپ يەرگە بېرىش بەختىدىن مەھرۇم ئىدى. ئۇنى چوڭ ئادەملەرمۇ، ئۇششاق باللارمۇ، ھەتتا قۇرت ـ قوڭغۇز، ھاشاراتلارمۇ بوزەك قىلاتتى. ئۇ سەل چوڭ بولغاندا، چوڭ دادىسى ئۇنىڭ بېشىنى يارىلىرى بىلەن قوشۇپ چۈشۈرۈۋېتىپ، بېشىغا ئۇندەك يۇمشاق، ئەمما ناھايىتى سېسىق بىر دارىنى سىپىپ، پاكىز ماتا بىلەن چىڭ تېڭىۋەتتى. دەسلەپكى بىر ـ ئىككى كۈندە بېشى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقاندەك ئۆرتىنىپ، ئىككى كۆزى چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ، كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. ئۈچىنچى كۈندىن باشلاپ، ئاغرىق چىداپ تۇرغۇسىز قىچىشىشقا ئايلاندى. ئۇ شۇنچە ئازابلارغا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ بەرداشلىق بەردى. نورمال ئادەم بولۇپ ياشاش ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى. بۇ ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن بەدەل تۆلىمىسە بولمايتتى. ئۇنىڭ يارىسى ساقايدى. بىراق، ئۇ چاچلىرىدىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بېشى مىس قازاندەك قىزغۇچ پارقىراپ تۇراتتى، نەمەت بۇنىڭغىمۇ رازى بولدى. تۇماقنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، بېلىنى مەھكەم باغلاپ، نەدە ئادەم كۆپ بولسا شۇ يەرگە بېرىپ، تەڭتۇشلىرىنىڭ قاتارىدىن قالماي يۈرىدىغان بولدى.

نەمەتنىڭ دادىسى ئۇ كىچىك چاغلىرىدىلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. نەمەت 13 ياشقا كىرگەن يىلى چوڭ دادىسىمۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئانىسى غەلىتە مىجەزرەك، ئاچچىقى يامان ئايال ئىدى. چاچلىرىنى سالۋۇرىتىپ يىرتىق، ساڭگىل ـ سۇڭگۇل كىيىملەرنى كىيىپ باللىرىغا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۈرەتتى. قېيىنئاتىسىدىن ئۆگىنىۋالغان يېرىم ـ يارتا ھۈنىرىگە تايىنىپ، بەزى نادان ئاياللار بىلەن ئامالسىز قالغان بىچارىلەرنى ئالداپ ناھايىتى تەستە كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئايشىخان باخشىدىن تارتىپ ئەۋلادمۇئەۋلاد باخشىلىق، تېۋىپلىق قىلىپ كەلگەن بۇ جەمەتنىڭ ئاتا كەسپى نەمەتكە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالدى. نەمەت

كومپارتىيەنىڭ بۇنداق ئىشلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، كىشىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ھەققىدە گەپ ئېچىپ قىلىشىدىن ھەزەر ئەيلەيتتى، ئانىسىنىمۇ دەم سېلىش، ئوت كۆچۈرۈشتەك ئىشلاردىنمۇ توسۇپ، ئۇنىڭغا ئايمۇئاي ئۇن ـ ياغ، ئوتۇن يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

ئۇ 1957 ـ يىلى ئەتىيازدا ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدە ئۇچ ئاي ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن ئاكتىپلارنى 15 كۈنلۈك ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. ھەر ئاخشىمى قارا چىراغ يورۇقىدا، ئۇ پارتىيە مەكتىپىدىن ئېلىپ كەلگەن بىر باغلام ماتېرىيالنى ھېمىت ئاخۇن كۆپچىلىككە ئوقۇپ بېرەتتى. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن نەمەت ئۆزى بىلگەنچە چۈشەندۈرەتتى. ئارقىدىن ھەممەيلەن غۇلغۇلا قىلىشاتتى. بىر كۈنى نەمەت سۆزلەۋېتىپ ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن:

— مەن سىلەرگە دەپ قوياي، خۇدا دېگەننى، دوزاخ، جەننەت دېگەننى ئەزەلدىن ھېچكىم كۆرمىگەن. ئۇ پەقەتلا ئەزگۈچىلەر بىلەن ئالدامچى موللىلارنىڭ خەلقنى ئالداش ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان ھىيلىسى. ئىشەنمەيدىغانلار بولسا، قېنى خۇدانى كىم كۆرۈپتۇ؟ دوزاخ، جەننەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلگەنلەر بارمىكەن؟ جەننەت دېگەن كوممۇنىزمنىڭ ئۆزى شۇ. بىز ئۇنى ئۆز قولىمىز بىلەن قۇرىمىز. بىزنىڭ كومپارتىيە بار نەرسىگە ئىشىنىدۇ، يوق، خىيالىي نەرسىگە ئىشەنمەيدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى، ئاكتىپلار كونىلىقتىن، خۇراپاتلىقتىن چەك ـ چېگرا ئاجراتمىساق بولمايدۇ. قېنى قايسىڭلار ماڭا ئەگىشىپ خۇدا يوق دېيەلەيسىلەر؟ — دېدى.

ئولتۇرغانلار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، ئوغرىلىقچە بىر ـ بىرىگە قاراشتى. بەزىلىرى قورقۇنچتىن تىترەپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى، ھەتتا يۈسۈپمۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم ئولتۇرۇۋالدى.

رايوندىن كەلگەن كادىر نەمەتنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنى رايوندىن چاقىرتىپ، سولچىللىق، ئالدىراڭغۇلۇق قىلدىڭ، دەپ تەنقىدلەپتۇ، دېگەن گەپلەر تارقىلىپ كەتتى. نەمەت شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق گەپلەرنى قىلمايدىغان بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى بىر نەچچە كۈنگە قالماي رايون، ناھىيە بويىچە ھەممە ئادەمگە پۇر بولۇپ كەتتى. بەزىلەر ئۇنى ماختىدى، بەزىلەر ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قورقىدىغان بولۇپ قېلىشتى. كۆپ سانلىق كىشىلەر ياقىسىنى چىشلەپ سۈكۈت قىلدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نەمەت تېخىمۇ داڭدار ئادەم بولۇپ كەتتى. شۇنىڭغا يارىشا روھلىنىپ، ئاز - تولا سەمرىپ، رەڭ تۇزۇپ قالدى. بۇغىلىچىخانىنىڭ قولىقىغا قويۇپ تۇرۇشى بىلەن ئالتۇنگۈل توختىماي نەمەتكە ھەم ئۆزىگە يېڭى كىيىم تىكتۈرەتتى. شۇ يىللىرى نەمەت رايون كادىرلىرىغا ئوخشىتىپ كۆك شىرىق چاپان، يېڭى ھەربىيچە قۇلاقچا، كالتە قونچلۇق ئۆتۈك كىيىپ، چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا قەلەم قىستۇرۇپ يۈرەتتى، ئېگىز قارا ئاتتا گىدىيىپ ئولتۇرۇپ، كىشىلەرگە زەردە بىلەن ھەيۋە قىلىپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى نەمەت ئالتۇنگۈلنىڭ ھويلىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ چۆرىسىگە تور تۇتۇلۇپ، گۈل كەشتىلەنگەن بىر قول ياغلىقنى ھېلى يېيىپ، ھېلى قاتلاپ خىيالغا پېتىپ قالغىنىنى كۆردى. ئالتۇنگۈل نەمەتنى كۆرۈپلا ھودۇقۇپ، ياغلىقنى ئىشتىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇردى. نەمەت ئالتۇنگۈلنىڭ قولىنى قايرىپ ياغلىقنى ئېلىۋالدى.

— نېمە بۇ؟

— ياغلىق... سىلىگە توقۇغان...

— قاچان؟

— بۇلتۇر... بۇلتۇر توقۇغان.

— بۇلتۇرنىڭقى ماڭا بەرمەيسەڭغۇ بۇنى؟ بېرىدىغان ئادىمىڭ بارمىتتىيا؟

— شۇ... مەن ھازىر بېرەي دەپ...

— ئەمىسە، ئەجەب مەن كۆرۈپ قالسام يوشۇرۇپ كەتتىڭا؟

— ۋىيەي، نېمە دېگەنلىرى بۇ، مېنىڭ سىلىدىن بۆلەك ئادىمىم نېمىش قىلىدىكەن، ئوھۇش، گېپىم بار دەپ قىلىۋېرىدىكەن، بۇ ئادەم.

— مەن ساڭا دەپ قويای، ھوشۇڭنى يىغىپ يۈر! ئۇنداق ـ مۇنداق گەپ ـ سۆز ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام، تۇغۇلغىنىڭغا پۇشايمان قىلىپ قالىسەن، بىكار.

نەمەت شۇنىڭدىن كېيىن پۈرسىتىنى تېپىپ توختى قارىينىڭ يۈرىكىنىمۇ بىر مۇجۇپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈردى.

# ئون تۆتىنچى باب

1957 ـ يىلىنىڭ ئورما پەسلى يېتىپ كەلدى. ئاۋۋال ئۆچكەبۇلاق تەرەپتىكى تۇتاش كەتكەن يەرلەرنىڭ بۇغدىيى پىشتى. قالغان يەرلەرنىڭ بۇغدىيىمۇ بەسلەشكەندەك، تەڭلا سارغىيىشقا باشلىدى. بۇ يىل بۇغداي راسا ئوخشىغانىدى. 3 ـ ئەترەتتىكىلەر بۇغداينى ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بەردى. دېھقانلار ئەر ـ ئايال، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق تەڭ ئېتىزغا چىقىپ ئالدىراش ئورمىغا چۈشۈپ كەتتى. ھەتتا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بوۋاي ـ موماي ئالاردىن تارتىپ ئۇششاق بالىلارغىچە باشاق تېرىشكە قاتناشتى. 3 ـ ئەترەتتىكىلەرنى كۆرۈپ باشقا ئەترەتتىكىلەر تۇرالماي قېلىشتى. كوپېراتىپقا قوشقان يېرى كۆپرەك دېھقانلار بىلەن بەزى ئالدىراڭغۇ، سەپرا مىجەز كىشىلەر ئېتىزلىقىقا چىقىپ ئۆز يېرىنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇشقا چۈشۈپ كەتتى. 1 ـ ئەترەتنىڭ قالغان ئەزالىرى ئەترەت بوغالتىرى توختى قارىينى ئورنۇېلىپ بۇغداينى بۆلۈپ بېرىشكە قىستىدى. توختى قارىي ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مىڭ تەستە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئەترەت باشلىقى ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى. خوتۇنىدىن ئۇنىڭ كوپېراتىپ ئىشخانىسىغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كوپېراتىپ ئىشخانىسىغا باردى. ۋىلاخۇنباينىڭ يوغان دەرۋازىسىدىن كىرىپ، ھويلىدا تۆردىكى ئىشخانىنىڭ ئىشىك ـ پەنجىرىسىدىن مارىشىپ تۇرغان دېھقانلارنى كۆردى. ئۇلارمۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئەھۋال ئۇقۇقىلى كەلگەنلەردەك قىلاتتى. 3 ـ ئەترەتلىك بىر دېھقان توختى قارىيغا:

— ئەتىگەننىڭياقى ۋىلايەتتىن كەلگەن كادىرلار مەجلىس ئېچىۋاتىدۇ، — دېدى. بىرنەچچە ئاكتىپ دېھقان چىرايى جىددىي تۈس ئالغان ھالدا توختىماي ئۇياندىن بۇيانغا مېڭىشىپ يۈرەتتى. مەجلىس ئېچىۋاتقانلار ئۇزاققا قالماي تاراپ چىقىشتى. توختى قارىي ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ، ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ:

— چاتاق بولدى، بىر قىسىم ئادەملەر ئۆز يېرىنىڭ بۇغدىيىنى ئورغىلى تۇردى. قالغانلارمۇ ئۆز ئالدىمىزغا ئورىمىز، بىزگىمۇ يەر بۆلۈپ بېرىڭلار، دەپ غەلۋە قىلىۋاتىدۇ، قانداق قىلارمىز؟ — دېدى.

كىمدۇر بىرىگە گەپ قىلغان بولۇپ، توختى قارىيغا كۆز سېلىپ تۇرغان نەمەت بىردىنلا ئۇنىڭغا قاراپ زەھەرخەندىلىك بىلەن ۋارقىراپ كەتتى:

— ھە، قانداق قىلاتتۇق، قاچانغىچە مىكى - مىكى، كۆمسەم پىشارمىكىن، ياپسام پىشارمىكىن، دەپ يۈرىمىز؟ قورسىقىمىزدا ئاغرىقىمىز بولمىسا، ئىچىمىزدە بىر يەر تارتىشمىسا، قولىمىزغا دۇمبا ئېلىپ چاچىسىنى بېرىمىز، ئوغۇل بالا، ئەركەك بولغاندىكىن! قانداق خەق بۇ، ئىككى توك - توك ھارامزادىلەرنى باشقۇرالماي، خوتۇن كىشىدەك ماڭقىسىنى ئېقىتىپ پالاقلاپ يۈگۈرۈپ كېلىدىغان! ھوي غېنى ئاخۇن، نەدىن تاپتىڭلار بۇنداق لامزەللە ئادەملىنى؟ بوغالتىرلىققا ئادەم چىقمىغان بولسا، ئاۋۇ مەكتەپنى يېڭى پۈتكۈزگەن، جىگىرى بار باللىنى ئىشلىتىڭلار، مانداق!

توختى قارىي دەسلەپتە نېمە ئىشلىقىنى ئاڭقىرالماي ھەيران بولۇپ قالدى. كېيىن بىردىنلا ئۆڭۈپ:

— ھەي تاز، نېمەڭگە يوغان سۆزلەيسەن؟ قاغا پوق يېمەستە، ئەجەب ئادەمگە زەھىرىڭنى سانجىپ كەتتىڭا! ئەجەب قورسىقىڭ ئاغرىمىسا، تارتىشمىسا دەپ كەتتىڭا! گېپىڭ بولسا ئاشكارا

قىلىمامسەن؟ ئالە ئۇنداق بوغالتىرلىقىڭنى، ئاچا ـ سىڭىلىڭغا ئېلىپ بەر، مەن سەندەك مەينەت تازنىڭ بوغالتىرلىقىنى قىلغۇچە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالارمىنا! — دېدى. ئابدۇغېنى ئاخۇن توختى قارىينى «بولدى، بولدى، گەپ قىلمىسىلا» دەپ تارتىپ، سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. نەمەتمۇ خۇددى ئۇنى بوغۇپ قويمىسا دەردى چىقمايدىغاندەك ئارقىسىدىن دېۋەيلىگىنىچە قالدى.

چۈشتىن كېيىن ۋىلايەتتىن كەلگەن ئىككى كادىر ئاكتىپلار ۋە پارتىيە ـ ئىتتىپاق ئەزالىرىنى يىغىپ مەجلىس ئاچتى. مەجلىستىن كېيىن كوپىراتىپ باشلىقلىرى بىلەن ئەترەتمۇ ئەترەت بېرىپ، بۇغداي ئورۇۋاتقان دېھقانلارغا:

— دېھقان قېرىنداشلار، ئورۇپ بولغان بۇغداينى ئوپچە ھېسابلايمىز، ئوپچە تەقسىم قىلىمىز، بۇ يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقى، ھېچكىم ئۆز ئالدىغا يۆتكىمىسۇن، — دەپ يەتكۈزدى.

— بىز سىلەرنى بىزگە كوپىراتسىيە قۇرۇپ بېرىڭلار دېدۇقمۇ؟ بىز ئەزەلدىن ئۆز ئالدىمىزغا تېرىقچىلىق قىلىپ جان بېقىپ كەلگەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىمىز، كوپىراتسىيەگە كىرمەيمۇ جېنىمىزنى باقالايمىز! — دېدى بەزىلەر. يەنە بەزىلەر:

— ئۆزىمىزنىڭ يېرىنى ئۆزىمىز تېرىسىلى دېگەنمۇ گۇناھ بولدىمۇ ئەمدى؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، باشقا كەلگەننى كۆرەيلى، قېنى، بىزنى نېمە قىلىۋېتەرسىلەركىن؟ — دېيىشتى.

3 ـ ئەترەتتىكىلەر ئورغاق بىلەن ئېتىز قىرىغا قويۇپ قويغان دۆمبالىرىنى ئېلىپ كادىرلار بىلەن ئاكتىپلارنى قوغلاپ سۈرۈپ كېتىشتى. يۇسۇپ ئارقىدا قېلىپ ئۇلارنى توسماقچى بولغاندا، «ئەتىيازدا ئۈچ ئادىمىمىزنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويغان يۇسۇپ دېگەن سەنغۇ، تاياق دېگەننىڭ قانداق

بولىدىغانلىقىنى سەنمۇ تېتىپ باق!» دەپ تۇتۇۋېلىپ، بولۇشىغا ئۇرۇپ ئۆيگە تاشلاپ قويۇشتى.

قېنى قىزىپ تۇرغان دېھقانلار يۇسۇپنى ئۇرۇپ، كادىرلارنى قوغلىۋېتىپ يۇخادىن چىققاندەك بولۇشتى. ئۇلار كادىرلا بىلەن ئاكتىپلارنىڭ يۇسۇپ بىلەن كارى بولماي قانداق قېچىشقىنىنى دورىشىپ راسا كۇلۇشتى. ئۇلار روھلانغان، كۆرەڭلىگەن ھالدا قالغان ئىككى ئەترەتتىكىلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە ئەگەشتۇرۇش ئۈچۈن مەھەللىمۇنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ماڭدى. 1 ـ ئەترەتتىكىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆز ئالدىغا ئورما ئورۇۋاتاتتى. كۆپ قىسمى قولى ئىشقا بارماي ئېتىز بېشىغا يىغىلىۋېلىپ قۇرۇق پاراڭ سوقۇپ تۇرۇشاتتى. 3 ـ ئەترەتتىكىلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىشلەۋاتقانلارمۇ، بىكار تۇرغانلارمۇ تەڭلا ئۆرۈلۈپ قاراشتى.

— يېرىمنى ئۆزۈم تېرىيمەن دېيىش گۇناھ ئەمەس، كومپارتىيە ئۆز ئەركىنلىكىمىزنى قولىمىزغا بەرگەن!

— يېرىمىزنى ئۆزىمىز تېرىيمىز، ئۆزىمىز ئورۇپ، ئۆزىمىز يىغىمىز. پايدا ـ زىيىنىغا ئۆزىمىز ئىگە بولىمىز. بىز ھېچكىمگە ئېغىرىمىزنى سالمايمىز.

— ھەممىنى قىلغان ئاشۇ نەمەت تاز بىلەن ئۇنىڭ قولچوماقلىرى!

— ھەممىمىز يىغىلىپ ۋىلايەتكە بېرىپ ئەرز قىلايلى، ئاقمىسا ئۇرۇمچى، بېيجىڭغا بارىمىز!

— توختاڭلار خالايىق، ئۆپكەڭلارنى بېسىۋېلىڭلار! — كىشىلەر ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ تەمكىن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشتى، ھېچكىم ئۇنىڭ نەدىن پەيدا بولۇپ قالغىنىنى كۆرمىگەنىدى.

— بۇغدايلىرىمىز پىشىپ تۆكۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئالدى بىلەن ئۇنى ئورۇپ يىغىۋالايلى، مۇشۇ بۇغداي بولمىسا يىلنى

قانداق چىقىرىمىز؟ خوتۇن ـ بالىلىرىمىزنى قانداق باقىمىز؟ تەييار ئاشنى تاشلاپ بىر ـ بىرىمىزنى بوغۇشۇپ يۇرمەيلى. كوپىراتسىيەلىشىش باشقا بىر كىمنىڭ ئەمەس، كومپارتىيەنىڭ كۆرسەتكەن يولى. بۇ يولدا ماڭماي كىمگە ئەرز قىلساقمۇ بىكار. قېنى، بۇغداي ئورىمىز دەيدىغانلار مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭلار، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى.

ــ يۇرۇڭلار خالايىق، بىزگە ئەگەشسەڭلار زىيان تارتمايسىلەر.

6 ـ 5 ئادەم ئىككىلەنمەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. قالغان 15 ـ 10 چە ئادەم سەل ئىككىلىنىپ ئاندىن ئەگەشتى. ئابدۇغېنى ئاخۇن ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپ ئىتىز بېشىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئادەم بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى.

ــ غېنى باپكارنى تۇتۇپ كېلىپ ئەدىپىنى بېرەيلى، ئۇ دېھقانلارنى باشلاپ كەتمىسۇن!

ــ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان گۇيكەن بۇ غېنى دېگەن!

3 ـ ئەترەتتىن كەلگەن ئوسمان بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىككيىلەن ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ ئارقىسىدىن قوغلىماقچى بولۇشتى. قىزىل ساقال، يېشىل كۆزلۈك ھوسيىن ئاخۇن دېگەن موللا ئادەم ئۇلارنى توسۇۋالدى:

ــ ئالدىرىماڭلار، ئالدىرىماڭلار، ھەممە ئىشنىڭ يولى بار. ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ تاپقان دادىسى تېخى ھايات، بالا دېگەننى دادا باشقۇرىدۇ.

ھوسيىن ئاخۇن شۇ يەردىنلا ئۇدۇل مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپ يۇلغۇنلۇقتا قوي بېقىۋاتقان ھادى ئاخۇننىڭ يېنىغا باردى. ئۇ ئەينى يىللاردىكى سالى باپكارغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان، ئېگىز بوي، ئىككى مۇرىسى ئالدىغا چىقىپ تۇرىدىغان، چىرايى تاتىراڭغۇ ئادەم ئىدى. چىرايىدىن ئاچچىقى

يامانلىقى چىقىپ تۇراتتى، ئۇ ھۆسىيىن موللىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. خوتۇنىنى ئەۋەتىپ ئابدۇغېنى ئاخۇننى چاقىرتىپ ئەكىلىپ، ئۆيگە كىرىشىگىلا كالتەك بىلەن ئۇرۇپ كەتتى. ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ چۈشەندۇرۇشىگە قۇلاق سالماي، ئاپپاق، ئۇزۇن ساقىلىنى تىترىتىپ:

— بۈگۈندىن تارتىپ كاپىراتسىيە - پاپىراتسىيە دېگەنگە يېقىن يولىمايسەن، ئېتىزغا چىقماي قوي باقىسەن. ئەگەر گېپىمنى ئاڭلىمىساڭ، سەندەك تۇزكورنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋېتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى. ئابدۇغېنى ئاخۇن دادىسىنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە قارشىلىق قىلماي، قوي باققىلى بارماقچى بولۇپ ماڭدى. چىقىپلا قوي باققىلى بارماي، بۇغدايلىقتا يېقىن يەردىكى چوڭقۇر بىر ئېرىقنىڭ ئىچىدە مۆكۈنۈپ ياتتى. ئاخشىمى قورسىقى ئېچىپ چىدىيالماي، بىر كىچىك بالىنى ئەۋەتىپ خوتۇنىغا نان ئاچىقتۇرۇپ يېدى. ئېرىقنىڭ ئىچى نەم، سالقىن ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تاشلاپ راھەتلىنىپ ئۇخلىدى. تاڭ يورۇغاندا مەھەللىسىگە يىراق يوللار بىلەن كوپىراتىپ ئىشخانىسىغا باردى. كوپىراتىپ ھويلىسى سېرىق كىيىملىك ئەسكەرلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئەسكەرلەر ھويلىدا ئولتۇرۇپ غىزا يەۋاتاتتى. چۆگۈن كۆتۈرگەن ئىككى بالا ئۇلارنىڭ كۈرۈشكىلىرىغا چاي قۇيۇپ بېرىۋاتاتتى. نەمەت ھەربىيچە يىلىك چاپىنىنى يېپىنچاقلىغان ھالدا ئىچكىرىكى ئىشخانىدىن چىقىپ ئابدۇغېنى ئاخۇننى كۆردى - دە، ئۇنىڭغا ئاشخانىدىن بىر چۆگۈن چاي ئەكىلىپ ئىچكىرىدىكى باشلىقلارغا چاي قۇيۇپ بېرىشنى تاپىلاپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. ئابدۇغېنى ئاخۇن چاي كۆتۈرۈپ كىرگەندە، نەمەت ئۇنى تۆردە ئولتۇرغان 50 ياشلاردىكى خام سېمىز ئەر كىشى بىلەن ياشراق ئوفىتسېرغا تونۇشتۇرۇپ:

— مۇئاۋىن مۇدىر ئابدۇغېنى، — دېدى. ئولتۇرغانلار

ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويىدى. ئابدۇغېنى ئاخۇن ئۇلارغا جاۋابەن قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ سالام قىلىپ بولۇپ، نەمەت كۆرسەتكەن ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزى ئۇدۇلىدىكى تامغا قاتار يۆلەپ قويۇلغان مىلتىقلارغا چۈشتى. مىلتىقلار غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا ۋالىلداپ كۆزگە تاشلىناتتى.

چۈشكە يېقىن كوپىراتىپ ئىشخانىسى ئالدىغا 80 ـ 70 گە يېقىن ئادەم يىغىلدى. ئۇلارنى ئەترەت باشلىقلىرى ئادەم ئەۋەتىپ يىغىپ كەلگەنىدى. كۆپ قىسمى ئېتىز بېشىدىنلا كەلگەنلىكتىن ئورغاقلارنى ئېلىۋالغانىدى. 3 ـ ئەترەتتىكى ئوسمان، سادىق ئاخۇن باشلىق بىرنەچچىسىنىڭ توپ ئالدىغا ئۆتۈپ ھۆرپىيىپ تۇرۇشىدىنلا ياخشى نىيەت بىلەن كەلمىگەنلىكى، بىرەر ئىش چىقارماقچى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ھويلا ئىشىكى ئېچىلىپ مىلتىق كۆتۈرگەن ئىككى ئەسكەر چىقىپ ئىككى تەرەپتە مىلتىقلىرىنى مۆرىسىگە ئېسىپ تۇردى. ئارقىدىن ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ــ چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، خام سېمىز ئادەم بىلەن يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان چوقۇر يۈزلۈك تەرجىمان، ياش ئوفىتسېر، رايون باشلىقى قاتارلىقلار چىقىپ ياغاچ ئورۇندۇقتا دېھقانلارغا يۈزلىنىپ ئولتۇرۇشتى. نەمەت ئالدىغا چىقىپ بىردەم تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىگەندىن كېيىن ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن شالاڭ چاۋاك ئاۋازى ئاڭلىنىپ يوقاپ كەتتى. دېھقانلار ۋىلايەتتىن كەلگەن بۇ كاتتا ئەمەلدارغا قاراپ بىر پەس جىم بولۇپ قېلىشتى. باشلىقمۇ ئالدىرىماي، ئۇزۇن ماتا يەكتىكىنىڭ ئالدىدىن توكلۇك مەيدىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئۇزۇن ساقاللىق، قايرىما بۇرۇتلۇق، دوپپا ـ تۇماق كىيگەن، ئاندا ـ ساندا بەزىلىرى سەللىمۇ ئورىۋالغان، تېقىملىرىدا ئۇزۇن پىچاقلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، چىرايى

ئاپتاپتا كۆيۈپ، قوللىرى بىلەن يالاڭغىداق پۇتلىرى دەرەخ قوۋزىقىدەك بولۇپ كەتكەن، كىيىملىرى كونا بولسىمۇ جىنى چىلاڭ، بىر ـ بىرىدىن بويلۇق بۇ ئادەملەرگە بىر باشتىن كۆز يۈگۈرتۈپ، خۇددى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك قاراپ كەتتى. ئىككى ئوتتۇرىدا سۇرلۇك بىر جىمجىتلىق پەيدا بولدى. بۇ جىمجىتلىق يەنە بىر پەس سوزۇلسا خۇددى بىرەر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك، ھەممە ئادەمنىڭ نېرۋا تالالىرى چىڭ تارتىلىپ چېكىگە يەتكەندە، باشلىق سالاھىيىتىگە ماس بولمىغان ئىنچىكە ئاۋازدا سۆز باشلىدى. چوقۇر تەرجىمان ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— دېھقان ئاكىلار، ياخشىمۇسىلەر! مەن سۆزۈمنى باشلاشتىن بۇرۇن، سىلەردىن بىر سوئال سورىۋالاي، سىلەر «دېھقان» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىلەر؟

كىشىلەر بىر پەس تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن «بىلمىز، دېھقان دېگەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان خەق» دېگەندەك ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— ھە، توغرا، دېھقان دېگەن كۆزدە بۇغداي تېرىيدىغان، ئەتىيازدا پەرۋىش قىلىدىغان، پىشقاندا ئوروپ تېپىدىغان، كىشىلەرنى ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدىغانلار، دېگەنلىك. شۇڭا، سىلەرنىڭ بۇغداي ئورۇشۇڭلار ياخشى ئىش. ئەمما، كوپىراتسىيە بولغاندىكىن، بۇغداينى ئۆز ئالدىڭلارغا ئېلىپ كەتمەي، كوپىراتسىيەنىڭ تۈزۈمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىڭلار كېرەك...

— قانداق كوپىراتسىيە ئىكەن ئۇ دېھقاننىڭ بۇغدىيىنى تارتىۋالىدىغان؟

— بۇغداي تېرىپ خەققە تاپشۇرۇپ قويۇپ، يەنە خەقتىن تىلەپ يېگەنمۇ ئىشمۇ؟

— ئۇرۇڭلار ئاۋۇ خام قاپاقنى، تولا تىلىنى چايناۋەرمىسۇن!

دېھقانلار گۈررىدە يوپۇرۇلۇپ كېلىشكەندە، ئىككى ئەسكەر ئۇلارنى توسۇۋالدى. كادىرلار دەرھال ئىشخانىغا كىرىپ كېتىشتى. بىرنەچچە دېھقان بېرىپ ئىككى ئەسكەرنىڭ قورالىغا ئېسىلدى. ئەسكەرلەر قورالنى بەرمەي، يېنىچە مېڭىپ ئۆزلىرىنى قوغدىغان ھالدا ئىشخانىغا كىرىپ ئىشىكنى تاقىۋالدى. دېھقانلارمۇ، ئىچىدىكى كادىر، ئەسكەرلەرمۇ ھاياجان ۋە غۇلغۇلا ئىچىدە ئىدى، دېھقانلار ئىشىكنى قانداق ئېچىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ئىشىك ئىچىدىكى ئەسكەرلەر بولسا قوراللىرىنى قولىغا ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇراتتى. بەزىلىرى «كوماندىر، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمەي، قورقۇپ بۇ يەرگە كىرىۋالىمىز؟ بىزگە بۇيرۇق بېرىڭ، بىز ئۇلارنى چېكىندۈرەيلى» دەپ تەلەپ قىلىشاتتى. ئوفىتسېر ئۆزىمۇ ھاياجانلىنىپ تۇرسىمۇ ئالدىراپ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىدى. ئۇ تۈگۈلۈكتىن ئۆگزىگە چىقىپ پەسكە قارىدى. ئۈچ دېھقاننىڭ ئىشىكنى جالاقلىتىپ تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تاپانچىسىدىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقاردى. مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ كىشىلەر ھودۇقۇپ توختاپ قېلىشتى. شۇ چاغدا ئوسمان:

— ۋاي خەق، قورقما، ئەسكەرلەر پاختا مىلتىقتا قوچقاچ ئېتىۋاتىدۇ. ھېچنېمە قىلالمايدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى. ئارقىسىغا قايتماقچى بولۇپ تۇرغان كىشىلەر يەنە توختاپ ئىشىك تەرەپكە قىستاپ كەلدى. ئوسمان بىلەن يەنە بىر ئۈزۈنتۈرا ئادەم ئىشىكنى جان ـ جەھلى بىلەن تېپىشكە باشلىدى. ئىشىكنىڭ بىر قانىتى سۇنغاندا ئىشىك ئالدىدىكىلەر تەنتەنە قىلىپ چۇقان سېلىشىپ ئىشىكنى دۈمبىسى بىلەن ئىتتىرىپ ئاچماقچى بولۇشتى. شۇ چاغدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ پاي ئوق ئېتىلىپ، ئۈچ ئادەم يەرگە يىقىلدى. ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن ئېتىلىپ چىققان

قان ئىشىك ئالدىنى قىپقىزىل بويىدى. قالغانلار ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي، يىقىلىپ - قوپۇپ قاچتى. بىردەمدىلا ئىشىك ئالدىدا يىقىلىپ ياتقانلاردىن باشقا ئىنس - جىن قالمىدى. ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى يىنىچە، ئىككىسى دۈم ياتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئوسمان، يەنە بىرى ھۆسىيىن موللا ئىدى. ئۇنىڭ سەللىسى سەل نېرىغا دومىلاپ كەتكەن بولۇپ، چاچ - ساقاللىرى يىراقتىن قاندەك قىزىل كۆرۈنەتتى. مارجانغا ئوخشايدىغان يېشىل كۆزلىرى ئوچۇق قالغانىدى.

ئىشىك ئېچىلىپ ئەسكەرلەر بىلەن ئاكتىپلار سىرتقا چىقتى. ياتقانلارنىڭ گۆرەن تومۇرىنى تۇتۇپ تەكشۈرۈپ كۆرۈشتى. ھۆسىيىن ئاخۇن ئاللىقاچان جان ئۈزگەنىدى. ئوسماننىڭ ھالىمۇ بەك بوشتەك قىلاتتى. مۈرىسىگە ئوق يېگەن ئۆمەر ئىسمىلىك يەنە بىر ياش بالا قانسىراپ ھوشسىز ياتاتتى. ئوسمان شۇ كۈنى خۇپتەنگە قالماي جان ئۈزدى. ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن ئۆمەر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا ئىككى ئاي يېتىپ، بىر قولىدىن ئايرىلغان ھالدا قايتىپ كەلدى.

بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن توغراقلىقتىن يەنە تۆت ئادەم قولغا ئېلىنىپ، ھەربىرى 15 - 10 يىللىقتىن كېسىلىپ كەتتى. سادىق ئاخۇن باشلىق 17 ئادەمگە «بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقى كىيدۈرۈلدى. قولغا ئېلىنغان، قالپاق كىيدۈرۈلگەنلەرنىڭ ئۆيلىرى ئاختۇرۇلۇپ، تاغار - تاغارلاپ ئاشلىق، چارۋا ماللىرى مۇسادىرە قىلىندى.

شۇ يىلى قىشتا سايباغ بازىرىدا «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، توغراقلىق بۇ كوممۇنانىڭ بىۋاستە قاراشلىق دادۈيى بولدى. يۈسۈپ كوممۇناغا ئۆستۈرۈلۈپ سۇ كادىرى بولدى. كوممۇناغا باشلىق بولۇشنى تاما قىلىپ يۈرگەن نەمەت نېمىشقىدۇر ئۆسەلمىدى. ئۇ «مۇشۇ خەق ئۆزگىمۇ

قىلدى، ماڭىمۇ قىلدى» دەپ توغراقلىقلاردىن ئاغرىنىپ، بىر مەزگىل قېيداپ، سالپىيىپ يۈردى. قېيدىغاننىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئاستا ـ ئاستا ئۇخشىلىپمۇ قالدى.

ھەرنېمە دېگەنبىلەن توغراقلىق دادۈيىنىڭ باشلىقى دېگەنلىك توغراقلىقنىڭ ئىگىسى، ئەڭ چوڭ ھوقۇقدارى دېگەنلىك. توغراقلىق ناھىيەگە، بازارغا يىراق، ئۆز ئالدىغا بىر يۇرت. بۇ يەرگە ئاسانلىقچە ماشىنا، ھارۋا كېلەلمەيدۇ. بۇ يەرگە ئالدىراپ كادىر كەلمەيدۇ. كەلسىمۇ بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپلا كېتىشكە ئالدىرايدۇ. شۇڭا، نەمەت بۇ يەردە ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ، خالىغىنىنى قىلالايدۇ. ئۆستۈم دەپ پىچىقى ئۆتمەس مۇئاۋىن باشلىق بولغاندىن، توغراقلىقنى ئۆز ئالدىغا سورىغان ئەۋزەل ئەمەسمۇ.

نەمەت يەنە قارا ئېتىغا مىنىپ گىدىيىپ يۈرىدىغان بولدى. بولۇپمۇ «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتى باشلىنىپ كىشىلەرگە ھەيۋە كۆرسىتىدىغان پۇرسەت كەلگەندە ئۇ تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتى.

بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە ئىبراھىم گىجىڭ بىلەن سىدىق ئاخۇنغا، يەنە بىرى تىلىۋالدى ئاخۇنغا پىكىر كۆپ چۈشتى. ھېمىت ئاخۇن ئامىنىڭ پىكرىنى رەتلەپ، تۇتامغا چىقمايدىغان پارچە ـ پۇرات گەپلەرنى قىسقارتىۋېتىپ، ئۇ ئۇچىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گەپ سۆزلىرىنى رەتلەپ چىقتى.

ھېمىت ئاخۇن ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گەپ ـ سۆزلىرىنى يېزىۋاتقاندا، پېشانىسى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇستىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ بۇ گەپلەرنىڭ ئاشۇ ئادەملەرگە كۆتۈرۈپ قويىقۇسىز بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، ئوتتۇرىغا چۈشكەن بۇ پىكىرلەرنى ئەينەن يېزىپ يۇقىرىغا يوللاش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. يېزىۋېتىپ بەزى گەپلەرنى سەل سىلىقلاپ قويۇشنى ئويلىسىمۇ، بۇ گەپلەرنى

ھەممە ئادەمنىڭ ئاڭلىغىنىنى ئويلاپ، نىيىتىدىن يېنىپ قالاتتى. ئىچىدە: «پۈت يۇگۇرۇكى ئاشقا، ئېغىز يۇگۇرۇكى باشقا» دېگەن شۇ، دەپ ئويلاپ، ئىختىيارسىز ئاچچىق كۈلەتتى. ھېمىت ئاخۇن پەرەز قىلغاندەك «بۇ سۆزلەر بەدىلىگە ئىبراھىم ئاخۇن ئوڭچى ئۇنسۇر، سىدىق ئاخۇن بىلەن سېتىۋالدى ئاخۇن يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر قالپىقىنى كىيدى. توغراقلىقتىكى سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيدى. ئۇلار كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم يولىنىڭ، يېڭى تۈزۈمنىڭ دۈشمەنلىرى ئىدى. ھېچكىم ئۇلارغا ئوچۇق چىراي ئاچمايتتى، ھېسداشلىق قىلمايتتى. ئۇلار پىرولېتارىيات دىكتاتورىسى ئاستىدا تىترەپ، ئۆمىلەپ ياشىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار ئېچىلىپ - يېيىلىپ كۈلەلمەيتتى، بىرەرىگە ئىچ سىرىنى ئېيتالمايتتى. ئەزالار بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ تەڭ قوپالمايتتى. يېڭىراق كىيىم كىيەلمەيتتى. ئۇلار كۈنىگە ئون نەچچە سائەتلەپ ئەڭ ئېغىر، ئەڭ مەينەت ئىشلارنى قىلاتتى. مۇشۇنداق ياشاش يولىنى ئۇلار ئۆزى تاللىۋالغانىدى. بۇ خۇددى شۇ دەۋرنىڭ گېزىتلىرىدە ئېيتىلغاندەك، ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان پويىزنىڭ ئالدىنى توسماقچى بولغان ياچىۋەك پويىز چاقلىرى ئاستىدا يانچىلىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغاندەك بىر ئىش ئىدى.

كوممۇنا قۇرۇلغاندىن كېيىن توغراقلىقتىكى ئۈچ ئەترەتتە بىردىن ئوپچە ئاشخانا قۇرۇلۇپ، ئەزالار تاماقنى ئاشخانىدىن يەيدىغان بولدى. ئەترەت قارىمىقىدا يەنە تىككۈچىلىك كارخانىلىرى قۇرۇلۇپ، ئەزالارنىڭ كىيىمىنى ھەقسىز تىكىپ بېرىدىغان، يەسلىلەر قۇرۇلۇپ، ئۈششاق بالىلار ھەقسىز بېقىلىدىغان بولدى. تاماق، كىيىم - كېچەك، بالا غېمىدىن

قۇتۇلغان دېھقانلار پۈتۈن كۈچىنى ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىشى، مو بېشىدىن 10 مىڭ جىڭلاپ ھوسۇل ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئىشلار ئويلىغاندەك ئاسان بولمىدى. چۈنكى، بۇ ئەلمىساقتىن ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئىشلار ئىدى. ساددا، ياۋاش دېھقانلار ئۇلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن تۇرمۇش ئۇسۇلى بۇزۇۋېتىلگەندە كاج، شەخسىيەتچى، ئاچ كۆز تەرەپلىرىنىمۇ ئاشكارىلاشقا باشلىغانىدى. كادىرلار ھەددى ـ ھېسابسىز ئۇششاق ـ چۈشەك تۇرمۇش ماجىرالىرى ئىچىدە نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ يۈرۈشەتتى. شۇنداقتىمۇ يۇقىرىنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلماي، ئاشلىقتىن «سۇنئىي ھەمراھ» قويۇپ بەرمەي بولمايتتى. بۇ سەكرەپ ئىلگىرىلەش دەۋرى ئىدى. دېھقانلار تاڭ يورۇماستا ئورنىدىن تۇرۇپ تا خۇپتەنگىچە تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى، يېرىم كېچىگىچە يەنە سىياسىي ئۆگىنىشكە قاتنىشاتتى. ئېتىزلار ئادەم بويى كولىنىپ، قاتمۇقات ئوغۇت كۆمۈلگەندىن كېيىن تېرىلغان زىرائەتلەر تۆككەن تەرگە يارىشا ھوسۇلمۇ بېرەتتى. ئەمما، بۇ ھوسۇل يۇقىرىغا ھەسسىلەپ كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلىناتتى. ساختا مەلۇماتقا ئاساسەن چۈشۈرۈلگەن غەللە ـ پاراق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئامبارلار قۇرۇقدىلىپ قالاتتى. ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن يەنە يۇقىرىنىڭ ياردىمىگە تايانماي بولمايتتى، بۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كادىرلار يەرنى كۆپ ئېچىپ، يەر سانىنى كەمرەك مەلۇم قىلىش چارىسىنى تاپتى، بۇ چارە ئۈنۈممۇ بەردى. بىراق، توغراقلىقتا ئاچقىلى بولىدىغان يەر چەكلىك، بىرلىك ھوسۇل بولسا يىلمۇيىل ئېشىشى شەرت ئىدى. كېيىنكى ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

نەمەت ئېتىدىن چۈشمەيلا 1 ـ ئەترەتنىڭ هويلىسىغا كىرىپ كەلگەندە، هويلىدا قاچا تۇتۇپ ئۆچرەتتە تۇرۇشقان، چىرايىدىن ئاچلىق ۋە هارغىنلىق چىقىپ تۇرىدىغان ئەر ـ ئايال، قېرى ـ چۈرىلەر ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراشتى. شۇ هامان بەزى چىرايلاردا تاما ئارىلاشقان خۇشامەتلىك كۈلكىلەر پارقىراپ قالدى. كىملەردۇر زورمۇزور هىجىيىپ ئېگىلىپ سالام قىلىشتى. يەنە بەزىلەر تەتۇر قاراپ ئۆز كويلىرى بىلەن بولۇشتى. ئامبارچى تۇردى ئاخۇن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ، ئاتخانا تەرەپكە قاراپ:

ـــ مەخەت قارىي، هاي مەخەت قارىي! ـــ دەپ توۋلىدى.

مەخەت قارىي يۈگۈرۈپ چىقىپ نەمەتنى ئاتتىن يۆلەپ چۈشۈرۈپ، ئاتنى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ كەتتى.

نەمەت سالام قىلغانلارنىڭ سالىمىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىلىك ئېلىپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى ياراتمىغان قىز ـ چوكانلار ۋە بىر چاغلاردا جاهانغا پاتماي يۈرۈشىدىغان باينىڭ باللىرىنىڭ ئالدىدىن قاپاقلىرىنى تۈرۈپ هەيۋە بىلەن مېڭىپ ئۆتتى. كۆڭلىدە: «هەرقايسىڭلىغا تېخى ئاز، سەنلەر مەن كۆرگەن كۈننىڭ ئوندىن بىرىنى كۆرۈشمىدىڭ، توختاپ تۇرۇش...» دەپ ئويلايتتى. بىر چەتتە، ئەتىگەن ئۇماچ قايناتقان چوڭ قازاننىڭ قىسمىقىنى تالىشىپ، كۆچۈكتەك بوغۇشۇۋاتقان، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرى قاپقارا بولۇپ كەتكەن ئۇششاق باللارنى كۆرگەندىلا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر يەر تىترىگەندەك بولدى. ئۇ ئامبارچى بىلەن زاپخوزغا قاراپ: «ماۋۇ ئۇماچ دېگەننى خۇدانىڭ سۈيىگىلا چالماي، ئانچە ـ مۇنچە گۈلە ـ قاق، كاۋا ـ چامغۇر توغراپ ئېتىڭلار، ماڭداق» دەپ قويدى.

بۈگۈن 1 ـ ئەترەت ئاشخانىسىدا پولۇ ئېتىلىدىغان كۈن

ئىدى. ئايدا بىر قېتىم ئېتىلىدىغان پولۇ ھەممە ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىپ تاقەتتىنى تاق قىلىشۇەتكەنىدى. لېكىن، دۈملەكلىك قازاندىن ماي ـ گۆشنىڭ پۇرىقى ئەمەس، كۆچلۈك كۆيۈك پۇرىقى كېلىۋاتاتتى. نەمەت ئامبارچىنىڭ ئارقىسىدىن ئەترەت كادىرلىرى تاماق يەيدىغان كىچىك ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ: «نېمىدە ئەتتىڭلار بۇ پولۇنى، كىرسىن يېغىدا ئەتمىگەنسىلە؟» دەپ ھەزىل قىلدى.

— توۋا دېسىلە دادۇيجاڭ، كىرسىن يېغىدىمۇ ئاش ئەتكىلى بولامدىكەن؟ — دېدى ئامبارچى خىرقىراپ كۈلۈپ.

پولۇ ياغسىز، شويلىدەك سۈيۈق ئىدى. ئىس پۇرايتتى. يوغان بىر پارچە سېمىز گۆش بىلەن ئوخشىمىغانلىقى چانماي، گالدىن سىلىق ئۆتۈپ كەتتى.

نەمەت ئاشنى يەپ بولۇپ «كارت ـ كۇرت» كېكىرىپ، ئامبارچى دەملەپ بەرگەن دورىلىق چاينى ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئەترەت باشلىقلىرى بىلەن پاراڭغا چۈشتى.

— ماڭا قايلاڭلار، ھەسناخۇن، مۇشۇ كومپارتىيە ھەقىقەتەن ئادىل جۇما، ئاڭلىساق، بەدۆلەت ھەر جۈمە كۈنى قازان ئېسىپ كەمبەغەللەرگە ئاش بېرىدىكەنمىش. ماتىتەيمۇ جۇمە نامىزىدىن يېنىپ پېقىر خەلقنىڭ بېشىغا كۈمۈش تەڭگە چاچىدىكەنمىش. لېكىنزە، ھېچقانداق پادىشاھ كۈندە ئۈچ ۋاق غىزا بېرىپ پۇقرانى قورساق غېمىدىن قۇتۇلدۇرماپتىكەن. پۇقرا دېگەن قورساق غېمىدىن قۇتۇلغاندىكىن، ئەمگەك قىلماي نېمىش قىلىدۇ دەيسىلەر.

— راست دەيلا، مېنىڭچىمۇ كومپارتىيە ھەرقانداق ھۆكۈمەتتىن دانا، قىلنى قىرىق يارىدىغان پارتىيە. مۇشۇ خوتۇن خەقنى ئالساق، خوتۇن خەق دېگەن قازان بېشىدا يۈرۈپ بولسا يەپ

تويمايدىغان، بولمىسا قازان ـ قومۇچىنى يالاپمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغان، ئاغزىمۇ، پۇت ـ قولىمۇ بىر دەم بىكار تۇرمايدىغان خەق. مەن مۇشۇ خوتۇن خەقنىڭ چىدامىلىقلىقىغا، كۈچىگە ھەيران قالىمەن. ئەر كىشىنى كۈچى بار دەيدۇ. لېكىن، خوتۇن كىشى قىلىدىغان بەزى ئىشلارغا خېلى ـ خېلى ئەركەكلەرمۇ چىدىمايدۇ. كومپارتىيە مانا مۇشۇ خوتۇنلارنى قازان بېشىدىن ئازاد قىپتى، كوممۇنانىڭ ھەممە ئىشىنى شۇلار قىلىدىغان بولۇپ كەتتى ئەمەسما! بۇمۇ قەدىمدىن بولۇپ باقمىغان ئىشمىكىن دەيمىنا.

قالغانلارمۇ «راست، راست» دېيىشىپ كەتتى.

ــ مۇشۇ توغۇتنى ئالساق، ــ دەپ گەپكە ئارىلاشتى ئەترەت باشلىقى ھەسناخۇن، ــ بالا توغقۇچە خوتۇن كىشىنىڭ ئۆستىخان ـ ئۆستىخانلىرى ئاجرايمىش. ئۇ ئالەمنىڭ بوسۇغىسىغا يەتتە قېتىم بېرىپ يەتتە قېتىم يانارمىش. بىزنىڭ خوتۇن چوڭ بالامنى توغقاندا، توغۇت ئانىسى ئۆلگۈرۈپ كېلەلمەي يېنىدا ئۆزۈم تۇرغان دەڭلا، خوتۇننىڭ جاپاسىنى كۆرۈپ ھوش ـ كاللام ئايلىنىپ، تاس قالغان مەنمۇ تەييار بولۇپ قالغىلى. شۇ چاغدا بالا توغۇش مۇشۇنداق تەس ئىش بولسا خوتۇن كىشىنىڭ يېنىغا ئىككىنچى يولىماسمەن، دەپ قەسەممۇ قىلىۋەتكەن.

ئۇلتۇرغانلار قاقاھلاپ كۈلۈشتى:

ــ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ سەككىز بالا تېپىپسىلە، قەسەم قىلمىغان بولساڭلار ئىش بار ئىكەن...

ــ ھەسناخۇن، يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن يانماس دېگەننى ئاڭلىمىغانما؟

ــ پاتەمخان ئۆنىمىسا قانداق قىلىمەن. سىلە بىلمەيسىلە،

ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا بەك شوخ ئىدى دەيمەن، ھەر ئاخشىمى يىلىمدەك چاپلىشىۋېلىپ... ھى ـ ھى ـ ھى...

نېمىشقىدۇر نەمەتنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى.

ــ بولدى ھەسىناخۇن، بولدى قىلىڭلار، ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى. يۇقىرىدىن ھېلىقىدەك كوممۇنا ئاشخانىلىرىنى ياخشىلاڭلار، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىڭلار، دەپ ھۆججەت كەپتۇ. پات ئارىدا تەكشۈرۈپ باھالاشمۇ بولىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئىي تەكشۈرگۈچىلەر كەلگۈچە قازان باشلىرىنى، ئا ھويلىنى پاكىزرەك تازىلاپ قويارسىلەر، جازالىنىپ قالماڭلار يەنە. يەنە بىرى، ئەترەت تەۋەسىدە ھېلىقىدەك ئوغرىلىقچە شەخسىي قازان ئىسىۋاتقانلار بارمۇ، بۇنىڭغىمۇ كۆز ـ قۇلاق بولۇڭلار. مۇشۇ دېھقان خەق دېگەنغۇ زادى ياخشىلىقنى بىلمەيدۇ. ھۆكۈمەت بىر ئوبدان ئاش بېرىپ بېقىۋاتسا، چاشقاندەك نېمە تاپسا ئۆيىگە توشۇپ ئوغرىلىقچە يەۋالمىسا كۆڭلى قانائەت تاپمايدۇ. شەخسىي قازان ئاسماڭلار، ئۇپچە قازاننىڭ تامىقىنى يەپ كوممۇنىزىم قۇرىمىز، دېسە ئۇنىماي، ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدۇ. ھەي تۇداخۇن، قوشناڭلار كېچىسى تىز ئۇخلاۋاتامدۇ؟ بۇرنۇڭلارغا بىر نەرسە پۇراپ قالمايدىغاندۇ؟

ــ قايسى قوشنامنى دەيلا دادۇيجاڭ؟

ــ ھېلىماخۇنلارنى دەيمەن.

ــ بۇ ۋاققىچە بىلمىدىم، بۇنىڭدىن كېيىن خەۋەر ئېلىپ تۇرارمەن.

ــ كېچىسى كۆزەتچىلىككە ئادەم قويۇڭلار، ھېلىقىدەك قازان ئاسقانلار بايقالسا، دەرھال ئۆيىنى ئاختۇرۇپ تىقىپ قويغان ئاشلىقلىرىنى مۇسادىرە قىلىمساق بولمايدۇ. ئاڭلىغانسىلەر، 3 ـ ئەترەتتىكىلەر ھېكىماخۇننىڭ ئېغىلىدىن 6 ـ 5 تاغار بۇغداي ـ

قوناق تېپىپتۇ. چوڭقۇر كولاپ كۆمۈۋېتىپتىكەن. ئۇنداقلارنى 1 ـ ئەترەتتىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ جۇمۇ.

نەمەتنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ «خوش، شۇنداق» دەپ تۇرۇشقانلار نەمەت چىقىپ كېتىشى بىلەنلا پىچىرلىشىپ كېتىشتى.

ـــ بايا بۇرنۇڭلىغا بىر نەرسە پۇراپ قالمىغاندۇ دەپ سورىغاندا، تاس قالدىم، بۇخېلىچىخان ئاچامنىڭ مورىسىدىن ھەر كۈنى كېچىسى خىلمۇخىل مەززىلىك پۇراقلار بۇرنىمىزغا پۇراپ تۇرىدۇ، دەپ سالغىلى.

ـــ ئۇنداق دېگىلى بولامدىغان، بۇخېلىچىخاننىلا ئەمەس، ئۇنىڭ قىزلىرى، كۈيئو ئوغۇللىرىنىمۇ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. شۇلارنىڭ زامانى بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ بۇ.

ـــ بۇمۇ خۇدانىڭ بۇيرۇغىنى. ھەرقانداق بەندىسىنى خۇدا ئۆزى بىر يولدا قويىدۇ. ھېلىمۇ كۆرۈۋاتقان كۈنىمىزگە شۈكۈر.

ـــ شۇنداق، شۇنداق، شۈكۈر قىلمىساق بولمايدۇ.

تېگى قىزىل، چېكىم ـ چېكىم ئاق گۈللۈك چىتتا كۆڭلەك، قارا جىلىتكە كىيگەن، ئاق داكا رومىلىنى چېكىلەپ چىگكەن زەينەپ قايناق چۈشتە ئۆيىدىن چىقتى. ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىكى ئادەم ئاز ماڭىدىغان چاتقاللىق، دەرەخلىكلەردىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۆتۈپ ئېتىزلىقلارنىڭ ئىچى بىلەن ئۇدۇل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۆيگە كىرىپلا ئانىسى بىلەن مەڭىز يېقىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ، جىلىتكىسىنىڭ تېگىدىن ياغلىققا يۆگەلگەن ئىككى نانىنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدى. سۇپىدا ياتقان ۋىلاخۇنىنىڭ بىرنېمىلەرنى دەپ ئىڭراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىتتىك دادىسىنىڭ ئالدىغا باردى:

— قانداقراق تۇردۇڭ دادا، بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

ۋىلاخۇن مىدىرلىيالماي بېشىنى سەل بۇراپ ئۇنىڭغا قارىدى ـ دە، كۆزىگە ياش ئېلىپ، يەنە بىرنېمىلەرنى دېدى. ئۇ بىر ئاينىڭ ئالدىدا، سۇ قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋېتىپ يىقىلىپ قالغانچە ئاغزى گەپكە كەلمەس، پۇت ـ قولى تۇتماس بولۇپ ياتاتتى. زەينەپ كۈندە دېگۈدەك ئامال قىلىپ دادىسىنى يوقلاپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ نانغا تەلمۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ناندىن بىر بۇردا ئۇشتۇپ كىچىككىنە پارچىسىنى ئاغزىغا سېلىپ قويدى.

— يۇتالمايدۇ. ئۇماچىنىمۇ ئاران يۇتىدۇ. گېلىغا تۇرۇپ قالسا قىيىنلىپ كېتەرمىكىن، — دېدى ئانىسى. زەينەپ دادىسىنىڭ ئاغزىدىن ناننى ئېلىۋەتمەكچى بولغانىدى، دادىسى ئۇنىماي بېشىنى چايقاپ تۇرۇۋالدى. ئاغزىنى چىڭ يۇمغىنىچە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ناننى ناۋات شورىغاندەك شوراپ، تامشىپ كەتتى.

— بىچارىنىڭ بۇغداي نېنى يېگۈسى كەپتىكەن. مۇشۇ ناننى ساقلاپ ئاز ـ ئازدىن چىلاپ بېرەرمەن. بىر جىڭ گۆش بولغان بولسا، شورپىسىنى بىر ئىچۈرۈپ قويغان بولسام، سەل ماغدۇرىغا كېلىپ قالاتتىمىكىن.

— گۆشنىغۇ تاپقىلى بولار. لېكىن، بۇ ئۆيدە قايناتقىلى بولارمۇ؟ پايلاقچىلار بىلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟

— خۇدايىم، نېمە كۈنلەرنى كۆرسىتىۋاتىدىغانسەن بىزگە؟ ھەرقانچە گۇناھلىرىمىز بولسىمۇ، كۈيۈرلۈق قىلىپ بىر كىملەرنىڭ ئالدىدىن تۇغرا ئۆتۈپ قويغان يېرىمىز بولسىمۇ، نېمە تۈگىمەس تارتقۇلۇق بۇ. مەن تېخى ئېتىزدىن كېلەلمىسەم، بۇ ئۆيدە كېسەل بار دەپ يا بىركىمنىڭ ئىچى ئاغرىمىسا... بىچارە، ئەتىدىن كەچكىچە يالغۇز ياتىدۇ. ئاخشىمى كېلىپ قارىسام، يوتقان ـ كۆرپە دېگەن قارىغۇسىز بولۇپ كېتىدۇ. نېمە

بولدىكىن، ئىككى كۈندىن بېرى كىچىك تەرىتى كەلمەي قورساقلىرى ئىششىپ كېتىپتۇ.

ئانا ـ بالا ئۈن ـ تىنسىز ياش تۆكۈپ يۇم ـ يۇم يىغلاشتى. زەينەپ دادىسىنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ باش ـ كۆزلىرىنى سىلاپ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى ئوڭلاپ يېپىپ قويۇپ:

ــ خوش دادا، مەن ئەتىگەنلىككە ساڭا شورپا قايىنتىپ كېلەي، خۇدايىمغا ئامانەت، ــ دېدى.

ۋىلاخۇن كۆزلىرى بىلەن قىزىغا تارتىشتى. ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. زەينەپمۇ خۇددى دادىسى بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈشى ئىكەنلىكىنى سەزگەندەك، ئىشىكتۈۋىدىن كەينىگە قايرىلىپ، دادىسىغا چىدىماي قاراپ، ياشلىرىنى ئېرتقىنىچە چىقىپ كەتتى.

ياز قۇياشى كۈمىلاچ تاملىق پاكار ئۆيلەرنى، ئېتىزلارنى، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەرنى ئايىماي قىززدۇراتتى. يوللاردا، هويلىلاردا ئادەم ياكى بىرەر ئىت ـ مۈشۈك كۆرۈنمەيتتى. موريلاردىن ئىس كۆتۈرۈلمەيتتى. قارىماققا ئاقۇچ كۆل رەڭ توزان باسقان بۇ يۇرت خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغاندەك، ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

زەينەپ هويلىغا كىرىشىگە ئېتىكىگە ياماشقان قىزىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، باراڭ ئاستىدىكى كاتتا ياتقان قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىغا باردى.

ــ قانداقراق تۇرىلا ئانا؟

ــ خۇداغا شۈكۈر بالام، بۈگۈن مەيدەم خېلى بوشاپ قالغاندەك تۇرىدۇ. يۆتەلمۇ خاپا قىلمىدى. ئاخشامقى باچكا پايدا قىلدىمىكىن دەيمەن، ــ دەپ خىرقىراپ جاۋاب بەردى ئايال.

ــ هەرنېمە بولسا، سىلى بولسىلىمۇ ساق تۇرۇپ بەرسىلە،

مەن سىلىگە چاي قاينىتىپ نان چىلاپ بېرەي، خۇدا بۇيرۇسا ئاخشاملىققا ئىسسىقراق بىر نەرسە ئېتىپ بېرەرمەن. ھازىرچە چىداپ تۇرسىلا.

— چىدايمەن قىزىم، چىدايمەن. بايا كۆزۈم ئىلىنىپ قاپتىكەن، چۈش كۆرۈپتىمەن. ياش چاغلىرىم ئىمىش، قازاندا لىق گۆش قايناۋاتقۇدەك، ئىككىمىز بىر ياندا چۆچۈرە تۈگۈۋېتىپتىمىز.

— ئوبدان چۈش كۆرۈپلا ئانا، يەيدىغان نەرسە دېگەن ئوبدان. خۇدايىم رىزقىلىرىنى بېرە. توختى قارىي بىلەن دادام تېخى پەيدا بولمىغان ئوخشىمامدۇ؟

— توختى قارىي كەلگەندەك قىلمىدى. ئا ئادەم بايا مۇشۇ يەردە بار ئىدى، روزاخۇننى يېتىلەپ نەگە ماڭدىكىن.

زەينەپ قۇچىقىدىكى بالىنى يەرگە قويۇپ، ئوچاققا ئوت قالىدى. قازاننى يۇيۇپ، ئىچىگە سۇ قۇيدى. قازان خۇددى ئەزەلدىن ياغ دىدارى كۆرمىگەندەك داتلىشىپ تۇراتتى. ئوت تۇتاشقانچە قازاندىكى سۇ پىژىلداپ ھور چىقىرىشقا باشلىدى. زەينەپ ئاشتاختىا ئۈستىگە چوڭ - كىچىك قاچىلارنى تىزىپ، ئىچىگە زاغرا ناننى ئۇششاق ئۇۋاپ، يوشۇرۇپ ساقلاۋاتقان بىر كۇرۇشكا قوي يېغىنى ئېلىپ ھەر قاچىغا قوناقتەك سېلىپ ئۈستىگە چاي قۇيدى. نان بىردەمدىلا ھۆپپىدە يۇمشاپ كۆپۈپ چىقتى. بۇ ئۇلارنىڭ چۈشلۈك تامىقى ئىدى. كەچلىك تامىقىمۇ مۇشۇنداقلا بولاتتى. مەدەك ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ يېقىلغان بۇنداق زاغرا نانلار ئەتىگەنلىك تاماققا قوشۇپ ئادەم بېشىغا ئىككىدىن تارقىتىپ بېرىلەتتى، بۇ نانلار گالنى غاجاپ تەستە ئۆتەتتى، ئادەمگە قۇۋۋەتمۇ بولمايتتى، لېكىن ئاچلىقنى بېسىش ئۈچۈن ئۇنى يېيىش كېرەك ئىدى. كۆپلىگەن ئائىلىلەردە مۇشۇ نانمۇ ناھايىتى ئەتىۋارلىق ئىدى.

شۇ يىللاردا توغراقلىقتا:

*ئاق قۇشقاچمۇ سايرايدۇ،*
*كۆك قۇشقاچمۇ سايرايدۇ.*
*مەدەك نانىنى تولا يەپ،*
*ھاشارچى باللار يىغلايدۇ.*

*ئارپا نېنىمۇ دەيدۇ،*
*مەدەك نېنىمۇ دەيدۇ.*
*گالدىن ئۆتكىنى بىلەن،*
*ئاچقان يەرگە بارمايدۇ.*

دېگەندەك قوشاقلار تارقالغانىدى.

# ئون بەشىنچى باب

1958 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا داۋىي ئىشخانىسى ئەتراپىغا، يول بويلىرىغا، تام، دەل ـ دەرەخلەرگە «ئومۇم خەلق پولات تاۋلاش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، پولاتتىن سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرەيلى!»، «پولات مارشال» نى تەختكە چىقىرايلى»، «ئىككى يىل زەربىدارلىق بىلەن پولات تاۋلاپ قېرى جاھانگىر ئەنگلىيەدىن ئېشىپ كېتىمىز!» دېگەندەك لوزۇنكا، شوئارلار چاپلاندى. توغراقلىقلار بۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ گەپلەرنى چۈشىنەلمىسىمۇ، «پولات»نىڭ نېمىلىكىنى ئاز ـ تولا بىلەتتى. لېكىن، ئۇنى قانداق تاۋلايدىغانلىقىدىن زادى خەۋىرى يوق ئىدى. بىر كۈنلەر كېلىپ ئۆزلىرىنىڭمۇ پولات تاۋلىغۇچى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. يېقىنقى يىللاردا پەيدا بولۇپ قالغان «سۈنئىي ھەمراھ»، «پولات مارشال» دېگەندەك گەپلەرگە مۇشۇ ھۆكۈمەت ئۆزى بىلىدىغان ئىشتۇ، دەپ باش قاتۇرۇپ ئاۋارىمۇ بولمايتتى. بەزى گەپدان بوۋايلار «قېرى جاھانگىر ئەنگلىيە» دېگەننى «ئۆز ۋاقتىدا بەدۆلەتكە سىلىتىق بەرگەن پەرەڭ مەلىكىسىنىڭ دۆلىتى شۇ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرى قۇملۇقتىكى غايىب شەھەرنى ئاختۇرغىلى كېلىپ، ئۆلەر ھالغا چۈشۈپ قالغاندا، بىزنىڭ قويچىلار تېپىۋالغان، نەمەتنىڭ چوڭ دادىسى قۇربان باخشى ئۇلارنى داۋالاپ ساقايتقان، ئۇلار مۇشۇ يەردە خېلى ئۇزاق تۇرغان» دېيىشتى.

توغراقلىقتىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى «سۈنئىي ھەمراھ» دېگەننى «ئاسماندا ئۇچىدىغان، نوھ

ئەلـەيھىسسالامنىڭ كىمىسىگە ئوخشايدىغان بىر كېمە. بىر پولاتنى جىقراق تاۋلىيالىساق، شۇنداق كېمىدىن بىرنى قويۇپ بەرگەن بولىمىز» دەپ چۈشەندۈردى.

— مۇئەللىم، پولاتنى قانداق تاۋلايدۇ؟ — دەپ يەنە سوراشتى باللار.

— رۇدىنى چوڭ ئوچاقلاردا كۆيدۈرۈپ تاۋلايدۇ.

— رۇدا دېگەن نېمە؟

— رۇدا دېگەن... تاغدا بولىدىغان، پولات تاۋلىغىلى بولىدىغان تاش.

— مۇئەللىم، قۇمدا پولات تاۋلىغىلى بولامدۇ؟

— بولمايدۇ.

— قۇمدا نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟

مۇئەللىم جاۋاب بېرەلمەي كۈلدى، سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلسا، ئىنسانلار چوقۇم قۇمدىنمۇ پايدىلىنالايدىغان بولىدۇ، — دېدى.

— مۇئەللىم، تاغ دېگەن قانداق بولىدۇ؟

مۇئەللىم دوسكىغا بور بىلەن قۇملۇقنى، ئۇنىڭ يېنىغا تىك چوققىلارنى سىزدى.

— ماۋۇ قۇملۇق، ماۋۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغىنى تاغ.

— مۇئەللىم، بۇ يەردە تاغ بولمىسا، پولاتنى قانداق تاۋلايمىز؟

مۇئەللىم يەنە كۈلدى. ئۇ بۇ سوئالغا ھەقىقەتەن جاۋاب بېرەلمەيتتى.

يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە توغراقلىقتىكى قاۋۇل ئەمگەكچىلەر تەشكىللىنىپ قوشنا ناھىيەنىڭ تېغىغا بېرىپ پولات تاۋلاشقا قاتنىشىدىغان بولدى. كەنتتىكى ئىش كۆرگەن، تەجرىبىلىك چوڭلار، ياش ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سەپەرۋەر قىلىنىپ، پولات تاۋلىغۇچىلارنى ئابدۇغېنى ئاخۇن

باشلاپ ماڭدى. تاش ئاخۇنىنىڭ باشچىلىقىدا قۇرۇلغان قاتناش ئەترىتى تاغدىكىلەرگە يېقىلغۇ، يېمەك - ئىچمەك، كىگىز - كېچەك دېگەندەك لازىملىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

قۇملۇقتا ياشاپ كەلگەن، ئەزەلدىن تاغنى كۆرۈپ باقمىغان توغراقلىقلارغا دەسلەپتە «پولات تاۋلاش» ناھايىتى قىزىقارلىق، كۆڭۈللۈك ئىشتەك تۇيۇلدى. تاغ باغرىنى بويلاپ قاتار ئورۇنلاشقان چېدىرلار، گەمە ئۆيلەر، مىغ - مىغ ئادەملەر، ياسىلىۋاتقان، ياسىلىپ بولغان چوڭ - كىچىك «دومناپېچ»لار، ھەممە يەردە لەپىلدەپ تۇرغان قىزىل بايراقلار، رادىيو كانىيىدىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان جەڭگىۋار ناخشا ھەم قىسقا، جانلىق خەۋەرلەر... يۇرت ئىچىدىن يىراق بۇ تاغ باغرىنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. توغراقلىقلار دەسلەپتە چوڭ چېدىرغا ئورۇنلاشتى، ئەتىسىدىن تارتىپ تاغ باغرىنىڭ بوش يېرىگە گەمە كولاشقا چۈشتى. گەمىلەر پۈتۈپ مەش قويۇلدى. كىشىلەر ئىسسىق گەمىلەرگە ئورۇنلىشىپ ئاۋۋال كەلگەنلەر ياساپ تەييار قىلىپ قويغان پېچلاردا پولات تاۋلاشنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. كۆزەينەكلىك خەنزۇ تېخنىك بىلەن ياش تەرجىمان ئۇلارغا پېچنى قانداق تەييارلاش، ماتېرىيالنى قانداق تەرتىپ ۋە نىسبەتتە سېلىش، ئوت يېقىش، ئېرىتمىنى قانداق چىقىرىش قائىدىلىرىنى زېرىكمەي تەكرار - تەكرار ئۆگەتتى، قولمۇقول ئەمەلىي ئىشلەپمۇ كۆرسەتتى، دېھقانلار قىزىقىپ ئاڭلاپ ئاز - تولا بىر نەرسىلەرنى بىلىۋالغاندەكمۇ قىلدى. ئەمما، خىلمۇخىل ئاتالغۇلار ئۇلارنىڭ ئېسىدە قالمايتتى. ھېلىلا پىششىق يادلىۋالغان قائىدىلەرنى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ كېتەتتى. توغراقلىقلار تېخنىكنىڭ ياردىمىدە پېچقا تۇنجى قېتىم ئوت قالاپ، پېچتىن ئېتىلىپ چىققان قىپقىزىل تۆمۈر ئېرىتمىسىنى كۆرگەندە ناھايىتى ھاياجانلىنىشتى، دۇنيادا ئادەم قىلغىلى

بولمايدىغان ئىش يوق ئىكەن. بىز دەك قارا قورساق ئادەملەرمۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلالىدۇق ـ ھە، دېيىشىپ كېتىشتى. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرى مۇستەقىل ئىشقا كىرىشكەندە، بۇ ئىشنىڭ ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى بايقاپ قېلىشتى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىمدا پىچىنىڭ ئاستىدا قېلىن، قاتتىق داشقال ئۇيۇۋېلىپ پىچ مۇزلاپ كەتتى، كېيىنكى قېتىملاردىمۇ نەتىجە كۆتكەندەك بولمىدى. بىر قېتىم پىچتىن ئېتىلىپ چىققان داشقال ئارىلاش ئېرىتمە مىجىت ئاخۇن دېگەن ئادەمنىڭ مۈرىسىگە چاچرىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە چاپانغا ئوت تۇتىشىپ، ئادەم گۆشىنىڭ كۆيگەن پۇرىقى بىلەن مىجىت ئاخۇننىڭ ئېچىنىشلىق پەريادى پىچ ئەتراپىنى بىر ئالدى. مىجىت ئاخۇن ناھىيەلىك دوختۇرخانىدا ناھايىتى ئۇزاق يېتىپ بىر مۈرىسى مايماق بولۇپ ساقايدى. ئارقىدىنلا پىچ ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان بىر دېھقاننىڭ يۈز ـ كۆزى كۆيۈپ يارىلاندى. باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەر بىر ئادىمىنىڭ ئون نەچچە مېتىرلىق ئېگىز پىچقا چۈشۈپ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر تال سۆڭىكىنىمۇ تېرىۋالالمىغانلىقلىرىنى سۆزلەپ يۈرۈشەتتى. بۇ گەپلەر دېھقانلارنىڭ ئىچىگە بىر ۋەھىمە سېلىپ قويدى. ئۇلار ئەمدى ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.

ئابدۇغېنى ئاخۇن باشتىكى خەنزۇ تېخنىكنى ئىزدەپ تاپالماي، ئېگىز تۇماق كىيگەن، پاكارغىنا، ئاق سېرىق بىر ئادەمنى باشلاپ كەلدى. كىشىلەر ئۇنى «يېڭىسارلىق ئادەم» دېيىشەتتى. لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان بىر كۈنى، يېڭىسارلىق ئادەم ئابدۇغېنى ئاخۇن باشلىق 6 ـ 5 دېھقاننى كەينىگە سېلىپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ تونۇرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر پىچ ياسىدى. ئۇنىڭغا ئوتۇن، ياغاچ كۆمۈرى ۋە رۇدىنى قاتمۇقات سېلىپ ئوت ياقتى، ئوت يېرىملاشقانچە ئارقا ـ ئارقىدىن

ماتېرىيال سېلىپ، رودا مىقدارىنىمۇ كۆپەيتىپ، يەرلىك تۆمۈرچىلەرنىڭ كۆۋۈكى ئارقىلىق شامال بېرىپ تۇردى.

شۇ قېتىم بىر ئوتتىلا 100 جىڭ تۆمۈر ئېرىتىلدى. يېڭىسارلىق ئادەم خېلى كۆڭلەرگىچە توغراقلىقلار بىلەن بىللە يېتىپ ـ قوپۇپ يۈردى. بۇ جەرياندا كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسلىي ئۇستا پىچاقچى ئىكەنلىكى، ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ مۇشۇ ئۇسۇلدا تۆمۈر ئېرىتىپ پىچاقچىلىق قىلىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىشتى. شۇنداق قىلىپ توغراقلىقتىن كەلگەن دېھقانلارمۇ ئاز ـ ئازدىن تۆمۈر ئېرىتىشكە باشلىدى.

توختى قارىي ئۆيىدىن ئايرىلغىلى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. ئۇ تاغدا رودا قىزىتىۋېتىپ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىنى، بالىلىرى بىلەن زەينەپنى ئويلايتتى. ئۇ زەينەپنى شۇنچىلىك سېغىنغانىدى. ئاق داكا ياغلىقىنى چېكىلەپ چىگكەن، يىغىدىن قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن، غەمكىن قىياپىتى بىلەن تېخىمۇ لەۋەن، ئوماق كۆرۈنىدىغان زەينەپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر دەممۇ نېرى بولمايتتى. ئۇ زەينەپكە ئىچ ئاغرىتاتتى، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا ئانىسىمۇ ئۆلۈپ كەتتى. زەينەپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا تولا يىغلاپ، ئورۇقلاپ شۇمەكتەك بولۇپ قالدى. ئۆيدە ئۇنىڭ يۈكى ھەممىدىن ئېغىر، بالىلار تېخى بىر ـ بىرىدىن كىچىك، توختى قارىينىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولسا كېسەلچان، ھېسابتا ئۇلارمۇ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا بولمايدىغان كىچىك بالا. زەينەپ ئەرلەرگە ئوخشاش ئېتىزغا چىقىپ ئىشلەيدۇ، ئۆيگە كېلىپ يەنە ئۆيدىكىلەر ئۈچۈن پايپېتەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇگمەس ئۆگىنىش، مەجلىسلەرگە قاتناشمىسا بولمايدۇ. نەمەت قىشتىمۇ ئۇلارغا ئارام بەرمەيدۇ. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، مۇشۇ كۆڭلەردە «تۆت زىياندا

يوقىتىمىز دەپ قوشقاچ، چاشقان سىلىقى سىلىپ يۈرگۈدەك...

توختى قارىي ئىختىيارسىز ئۆلۈغ ــ كىچىك تىندى. بۇ جاپالىق كۈنلەر قاچانمۇ چىكىگە يېتەر، دەپ ئويلا ــ ئويلا يوغان بىر تاشنىڭ ئارقا تەرىپىدىن دومىلاپ چۈشكەنلىكىنى سەزمەي قالدى، ئېگىزدە، ئەتراپتا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ بولغۇچە تاش ئۇنىڭ يانپېشىغا سوقۇلۇپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇيۇلۇپ ئىشلەۋەردى. ئاخشىمى ئىشتىن قايتقۇچە ئاقساپ ماڭدى. بىراق، ئەتىسى يانپېشىنى ئالالماي قالدى. چۈشكە يېقىن دورا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كىرگەن دوختۇر ئۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ: «تەلىيىڭ بار ئىكەن، يىگىت. سۆڭەككە زەخىم يەتمەپتۇ، بىرەر ھەپتە ئارام ئالساڭ ساقىيىپ قالىسەن» دەپ دورا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھەر كۈنى بىر قېتىم كېلىپ تەكشۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. توختى قارىي كەچكىچە مىدىرلىماي ياتتى. ئەتىسى باشقىلار ئىشقا چىقىپ كەتكەندە، ھەمراھلىرى نەدىندۇر تېپىپ ئەكىلىپ بەرگەن قولتۇق تاياققا تايىنىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. پەستە ئۇيانىدىن ــ بۇيانىغا ئالدىراش ئۆتۈشۈپ يۈرگەن ئادەملەرگە، رودا، كۆمۈر ياكى داشقال بېسىلغان قول ھارۋا، ئېشەك ھارۋىلىرى، ئوت پۈركۈپ يېنىۋاتقان دومنا پېچلارنىڭ ئەتراپىدا ئۇزۇن لىملارنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن پولات تاۋلىغۇچىلارغا بىردەم قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ يېنىدىلا ئىككى تۇۋرۇككە بېكىتىلگەن قارا تاختاي گېزىتى بار ئىدى. كۆك شىرىق چاپان، قولاقچا كىيىۋالغان ياشقىنە بىر يىگىت يانچۇقىدىن بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ، قەغەزلەرگە بىردەم قاراپ تۇردى ــ دە، بور بىلەن قارا تاختاينىڭ يۇقىرىسىغا «پولات ئۇچۇن جەڭ» دەپ يازدى. ئۇنىڭ خېتى كۆرۈمسىز ئىدى. بىرىنچى قۇردىن باشلىغان خېتى قۇر ئاخىرىغىچە دوسكىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قالاتتى، خېتىدىن رازى

بولماي، دوسكىنى ئۆچۈرۈپ قايتا يېزىشقا باشلايتتى. يېزىپ ـ يېزىپ توختاپ، سەل نېرىغىراق بېرىپ قاراپ بېقىپ يازغانلىرىنى يەنە ئۆچۈرەتتى. توختى قارىي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تارتىنغاندەك كۈلۈمسىرەپ:

— مەن يېزىپ باقسام بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

يىگىت دەرھال توختاپ ئۇنىڭغا بىر قارىدى ـ دە، گەپ قىلماي بور بىلەن قەغەزنى بېرىپ:

— مۇشۇ قەغەزدىكىسى بويىچە يازىمىز، — دەپ قويدى.

توختى قارىي قەغەزگە پات ـ پات قاراپ، ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى دوسكىغا چىرايلىق كۆچۈردى. يىگىت يەنە بىر يانچۇقىدىن ئېلىپ بەرگەن قەغەزدىكى شېئىرلارنىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا رەتلىك يېزىپ چىقتى. يېزىپ بولۇپ، قارا تاختاينىڭ تۆت بۇرجىكى، ئاستى ـ ئۈستى ۋە ماقالە ئارىلىرىنى چىرايلىق گۈل ـ نەقىشلەر بىلەن بېزىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يىگىت ھەر كۈنى توختى قارىينى ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى. توختى قارىي ئۇنىڭ مۇخبىر ئىكەنلىكىنى، يازغانلىرىنىڭ بىر نۇسخىسى شەھەردە چىقىدىغان گېزىتكە ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا ئۆزىنىڭ قاراملىق قىلغىنىدىن خىجىل بولۇپ قالدى. ئەمما، يىگىت ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا ئىزدەپ كېلىۋەردى. ھەتتا ئۆزى يازغان شېئىرلارنى ئوقۇپ بېرىپ پىكىرمۇ ئالىدىغان بولدى. بىر كۈنى ئۇ ئاپپارات كۆتۈرۈپ كېلىپ، توختى قارىينى ئىشلەۋاتقان يېرىدە سۈرەتكە تارتىپ قويدى. ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتكەندە ئۇنىڭغا بىر نۇسخا گېزىت ئەكىلىپ بەردى. توختى قارىي گېزىتنىڭ باش تەرىپىدە كۈلۈپ تۇرغان، جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن يىگىتنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە تەستە ئىشەندى. سۈرەتكە «مەنمۇ پولات تاۋلىدىم» دەپ ماۋزۇ قويۇلغانىدى. بۇ توختى قارىينىڭ تۇنجى قېتىم سۈرەتكە چۈشۈشى ئىدى.

شۇ كۈنلەردە مودا بولغان «ھەممە پولات ئۈچۈن» دېگەن شوئار

خۇددى ئۆتكۈر قورالدەك ياكى يارلىقتەك ھەرقانداق توسقۇنلۇقنى يوقىتىپ، مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنىمۇ بىردەمدە رېئاللىققا ئايلاندۇراتتى. پولات تاۋلاش ئۇچۇن ناھايىتى كۆپ ياغاچ كۆمۈرى ۋە ئوتۇن زۆرۈر ئىدى. توغراقلىقتا قالغان ئەرلەردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا توختىماي دەرەخ كېسەتتى. توغراق بارمۇ، تېرەك بارمۇ، تازا مېۋە بېرىۋاتقان ئۈجمە، ئۆرۈك، ياڭاق بارمۇ، بىردەمدىلا گۇرسۇلدەپ يىقىلىپ يەردە ياتاتتى. كىشىلەر ئۇنى ھەرە بىلەن پارچىلاپ، مەھەللە سىرتىدىكى يوغان ئورىلاردا كۆيدۈرۈپ «ياغاچ كۆمۈرى»گە ئايلاندۇراتتى، شاخ ـ شۇمبىلىرىنى كېسىپ ئوتۇن قىلاتتى. تاغارلارغا قاچىلانغان ياغاچ كۆمۈرى بىلەن باغلام ـ باغلام ئوتۇنلار تۆگە ـ ئېشەككە ئارتىلىپ، ئات ھارۋىلىرىغا بېسىلىپ، كېچە ـ كۈندۈزلەپ يىراقتىكى تاغ باغرىغا توشۇلاتتى. بىرەر ئايغا قالماي توغراقلىقتا چوڭراق بىرەر تۈپ دەرەخ قالمىدى.

ھېلىم ئاخۇن ئىشىك ئالدىدىكى ئاسمان ـ پەلەك تېرەكلەرنىڭ كېسىلىپ كەتكىنىگە چىدىماي ساراڭدەكلا بولۇپ قالدى. توققۇز تۈپ تېرەك خۇددى زەبەردەس پالۋانلاردەك ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قەدىم جايىنى قورشاپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ روھى مۇشۇ تېرەكلەرگە سىڭىپ قالغاندەك بىلىنەتتى. كۆڭلى خۇش چاغلىرىدا ھويلىغا چىقسا، تېرەك يوپۇرماقلىرى خۇددى ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلىشىۋاتقاندەك كۇمۇشتەك پارقىراپ، مەيىن شامالدا يېقىملىق شىلدىرلىشاتتى. ئۆيدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولسا تېرەكلەرمۇ جىمىپ سۇكۇتكە چۆمگەندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ تېرەككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرىگە غەرق بولغان ۋاقىتلىرىدا روھى ئاسمان ـ زېمىن، دەل ـ دەرەخ ۋە ئەجدادىنىڭ روھى بىلەن بىرلىشىپ بىر جان، بىر تەنگە ئايلانغاندەك، كۈچلىنىپ، ياشىرىپ قالغاندەك

تۇيغۇغا چۆمۈلەتتى. ئۇنىڭ تېرەكلەرگە مېهرى چوڭقۇر ئىدى، ئۇلارنى ئاسرايتتى، كىشىلەرنىڭ ئات ـ ئېشەك باغلىشىغا، زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشىگە يول قويمايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆيىنى «تېرەكلىك هويلا» دېسە، مەھەللىسىنى «تېرەكلىك مەھەللە» دېسە، ئۇ پەخىرلىنەتتى. مانا بۈگۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر كۈندىلا يوق بولدى. ھەر يىلى ئەتىيازدا مەي بولۇپ پىشىپ، ئادەملەرنىلا ئەمەس، ئۇچار قانات، جان ـ جاندارلارنىمۇ تويغۇزىدىغان ئۈجمىلەرمۇ، ئۇلارغا قونۇپ، چۇرۇقلىشىپ كۆڭۈللەرنى ئاچىدىغان قۇشلارمۇ يوق بولدى. ئۇنىڭ ھويلىسى بىردىنلا قاغجىراپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆيدە ئولتۇرغۇسى كەلمەيتتى. يوللاردا، ئېتىزلاردا ئايلىنىپ يۈرگىنىدە ئۆزىگە ئوخشاش تەمتىرەپ يۈرگەن قۇشقاچلارنى كۆرسە، مېنىڭ مەھەللەمدىكى قۇشقاچلار شۇمىكىن، دەپ ئىچ ئاغرىتاتتى. يانچۇقىدىكى كوممۇنادىن بەرگەن زاغرا ناننى ئۇۋاپ بېرىۋېتىپ:

— كېتىڭلار، يىراق يەرلەرگە ئۇچۇپ كېتىڭلار، — دەيتتى.

يىراقتىن رەگەتكە كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن باللارنى كۆرسىلا، بېشىدىكى تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ: «ھۇش، ھۇش !» دەپ قۇشقاچلارنى ئۈركۈتۈپ قوغلايتتى. ھەي بىچارىلەر... ئۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. قۇشقاچلار يەرگە قونۇشتىن قورقۇپ، ئاسماندا ئېچىنىشلىق چىرىلدىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇۋىلىرى بۇزۇۋېتىلگەن، ئۇلار قونغۇدەك، ئارام ئالغۇدەك بىر تۇپ دەرەخمۇ يوق ئىدى. ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىرىنىڭ بەزىلىرى ئوق يەپ يىقىلسا، بەزىلىرى قاناتلىرى تېلىپ، ھالىدىن كېتىپ يىقىلاتتى. باللار قۇشقاچلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ خۇشال بولۇشۇپ يۈگۈرۈشەتتى.

ھېلىم ئاخۇن نەمەتنى ئىزدەپ باردى:

— نەمىتاخۇن بالام، ئۇمۇ مەيلى، بۇمۇ مەيلى. لېكىنزە،

دەرەخلەرنى كېسىۋەتكىنىمىز زادى بولمىدى، بىزنىڭ يۇرتنى ساقلاپ تۇرغىنى ئاشۇ دەرەخلەر ئىدى. ئۇنى كېسىۋەردۇق، كېسىۋەردۇق، ئەمدى ھەممە يەر ئۇچۇقچىلىق بولۇپ كەتتى. ئېتىزلىرىمىزنى، ئۆيلىرىمىزنى قۇم بېسىۋالارمۇ دەپ نېمىشقا ئويلىمايمىز. خەلق ئويلىمىسىمۇ مەيلى، لېكىن سىلى يۇرت ئاتىسى تۇرۇپ نېمىشقا ئويلىمايلا. مانا سىلىنىڭ چوڭ دادىلىرى دەسسىگەنلا يېرىنى كۆكەرتىپ ماڭىدىغان ئادەم ئىدى، ئۇلاقچىلىقىمۇ ئۇستا ئىدى. ئاشۇلار ئاتا ـ بوۋىلار تىككەن كۆچەتلىرىمىز نەگە كەتتى دەپ، گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرۇۋالمىغانمىدۇ، بالام...

نەمەت بىر ئۆكۈپ بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى:

— سىلى نەدە ھېلىمكا، جاھاندا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، بىلەملا شۇنى. بۇ گەپنى ماڭا دېدىلە، مەن ئاڭلىمىغان بولاي. ئەگەر يەنە بىر يەردە دەپ سالسىلا، ھېلىقىدەك قالپاقنىڭ يوغىنىنى كىيىلا. كۆرمىگەننى كۆرۈپ «ۋايداد» دېسىلىمۇ ھېچكىم سىلىگە ياردەم قىلالمايدۇ. ھازىر ھۆكۈمەت ھەممە ئىشنى قويۇپ پولات تاۋلايمىز دەۋاتىدۇ. بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىشكە ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس. دادا يوللۇق ئادەم بولغاچقا، سىلىگە شۇنچىلىك دەپ قويا،ي قوڭلىرىنى غىت قىسىپ، ئاغزىلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، سىڭگەن ناننى يەپ يۈرسىلە.

ھېلىم ئاخۇن شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمگە گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تامدا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەيتتى. يانچۇقىدىن مەدەك ئارىلاشتۇرۇپ يېقىلغان زاغرا ناننى چىقىرىپ ئالدىرىماي ئۇۋاپ، بىر چاڭگىلىنى ئاغزىغا سالسا، بىر چاڭگىلىنى ئەتراپىغا چاچاتتى، بىر توكۇر قۇشقاچ ئۇنىڭ ئەتراپىدا دانلايتتى، سۇنۇق قاناتلىرىنى سۆرەپ پىر ـ پىر ئۇچۇپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە، نان يۇقى ساقاللىرىغا قونۇۋالاتتى.

گېزىتلەردە «بىر كۈنىمىز يىلغا، بىر يىلىمىز ئەسىرگە تەڭ» دەپ تەسۋىرلەنگەن 1958 ـ يىلىنىڭ قىش پەسلى ئۆتۈپ كەتتى. تاغدىن غەلىبە قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن دېھقانلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كىرىشتى. قارىغاندا يەرنى يەنىلا تېرىماي بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ يېغىدىن ـ يېڭى شوئارلار، يېڭى ۋەزىپىلەر چىقىپ تۇراتتى. دېھقانلار ئۇلارنى ئاڭقىرىپ، ماسلىشىپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. ھەرقانچە داغدۇغىلىق، جىددىي يىغىنلارمۇ ئاخىر بېرىپ زىرائەتنىڭ، ئوغۇتنىڭ، ئۇلاغ ـ چارۋىنىڭ مەسىلىھەتىگە، ھەتتا ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ پاراڭلىرىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇخلاپ ئولتۇرغان ئادەملەرمۇ ئويغىناتتى. سورۇن بىردىنلا ئازادىلىشىپ، كىشىلەرنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، كۈلكە ـ چاقچاق قايناپ كېتەتتى. بەزى گېپى ئاشكارا ئادەملەر:

— كوممۇنانىڭ ئۇمىچى بىلەن مەدەك نېنىنى يەۋېرىپ خوتۇنلىرىمىزنىڭ يېنىغىمۇ يولىماس بولۇپ كەتتۇق. چاقچاق بىلەن بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى ئېچىۋالايلى، — دېيىشەتتى. مەتنىياز ئاخۇن ئىسىملىك ۋىجىك، ئاغزىدا چىشى قالمىغان ئادەم گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى تامشىپ:

— كوممۇنىزمغا بارغاندا كوممۇنانىڭ ئاشخانىسىدا قىرىق ئوچاقتا پولۇ، لەغمەن، شورپا دېگەندەك قىرىق خىل نازۇنېمەت پىشىپ تۇرارمىش. قايسىسىنى يېگۈمىز كەلسە قاچىمىزنى ئېلىپ بېرىپ ئۇسۇپ يەۋېرىدىكەنمىز. ھېچكىم ئۇسۇپ بەرمەيدىكەن، ھېچكىم جىق يەپ كەتتىڭ، دېمەيدىكەن. قاچانمۇ كېلەر شۇ كۈنلەر، — دەپ كىشىلەرنى كۈلدۈرەتتى.

# ئون ئالتىنچى باب

4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، كۈزگى بوغدايلار تەكشى ئۆسۈپ، تېرىلغان زىرائەتلەر بويى تارتىپ دېھقانلارنى ئالدىرىتىشقا باشلىغان كۈنلەردە تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ بوران چىقىشقا باشلىدى. ئاشۇاقتى بىلەن باشلانغان بوران دەمموۇدەم كۈچىيىپ، دۆۋە ـ دۆۋە قۇملارنى ئۇچۇرۇپ، تورخۇن ـ لەمپىلەرنى ئۆرۈپ توغراقلىقنىڭ بىرەر تۇپ دەرەخ، ھەتتا كۆچەتمۇ قالمىغان ئېتىز ـ دالا، مەھەللىلەردە خالىغانچە ھەيۋىسىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. توغراقلىقلار دولقۇنلۇق دەريادىكى قولۋاقتەك دىرىلداپ تىترەپ، ھەريان چايقىلىۋاتقان ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېلىشتى. بوراننىڭ دەھشەتلىك گۈركىرىشىدىن باشلىرى ئايلىنىپ، قۇلاقلىرى پۈتۈپ كەتكەن كىشىلەر باللىرىنى باغرىغا بېسىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئايەت ئوقۇپ ئاللادىن ئامان ـ ئېسەنلىك تىلىشەتتى، نالە ـ ئىلتىجا قىلىشاتتى. بوران بولسا بەئەينى قوترىغان يىرتقۇچ ئىدىكى، ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىنى بىر ئالغان، كۈچ ـ قۇدرىتى تەڭداشسىز بۇ يىرتقۇچ ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى، ئاڭلىمايتتى. ئۇ خالىسا بارچىنى دەسسەپ ـ چەيلەيتتى، ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ۋەيران قىلاتتى، خالىسا قۇم ئاستىغا تىرىك كۆمەتتى، ئۇنىڭغا يۈگەن سالغىلى بولمايتتى.

سەھەردە بوراننىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى تېخىمۇ كۈچەيدى. كىشىلەر ئۆيلىرىنىڭ تورۇس، ئىشىكلىرىنىڭ ئاسماندا لەگلەكتەك ئۇچۇپ يۈرگىنىنى كۆرگىنىدە «زامانى ئاخىر

بولۇپتۇ» دەپ يىغا ـ زار قىلىشىپ، پاناھلانغۇدەك گەمە ـ ئورىلارغا، ئېرىق ـ ئازگاللارغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى. بوران ئۇلارنىڭ زەئىپ تەنلىرىنى ساۋايتتى، ئۈستىگە قۇم ـ توپىلارنى، ياغاچ ـ تاش، ئەخلەت ـ چاۋارلارنى تۆكەتتى، ئۇلارنى نەپەس ئالدۇرمايتتى، كۆزلىرىنى ئاچۇرمايتتى...

كىشىلەر بۇ دۇنيادىن ئاخىرقى ئۇمىدلىرىنى ئۈزگەن پەيتلەردە قۇترىغان يىرتقۇچ ھالسىزلىنىشقا باشلىدى. چۈشكە يېقىن بوران ئاستا ـ ئاستا پەسەيدى. قىزغۇچ توپا رەڭلىك ئاسماندا بىردىنلا كۈن پارىلداپ ئاپتاپ چىقتى، ئاپتاپمۇ قىزغۇچ توپا رەڭدە ئىدى. كىشىلەر ياتقان يەرلىرىدىن قوپۇپ، توپا تىنىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئەتراپقا نەزەر سالدى. بىر ـ بىرىنىڭ ئىزدەك ـ سورىقىنى قىلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا قۇمغا كۆمۈلگەن پۇچۇق تاملار، كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان بىر خارابىلىك سوزۇلۇپ ياتاتتى. خەلق ئەسكەرلىرى ئادەملەرنىڭ سانىنى ئېلىپ ئىككى كىچىك بالا بىلەن بىر قېرى ئايالنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. ئېھتىمال ئۇلار بولسا قېلىن قۇم ئاستىدا قالغانىدى.

ھەربىي قىسىمدىكىلەر ياردەمگە كەلدى. ناھىيە، شەھەر، قوشنا يېزىلار يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بەردى. دېھقانلار بىلەن ھەربىيلەر ئېتىزلاردىن قۇملارنى يۆتكەپ، زىرائەتلەرنى قايتا تېرىدى. قۇم تولۇپ قالغان ئېرىق ـ ئۆستەڭ، بۇلاقلارنى كولاپ، يوللارنى تازىلىدى. ئۆيلەرنى ياساپ ئادەم ئولتۇرغۇدەك ھالغا كەلتۈردى. تۇرمۇش يەنە ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشتى. ياپيېشىل ئېتىزلاردىن رەڭگارەڭ كىيىنگەن قىز ـ چوكانلارنىڭ ناخشىلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئەسلىگە كەلگەن يەسلى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ قورۇسىدا گۆدەك بالىلارنىڭ قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازى ياڭرايتتى. شۇ يىلى توغراقلىقلار يۇقىرىنىڭ ياردىمى

بىلەن يىلنى ئامان ـ ئېسەن چىقاردى. ئىككىنچى يىلى ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىپ خېلى ھاللىنىپ قالدى. كوممۇنانىڭ ئۇماچلىرىدا ئانچە ـ مۇنچە گۆشمۇ پەيدا بولۇپ قالدى.

توختى قارىي بىلەن زەينەپ «ياش زەربىدارلار ئەترىتى»نىڭ ئەمگەك، ئۆگىنىشلىرىدىن بىكار بولۇپ ئۆيىگە قايتقاندا، باللىرى ئۇخلاپ قالاتتى، تۇردى ئاخۇن بۇ يىل يەتتە ياشقا كىردى. ئۇ كېسەلچان چوڭ ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى. ئەتىگەندە ئۇكىلىرىنىڭ چېيىنى بېرىپ يەسلىگە ئاپىرىپ ـ ئەكىلەتتى. باللار يەسلىسىنى ئالتۇنگۇل باشقۇراتتى. ئۇ باللارغا ئانچە كۆيۈنۈپ كەتمىسىمۇ، ئۇرۇپ ـ تىللىمايتتى. باشقا ئايالار باللارغا قوپاللىق قىلسا ئۇلارغا كايىيتتى. ئۇ توختى قارىينىڭ باللىرىنى كۆرگەندە مۇشۇنداق چىرايلىق باللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىگە ئىچى سىيرىلاتتى. چۈشتە باللار سۇپىدا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئۇ ئۇلارنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ ئۆزىگە تونۇش قىياپەتلەرنى ئىزدەپ خىيالغا چۆكەتتى.

ئۇ تۇردى ئاخۇننى ياۋاش، مۆلى، زەينەپنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە ئوخشايدۇ، دەپ ئۇنىڭغا ئانچە قاپاق ئاچمايتتى. ئىككىنچى ئوغۇل رۇستەممۇ زەينەپنىڭ دادىسى ۋىلاخۇنغا ئوخشايدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قاپقارا قاشلىرىنىڭ تېگىدىكى سەل قىيپاچ، نەشتەردەك قارايدىغان كۆزلىرى ۋىلاخۇننىڭ ئۆزى. ئەمما، ئۇنىڭ قاڭشىرى، يۇمىلاقلىقى، ئېغىزى، گەپ قىلىشلىرى ئۆز دادىسىنى تارتقان. ئۇ چوڭ بولغاندا قاپىقىنىڭ بېزى بار، خېلى نوچى يىگىت بولىدۇ، كىچىك ئوغلى روزى ئاخۇننىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. ھەممىدىن ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرىدىغىنى، ئۇلارنىڭ قىزى زۆمرەت. ئۇ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قاش ـ كۆزى، قاڭشىرى، قىپقىزىل، سەل دومسىيىپ تۇرىدىغان لەۋلىرى بىلەن توختى

قارىيىنىڭ ئۆزى. ئالتۇنگۈل زۇمرەتكە بەك ئامراق، دائىم ئۇنى يېتىلەپلا يۈرىدۇ. ئالىقىنىدىكى كىچىككىنە، بۇدرۇق قوللار ئۇنى توختى قارىيغا باغلاپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ. زۇمرەتنى ئۆزىگە قارىتىۋالسا زەينەپتىن دەردى چىقىدىغاندەك، ئۇنى خۇش قىلىشنىلا ئويلايدۇ. زۇمرەتمۇ مۇشتتەك تۇرۇپ ئادەم ئالداشنى بىلىدۇ. «ئالتۇن ئانام» دەپ ئۇنىڭدىن بىر قەدەم ئايرىلمايدۇ. ئاكىسى ئالغىلى كەلسە «ئالتۇن ئانام بىلەن كېتىمەن» دەپ ئەگىشىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئالتۇنگۈل ئاخشىمى نەمەتكە ئارقىسىنى قىلىپ يېتىپ، زۇمرەت دادىسىنىڭ ئالدىدا «ئالتۇن ئانام» دەپ مېنىڭ گېپىمنى قىلىدىكەن، توختى قاري مېنىڭ ئېتىمنى ئاڭلاپ نېمىلەرنى ئويلىدىكەن، دەپ خىيال قىلىدۇ. بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيا. بىرى بىرىنىڭ دەردىدە كۆيۈپ ـ پىشىپ سەدىپارە بولىدۇ، مۇرادىغا يېتەلمەي خار ـ زارلىقتا ئۆتىدۇ. بىرىگە رەھىمسىزلىك قىلغۇچى يەنە بىرىنىڭ ئالدىدا بىچارە ۋە خار ـ زاردۇر.

ئارىسال كۈنلەردە توغراقلىقتا توي قىزىدى. توي مەشرەپلىرىدە يېڭى كېلىنلەر تويلۇق كىيىملىرىنى كۆرسىتىۋالماقچى بولغاندەك، ئوتتۇرىدىن چۇشمەي ئويناپ قىز ـ چوكانلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىشتى. بولۇپمۇ بۇخېلىچىخاننىڭ نەۋرە قىزىغا ئېرى شەھەردىن ئېلىپ بەرگەن ئۆتۈك بىلەن يۇڭ رومالغا ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلىشتى. زەينەپ ئاغزىدىن چىقارمىغان بولسىمۇ، توختى قارىيىنىڭ زەينەپكىمۇ ئاشۇنداق ئۆتۈك بىلەن رومال ئېلىپ بەرگۈسى كەلدى. بۇ يىل پەسىل ئوبدان كەلدى. ئەر ـ ئايال ئىككىسى جان تىكىپ ئىشلىگەچكە، دارامەتتىمۇ خېلى ئالدى. نەق پۇل ئاز بولسىمۇ ھەرھالدا بار. توغراقلىقتا ئۇنى خەجلىگۈدەك يەر يوق، زەينەپ توي قىلىپ كەلگەندىن بۇيان كۆرگەن راھىتىدىن جاپاسى كۆپ

بولدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن كىيىملىرى بىلەن تويلۇق كىيىملىرى ئاللىبۇرۇن كونىراپ كەتتى، لېكىن ئۇ بىرەر قېتىممۇ كىيىم ـ كېچەكنىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ باقمىدى. ئاشۇ چىرايى، زىلۋالىقىنى يوقاتمىغان بوي ـ بەستى كونا كىيىم ـ كېچەكلەر ئىچىدە گۆھەردەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا تاۋار ـ دۇردۇن كىيىپ، راھەت ئىچىدە چوڭ بولغان، يەنە شۇنداق راھەتتە ياشاشقا لايىق ئىدى. ئەمما، توختى قارىي ئۇنى راھەتكە ئېرىشتۈرەلمىدى. ئۇ بۇلارنى ئويلىغىنىدا يۈرىكى ئېچىشاتتى، شۇڭا قولى ئاز ـ تولا پۇل كۆرگەندە ئالدى بىلەن زەينەپنى ئويلىدى. زەينەپ بولسا بەسلەشكەندەك چوڭ بولۇۋاتقان، بىرىنىڭ چاپىنى، بىرىنىڭ ئىشتىنى كىچىك كېلىپ قالغان، يەنە بىرىنىڭ قىشلىق ئايىغى يوق بالىلىرىنى ئويلىدى. پۇل خەجلەش ئىشىدا ئۇلارنىڭ گېپى تازا بىر يەردىن چىقمىغان بولسىمۇ، توختى قارىي بىر كۈنى سەھەردە ئاتا ـ ئانىسى ۋە زەينەپ بىلەن خوشلىشىپ، ئۇخلاۋاتقان بالىلىرىغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ خۇرجۇنىغا زەينەپ ئوغرىلىقچە يېقىپ بەرگەن توقاچتىن باشقا، بىر خالتا گۆلىمۇ سېلىۋالدى. بۇ گۆلنى شەھەردىكى ئىلھامجان دېگەن مۇخبىر يىگىتكە ئاتاپ ئالاھىدە تاللاپ قۇرۇتقانىدى. ئەسلى پوچتىدىن ئەۋەتمەكچى بولۇپ يۈرەتتى. ئەمدى ئۆزى ئالغاچ بارىدىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بولدى.

توغراقلىقتىن كوممۇنا جايلاشقان سايباغ بازىرىغا ئات هارۋىسى قاتنايتتى. توختى قارىي باشقا تۆت يولۇچى بىلەن بىللە هارۋىغا بىسىلغان ئېگىز يۈكنىڭ ئۈستىگە جايلاشتى. توغراقلىقتىن چىقىپ بىرەر ـ ئىككى كىلومېتىر ئارىلىقچە هارۋا بىر خىل غىرىلداپ سىلىق ماڭدى. بارا ـ بارا بوراندا قالغاندەك چايقىلىشقا باشلىدى. تاشيول گاھ قۇمنىڭ ئاستىدا

غايىپ بولۇپ كەتسە، گاھ كۆرۈنۈپ قالاتتى. يول ئۇزاقتىن بۇيان ياسالمىغانلىقتىن، هارۋا چاقى ھە دېگەنىدىلا ئويمان، كاتاڭلارغا چۈشۈپ قالاتتى. هارۋىكەش ئۇزۇن قامچىلىرىنى قارسىلدىتىپ: «چۇھ، تىرررر...» دەپ خېلى ھەيلىشىپمۇ كاتاڭدىن چىقالمىغاندا، يولۇچىلار سەكرەپ چۈشۈپ هارۋىنى ئىتتىرەتتى. ئاتلار يەنە تاراسلاپ هارۋىنى تارتىپ ئىلگىرىلەيتتى. تۆت ئەتراپنىڭ نەرىگىلا قارىسا قۇم، قۇم، يەنىلا قۇم. خۇددى غۇر – غۇر شامالدىكى دېڭىز سۈيىنىڭ يېنىك مەۋجىدەك تۇرۇم – تۇرۇم قۇملارمۇ، بورانلىق دېڭىزنىڭ ئۆركەشلىرىدەك ئېگىز، ھەيۋەت قۇملارمۇ بار ئىدى. يىراقتىن يىراقلىغانچە قۇم دۆڭلىرى پاكارلاپ، بارا – بارا يىراق ئۇپۇققا قەدەر مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان تۇزلەڭ قۇملۇق نامايان بولدى. ئۇپۇقتا قۇياش ئاستا – ئاستا پېتىپ كېتىۋاتاتتى. كۈننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ سەھەردە قىزغۇچ سېرىق، چۈشتە كۈمۈش رەڭ، كەچتە پېتىپ كېتىۋاتقان كۈننىڭ رەڭ جۇلاسىدا قىزىل تۈس ئالغان قۇملۇق نامازشامنىڭ خىرە – شىرە پەردىسى ئاستىدا بىر پەس زەڭگەر بولۇپ كۆرۈندى ۋە بۇ رەڭ بارا – بارا قويۇقلىشىپ زېمىن تۇتاش كەتكەن، سىياھتەك قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. ياراتقۇچىنىڭ مۇقەددەس چىرىغى زېمىن ئۈستىدىن ئۆچتى. قاچانلاردىدۇر پەيدا بولغان يۇلتۇزلار چەكسىز چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان تەنها هارۋىغا ئەجەبلەنگەندەك جىمىرلىشاتتى...

يولۇچىلارنىڭ قاپاقلىرى ئېغىرلاشتى. ئۇلار ئۇيقۇلۇقتا هارۋىدىن ئۇچۇپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئوبدانراق جايلىشىۋېلىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇيقۇغا غەرق بولۇشتى ۋە بىر كېچىنى هارۋىكەشنىڭ ئاتلارغا توۋلاشلىرى، ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن ئېيتقان، زېرىكەرلىك ناخشىلىرى ۋە ئەندىشە ئارىلاشقان چالا ئۇيقۇ ئىچىدە ئۆتكۈزدى. هارۋا ئاشۇ ئاقتى بىلەن

رايون مەركىزىگە كىرىپ كەلدى. تۆت كوچىنىڭ ئاغزىدىكى دەڭدە شەھەرگە بارىدىغان هارۋا تەييار بولغانىدى. توختى قارىي بۇ هارۋىدىن چۈشۈپ ئۆزىنىڭغا جايلاشتى. شەھەر يولى ئۆزىنىڭغا ئۆنچە زېرىكىشلىك تۇيۇلمىدى. بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن چوڭ ـ كىچىك يېزا ـ بازارلار، تېخىچە كۆكىرىپ تۇرغان بۇغدايلىقلار، ئۇزۇم بېدىشلىرى ئاستىدىكى پاكار ـ پاكار دېهقان ئۆيلىرى، كوچا ئېغىزلىرىدا توپلىشىپ تۇرغان ئەر كىشىلەر، يۇزىنى يېڭى بىلەن توسۇپ قاپاق كۆتۈرۈپ سۇغا ماڭغان قىز ـ چوكانلار، جىگدىلىكتە قوي بېقىپ يۈرگەن ئۇششاق باللار... ئۆزىنىڭغا ئەزەلدىن تونۇشتەك ئىسسىق كۆرۈنەتتى. شەھەرگە يېقىنلاشقانچە چوڭ ـ كىچىك هارۋىلار، ئاتلىق، تۆگىلىك، ئېشەكلىك ئەرلەر، ئاياللار، قوي يېتىلىگەن، سېۋەت كۆتۈرگەن، ئۆشنىسىگە خۇرجۇن ئارتقان پىيادىلەر، تۇز، ئوتۇن، سەۋزە ـ پىياز ئارتىلغان ئېشەكلەر يولغا پېتىشماي قالدى. توختى قارىي بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ يېنىدىكى ئايالدىن:

— بۇلار نەگە بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئايال خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن ئادەمنى كۆرۈۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭغا بېشىدىن ئايىغىچە ئەجەبلىنىپ قاراپ:

— شەھەردە بۈگۈن بازار، بازارغا بارىدۇ. ئۆزلىرى نەدىن كەللە؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى.

— مەن توغراقلىقتىن كەلدىم.

ئايال قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ۋىيەي، ماۋۇ يېتىم ئادەم زاڭلىق قىلىشقا ئەجەب ئۇستىكەن، نەدىن كەللە دېسەم، توغراقلىقتىن دەيدۇ. ها، ها، ها، هى يىگىت، مەن سىلىدىن يۇرتلىرىنىڭ ئېتى نېمە، نېمىدەپ ئاتايدۇ، دەپ سوراۋاتىمەن.

توختى قارىينىڭ يېنىدا ئولتۇرغان چار ساقال دېهقان ئۆنى

خىجىلچىلىقتىن قۇتۇلدۇردى:

— سىلى ئاڭلىمىغانما؟ تۇغراقلىق دېگەن بىر يۇرت، بىزنىڭ گۇڭشېنىغا قارايدۇ. لېكىن، ئارىلىقى بەك يىراق. ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئاسانلىقچە سىرتقا چىقمايدۇ، قارىغاندا ماۋۇ ئىنىمىزنىڭ سەپەرگە تۇنجى قېتىم چىقىشى ئوخشايدۇ.

— ھە، ماندا دېسىلە، شۇڭا بازارنى بىلمەيدىكەن ئەمەسمۇ بۇ يېتىم.

توختى قارىي ئايالىنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالماي ئەتراپقا قاراپ ئولتۇردى. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلاردىن گەپ سوراشتىن ئەيمىنىدىغان بولۇپ قالدى. ھارۋا شەھەر چېتىدىكى بىر دەڭدە توختىغاندا، چار ساقال ئادەم ئۇنى باشلاپ بېرىپ دەڭجادىن ياتاق ئالدى. ئىككىيلەننىڭ ئورنى بىر يەردە ئىدى. ئۇ تۈز كۆڭۈل، ئۆزىنىڭ ئىشىغا پىششىق ئادەمدەك قىلاتتى. ئۇ توختى قارىيغا پۇل ـ پۇچەك، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قانداق ساقلاش، شەھەرلىكلەر بىلەن قانداق ئالاقە قىلىشنى ئۆگەتتى:

— شە دېگەندە نېمە تولا، ھارامتاماق ئوغرى بىلەن ئالدامچى تولا. سىلىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكلىرىنى بىلىپلىۋالسا، بىر ئامال قىلىپ سىلىنى ئالداشنىڭ، قاقتى ـ سوقتى قىلىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. شۇڭا، سورىغانلارغا «مەن شەلىك» دەۋەرسىلە. يولنى بىلمىسىلە، قېرىراق ئايالالاردىن ئاستا سورىسىلا. شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا ئاسمانغا قاراپ ئاغزىلىرىنى ئېچىپ ماڭماي، ھېچنېمىگە نەزەرلىرىنى سالمىغاندەك، گۇس ـ گۇس دەسسەپ ماڭسىلا. كىيىم ـ كېچەك، چىرايلىرىدىن ئانچە چانمايدىكەن. شەنىڭ بايۋەچچىلىرىدىن قېلىشمايدىكەنلا بولمىسا، — دەپ كۇلدى.

توختى قارىي ھەقىقەتەن بىر ئوبدان ئادەمگە ئۇچرىغانىدى.

ئۇ توختى قارىينى ھېيتگاھقا باشلاپ چىقتى. ئىككىيلەن ھېيتگاھتا نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، ئوردا ئالدى، ئەنجان رەستىسىنى چۆرگىلىدى. ئەتىسى يەنە قۇمدەرۋازا، تۆشۈك دەرۋازا، نوبېشى، يارباغ دەرۋازىسىغىچە باشلاپ باردى. ھېيتگاھدىكى كاتتا بىر ئىمارەتنىڭ ئىشىكىدىن ئادەم دېگەن مىغ ـ مىغ كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدىكەن. ئۇ «شاڭدەن» دەپ ئاتىلىدىكەن. توختى قارىي ئىككىلا قەۋەتلىك مالغا تولغان بۇ «شاڭدەن»دىن زەينەپكە ئارا پاشنىلىق ئۆتۈك، قىزىل تىۋىتشال، قىزى بىلەن ئىككىسىگە كۆڭلەكلىك دۇخاۋا ئالدى. زەينەپنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئوغۇللىرىغا ئىشتان ـ چاپانلىق كۆك رەخت، قىشلىق ئاياغ، ئانىسىغا مەسە ـ كالاچ، دادىسىغا چاپانلىق چىبەرقۇت ئالدى. توغراقلىقتا شىياۋلىۋ دېگەن ھەربىيدىن باشقا خەنزۇ كۆرۈپ باقمىغان توختى قارىي «شاڭدەن»دە مال سېتىۋاتقان ئاپپاق، سېمىز، قىرقىم چاچ، پاكارغىنا ئايال بىلەن چىرايى قارامتۇل، ياپما قاپاق، چىشلىرى تېشىغا چىقىپ تۇرىدىغان، ئورۇق يەنە بىر ئايالنىڭ كۈلۈشۈپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا توختىماي بىر نەرسىلەرنى دېيىشىۋاتقىنىغا قاراپ بىرھازا تۇردى. يەنە بىر كۈنى چۈشتە، توختى قارىي ئۆزى يالغۇز ئىككى موچەنگە بېلەت ئېلىپ ھېيتگاھ كۆلۈبىدا تىياتىر كۆردى. ناخشا ـ ئۇسسۇللار ئۇنىڭغا بەك ياردى . ئورۇق، قىزنىچى ئادەم بىلەن سېمىز بىر ئايال ئورۇنلىغان لەپەرنى كۆرۈۋېتىپ تاماشىبىنلار بىلەن بىرلىكتە كۆزىدىن ياش چىققۇچە كۈلدى. پۈتى بىلەن يەرنى تېپىپ تازا چاۋاك چالدى. ئويۇن تۈگەپ سىرتقا چىققاندا، تالا تېخى يورۇق ئىدى. ئۇ ئۆزىنى باشقا بىردۇنيادا ،ئارتىسلار بىلەن بىللە يۈرگەندەك سەزدى. بۇ ئويۇننىڭ تەسىرىدىن ئىدى. ئۇ بۇ تەسىردىن ئاخشىمى ئورۇنغا كىرىپ ياتقىچىمۇ قۇتۇلالمىدى.

ئەتىسى، توختى قارىي دەڭجادىن گېزىتخانىنىڭ نەدىلىكىنى سوراپ بىلىۋالغاندىن كېيىن، سوۋغاتلىق خالتىنى كۆتۈرۈپ گېزىتخانىغا باردى. چوڭ دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى كۆزەتچى ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىپ،ئۆزىنىڭ ئىلھامجان ئىسىملىك بىر مۇخبىرنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. كېسەل چىراي، خىرقىراپ سۆزلەيدىغان دەرۋازىۋەن نېمىشقىدۇر ئۆڭۈپ:

— چىقىڭ، چىقىڭ، بۇ يەردە ئۇنداق ئادەم يوق، نەدىن كەلگەن بولسىڭىز شۇ يەرگە كېتىڭ! — دەپ توختى قارىيغا قوپال تەگدى. ئۇنىڭ قايتا ئېغىز ئېچىشىغىمۇ يول قويماي، ئۇنى دەرۋازىنىڭ سىرتىغا ھەيدەپ چىقاردى. توختى قارىي ئىچى ئاچچىق بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئىلھامجاننىڭ مۇشۇ يەردە ئىشلەيدىغانلىقى ئېنىق. ئەگەر يۆتكىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئادەمنىڭ بۇنچىۋالا قىلىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇ نېمىشقا بۇنچىۋالا ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ؟ توختى قارىينىڭ كۆڭلى قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولدى. باشقا بىرەر ئادەمدىن سوراپ باقماقچى بولۇپ، دەرۋازىغا تەلمۈردى. دەل شۇ چاغدا دەرۋازىدىن بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. ئۇمۇ مورىسىگە ئاپپارات ئېسىۋالغانىدى، بوي ـ تۇرقىمۇ ئىلھامجانغا ئوخشاپ كېتەتتى. توختى قارىي دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا باردى:

— مەن مۇشۇ يەردە مۇخبىرلىق قىلىدىغان ئىلھامجاننى ئىزدەيتتىم...

يىگىت ئىلھامجاننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ سەل چۆچۈگەندەك بولدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، توختى قارىينى سەل نېرىغا باشلاپ باردى.

— ئىلھامجاننى نېمە ئىش بىلەن ئىزدەيتتىڭىز؟ ئۇ تۇغقىنىڭىزمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، تۇغقىنىم ئەمەس، تونۇشۇم. زۆرۈر ئىشىمىز يوقتى، كۆرۈشۈپ كېلەي دەپ يىراقتىن ئالاھىدە ئىزدەپ كەلگەنىدىم.

مۇخبىر يىگىت ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ پىچىرلىدى:

— ئىلھامجاننىڭ بېشىغا كۈن كەلدى. ئۇ ھازىر بۇ يەردە ئەمەس، تۈرمىدە.

— نېمە، تۈرمىدە؟ ... تۈرمىنىڭ ئورنىنى دەپ بېرەلەرسىزمۇ؟

— مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن. باشقىلار ئاقسۇنىڭ شايار دېگەن يېرىدە دېگەندەك قىلىغان.

مۇخبىر يىگىت ئالدىراپ كېتىپ قالدى. توختى قارىي يېقىن بىر تۇغقىنىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتتىن قايغۇرغاندەك قايغۇردى. ئۇنىڭدەك بىر ئادەمنىڭ نېمە گۇناھ ئۆتكۈزۈشى مۇمكىنلىكىنى زادى كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى. ئۇ چاتاقنىڭ ئەينى چاغدا ئۆزى قارا دوسكىغا كۆچۈرۈپ بەرگەن، ئىلھامجان ئۆزى يازغان بىر كۇپلېت شېئىردىن چىققانلىقىنى، بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى گېزىتكە بېسىلغان، گېزىتنىڭ تۆت بېتىگە لىق كەلگەن بىر ماقالىنىڭ ئىلھامجاننى كىشىلەر ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتىنمۇ قورقىدىغان خەتەرلىك «ئۇنسۇر»غا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى.

توختى قارىي چار ساقال ئادەمدىن شايارنىڭ قەيەردىلىكىنى، نەچچە كۈندە بارغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ بىلمەيدىكەن. دەڭجا ئۇنىڭغا شۇ ئەتراپتا ئولتۇرۇشلۇق، يېقىندا شايارغا بېرىپ ئوغلىنى يوقلاپ كەلگەن بىر قېرى ئادەمنى تونۇشتۇرۇپ قويدى. قېرى ئادەم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

— سىلى يوقلاپ بارماقچى بولغان ئادەم سىلىنىڭ نېمىلىرى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تاغامنىڭ بالىسى، نەۋرە ئاكام بولىدۇ، — دېدى توختى قارىي.

ئۇ ئادەم يەنە سورىدى:

— تۈرمىدە يېتىۋاتقىلى بىرەر يىل بولدىمۇ، يا؟

توختى قارىي سەل دۇدۇقلاپ قېلىپ، قارىسىغىلا:

— ئالتە ئاي بولدى، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا بارغانلىرى بىكار. گېزىتخانىدا ئىشلەيتتى دېگەنلىرىگە قارىغاندا سىياسىي جىنايەتچى ئوخشايدۇ. سىياسىي جىنايەتچىلەرنى دەسلەپكى يىللىرى تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرمەيدۇ. ئادرېسىنى ئېنىق بىلسىلە، خەت يېزىپ باقسىلا.

توختى قارىي بىر خالتا گۈلىنى شۇ بوۋايغا ئەكىلىپ بېرىپ:

— ئوغۇللىرىغا ئەۋەتىپ بېرەلا، — دېدى. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ بوۋاي بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ:

— خەت يازغاندا ئوغۇللىرىدىن سوراپ سۈرۈشتۈرۈپ باققان بولسىلا، ئۇ ئىلھامجان مۇخبىرنى تونۇمدىكىن، — دېدى.

— سۈرۈشتۈرۈپ باقىمەن، تونۇپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس، — دېدى بوۋاي.

بوۋاي راستىنىلا ئوغلىغا يازغان خېتىدە بۇ ئىشنى ئەينەن يېزىپ، ئوغلىنىڭ شۇنداق بىر ئادەمنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىنى سورىدى. ئوغۇل بۇ خەتنى ئىلھامجان بىلەن بىللە ئوقۇدى. ئۇلار بىر كامېردا ئىدى. ئورۇقلاپ، سارغىيىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئىلھامجان خىرەلەشكەن كۆزەينىكىنى سۈرتۈپ ئولتۇرۇپ «پولات تاۋلاش» ۋاقتىدا تاغدا ئۆتكەن كۈنلىرىنى، ساددا، كۆڭلى ئاق، خەتنى چىرايلىق يازىدىغان، شېئىرنىمۇ ئوبدان چۈشىنىدىغان سەھرالىق يىگىتنى ئەسلەپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇ قىڭغىر ـ قىيسىق پوچېركىسى بىلەن توختى قارىيغا قارىتىپ: «ئىنىم توختى قارىي، سالام سىزگە،

تىنىچ ـ ئامان تۇرۇۋاتامسىز؟ مەنمۇ سالامەت، يامان ئەمەس تۇرۇۋاتىمەن. مېنىڭ ئىزدەك ـ سورىقىمنى قىلغىنىڭىزغا رەھمەت ئېنىم. خۇدا نېسىپ قىلسا، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز، ئاكىڭىز ئىلهامجاندىن. 1960 ـ يىلى 2 ـ ئاي. شەھرىيار» دەپ ئىككىلىك خەت يازدى. خەتنى كامىردىشى دادىسىغا يازغان خەتنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدى. بوۋاي خەتنى كۆتۈرۈپ دەڭجانى ئىزدەپ بارغان بولسىمۇ، دەڭجا توختى قارىينىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. خەت سۇغا چۆككەن تاشتەك دېرەكسىز قالدى.

# ئون يەتتىنچى باب

ئالتە ياشقا كىرىپ قالغان رۇستەم ئىشىك ئالدىدا نان يەپ ئولتۇراتتى. يوغان بىر قارا ئىت ئېتىلىپ كېلىپلا ئۇنىڭ قولىدىكى ناننى ئېلىپ قاچتى، ئۇ پادىچى هادى ئاخۇننىڭ ئىتى ئىدى. ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن باغلاقتا كۆنمەي زاراتلىق بىلەن مەھەللە ئوتتۇرىسىدا چۆرگىلەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. رۇستەم «نېنىمنى ئىت ئېلىپ قاچتى!» دەپ ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. سەل نېرىدا تۇرغان 18 ـ 17 ياشلاردىكى 6 ـ 5 بالا ئىتنى قوغلاپ كەتتى. ئۇلار ئىتنى بىر هويلىغا قاپساپ تۇتۇۋالغاندا، ئۇ هېچنېمىگە قارىماي ناننى يۇتۇپ بولغانىدى. بالىلار ئۇنى راسا ساۋىتىپ تاكى ئۇ ئېچىنىشلىق غىڭشىپ قانلىرىنى ئېقىتىپ زاراتلىق تەرەپكە قېچىپ كەتكۈچە چالما ـ كېسەك قىلدى. يەنە دەردى چىقماي، كېلەر نۆۋەت ئاشۇ ئىتنىڭ جاجىسىنى قانداق بېرىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

شۇ كۈنلەردە توغراقلىقتا نان جانغا باراۋەر بولۇپ قالغانىدى، كىشىلەر بىر بۇردا نان ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا رازى ئىدى. كوممۇنانىڭ مەدەك ئۈنى ئاربىلاشتۇرۇلۇپ يېقىلىدىغان نېنى بارغانسېرى قىس بولۇپ كەتتى. ئىلگىرى كۈنىگە ئىككىدىن بېرىلىدىغان نان بىردىن، ئاخىر يېرىمدىن بېرىلىدىغان بولدى. ئەتىگەندە ئىچكەن سۇيۇق ئۇماچ قورساقتا دال بولمايتتى. ئۈچ زاغرا بىر ئۆيلۈك سەككىز جان ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈك ئوزۇقى ئىدى. زەينەپ نانلارنى تەڭلىگە سېلىپ ئېگىز ئېلىپ قويۇپ،

كىم قورسىقىم ئاچتى دېسە، بىر بۇردا ئوشتۇپ بېرەتتى، تويۇپ غىزا يەپ باقمىغىنىغا ئۇزاق بولۇپ كەتكەن بالىلار ئەتىدىن كەچكىچە ناننىڭ غەلۋىسىنى قىلاتتى. مۇنداق چاغلاردا ھېلىم ئاخۇن قولىدىكى ناننى قويۇپ، گەپ قىلماي چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ نېمە يەپ ھايات يۈرگىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسكى تاملىقتا ئەتىدىن كەچكىچە ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرەتتى. بەزىدە نەۋرىسى روزى ئاخۇن ئۇنىڭ يېنىدا ئوينايتتى. ئۇ چوڭ دادىسىنىڭ كونا تامنىڭ سامان ئارىلاش چالمىسىنى پۇۋلەپ، يەڭلىرى بىلەن پاكىز ئېرتىپ، تاش بىلەن گۈلىدەك پارچىلاپ ئاغزىغا سېلىپ ناۋات شۇمگەندەك شۈمىدىغانلىقىنى بىلەتتى. چوڭ دادىسى چالما يەۋاتقاندا ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئەجەبلىنىپ قاراپ كېتەتتى، ئۆزىنىڭ قورسىقى ئېچىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتسىمۇ چوڭ دادىسىدەك چالما يېيىشنى خالىمايتتى. ئۇ چوڭ دادىسىدىن:

— چوڭ دادا، سەن نېمىشقا چالما يەيسەن؟ — دەپ سورايتتى.

— يېگۈم كەلگەچ يەيمەن. بالام، سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، — ھېلىم ئاخۇن مۇشۇ نەۋرىسى بىلەنلا ساق ئادەمدەك پاراڭلىشاتتى.

— چالما دېگەن مەينەت.

— ئاپتاپتا تۇرغان تامنىڭ چالمىسى مەينەت بولمايدۇ، بالام.

— ئەمىسە مەنمۇ يەيمەن.

— ياق، سەن يېمىگىن، ئۆيگە كىرىپ نان يە.

— ناننى ئانام قولۇم يەتمەيدىغان يەرگە ئېلىپ قويىدۇ. ئېلىپ يەي دېسەم ئالالمايمەن.

روزى ئاخۇن چوڭ دادىسىنىڭ ئالدىدىن قوناقچىلىك بىر چالمىنى ئېلىپ، قورقۇپ تۇرۇپ ئاغزىغا سالدى. چالما ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىپلا ئېرىپ كەتتى. سامان ئارىلاش توپىنىڭ ھۆل

بولغان چاغدىكى ئۆزگىچە ھىدى ئۇنى ھوزۇرلاندۇردى. خۇددى ئاتا ـ ئانىسى چەكلىگەن ئىشنى ئوغرىلىقچە قىلىۋاتقاندەك، يۈرىكى دۈپۈلدەپ تېز ـ تېز سوقۇپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز كۆزلىرىنى يۇمدى.

ئۇنىڭغا سەپسىلىپ قاراپ ئولتۇرغان ھېلىم ئاخۇن تۇتۇق باسقان ئېغىزىنى مىدىرلىتىپ ھەييارلىق بىلەن كۈلدى:

ــ قانداقراقكەن، تېتىدىمۇ؟

روزى ئاخۇن جاۋاب بېرەلمەي، چوڭ دادىسى بىلەن بىللە كۈلدى. ئۇ دادىسى لاي ئەتكەندە يېنىدا ئولتۇرۇپ نەم توپىنىڭ ھىدىنى پۇرايتتى. ئۇنىڭچە بۇ پۇراق دۇنيادىكى ئەڭ مەززىلىك پۇراق ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە شۇلارنى ئويلىدى، ئەمما ئېغىزىدىن چىقارمىدى.

ــ خۇدا بىزنى توپىدىن ياراتقان، جاھاندا توپىنىڭ ھىدىدىن مەززىلىك نەرسە يوق، ئوغلۇم، ــ دېدى ھېلىم ئاخۇن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك.

بەزىدە رۇستەمنىڭ ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ رەڭگەتكىسى بار ئىدى. ئۇ ئېتىۋالغان قۇشقاچلىرىنى پۇتىدىن باغلاپ، ئۇزۇن چىۋىققا ئۆتكۈزۈپ كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. 10 ياكى 15 بولغاندا ئاكىسى بىلەن بىللە تۈكلىرىنى يۇلۇپ، ئىچ ـ باغرىنى ئادالايتتى. ئادەم يوق بىرەر جاينى تېپىپ، چالما بىلەن ئوچاق ياساپ، قۇشقاچلارنى كاۋاپ قىلىپ تازا مەززە قىلاتتى. مەززىلىك قۇشقاچ كاۋىپىدىن ئۆيدىكىلەرنىمۇ بەھرىمەن قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. قۇشقاچ گۆشى قورساق تويدۇرالمىسىمۇ، ئاچلىقنى باساتتى. توختى قارى قۇشقاچ سۆڭىكىنى شۇمۇپ ئولتۇرۇپ «رۇستەملا بولسا، بىز ئۆلۈپ قالمايمىز» دەيتتى. چوڭ بولۇۋاتقان نەۋرىلىرىنىڭ ئاچلىقتىن، ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقى ھېلىم ئاخۇنغىمۇ ئايان ئىدى. ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئامالسىزلىقىدىن، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقىدىن

ئاغرىناتتى. جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئويلا ـ ئويلا يەنە ئۆزى بىلەن ئۆزى ئاللىقانداق چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلىشقا باشلايتتى. ئۇ قىش ـ ياز شۇنداق ئولتۇراتتى. قىش كۈنلىرى سوغۇق شامالدا كۆزلىرىدىن ئاققان ياش جاۋغىيىدا مۇزلاپ قالاتتى. بۇرنىدىن ئاققان پوتلا ئۇزۇن يىپتەك سوزۇلۇپ ساقاللىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېتىپ قالاتتى.

ئۇ 50 يىل بىللە ياشىغان قەدىناس خوتۇنى جان ئۈزگەندىمۇ، نامىزى چۈشۈرۈلۈپ يەرلىككە قويۇلغاندىمۇ ئورنىدىن مىدىرلىماي ئولتۇردى. بىلىنگە ئاق باغلىۋالغان روزى ئاخۇن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— چوڭ دادا، چوڭ ئانام ئۆلۈپ قالدى. سەن نېمىشقا تۇپراق بېشىغا بارمايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— چوڭ ئاناڭ ئۆلمىدى، ئۇ مۇشۇ يەردە. ئىلگىرى يالغۇز ئولتۇراتتىم، ھازىر ئىككىمىز بىللە ئولتۇرىدىغان بولدۇق.

— ياق، چوڭ ئانام بۇ يەردە ئەمەس، ئۇنى... ئۇنى كۆمۈپ قويدى. مەنمۇ چوڭ ئانامنىڭ قەبرىسىگە قولۇمدا توپا تاشلىدىم.

— سەن بىلمەيسەن، سىلەر ئۇنىڭ تېنىنى كۆمۈپ قويدۇڭلار. لېكىن، روھىنى كۆمەلمەيسىلەر، ئۇ مېنىڭ يېنىمدا، ئىشەنمىسەڭ قاراپ باقە.

بوۋاي ئەگمەچ بارماقلىرى بىلەن يېنىنى كۆرسەتتى. ئۇ يەردە ھېچكىم يوق ئىدى، روزى ئاخۇن قورقۇپ كەينىگە داجىدى.

— چوڭ دادا، خەقلەر سېنى ساراڭ بولۇپ قالدى دەيدىكەن، مەن سېنى ساراڭ ئەمەس دېسەم، ھېچكىم ئىشەنمەيدىكەن، سەن راست ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— ساراڭ بولۇپ قالساممۇ قالغاندىمەن بالام، كىم بىلىدۇ، شۇنداق دېگەنلەر ساراڭ، مەن ئوڭمۇ تېخى.

روزى ئاخۇن خاتىرجەم بولۇپ چوڭ دادىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇردى. نەۋرىسىنىڭ كىچىككىنە، يۇمران تېنى

بوۋاينىڭ قاقشال بولۇپ كەتكەن بەدىنىنى ئىللىتقاندەك بولدى. ئۇ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن قۇچىقىدا تىپىرلاپ تۇرغان نەۋرىسىنى باغرىغا مەھكەم باستى.

يازلىق يىغىمدىن كېيىن، مۇئاۋىن دادۇيجاڭ ئابدۇغېنى ئاخۇن بىر قىسىم ئەمگەك كۈچىنى باشلاپ ئۆچكەبۇلاق تەرەپتىكى يۇلغۇنلۇقتىن بوز يەر ئېچىشقا چىقتى. ئۆچكەبۇلاق ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر دائىم كۆكىرىپ تۇراتتى. توپ ـ توپ يۇلغۇنلار بىلەن يانتاق، ئادراسمان، چاكاندىلار يازىچە تۈۋلەپ ئايىنىپ، قىزىل، ھال، سېرىق بولۇپ ئېچىلىپ، شىرنە، ئۇرۇقلىرىنى يەرگە تۆكۈپ تۇرلۇك جان ـ جانىۋارلارنى جەلپ قىلاتتى. يەر يۇمشاق، مۇنبەت ئىدى. يۇلغۇن، تىكەنلەرنى چاناپ، ئوسا قىلىپ ئاغدۇرۇپ ئۇرۇق سالسا كۆكۈلدىكىدەك ھوسۇل بېرىشىدە گەپ يوق ئىدى. دېھقانلار تۇنجى كۈنىلا خېلى يەرنى تۇزلەپ بولدى. توختى قارىي بىلەن بىللە 3 ـ ئەترەتتىن كەلگەن ھەسەن ئاخۇن دېگەن يىگىت بىر تۈپ يوغان يۇلغۇننى پالتا بىلەن چېپىۋاتاتتى. غۇچچىدە چېچەكلەپ كەتكەن يۇلغۇن شاخلىرى يىلتىزىغا ئۇرۇلغان پالتا زەربىسىدىن قىڭغىيىشقا باشلىدى، گۇل، ئۇرۇقلىرى يەرنى بىر ئالغانىدى. توختى قارىي پالتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سەل ئىچكىرىلەپ چاپقىنىدا، پالتىنىڭ بىسى قاتتىق بىرنېمىگە تېگىپ قاڭقىپ كەتتى. قارىغاندا يوغانراق تاشتەك قىلاتتى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قولى بىلەن يىلتىزنى سىلاشتۇرۇپ، داتلىشىپ كەتكەن بىر تۆمۈرساندۇقنى تارتىپ چىقاردى. ساندۇقنىڭ لاي ـ تۇپىلىرىنى قىرىپ، يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تازىلىدى. ئۇ پەرەڭچە خەت ئويۇلغان، تۇتقۇچلۇق، نېپىز تۆت چاسا ساندۇق ئىدى. ساندۇقنى كۆرۈپ ئەتراپتىكىلەر گۇررىدە ئولىشىپ كەلدى. ھەسەن ئاخۇن بىلەن تۆمۈرچى ئىمىن ئاخۇن

خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ساندۇقتا خاتىرە دەپتەر، خەرىتە، يوغان ھەم ئېغىر تۆمۈر قەلەم، كۆزەينەك، غەلىتە ھەم مۈرەككەپ سىزىقلار، كۆرسەتكۈچلەر بىلەن تولغان قەغەزلەر بار ئىدى. قەغەزلەرنىڭ ئاستىدا ۋالىلداپ تۇرىدىغان ناھايىتى نەپىس، خەتكە ئوخشايدىغان غەلىتە شەكىللەر چۈشۈرۈلگەن 30 ـ 20 چە ئالتۇن تەڭگە چېچىلىپ تۇراتتى.

ئابدۇغېنى ئاخۇن كېلىپ تەڭگىلەرنى قولىغا ئېلىپ ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ دەڭسەپ بېقىپ:

— خېلى ئېغىر تۇرىدۇ، جىڭ ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

ھەممەيلەن قوللىرى تىترىگەن ھالدا بىردىن ئېلىپ كۆرۈشتى. توختى قارىي قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ:

— نېمىنىڭ سۈرىتىدۇ بۇ؟ پەرەڭلەرنىڭ خېتىگىمۇ يا سۈرەتكىمۇ ئوخشمايدۇ؟ — دېدى.

— مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، بۇنى مۇشۇ پېتى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرەيلى. ئالتۇن، مال ـ دۇنيا دېگەن ئادەمنىڭ نىيىتىنى بۇزىدىغان نەرسە. بىز كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئەمەس، ئىنقىلابىي غايىنى، سىنىپىي مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئەتىۋار بىلىشىمىز كېرەك. توختى قارىي، تىللانى ساناپ بېقىڭلار، قانچە ئىكەن، — دېدى ئابدۇغېنى ئاخۇن دادىۋېجالىك. توختى قارىي تىللالارنى كۆپچىلىكنىڭ كۆزىچە ساناپ كۆرۈپ:

— 28 دانە ئىكەن، — دېدى.

— مانا ھەممىڭلار ئاڭلىدىڭلار. گۇۋاھ بولۇڭلار، بۇنى توختى قارىي، ھەسەن ئاخۇن ئۈچىمىز بېرىپ كوممۇناغا تاپشۇرۇپ بېرىمىز. مېنىڭ پەرىزىمچە، بۇ ساندۇق جاھانگىرلار ئەينى چاغدا غايىب شەھەردىكى مال ـ دۇنيانى بۇلاپ ماڭغان چاغدا، بىرەرىنىڭ تۆگىسىدىن چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مال

ئىگىسىگە قايتتى دېگەن مۇشۇ، ــ دېدى ئابدۇغېنى ئاخۇن.

بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن بېسىققان بولدى. ئەمما، توختى قارىنىڭ كۆڭلىگە بىر خىيال كىرىۋالدى. بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدىن نامراتلىق پۇراپ تۇرىدىغان، چاشقان كىرسىمۇ يامانلاپ كەتكۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان ئۆيىدە بالىلىرىنىڭ «ئانا، نان يەيمەن»، «دادا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى» دەپ زارلىنىشلىرىنى ئاڭلىغان چېغىدا ئۇنىڭ بۇ خىيالى ھەسسىلەپ كۈچىيەتتى. قۇملۇقتا بوران چىققان كۈنلەردە گاھ ئېچىلىپ، گاھ كۆمۈلۈپ قالىدىغان غايىب خەزىنىلەر توغرىسىدىكى ھېكايىلەر قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ، «مەن نېمىشقا بىرەر قېتىم تەلىيىمنى سىناپ كۆرمەيمەن؟ ئىشىم ئوڭدىن كەلسە غايىبتىن مال ـ دۇنياغا ئېرىشسەم، بالىلىرىمنى راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرمەمدىمەن. ۋىلاخۇنبايلارنىمۇ ئۆز ۋاقتىدا قۇملۇقتىن گۆھەر تېپىۋاپتۇ، دېگەن گەپلەر چىققانغۇ» دەپ ئويلاپ، پېشانىسىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بىراق، قۇملۇققا قاراملىق بىلەن كىرگىلى بولمايدۇ. يول بىلىدىغان بىرەر ھەمراھ، ئات ـ ئۇلاغ، يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈك، سۇ بولمىسا بولمايدۇ. مال ـ دۇنيانى دەپ تەۋەككۇل قىلىپ بىرەر نەرسە تاپالىسىغۇ خۇدانىڭ بەرگىنى، ئەگەر ئۇنداق بولماي بىرەر بالا ـ قازاغا ئۇچراپ قالسا زەينەپ ئۇششاق بالىلار بىلەن قانداق قىلىدۇ؟... بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇنى ھەسەن ئاخۇن ئىزدەپ كەلدى. ئىككىسى ئۆيدىن چىقىپ ئاغىچادۆڭدە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. ھەسەن ئاخۇن ئۇنىڭغا ئەينى يىللىرى دادىسىدىن ئاڭلىغان بىر ئىشنى ــ ئېشەك بىلەن كۇنچىقىش تەرەپكە قاراپ ئىككى كۈن ماڭغاندا كەڭ كەتكەن ياۋا ياڭاقلىققا بارغىلى بولىدىغانلىقى، دادىسى ئەينى يىللىرى ئاشۇ يەردە ئۆلگەن ئىتىنى كۆمۈپ قويۇش ئۈچۈن بىر توپ قېرى ياڭاقنىڭ تۈۋىنى كولاۋېتىپ بىر ئورىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى، كەتمەن بىلەن ئەتراپتىكى توپىنى تارتىپ باقسا كاتتا بىر

ئىمارەتنىڭ تېمى كۆرۈنگەنلىكى، يالغۇز بىر ئىش قىلىشتىن قورقۇپ، ئورنىنى توپا بىلەن تولدۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كەلگەنلىكى، كېيىن ئۇ يەرگە قايتا بارالماي ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئىككىسى يەرگە قاراپ جىم ئولتۇردى. لېكىن كۆڭلى داۋالغۇپ تۇرغانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئاخىر توختى قارىي تۇكۇرۇكىنى يۇتۇۋېتىپ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— بىر بېرىپ باققان بولساق... قانداق بولاتتىكىن... — دېدى.

— مەندىمۇ شۇنداق بىر ئوي بار، بولۇپمۇ بۇدوقى ئىشتىن كېيىن قۇلىقىمغا ھېچقانداق گەپ ياقماس بولۇپ قالدى.

— دېگەنىبىلەن، بىز ئۇ يەرگە بارالامدۇق، بارغان تەقدىردىمۇ ھېلىقى ياغاقنى تاپالامدۇق؟... داداڭ ئۆلۈپ كەتكىلىمۇ 6 ـ 5 يىل بولۇپ قالدى. ئۇنى ئون يىل بۇرۇنقى ئىش دېسەكمۇ، ئون يىلدا نېمە ئىشلار بولمايدۇ، — دېدى توختى قارىي.

— دادام ئاشۇ يەرگە بىر بەلگە سېلىپ قويۇپتىكەن.

—...

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆزىنى باشقىلاردىن چەتكە تارتىپ، داۋاملىق بىللە يۈرىدىغان، بىللە كۇسۇرلىشىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئوغرىلىقچە قانداقتۇر تەييارلىقلارنى قىلدى. زەينەپ بۇ ئىشلاردىن تامامەن بىخەۋەر ئىدى. كۆزگى بۇغداينى تېرىپ بولۇپ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى سېلىككەن كۈنلەردە ئۇلار شەھەرگە بارىمىز دەپ ئەترەت باشلىقىدىن بەش كۈنلۈك رۇخسەت ئېلىپ، ئېشەك بىلەن بازارغا قاراپ يولغا چىقتى، بىرەر سائەتتىن كېيىن نىشاننى ئۆزگەرتىپ كۈنچىقىشقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار يولغا چىقىپ كېتىپ ئۈچ كۈن بولغاندا قۇملۇق تەرەپتىن قاتتىق بوران كۆتۈرۈلۈپ، تۇرۇم ـ تۇرۇم قۇملار ئاسماننى توسۇۋالدى. بىر كېچە چىققان بوران ئېتىز ـ

ئېرىق، يوللارنى كۆمۈۋەتكەندىن باشقا چوڭ زىيان كەلتۈرەلمىدى. پەقەتلا قەشقەرگە كەتكەن توختى قارىي بىلەن ھەسەن ئاخۇن بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. زەينەپ بىلەن بالىلىرى قىشنى توختى قارىينىڭ يولىغا قاراپ ئۆتكۈزدى. دادۇي، گۇڭشېدىن قەشقەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق خەۋىرى بولمىدى. شىۋىرغانلىق بىر كېچىدە، ھەسەن ئاخۇننىڭ خوتۇنى زەينەپنى ئىزدەپ كېلىپ ئۇلارنىڭ سىرىنى — قەشقەرگە ئەمەس، قۇملۇققا مال - دۇنيا ئىزدەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئىككى ئايال بىر - بىرىگە ئېسىلىپ ئاۋاز چىقارماي يىغلاشتى. زەينەپ ئىچ سىرىنى، دەردىنى يا قېيىنئاتىسىغا، يا بالىلىرىغا ئېيتالمىدى. ئېرىنىڭ ئۆلۈك - تىرىكىنى بىلەلمەي، يا ھازا ئېچىپ نەزىر بېرەلمەي ھەسرەتتە قالدى. زەينەپنىڭ بالىلىرى توختىماي «دادام نەگە كەتتى؟» دەپ سورىشاتتى. زەينەپ ھېچ نەرسە دېيەلمەي ياش تۆكەتتى. ئاپپاق چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ھېلىم ئاخۇن مەھەللىنىڭ كۇنچىقىش تەرىپىدىكى قۇم دۆڭلىرى ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. مەھەللىدىكى ئەر خەقلەر ئۇنى ئۆيگە ئەكىلىپ قويسا، شۇ كۈنىلا يەنە قېچىپ چىقىۋالاتتى. زەينەپ قېيىنئاتىسىنىڭ بەزى قىلىقلىرىغا قاراپ، ئۇ توختى قارىينىڭ نەگە كەتكىنىنى بىلسە كېرەك، دەپمۇ قالاتتى.

ئايلارنىڭ ئارقىسىدىن ئايلار ئۆتتى، يىللارمۇ ئۆتتى. زەينەپ ئاخىر توختى قارىيدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا تەن بەردى. ياش تۇل قالغان ئىككى ئايال يۇرتقا نەزىر بېرىپ قۇرئان ئوقۇتتى. بالىلارمۇ چوڭ بولغانچە دادىسىنى سورىمايدىغان بولدى. ئۇلار ئەمدى تايانغۇدەك ھېچكىمى يوقلۇقىنى، ئۆزلىرىگە تايانماي بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەندى.

زەينەپ ئۆزىنى ھېلىمۇ توختى قارىينىڭ مېھىر - مۇھەببىتى ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك سېزەتتى. ئۇنىڭ مۇلايىم،

ئەپۇچان قىياپىتى، ئامراقلىق بىلەن قاراشلىرى، يوغان قوللىرى بىلەن مەھكەم قۇچاقلىشى، ئەزەلدىن دىلىنى ئاغرىتىپ باقمىغانلىقى، قەشقەرگە بارغاندا ئۆيدىكى ھەممەيلەنگە سوۋغات ئېلىپ ئۆزىگە ھېچ نەرسە ئالماي كەلگەنلىكى، ھەسەن ئاخۇن بىلەن سەپەرگە چىقىشنىڭ ئالدىدا شۈكىلەپ، خىيالچان بولۇپ قالغانلىقى، ئاخشىمى بالىلىرىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكى، «مەن كەلگۈچە ئۆسۈپ كەتمىسۇن» دەپ دادىسىنىڭ چېچىنى ئۆزى ئېلىپ قويغانلىقى... كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. نەگە بارىدىغانلىقىنى نېمىشقىمۇ ماڭا دېمىگەندۇ، مەن بىلگەن بولسام ھەرنېمە قىلىپ يولدىن توسۇۋالار ئىدىم، دەپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنەتتى. ئۇ غەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن، ھېرىپ جۈلىقى چىقىپ كەتكۈچە ئىشلەيتتى. ئاشۇ ئېغىر ئەمگەك ئۇنى روھىي ۋەيرانچىلىقتىن ساقلاپ قالغانىدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

1962 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا كوللېكتىپ ئاشخانىلار تاقىلىپ، نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. چوڭ ئاشخانىلارنىڭ ئوچاقلىرى چېقىلىپ، يوغان داش قازانلار ئارقىغا تاشلىۋېتىلدى. بىر چاغلاردا ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەملەرگە رىۋايەتلەردىكى «قاينا چۆگۈنۈم» گە ئوخشاش كۆرۈنىدىغان بۇ قازانلار داتلىشىپ، يامغۇر سۈلىرى، ئەخلەتلەر بىلەن تولۇپ ياتاتتى. كۆپ قىسىم كىشىلەر ئەترەتتىن تارقىتىپ بەرگەن ئازغىنە قوناق ۋە ئارپىغا تايىنىپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ قىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىشتى. ئەمدىكى گەپ قانداق قىلىپ ئورمىغا ئۇلىشىۋېلىشتا قالغانىدى. خالتىلار قۇرۇپ قالدى. قوشۇمچە قىلغۇدەك ھېچ نەرسە يوق. تىقىپ، كۆمۈپ ساقلاپ يۈرگەن ئاشلىقلار ئاللىبۇرۇن توگىگەن. ھېلىم ئاخۇنلارنىڭ ھويلىسىدا ئىلگىرى يوغان ئۈچ تۈپ ئاق ئۈجمە بار ئىدى. 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ پىشىپ مەي باغلاپ، تۈۋىگە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۈجمىگە ئۇلىشىپلا باغدىكى ئۆرۈكلەر پىشاتتى. ئەگەر كېسىلىپ كەتمىگەن بولسىزە... زەينەپ ئاغزىغا كەلگەن سېرىق سۇنى غورتتىدە يۇتۇۋېتىپ، كۆزىنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىرىلغان چامغۇر، سەۋزىلەرگە تىكتى. ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن مايسىلار ئۇنىڭغا يىگىلەپ قالغاندەك كۆرۈندى. ھېلىمو ئوغۇللىرىنىڭ خېلى ئىنسابى بار. كۆك چىققاندىن بېرى كۈندە كۆك تەرگەچ كېلىۋاتىدۇ. زەينەپ سېمىز ئوت بىلەن بېدىنى جىق توغراپ ئۇنى ئارراق بولسىمۇ تېجەپ قىلىۋاتىدۇ. تۇردى قارىي

بىلەن رۇستەم كونا سېۋەتتە باسماق قۇرۇپ ئاندا ـ ساندا قۇشقاچ، ياۋا كەپتەرلەرنى تۇتۇپ ئەكىلىپ بېرىدۇ. ئىلگىرى قۇشقاچ، كەپتەر بوغۇزلىغاننى كۆرسە كۆڭلى ئېلىشاتتى. هازىر بالىلىرىنىڭ جىقراق تۇتۇۋېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بالىلىرىنىڭ كەپتەر گۆشى سالغان ئۇماچنى ئىچسە، مەڭزلىرىگە سەل ـ پەل قان يۇگۇرۇپ قالغىنىنى كۆرگەندە هاردۇقى چىققاندەك بولۇپ، تېنى يايراپ كېتىدۇ. شۇغىنىسى، هازىر توغراقلىقتا دەل ـ دەرەخ يوق، قۇشلارنىڭ كۇشەندىسى ئاندىن تولا. شۇڭا، قۇشقاچ، ياۋا كەپتەرلەرمۇ كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. ئىلگىرى توختى قارىي ئۆچكەبۇلاقنىڭ ئايىغىدىكى يۇلغۇنلۇقتىن ياۋا توشقان تۇتۇپ كېلەتتى. هازىر ئۇ يەرلەر تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. توشقانلارمۇ يولىماس بولدى.

ئاخىرقى بىر چاڭگال قوناق ئۇننى ئىشلىتىپ بولغان كۈنى زەينەپنىڭ كېچىدە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئەتىگەنلىككە، چۈشتە، كەچتە ئۇ بالىلىرىغا نېمە بېرىدۇ؟ بىچارىلەر ھېلىمۇ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ، ئاچلىقتىن كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالدى. «قورسىقىم ئاچتى» دېيىشكىمۇ مادارى قالمىغاندەك، ئانىسىنىڭ قولىغا تەلمۈرگىنى تەلمۈرگەن. زەينەپ بىرەر ـ ئىككى كۈنگە يەتكۈدەك ئۇن سورىغىلى بىرەر كىمنى تاپالماي كۆپ قىينالدى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ هالى ئۇنىڭغا ئايان. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بىركىمگە ئۇن بېرىپ تۇر دېيىش جېنىنى بەر دېگەنلىك بىلەن باراۋەر. ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى چوڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاكىسىنىڭ بالىلىرىنىڭ سۇپىدا قاتار يېتىپ كەتكىنىنى، قورساقلىرىنىڭ كاۋىدەك ئىششىپ كەتكىنىنى كۆرگەن. مەھەللىدە قېرىلار بىلەن ئۇششاق بالىلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ قېلىۋاتقانلىقى يېڭىلىق ئەمەس. ئەمدى ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ شۇ هالغا چۈشۈپ قالارمۇ... تىرىك تۇرۇپ بالىلىرىنىڭ قىينىلىپ ئۆلۈۋاتقىنىنى

كۆرگەندىن، بالىلىرى بىلەن بىللىلا ئۆلۈپ تۈگەشكەن ياخشى ئەمەسمۇ... زەينەپنىڭ ئاچلىقتىن ئايلىنىپ كەتكەن كاللىسى ئۇنى ئىرادىسىدىن ۋە نورمال پىكىر قىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىشقا باشلىغانىدى. ئۇ شۇم خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشىپ ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى. ئۆيدە قايىنتىپ يەپ تۈرغۇدەك بىرەر نەرسە چىقىپ قالارمىكىن، دەپ قاراڭغۇلۇقتا ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى. شۇ پەيتتە ھويلىدا نېمىدۇر غىرىسلاپ قالدى. خۇددى بىرى پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا مېڭىپ يۈرگەندەك قىلدى. زەينەپنىڭ يۈرىكى بىردىنلا قاتتىق سوقۇپ كەتتى. «توختى قارىي كەپتۇ!» دېگەن خىيال ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى بىردىنلا ماغدۇرسىزلاندۇرۇۋەتتى، ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئىشىككە قاراپ قېتىپ قالغاندەك ئولتۇردى. ئۇ ئىشىكتىن ئۆزىگە تونۇش گەۋدىنىڭ لەپپىدە كىرىپ كېلىشىنى، «زەينەپ، تېخىچە ئۇخلىمىدىڭمۇ؟» دەپ يېنىغا كېلىپ، ئىللىق قوللىرى بىلەن يۈز ـ كۆزىنى سىلىشىنى، «بالىلار بىلەن سېنى ئەجەب كۆرگۈم كەلدى» دېيىشىنى كۈتتى. ئەمما، تىۋىش قايتا تەكرارلانمىدى. ئۇ سۈكۈت ئىچىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. قىنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك تىپىرلاپ كەتكەن يۈرىكى ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشتى. زەينەپ ئەمدى ئاچلىقنى، ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى، ھەممىنى ئۇنتۇپ ئەس ـ ھوشىدىن ئايرىلغاندەك ئولتۇردى. كۆز يېشىنىڭ جاۋغايلىرىنى بويلاپ ئېقىپ كۆرپىنىڭ بۈرجىكىنى چۆپ ـ چۆپ قىلىۋەتكىنىنى، كېچىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزمىدى. تاڭ ئاستا ـ ئاستا يورۇشقا باشلىدى. نەدىدۇر خوراز چىللىغاندەك قىلدى. زەينەپ دىڭگىدە چۆچۈپ «بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە نەدىن كەلگەن خورازدۇر» دەپ ئويلىدى. ئۇ تۈڭلۈكتىن چۈشكەن سۇس يورۇقلۇقنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. چىقىپلا ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان كىرلىشىپ كەتكەن بۆز خالتىنى كۆردى.

خالتىنىڭ ئاغزى چىڭ چىگىكلىك ئىدى. ئۇ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك، خىزىر تاشلاپ قويغاندەك پەيدا بولۇپ قالغانىدى. زەينەپ ئىتتىك بېرىپ خالتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. خالتىنىڭ ئىچىدىكى سارغۇچ بۇغداي دانلىرى ئۇنىڭغا پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، بۇغداينى ئوچۇمىغا تولدۇرۇپ ئېلىپ، دىمىغىغا يېقىن ئەكىلىپ تويماي پۇرىدى. خالتىنىڭ ئاغزىنى چىگىپ قويۇپ بولۇپ چۈشۈممۇ بۇ ئوڭۇممۇ، دەپ ئىشىنەلمەي، يېشىپ يەنە بىر قارىدى. بۇ راستتىنلا بۇغداي ئىدى. بىرەر چارەك كېلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنى كىمدۇر بىرى بۇ يەرگە تاشلاپ،ئۇلارنى قۇتۇلدۇرغانىدى. ئۇ كىمدۇ؟ زەينەپ «دادا، دادا، كۆردىڭىزمۇ بۇ بۇغداينى!» دەپ قېيىنئاتىسىنىڭ ئىشىكىگە يۈگۈردى. ھېلىم ئاخۇن ياتىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكى تېشىدىن تاقاقلىق تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئارقىسىغا ياندى. خالتىنى قازناقتا ئەكىرىپ، ئۈستىگە كونا تاغارنى تاشلاپ قويدى. يېنىپ چىقىپ يوغان شاخ سۈپۈرگىدە ھويلىنى شارتىلدىتىپ سۈپۈردى. قازان باشلىرىنى تازىلاپ، داتلىشىپ كەتكەن قازاننى پاكىز يۇيۇپ بولۇپ، ئۆگزىدىن شاخ تاشلاپ ئوچاققا ئوت ياقتى.

ئالتۇنگۈل نەمەتتىن توختى قارىينىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوق بولۇپ كەتكىنىنى ئاڭلىغاندا، چۆچەك ئاڭلاۋاتقاندەك ھاڭ ـ تاڭ قالدى. بۇ خەۋەرگە ھېچقانداق قىلىپ ئىشىنەلمىدى. ئەمما، بۇنىڭ راست ئىكەنلىكى، ھەسەن ئاخۇن دېگەن ئادەمنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغىنىدا دەرھاللا: «خوپ بوپتۇ، ماڭا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي، پومپىچكىنىڭ قىزىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان، مانا ئەمدى زەينەپخانمۇ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسۇن !» دەپ ئويلىدى. بىر كۈنى ئۇ ھېلىم ئاخۇنلارنىڭ مەھەللىسى تەرەپتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ،ئۇششاق

بالىلار بىلەن بىللە ئويناۋاتقان زۆمرەتنى كۆرۈپ قالدى. زۆمرەت خېلى بوي تارتىپ قالغان بولسىمۇ، بەكلا ئورۇق ئىدى. لېكىن ئۇ چوڭ بولغانچە دادىسىغا تېخىمۇ ئوخشاپ قالغانىدى. ئالتۇنگۈل زۆمرەتنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ ئورۇق، تەمەچتەك قوللىرىدىن تۇتۇپ:

— زۆمرەتگۈل قىزىم، مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تونۇدۇم، ئالتۇن ئانا، — دېدى زۆمرەت. ئۇنىڭ ھالسىز، مەيۈس تۇرقىغا قاراپ ئالتۇنگۈلنىڭ ئىچى ئاغرىپ كەتتى. ئۇ زۆمرەتنىڭ كىچىككىنە، قوشۇقتەك يۈزىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ بىر پەس تۇرۇپ كېتىپ:

— يۈرە، مەن ساڭا تاتلىق بىر نەرسە بېرىمەن، — دېدى.

ئالتۇنگۈل ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ ئەكىرىپ، يانچۇقلىرىنى گۈلە ھەم ياڭاق بىلەن توشقۇزۇۋەتتى. ئۇنى كەتكىلى قويماي، كاۋا بىلەن گۆش توغراپ ئەتكەن سۇيۇقئاشتىن يوغان بىر قاچا ئۇسسۇپ بەردى. ئۆزى زۆمرەتنىڭ خۇددى بىركىم تارتىۋالىدىغاندەك ئالدىراپ ئىچىشىگە قاراپ تۇردى. زۆمرەت ئاشنى ئىچىپ بولۇپ، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ:

— ئالتۇن ئانا، مەن كېتەي. بولمىسا ئانام ئەنسىرەپ قالىدۇ، — دېدى.

— كەتسەڭ كەت، بۇنىڭدىن كېيىن قورسىقىڭ ئاچقاندا كېلىۋەر، — دېدى ئالتۇنگۈل. زۆمرەت ئۇنىڭغا ئېسىلىپ، مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. زۆمرەت شۇنىڭدىن كېيىن پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. بىر قېتىم نەمەت ئۇنىڭ ئۆيدە ئاش ئىچىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— ھە، قايسى ئاچاڭنىڭ قىزى بۇ؟ ئەجەب چىرايلىقكىنا، دەپ باقە بىزگە بېرەمدىكىن، بىز بېقىۋالايلى بۇنى، — دېدى. ئالتۇنگۈل بىرنېمە دەپ بولغۇچە زۆمرەت دەرھال ئېغىز ئېچىپ:

— مەن توختى قارىنىڭ قىزى، ئېتىم زۆمرەت. ئانام مېنى

ھېچكىمگە بەرمەي باقىدۇ، ــ دېدى.

نەمەت ھەيران بولۇپ ئالتۇنگۈلگە تىكىلىپ قارىدى. ئالتۇنگۈلنىڭ پەرۋا قىلماي كۈلۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ:

ــ ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ئوبدان بولۇپتۇ. توختى قارىي بار ۋاقتىدا مۇشۇ قىزىم سەل چوڭ بولغاندا ساڭا بېرىمەن، سەن بېقىۋال دېگەن. بۇگۈن ئۆزىمۇ كېلىپ قاپتۇ مانا، ــ دېدى.

زۆمرەت بىردىنلا يىغلامسىرىدى:

ــ ياق، دادام مېنى سىلىدەك ئادەمگە بەرمەيدۇ.

ــ نېمە دېدىڭ؟ مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن، دەپ باققىنى؟

ــ بىلىمەن، نەمەت تاز دېگەن سىلى شۇ، ــ دېدى زۆمرەت.

ــ ھۇ دادىسىنى دورىغان يۇزسىز توخۇپوقى، چىقە ئۆيدىن !

نەمەت ئورنىدىن قوپۇپ بولغۇچە زۆمرەت «پارت» قىلىپ قېچىپ كەتتى. نەمەت ئۇنىڭ ئاش يۇقى قاچىسىنى كۆرۈپ:

ــ يوغان بىر تاۋاق ئاشنى ئىچىپ بوپتا، كاساپەت، ــ دەپ قويدى، ئارقىدىن:

ــ خوتۇن، نېمىدەپ نەدىكى خەقنىڭ بالىلىرىنى ئۆيگە باشلاپ يۈرىسلە؟ ــ دەپ خاپا بولغاندەك قىلدى.

ــ مەن باشلىمىدىم، ئۆزى كىرىپتۇ، يەسلىدە مەن باققان ئەمەسمۇ بۇ باللىنى، قايسىسى كۆرسە «ئالتۇن ئانام» دەپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. ئەتىگەن زۆمرەت «قورسىقىم ئېچىپ كەتتى» دەپ كىرىپتىكەن، بىر قاچا ئاش بەردىم شۇ.

نەمەت كۆڭلىدە «ھەرقانچە قىلساڭمۇ توختى ئۆلدى. ئەمدىغۇ بېسىقىڭغا چۈشەرسەن» دەپ ئويلاپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. لېكىن، توختى قارىينىڭ شۇنداق چىرايلىق ھەم چېچەن قىزى بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھەسەت ئوتلىرى يەنە ئۇلغايدى. قىزىغۇ بىر گەپ، ئۇنىڭ يەنە ئۈچ ئوغلى بار. ئەتە - ئۆگۈن ھەممىسى بابباراۋەر چوڭ بولىدۇ. خۇدايىم نېمىشقا ماڭا

بىرەر بالا بەرمەيدىغاندۇ، بۇ دۇنيادىن مۇشۇنداق نام ـ نىشانسىز، ئۇرۇق ـ ئەۋلادسىز ئۆتۈپ كېتەرمەنمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا مەنمۇ ئۆزۈمگە ئاش بولغۇدەك بىرەر خوتۇن ئالماي، نېمىشقا بۇ شادىپاچاق قىچىرنى ئالغان بولغىيدىم، — دەپ ئاھ ئۇردى.

نەمەت بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسىنىڭ چېكى بارلىقىنى، ئۇنى قارا كۈنلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ بېشىغا تاج قوندۇرغان، ئۆزى ئاشىق بىقارار بولغان ساھىبجامالنىڭ ۋەسلىگە يەتكۈزگەن تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئۇنى چوقۇم يەنە بىر نەرسىگە زار قىلىدىغانلىقىنى، توختى قارىينىڭ ياش ھاياتىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە يەنە قانداق كۆرگۈلۈكلەرنى تەييار قىلىپ قويغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى. ئۇ پىغانى ئۆرلىگەن چاغلىرىدا، ئەينى يىللىرى ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئوسماننىڭ ئىككى بالا بىلەن تۇل قالغان ئايالىنى ئىزدەيتتى. ئۇ دورداي كالپۇك، دوغىلاق، كۆكسى تولۇق كەلگەن جۇۋان ئىدى. ئۇ بالىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن نەمەتنىڭ رايىغا بېقىپ يۈرۈپ بارا ـ بارا ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالغانىدى. مەھەللىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئىشىنى بىلسىمۇ، ئەيىبلەپ يۈرمەيتتى. پەقەتلا: «خىلى خىلىنى تېپىپتۇ» دەپ قويۇشاتتى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە جان قايغۇسىدا قالغان كىشىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ ئۇستىدە سۆز ـ چۆچەك قىلىشقا ھەپىلىسى يوق ئىدى.

ھەسەن ئاخۇننىڭ خوتۇنى ھېلىمىخان ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن چوڭقۇر كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇرىدىغان، ئۇزۇن، ئىنچىكە بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك ئايال ئىدى. ھەسەن ئاخۇننىڭ يوق بولۇپ كېتىشى، نامراتلىق ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدەك تۇراتتى. زەينەپ ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ مەھەللە چېتىدىكى ئۆيىگە بارغاندا ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق ھالدا خاراموش ئولتۇرغىنىنى، ئۆي ئىشى بىلەنمۇ، 4 ـ 3 ياشلاردىكى ئوغلى ئەخمەتنىڭ «ئانا ،

قورسىقىم ئاچتى» دەپ يىغلاپ غەلۋە قىلىشلىرى بىلەنمۇ قىلچە كارى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى غەش بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، ھەر قېتىم بارغىنىدا ئەخمەتكە بىرەر پارچە نان ياكى بىرەر كېسىم كاۋا ئالغاچ باراتتى. ھېلىمخاننى زورلاپ گەپكە سېلىپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىپ ئۇنى خۇشال قىلىشقا تىرىشاتتى، ئەمما ھېلىمخاننىڭ كۆڭلىنى مەڭگۈ ئېرىمەس مۇز، ئەبەدىي يورۇماس زۇلمەت بېسىپ تۇرغاندەك ئىدى. ئۇ كۈلۈشنى بىلمەيتتى. كۆزلىرىدە تىرىك ئادەمگە خاس نۇر چاقنىمايتتى. ئۇ نەگىدۇر قاراپ جانلىق ھەيكەلدەك ماڭاتتى، ئىش قىلاتتى، يەنە نەگىدۇر قاراپ ئولتۇراتتى. زەينەپ بەزىدە ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئاشۇ ئانا ـ بالىنىڭ تەقدىرىدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ قالاتتى.

كۈز ئايلىرىنىڭ بىر كېچىسى، قوناقلىق تەرەپتىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. كۈز كىرىپ قوناقلار باش تۇتقاندىن بۇيان خەلق ئەسكەرلىرى ئوۋ مىلتىقى، كالتەك، دومبا ئېلىپ قوناقلىقنى ساقلاۋاتاتتى. شۇنداق قاتتىق مۇھاپىزەتكە قارىماي، ئاچلىققا چىدىمىغان كىشىلەر كېچىلىرى قوناقلىققا كىرىپ، خام قوناقنى ئوشتۇپ شۇ يەردىلا غاراسلىتىپ يەپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپى تاياق زەربىسىدىن چالا ئۆلۈك بولۇپ قالاتتى ياكى ئوق يەپ پۇت ـ قولىدىن ئايرىلاتتى، قېچىپ كېتەلىگەنلىرىمۇ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن قورسىقى ئېسىلىپ تەييار بولۇپ قالاتتى. ئاشۇ كېچىسى مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان كىشىلەر: «ھەي، يەنە بىر بىچارىگە ئۇۋال بولدى» دېيىشتى. سەھەردە نامازغا قوپقانلار ھېلىمخاننىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتقان يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئارقىدىنلا ھەممە ئادەم ئاشۇ تەرەپكە قاراپ ئاقتى. ھېلىمخاننىڭ ئۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، بەش بالا بىلەن تۇل قالغان بەختسىز ئاچىسى بىلەن ئانىسىنى «ئويغىتالمىغان» كىچىك ئەخمەت يىغلاپ ئولتۇراتتى. كىشىلەر ھېلىمخاننىڭ قوناقلىقتا بېشىغا ئوق تېگىپ ئۆلۈپ

قالغىنىنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتىشتى.

— ۋاي ئىسىت، باشقا يېرىگە تەگكەن بولسا ئۆلمەستى، قاراڭغۇدا كۆرمەي ئاتقان گەپ.

— نېمىشقا قاچقان بولغىيدى، قاچماي جىم تۇرغان بولسا، تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ - ئۇرۇپ قويۇپ بېرەتتى، كېسىلىپ كەتسىمۇ كېلەر بولغىيدى.

— ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، تەقدىر - پېشانىسى شۇنداق. رىزقى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ.

— بالىسىغا ئۇۋال بولۇپتۇ، ئۇنى كىم باقار؟

ھېلىمخان پېشىن بىلەن يەرلىككە قويۇلدى. ھېلىمخاننىڭ ئوغلى ئانىسىنىڭ تۇپرىقىنى تاتىلاپ «ئانام بىلەن كېتىمەن» دەپ يىغلاپ ھەممە ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇۋەتتى. ئۇنى تۇپراق بېشىدىن زەينەپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ بالىلىرىمنىڭ قاتارىدا بېقىلىپ كېتەر، ھايات قالساق تەڭ ياشارمىز، ئۆلسەك تەڭ ئۆلەرمىز، دەپ ئويلايتتى.

1962 - يىلى توغراقلىقلار ئۇچۇن مەڭگۇ ئۇنتۇلغۇسىز قىسمەتلەرگە تولغان بىر يىل بولدى. يىل بېشىدا دادۇيدە ئېچىلغان ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش قەسەمياد يىغىنىدا، ئاشلىقنىڭ مو بېشى ھوسۇلىنى 10 مىڭ جىڭغا يەتكۈزۈش توغرىسىدىكى قەسەمنامىگە ھەممە ئادەم قول قويغانىدى. ئەقىل - ھوشى جايىدا ھەرقانداق بىر دېھقان بۇنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلمەي قالمايتتى، ئەمما ئۇلار نەمەتنىڭ سېسىق گەپلىرى ۋە پوپوزىلىرىدىن قورقۇپ زۇۋان سۇرمىگەن، ھەممە ئادەم قول قويۇۋاتىدىغۇ، باشقىلار نېمە كۈن كۆرسە بىزمۇ شۇنى كۆرەرمىز، دەپ ئويلىغانىدى. نەمەت بولسا «كومپارتىيەلا بولسا ئاسماندىكى ئاينىمۇ ئۈزۈۋالالايمىز، تاش ئۈستىدە تېرىق ئۈندۈرەلەيمىز، ئەكسىلئىنقىلابچىلار بىلەن ئوڭچىللار ئۇنىمۇ

بولمايدۇ، بۇنىمۇ بولمايدۇ، دەيدۇ. بىز ئۇلار بىلەن بىر يولدا، بىر مەقسەتتە ئەمەس...» دەپ ۋەز ئېيتاتتى. نەتىجە شۇ بولدىكى، يىل بويى تالڭ سەھەردىن خۇپتەنگىچە تۇمشۇقى بىلەن يەر تىرەپ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي كوممۇنا ئۈچۈن ئىشلىگەن دېھقان قۇرۇق سامان بىلەن بىرنەچچە پۇڭلۇق قالدۇرۇق يېرىگە تېرىغان ئاشلىقلىرىغا، دېھقانلارنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، «ساقالدىكى ئاش»قا قاراشلىق بولۇپ قالدى. كەنتتىكى قېرى ـ چۈرىلەرنىڭ كۆپ قىسمى شۇ يىلى ئۆلۈپ كەتتى. ئېغىر ئاياغ ئاياللارنىڭ باللىرى ئۆلۈك تۇغۇلدى، تۇغۇلغانلىرىنىڭ كۆپى ئەي بولماي، هايات قالغانلار هەربىر كۈنني مىڭبىر جاپادا ئۆتكۈزدى. ئاشلىقنىڭ نەقەدەر قىممەتلىكلىكىنى ئىسسىق جانلار بەدىلىگە تېخىمۇ چوڭقۇر هېس قىلغان دېھقانلار 1963 ـ يىلى ئالىقانچىلىك يەرنى بوش قويماي ئاشلىق، كۆكتات، كاۋا، ياغلىق دان تېرىدى. زەربىدارلىق بىلەن كۆچەت تىكتى. قىرغىنچىلىقتىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان توغراقلارمۇ قايتا كۆكلەپ بوي تارتىشقا باشلىغانىدى. دادۇيدە ئېچىلمىدىغان يىغىنلاردا سىنىپىي كۈرەش تەكىتلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان گەپلەرمۇ پەيدا بولۇپ قالدى. ۋۇجۇدى توغراق قاسىرىقىدەك قاغجىرىغان، چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان دېھقانلار سەل ـ پەل ئەركىن نەپەس ئېلىشقا باشلىدى.

# ئون توققۇزىنچى باب

ئۈچىنچى سىنىپنى پۈتكۈزگەن تۇردى قارىي مەكتەپتىن توختاپ ئېتىزغا چىقتى. ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرى بىلەن ئېشەك ھارۋىسىدا ئېتىزغا ئوغۇت توشۇپ يۈرگەنلىرىنى كۆرگەندە، زەينەپنىڭ ئۇنىڭغا مەستلىكى كېلەتتى ھەم ئىچى ئاغرىيتتى. تويغۇچە ئوزۇقلىنالماي بوي تارتالمىغان تۇردى قارىي ھارۋىنىڭ شوتىسىدا مۈشتۈمدەك كىچىك، ئايانچلىق كۆرۈنەتتى. رۇستەم ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتتى. ئۇ بىرىنچى سىنىپتىن تارتىپلا سىنىپ باشلىقى بولۇپ ئوقۇدى. ئۇنىڭغا مۇئەللىملىرىمۇ، ساۋاقداشلىرىمۇ ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىغا ھېچ نەرسە تەڭ كەلمەيتتى.

زەينەپنىڭ قوشكېزەك بالىلىرى — روزى ئاخۇن بىلەن زۆمرەتمۇ مەكتەپكە كىردى، كىچىك ئەخمەت ئۇلارغا ئەگىشىپ مەكتەپكە بىللە باراتتى. ئۇلار دەرستىن چۈشكىچە مۇئەللىملەرنىڭ بالىلىرى بىلەن ئويناپ، دەرستىن چۈشكەندە يەنە ئۇلار بىلەن بىللە قايتىپ كېلەتتى. ئۇلار ئۈچى ئەتىدىن كەچكىچە بىللە يۈرەتتى. سوغۇق چۈشۈشكە باشلىغانچە زەينەپ بالىلىرىنىڭ تېز چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەممىسىنىڭ كىيىملىرى كىچىك كېلىپ قالغان، چوڭلىرىنىڭ قوللىرى چاپىنىنىڭ يېڭىدىن ئۇزۇن چىقىپ قالغانىدى. تۇردى قارىي ئېتىزغا چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن زەينەپ ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ پاختىلىق چاپىنى بىلەن كونا ئۆتۈكىنى كىيدۈرۈپ قويدى. تۇردى قارىي چاپاننى شوينا بىلەن بېلىدىن چىڭ باغلىۋالغان

بولسىمۇ، چاپاننىڭ ئىچىگە چۈكۈپ قالغانىدى، بولۇپمۇ ئۈزىدىن يوغان ئۈتۈك ئۇنى ناھايىتى كۈلكىلىك كۆرسىتەتتى. لېكىن تۇردى قارىي چاپىنى بىلەن ئۈتۈكىدىن ناھايىتى پەخىرلىنەتتى. كىچىكلىرى ئەينى يىلى دادىسى قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن رېزىنكە ئاياغلارنى پايتىما يۆگەپ كىيىپ يۈرەتتى، پەقەت رۇستەملا ئاياغسىز قالدى. زەينەپ ئۇنىڭ پۇتىنى لاتا بىلەن ئوراپ باقتى، ئەمما ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا لاتا توشمايتتى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە كونا لاتىلارمۇ ئەتىۋارلىق ئىدى. ئاكىسىغا قارىغاندا قاۋۇل، بەستلىك كەلگەن رۇستەم لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارغا قارىماي مەكتەپكە چاپاتتى. ئۇ يېرىلىپ كەتكەن، سوغۇقتىن قىزارغان تاپانلىرى قارنىڭ سوغۇقىنى سەزگىچە كۆچىنىڭ بارىچە يۈگۈرەيتتى. بارا - بارا سوغۇق تاپىنىدىن مېڭىسىگە باراتتى، پۇت بارماقلىرى كۆكىرىپ ھېچ نەرسىنى سەزمەس بولۇپ قالاتتى، ئۇ پەقەت چىدىيالمىغاندا بىرەر جاينى تېپىپ ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىنى تۇمىقىغا ئوراپ بىردەم ئىسسىتىۋالاتتى - دە، تۇماقنى قېقىۋېتىپ بېشىغا كىيىپ يەنە يۈگۈرۈپ كېتەتتى. يۈگۈرۈپ - يۈگۈرۈپ، پۇتى بەك توڭۇپ كەتكەندە يەنە ئولتۇرۇپ تۇمىقى بىلەن ئىسسىتاتتى. ئۇ يازنى، پۇتنى كۆيدۈرىدىغان قىزىق ئاپتاپنى شۇنچىلىك زارىقىپ سېغىناتتى.

رۇستەم ھېسابقا ئۇستا ئىدى. 50 ياشلاردىكى، سەل ئېڭىشىپ ماڭىدىغان ھېساب مۇئەللىمى دوسكىغا ھېسابنى يېزىپ بولغۇچە، رۇستەم ئىشلەپ بولاتتى. ئاشۇ مۇئەللىم بىر كۈنى رۇستەمنىڭ قاردا يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. دەرستىن چۈشكەندە ئۇ رۇستەمنى ئۆيىگە باشلاپ ئەكىرىپ، ئوغلى كىچىك ۋاقتىدا كىيگەن بىر كونا ئۈتۈكنى ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويدى. زەينەپ ئۈتۈكنىڭ بەزى يەرلىرىنى يىڭنە بىلەن ياماپ، بەزى يېرىنى شوينا بىلەن باغلاپ، ئۇنى يامان ئەمەس ھالەتكە كەلتۈردى. رۇستەم ئۇنى تاكى پارچە - پارچە

بولۇپ پۈتمىدىن چۈشۈپ قالغۇچە كىيىپ يۈردى. ئۇ ئاشۇ سوغۇق قىشنى، مۇئەللىم بەرگەن كونا ئۆتۈكنى كېيىنكى چاغلاردىمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. رۇستەم ئېتىز ئىشىغىمۇ پىششىق ئىدى. مەكتەپتىن كېلىپ ئۇدۇل ئېتىزغا ـــ ئانىسى ئىشلەۋاتقان يەرگە باراتتى. ئانىسى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئىشلەپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، ماللىرىغا ئوت ئالاتتى. ئۆيگە كېلىپلا ماللىرىغا ئوت سېلىپ بېرىپ، ئاندىن ئاشقا تۇتۇش قىلاتتى. كۈز، قىش ئايلىرىدا ئۇ ئۆيگە كېلىپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇ ئوچاقتىكى ئوتنىڭ يورۇقىدا خېمىر يۇغۇرۇپ، چامغۇر ئادالايتتى، ئاشتاختا نوغۇچتا خېمىر يېيىپ كېسەتتى، زومرەت ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ بىر قولىدا قورچاق ئوينىغاچ، توختىماي ئوچاققا شاخ تاشلايتتى. روزى ئاخۇن ئوت يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان تامدىكى ئانىسىنىڭ غايەت يوغان، توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان سايىسىگە قاراپ خۇددى كىنو كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولاتتى. ئۇ يىلدا ئىككى قېتىم توغراقلىققا كېلىپ، ئاشلىق پونكىتىنىڭ تېمىغا ئاق لاتا تارتىپ كىنو قويىدىغان بۇرۇتلۇق كىنوچىنى، كۆرگەن كىنولىرىنى ئەسلەيتتى. كىنوچىنىڭ ئۇنى كۆرسىلا بېشىنى يوغان ئالىقىنى بىلەن بېسىپ قويىدىغانلىقىنى، باشقا بالىلارغا نەزىرىنىمۇ سالماي ئۆزىنى ئىشقا بۇيرۇيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىچە پەخىرلىنىپ كېتەتتى.

كىنو ھەقىقەتەنمۇ توغراقلىقلارنىڭ ھاياتىدىكى چوڭ ئىش ئىدى. بۇ يىل كىنوچى يەنە كەلدى. ئۇ قاراقاش، قارىچىغا بۇرۇن، بۇرۇتلىرى ئۆزىگە يارىشىپ تۇرىدىغان 40 ياشلاردىكى ئادەم ئىدى. ئاياللار ئۇنى خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ، بويتاق ئىكەن، دېيىشەتتى. شوخراق چوكانلار ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇمۇ كىنو قويغاچ ئوغرىلىقچە ئاياللارغا

سەپسالاتتى. يۇرتمۇيۇرت يۈرىدىغان بۇ ئادەم توغراقلىقنىڭ قىز ـ چوكانلىرى باشقىچە سۆلۈق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بىر قېتىم كىنو باشلىنىشنىڭ ئالدىدا، ئۇ باللىرىنى كەينىگە سالغان زەينەپنىڭ باللىرىغا نېمىلەرنىدۇر دەپ كايىغىنىچە مەيدانغا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. شۇ ھامان لېنتا قاچىلاۋاتقان قوللىرى توختاپ قالدى. زەينەپنى باللىرى قولىدىن تارتىپ ئالدىغا ئېلىپ كەتكەندە، يېنىدىكى كىچىك بالىدىن:

— بۇ ئايال كىمنىڭ خوتۇنى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ مېنىڭ ئانام، دادام... ئۆلۈپ كەتكەن، — دەپ جاۋاب بەردى بالا.

— بىچارە، شۇنچىۋالا جىق بالا بىلەن تۇل قاپتۇ، تېخى ياش ئىكەن، — دەپ تۇرۇپ كېتىپ، يەنە، — ئاناڭنىڭ ئېتى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— زەينەپخان.

كىنوچى شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بالىغا ئامراق بولۇپ قالدى. بۇ بالا ئانىسىغا ئوخشايتتى. ئۇمۇ ئانىسىغا ئوخشاش قوشۇما قاش، ئاق سۇزۇك چىرايى بەكمۇ يېقىملىق ئىدى. ئەمما، قاشلىرى بىلەن سەل قىيىغاچ قاپاقلىرى ئوتتۇرىسىدا، جاۋغايلىرىدا ئۆزگىچە بىر مىجەزنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان، كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان قانداقتۇر بىر ئالاھىدىلىك بار ئىدى.

— ئاناڭنىڭ ئاچچىقى يامان ئوخشايدۇ ـ ھە؟

— ئادەتتىمۇ ئاچچىقى يامانەك قىلمايدۇ. شۇ ئاچچىقى كەلسىلا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالىدۇ. شۇڭا، نەمەت تازمۇ ئۇنىڭدىن قورقىدۇ.

— ئۇ نېمىشقا قورقىدۇ؟

— بىر قېتىم، ئاكامنى كىچىك دەپ، نومۇرنى ئاز ھېسابلاپ قويغاندا، ئانام ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ تازا تىللىغان. شۇڭا،

ھازىرغىچە ئانامنى كۆرسە قاچىدۇ.

كىنوچى نېمىنىدۇر ئويلاپ ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى. ئاخشىمى كىنو قويغاندىن باشقا، كۈندۈزى ئۇنىڭ قىلغۇدەك ئىشى يوق ئىدى. ئۇ ھېلى يۇمىلاق بازاردا، ھېلى ئاياغ مەھەللىگە بارىدىغان يولدا، ھېلى ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان ئاياللارنىڭ يېنىدا پەيدا بولاتتى. سول بىلىكىدىكى شاڭخەي سائىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى ئېگىز تۈرۈۋالاتتى. ئەرلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، بۇ كىنوچى ئۇلارغا شەھەرلىكلەردەك ياسانچۇق كۆرۈنەتتى. ئەمما، ئاياللار ئۇنى كۆرسە ئېچىلىپلا كېتەتتى، بىر قېتىم ئۇ ئېتىز قىرىدا پەيدا بولغاندا، تۇنىساخان ئىسىملىك ئەركەكزەدەك چوكان ئۇنى تارتىپ ئەكىرىپ، قولىغا كەتمەندىن بىرنى تۇتقۇزۇپ قويدى. كىنوچى قولىنىڭ ئۇچىدا بىر ئىشلارنى قىلغان بولدى ـ دە، ياغلىقنى پېشانىسىگە چۈشۈرۈپ، باش كۆتۈرمەي قىغ تارتىۋاتقان زەينەپكە قاراپ:

ـــ ما خېنىم ئەمگەكنى بەلەن قىلىدىكەن. ئېرى بارمىدۇ، يوقمىدۇ؟ ئېرى بولمىسا ماڭا تەگسىمۇ بولاپتىكەن، ـــ دېدى.

ئېتىزدا ئىشلەۋاتقانلار «ۋاي تاپتى، جايىنى تاپتى!» دېيىشىپ قىيقاس سېلىپ كۈلۈشتى. تۇنىساخان:

ـــ بۇ خېنىمنىڭ نەزىرى ئۈستۈن، ئۆزى ۋىلاخۇنباينىڭ قىزى. ئارقىسىدا گۆھەردەك بەش بالىسى بار. ئۇنداق ـ مۇنداق ئادەمنى ياراتمايدۇ. ئۆزلىرىنى چاغلاپ گەپ قىلسىلا، ـــ دېدى.

ـــ ۋىلاخۇنبايغا تەڭ كەلگۈچىلىكىمىز بار، بەش ئەمەس، ئون بالىسى بولسىمۇ باققۇچىلىكىمىز بار، بىزنىمۇ بوش چاغلىمىسىلا خېنىم، ـــ دېدى كىنوچى.

ھەممەيلەن «مانا ئىش چىڭىغا چىقىدىغان بولدى» دېيىشىپ، باشلىرىنى بۇراپ نېمە دەركىن دەپ زەينەپكە قاراشتى. زەينەپ كىنوچىغا بېشىدىن ئايىغىچە قارىۋېتىپ:

— كىنوچىغا تەگكەن خوتۇن تويى بولغاندا بىر نۆۋەت، ئاجراشقاندا بىر نۆۋەت خۇش بولارمىش، دەپ ئاڭلىغانىدىم، بىز دېھقان خەق كىنوچى بىلەن تەڭ بولالامدۇق، چۈجىنىڭ تۆگىدە نېمە ئىشى دېگەندەك، — دەپ كەتمىنىنى ئېلىپلا نېرى كەتتى.

ئايالىلار يەنە بىر قېتىم كۈلۈشۈپ كىنوچىنى شاڭخو قىلىشتى. كىنوچى ئەتىسى يوللاردا زەينەپنىڭ ئالدىنى توسۇپ گەپ قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئۆزىچە رەللە بولۇپ، خۇيلىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە يۇمىلاق بازاردا ئالتۇنگۈلنى ئۇچرىتىپ قالدى. لىغىرلاپ تۇرىدىغان دەمبىزە كۆڭلەك كىيىپ، قىزىل ياغلىق ئارتىۋالغان ئالتۇنگۈل ئوسما قويۇۋالغان قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، نازلىنىپ تۇرۇپ كىنوچى بىلەن سالاملاشتى ۋە:

— بىزنىڭ ئادەم ئاشۇ كىنوچىنى ئوبدانراق بىر مېھمان قىلىۋالمىسام بولمايدۇ، دەپ يۈرەتتى. بۈگۈن خۇدايىم بۇيرۇپ ئوبدان ئۇچراپ قاللا. ئەتە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئاۋۇ ئادەم بىلەن بىردەم ـ يېرىمدەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كېلەلا، — دېدى.

كىنوچى خۇشلۇقتىن ئاغزىنى يۇمالماي قالدى. كۆڭلىدە «نەمەت دېگەن سەت تاز ئەجەب چىرايلىق خوتۇن ئېلىۋاپتىكىنا، قارىغاندا خېلى خۇلقى بار سەتەڭدەك قىلىدۇ، قېنى ئەتە بېرىپ تومۇرىنى بىر تۇتۇپ كۆرمەيمەنمۇ» دەپ ئويلاپ، كېچىچە ئۇخلىيالماي ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ چىقتى.

كەچ كۈز ئايلىرىدا، قومۇشلار راسا سارغىيىپ قۇرۇشقا باشلىغاندا ئوغۇل باللار قومۇشلۇققا يىغىلىپ، تۇتۇۋالغان ياۋا توشقان، كەپتەرلىرىنى كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ، بەزىدە باللار ئېھتىياتسىزلىقتىن، قالىغان ئوتىنى كۆممەي كېتىپ قالسا ياكى شالدىرلاپ تۇرغان قومۇشلارغا تۇيۇقسىز ئوت چاچراپ كەتسە، تۇيۇقسىز گۈررىدە ئوت ئېلىپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قومۇشلۇق بىر پارچە ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ.

ۋاژىلداپ، چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ھەيۋىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتىگە ھېچ نەرسە تەڭ كەلمەيدۇ. ئالتۇنگۈلنىڭ مۇھەببەتكە تەشنا قەلبى خۇددى ئاشۇ قاغجىراپ قۇرۇپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان قومۇشلۇققا ئوخشايتتى. ئىشق - مۇھەببەت ئۇچقۇنى ئۇنىڭ قەلبىنى بىردىنلا ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىشىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇ ئوتتىن ئۆزىنى تارتالمايتتى. كۈندۈزى ئۇ خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك يۈرەتتى، كەچتە قازان - قومۇچلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپلا «ئانامنىڭ مىجەزى يوقكەن، دىككىدە بېرىپ كېلەي» دەپ چىقىپ كېتەتتى. كىشىلەردە گۇمان پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆيى تەرەپكە مېڭىپ، يېرىم يولدا دەرەخلىك تەرەپكە ئەگىپ كېتەتتى. دەرەخلىككە كىرىپ ئۆتۈپ مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئېگىز - ئېگىز قۇم دۆڭلىرى ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى. ئىسسىق، يۇمشاق قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە، يۇلتۇزلارنىڭ خىجىل بولغاندەك جىمىرلىشى ئاستىدا ئۇ كىنوچى سەمەت ئاخۇن بىلەن ئىرماش - چىرماش بولۇشۇپ كېتەتتى. ئۇزۇندىن بېرى بويتاق يۈرۈپ خوتۇنسىراپ كەتكەن كىنوچى بۇ بەختسىز ئايالنى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە شادلىقتىن بەھرىمەن قىلاتتى. نەمەتنىڭ يېنىدا ياغاچتەك قېتىپ، تۈگۈلۈپ دەككە - دۈككە ئىچىدە ياتىدىغان ئالتۇنگۈل كىنوچىنىڭ قاۋۇل، يۇڭلۇق كۆكسىگە چىڭ چاپلىشىپ، ناز - كەرەشمە بىلەن تولغىنىپ ياتقان چاغلىرىدا مۇشۇنداق يېتىپ ئۆلۈپ كەتسەم، نەمەتنىڭ تەلەتىنى قايتا كۆرمىسەم ياكى سەمەت ئاخۇن بىلەن يىراق يەرلەرگە قېچىپ كەتسەم، دەپ ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما، ئۇ يەنىلا ئۆيىگە قايتاتتى. نەمەتنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ يالغان گەپ قىلاتتى، ئاخشىمى ئۇنىڭ يېنىدا ياتاتتى. بەزىدە قانداقتۇر گۇناھكارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە سەل - پەل مۇلايىملىشىپمۇ قالاتتى.

شۇ يىللىرى كىنوچى توغراقلىقتا پات - پات كېلىدىغان بولۇپ قالدى. توغراقلىقلار يېڭى - يېڭى كىنولارنى كۆرۈپ تۇردى. ئالتۇنگۈلمۇ ئاللىقانداق باھانىلەر بىلەن بازار تەرەپكە بېرىپ تۇراتتى، كىشىلەر ئارىسىدا كۇسۇر - كۇسۇر گەپلەر پەيدا بولۇشى بىلەنلا، بىر كۈنى بۇخېلىچىخان قىزىنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياش ۋاقىتلىرىغا ئوخشايدىغان ئالتۇنگۈلگە زەھەرخەندىلىك بىلەن تىكىلىپ:

— قىزىم، ئويناپمۇ تويغانسەن، ئىشنى مۇشۇنچىلىك ۋاقتىدا يىغىشتۇرۇۋالساڭ بولارمىكىن. ئەتە - ئۆگۈن ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كەتسە، ئاسماندىن يەرگە قانداق چۈشكىنىڭنى بىلمەي قالىسەن. ئۇ چاغدا ھەرقانچە پۇشايمان قىلساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، ماۋۇ ئايۋان سارايلار خەقنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، سېنىڭ تالادا قالغىنىڭ قالغان بولىدۇ، — دېدى.

ئالتۇنگۈل كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ ئانىسىغا قاتتىق تەگدى:

— تالادا قالساممۇ، بىر جېنىمنى ئېلىپ چىقىپ كېتەرمەن، ھەرقانچە بولسىمۇ ساڭا ئېغىرىمنى سالماسمەن، شۇنچە يىلدىن بېرى مېنىمۇ ئويلاپ باقتىڭمۇ، مۇشۇ قىزىم ئەرگە تېگىپ بەختىنى تاپالىغاندىمۇ، دەپ باقتىڭمۇ ئانا؟! مەن سېنى دەپ، بىر تۇغقانلىرىمنى دەپ ياش ئۆمرۈمنى خازان قىلدىم، بۇ دۇنيانىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمەي ئۆتتۇم. كوچىدا بىللە كېتىپ بارغان ئەر - خوتۇننى كۆرسەم «مۇشۇلار مۇھەببەتلىشىپ، بىر - بىرى بىلەن خالىشىپ توي قىلغاندۇ - ھە؟» دەپ ئارقىسىدىن قاراپ كېتىمەن. بۇ ئايۋان سارايلار كۆزۈمگە زىندان كۆرۈنىدۇ، ماۋۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر قېنىمنى شوراۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. شۇ سەنلا تويمايسەن مۇشۇنداق نېمىلەرگە، ئالە، ھەممىسىنى ساڭا بەردىم، ئايۋان سارايىنىمۇ، نەمەتنىمۇ ساڭا بەردىم ! — ئالتۇنگۈل ۋارقىراپ يىغلىغىنىچە

قولىقى بىلەن قولىدىكى زىرە، بىلەزۈك، ئۈزۈكلەرنى يەرگە ئاتتى.

بۇخېلىچىخانىنىڭ يۇزلىرى غەلىتە تارتىشىپ، ئۇپا سۈرتۈۋالغان چىرايى بىردىنلا تىلىم ـ تىلىم قورۇقلار بىلەن تولۇپ كەتكەندەك، بەدىنى لاغىلداپ تىترەپ بىر پەستىلا قىرىپ مۈكچىيىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. دەلدەڭشىپ، مۈدۈرۈپ يۈرۈپ يەردە چېچىلىپ ياتقان نەرسىلەرنى تەردى. تىترەك ئاۋازدا يىغلامسىراپ:

ـــ جېنىم قىزىم، ئالتۇنۇم، مەن سېنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەس، مەنمۇ سېنىڭ دەردىڭنى بىلمەيدىغان يەردىمۇ ئەمەس. مەنمۇ ھەرقايسىڭلىنى دەپ ئەرسىز، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتسىز ئۆتكەن. مېنىڭمۇ ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ. لېكىن سەن تېخى ياش، ئىشق ـ مۇھەببەت دېگەننىڭ ئىس ـ تۈتەكتەك بىردەمدىلا غايىب بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى، چىرايىغا قاراپ ئولتۇرغانغا قورساق تويمايدىغانلىقىنى بىلمەيسەن. بۇ دۇنيادا خارلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئادەمگە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن. سەمىتاخۇننىڭ چىرايى، ھەيبارلىقى بولغىنى بىلەن، خوتۇنىنى تۆت بالا بىلەن تاشلاپ كەتكەنلىكىنى، بالىلىرىغا پۇل بەرمەي بارغانلا يېرىدە ئاشنا ئويناپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن. ئۇ سەمەتنىڭ ئايدا ئالىدىغان 40 كوي پۇلىدىن باشقا ھېچ نېمىسى يوق، ھۆكۈمەت بەرگەن بىر ئېغىزلىق كونا ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىگە قارىغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆيىگە چاشقان كىرسىمۇ يامانلاپ چىقىدۇ. سەن مۇشۇ ئۆيۈڭنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەتسەڭ ئىتتىنىڭ كۈنىنى كۆرىسەن، قويۇپ بەرگەن خوتۇنى تۆت بالىسىنى ساڭا تاشلاپ بېرىدۇ، شۇ ئىشلارنىمۇ كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ قوي قىزىم!

— ئانا، سەن بىلمەيسەن، مېنىڭ مۇشۇ ئۆيدە بىر كۈنمۇ تۇرغۇم يوق، نەمەتنىڭ چىرايىغا زادى قارىغۇم يوق... — ئالتۇنگۈل يىغلاشقا باشلىدى.

مۇشۇ گەپلەر بولۇپ بىرەر ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەي، ئالتۇنگۈل سەمەت كىنوچىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ بېرىۋالدى. بازار تەرەپكە بارغانلار ئالتۇنگۈلنىڭ سەمەتنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى ئاقارتىپ، دېرىزىسىگە قىزىل تاۋار پەردە تارتىپ، سۇپىغا يېڭى شىرداق ـ كىگىز سېلىپ چوغدەك ياساپ ئولتۇرغانلىقىنى، سەمەت ئاخۇن كىنو قويغىلى نەگە بارسا، ئۇنى بىللە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرۈشتى. نەمەت ئۇنىڭ خېتىنى بېرىپ، تۇنىساخاننى نىكاھ قىلدۇرۇپلا ئۆيىگە ئەكىلىۋالدى.

ئۇلار ئۇستىدىكى گەپ ـ سۆزلەرمۇ بارا ـ بارا بېسىقىغا چۈشتى. كىشىلەر بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇشقا باشلىغاندا، ئالتۇنگۈل ئۇشتۇمتۇت مەھەللىدە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ قارىداپ، ئورۇقلاپ قالغانىدى. ئۆڭۈپ كەتكەن چىت كۆڭلەك، كونا توپىيەي كىيىۋالغان، قولاق، قولۇلىرىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن يەنە ياسىنىپ، پەرداز قىلىپ يۈرىدىغان بولدى. يۈرت كۆرۈپ، ئىش ئۆگىنىپ كەلگەچكىمىكىن، يۈرۈش ـ تۇرۇش، خۇلق ـ مىجەزى تېخىمۇ باشقىچە بولۇپ كەتكەنىدى.

بىر كۈنى، نەمەت ئېتىزلىقتىن كېلىۋاتقان ئالتۇنگۈلنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالدى. ئالتۇنگۈل قىزىل ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ، بويىنىغا يوغان، سېرىق كەھرىۋا مارجان ئېسىۋالغانىدى. ئۆمرىدە بالا تۇغمىغان بۇ ئايال 30 ياشلارغا ئۇلاشقىنىغا قارىماي قىز بالىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ تال چىۋىقتەك تولغىنىپ، ناز ـ خۇلقى بىلەن نەمەتكە قاراپ تەبەسسۇم قىلدى. نەمەت ھودۇقۇپ،

تەمتىرەپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇنگۈل ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيدىغان بولدى. يەرنىڭ تېگىدىكى يىلاننىڭ قىمىرلىشىنى سېزىدىغان بۇخىلىچىخان يەنە نەمەتكە يېقىنچىلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي نەمەت تۇنىساخاننى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئالتۇنگۈلنى قايتا نىكاھىغا ئالدى.

# يىگىرمىنچى باب

ئاچارچىلىق ئاخىرلاشقاندەك قىلاتتى، ئەمما ئۇنىڭ ۋەھىمىسى، كىشىلەر قەلبىدە قالدۇرغان جاراھەتلىرى ئاسان يوقالمايتتى. كىشىلەر بىر ۋاق تويۇپ غىزالانغىنىغا شۈكۈر قىلىپ، ئاللادىن تىنچ ـ ئامانلىق ۋە توقچىلىق ئاتا قىلىشنى تىلەشەتتى. زەينەپ بىلەن چوڭ ئوغلى جۇۋازغا قېتىلغان كالىدەك تاڭ سەھەردىن قاراڭغۇ چۈشكۈچە خۇدىنى بىلمەي چۆرگىلەيتتى. ئۇلارنىڭ «ئۇھ» دېگۈدەك، ئويلانغۇدەك، يىغلىغۇدەكمۇ ئارامى يوق ئىدى. كۆنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيماي قالاتتى. ئاشۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە باللار ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولماقتا ئىدى.

رۇستەم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزدى. ئۇ تەتىلگە قويۇپ بېرىلىدىغان كۈنلەرنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنىدى، ئەمما مەكتەپتە تۇيۇقسىز جىددىيچىلىك بولۇپ كەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن يىغىنلار ئېچىلىپ، داقا ـ دۇمباق، شوئار سادالىرى ياڭراشقا باشلىدى. دېھقانلار بىلەن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار قاتناشقان بىر چوڭ يىغىندا مەكتەپنىڭ بىرمۇنچە ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلىرى تارتىپ چىقىرىلدى. ئۇلارنىڭ قاتارىدا رۇستەمگە ئۆتۈك بەرگەن ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسىمۇ بار ئىدى. ئوقۇغۇچى باللار بىلەن دېھقانلار مۇئەللىملەرنى ئالدىغا سېلىپ يۇرۇپ، كۈرەش، سازايى قىلىشتى. ئايال مۇئەللىملەرنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى كەستى. ئۇزاق ئۆتمەي، دادۇي ئالدىغا «فېئودالىزمنىڭ قالدۇقى، خەلقنى ئالداپ قېنىنى شورىغان

مەككار باخشىنىڭ ئەۋلادى، خىيانەتچى نەمەت تازنى يوقىتايلى !»
دېگەن چوڭ خەتلىك گېزىت، شوئارلار چاپلىنىپ، نەمەت
هوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاندى. توغراقلىقنى بىلىكىگە قىزىل
پەتتە تاقىۋالغان كىچىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن «ئىسيانچى»
دېھقانلار سوراشقا باشلىدى. بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن، قايناق
«ئىنقىلاب»، ساۋاقداشلىرى بىلەن تەڭ هاياجانلىنىپ،
قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شوئار توۋلاشلار، سەپكە تىزىلىپ،
هەربىيدەك قەدەم تاشلاپ مېڭىشلار گۆدەك رۇستەمنى
روهلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ بېشىنى تولا ئاغرىتىپ
يۈرۈپ، يۇمىلاق بازاردىكى تىككۈچىگە هەربىيچە سېرىق چاپان
بىلەن شەپكە تىكتۈردى. بۇلتۇر يازلىق تەتىلدە مەكتەپتە خىش
قۇيۇپ تاپقان پۇلدىن قالغان بەش كويغا ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتى
چۈشۈرۈلگەن خاتىرە ئىزناكتىن 15 نى سېتىۋېلىپ، هەممىسىنى
شەپكىسىنىڭ ئالدىغا قاتار تاقىۋالدى. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ
ئىزناكلىرىغا هەۋەس قىلىپ، بەس ـ بەستە سىلاپ كېتىشەتتى.
شۇنداق خۇشال كۆنلەردە، ئۇ ئۆزىنىڭ «پومېشچىكنىڭ نەۋرىسى»
دېگەن سەۋەب بىلەن، «قىزىل قوغدىغۇچى ئەسكەر» بولۇپ
بىلىكىگە پەتتە تاقاش پۇرسىتىدىن مەهرۇم قالدىغانلىقىنى
زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئائىلە تەركىبىنى
تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان دەپ يازاتتى، مەكتەپتىكى مۇئەللىملەرمۇ
ئۇنى «پومېشچىكنىڭ نەۋرىسى» دەپ باقمىغانىدى. رۇستەم بۇ
ئىشتىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە روهسىزلىنىپ، خۇيلىنىپ
يۈردى. ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدەك يېقىنچىلىق
قىلمايدىغان، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىدىغان بولۇپ قالدى.
رۇستەم ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بۇ داغدۇغىلىق ئىشلارنىڭ
سىرتىدا تۇرۇشقىلا لايىق ئىكەنلىكىگە بارا ـ بارا تەن بەردى.
ئۇنىڭ دىققىتىنى ناهايىتى تېزلا باشقا ئىشلار جەلپ قىلىۋالدى.
ئۇ دېھقانلارنىڭمۇ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ يېڭى

شەكىلدىكى ئىمزاناكلارنى پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي سېتىۋالىدىغانلىقىنى، قىز ـ چوكانلار ئۇنى زىننەت بۇيۇمى قاتارىدا مەيدىسىگە تاقاشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ ھارۋىكەشنىڭ ئوغلى بىلەن ئاغىنە ئىدى. ئىككىسى ئىككى كويدىن پۇل چىقىرىپ بازاردىن يېڭى چىققان، ۋاللىداپ تۇرىدىغان ئىمزاناكلارنى ئەكەلدۈردى. بۇ ئىمزاناكلارنى توغراقلىقنى سوراۋاتقان، «ئىسيانچى» كاتتىباشلار باھا تالاشمايلا سېتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىمگە ئىمزاناك لازىم بولسا رۇستەمنى ئىزدەيدىغان بولدى. رۇستەممۇ ئىمزاناك سودىسىغا تايىنىپ بىر مەزگىل ھەممىگە تونۇلغان ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ تاپقان پۇللىرىنىڭ ئازراقىنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ، كۆپ قىسمىنى ئانىسىغا تاپشۇراتتى، زەينەپ ئوغلى ئاسانلا تېپىۋاتقان بۇ پۇللارنىڭ بىرەر چاتىقى چىقىپ قالارمۇ، دەپ ئەنسىرەيتتى. «قورقما ئانا، مەن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇلۇغ داھىيمىزنىڭ خاتىرە ئىمزىنىكىنى سېتىۋاتىمەن. دېھقانلار رازى بولۇپ ئېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ھېچقانداق ئادەم بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ» دەيتتى رۇستەم. ئىمزاناك قىزغىنلىقى ئۇزاققا بارمىدى. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئىمزاناك كۆپەيگەنچە، كىشىلەر ئەمدى ئۇنى ئېلىۋەرمەيدىغان بولدى. شۇ كۈنلەردە توغراقلىقتا ھەربىيچە كىيىنىپ، بېلىگە كەمەر باغلاپ يۈرىدىغان، بېشىغا چاچ قويۇۋالغان بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ يول بويلىرى، ئېتىز باشلىرىدىكى «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندى» يېزىپ قويۇلىدىغان تام ۋە دوسكىلارغا ئۇلۇغ داھىينىڭ باش سۈرىتىنى بېسىپ چۈشۈرەتتى. بىر پارچە سۈرەت ئۈچۈن ئۈچ كوي ئالاتتى. رۇستەم بىر مەزگىل ئۇ كىشىگە شاگىرت بولۇپ يۈردى. ئۇلار توغراقلىقنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق، يول بويلىرىغا قەدەمدە بىر دېگۈدەك ياسالغان ئۈزۈندە تاملىرىغا داھىينىڭ سۈرىتىنى بېسىپ بولغاندا، ئۇ ئادەم يەنە باشقا يۇرتلارغا يۈرۈپ كەتتى. زەينەپ

رۇستەمنى ئۇ ئادەم بىلەن بىللە يولغا سېلىپ قويۇشقا چىدىمىدى. 14 ياشقا كىرىپ بوي تارتىپ، چوڭجە خورازدەك غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان رۇستەم ئانىسىنىڭ ئۆزىنى «تېخى كىچىك» دەپ قانىتى ئاستىدىن چىقارمىغىنىغا نارازى بولۇپ، ئېتىزغا چىققىلى ئۇنىماي ئۆكىلىرى بىلەن دۈگىمۇدۈك چېپىپ يۈردى.

بىركۈنى، رۇستەم ئۆكىلىرى بىلەن قوغلىشىپ ئويناپ يۈرۈپ، ئىلگىرىكى داۋۇي ئىسكىلاتىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ قالدى. ئىسكىلات زالدەك يوغان، ئېگىز ئۆي بولۇپ، ئارقا تېمىدىكى دېرىزىلىرى كېسەك بىلەن توسۇۋېتىلگەنىدى. ئىسيانچىلارنىڭ ئىشى بولسا كېرەك، بىر دېرىزىنىڭ كېسەك توسىقى بۇزۇۋېتىلىپتۇ، پەقەتلا ئىچىدىن سارغىيىپ كەتكەن كونا گېزىت، بىرىزېنت، تاغار پارچىسى بىلەن چالا ـ بۇلا توسۇپ قويۇلۇپتۇ. بالىلار ئەجەبلىنىپ تاغار پارچىسىنى قايرىپ ئىسكىلات ئىچىگە قاراپ باقتى، ئۇنىڭ ئىچىدە كېرەكسىز ياغاچ، ئەبجەق ئىشكاپ، ئورۇندۇقتىن باشقا نەرسە يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئېھتىيات بىلەن ئىسكىلاتقا سەكرەپ چۈشۈشتى.

بۇ چاڭ ـ توزان بىلەن ئۆمۈچۈك تورى قاپلىغان، ئەسكى ـ تۈسكىلەر بىلەن تولغان دۇنيا ئىدى. ئېگىزدىكى كىچىك يۇملاق دېرىزىلەردىن چۈشۈپ تۇرغان، سامان يولىدەك ئاقۇچ توزانلار بىلەن تولغان كونۇسسىمان يورۇقلۇق بۇ دۇنيانى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاغزى يېپىلماس بولۇپ قالغان يوغان ئىشكاپتىن ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە خەلق ئەسكەرلىرى تۇتقان ياغاچ نەيزە، ياغاچ مىلتىقلار، پومېشچىك، ئوڭچى، بۇزۇق ئۇنسۇرلارغا كىيدۈرۈلگەن قەغەز قالپاقلار، بوينىغا ئېسىلغان تاختايلار، يىرتىلىپ كەتكەن رەڭلىك، ئۈچ بۇرجەك بايراقلار، ۋاراقلىرى سارغىيىپ، تىتىلىپ كەتكەن كونا ھېساب دەپتەرلىرى قاتارلىق نەرسىلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يەردە ئۆتكەمە ـ غەلۋىر، كوممۇنا

ئاشخانىسىدىن قالغان يوغان ياغاچ قاسقان، يوغان تەڭنە، چېقىلغان، پۇچۇلغان ھىجىر ـ تاۋاقلار، پولات تاۋلاشتا ئىشلەتكەن چويۇن شالا، لوم تۆمۇر دېگەندەك نەرسىلەر چېچىلىپ ياتاتتى. تامدىكى ياغاچ قوزۇققا چۈۋۈلۈپ كەتكەن ئاجايىپ يوغان بىر چىغ چويلا ئېسىپ قويۇلغانىدى. يەنە بىر تامدا ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە يوغان بىر باش قوناقنى كۆتۈرۈۋالغان دېھقاننىڭ رەسمى چاپلانغان بولۇپ، بىر ئۇچى يىرتىلىپ ساڭگىلاپ قالغانىدى. روزى ئاخۇن بىلەن ئەخمەت بىر شىرەنىڭ تارتمىسىدىن يېپيېڭى تىترەت دەپتەرلەر بىلەن بىر باغلام قېرىنداش تېپىۋېلىپ خۇشال بولۇپ كېتىشتى. خېلى ئوخشىتىپ ياسالغان ياغاچ تاپانچىلارنى تېپىۋېلىپ ھېلى يانلىرىغا قىستۇرۇپ، ھېلى بىر ـ بىرىگە تەڭلەپ ئويناشتى. روزى ئاخۇننى ياغاچتىن ياسالغان بىر قۇش جەلپ قىلىۋالدى. قۇشنىڭ دۈمبىسىدە، قۇش ئۇۋىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئورۇندا دوپپا كىيىۋالغان بىر بالا ئولتۇراتتى. بۇ بالا روزى ئاخۇننىڭ خىيالىنى قاناتلاندۇراتتى. ئۇ دائىم قۇشقا قاراپ ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ ئۇنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئويناپتتى، ئاخشىمى تەكيىنىڭ يېنىغا قويۇپ ياتاتتى.

رۇستەم ئۇكىلىرىنىڭ خۇشاللىق بىلەن ئۇنى ـ بۇنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ ئاختۇرۇشلىرىغا قاراپ بىر كونا ئېگەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. ئۇدۇلدىكى ئېگىز ئىشكاپنىڭ ئۈستىدە بىر چىپتا تاشلاقلىق تۇراتتى. قارىماققا ئۇنىڭ ئىچىدە بىر نەرسە باردەك قىلاتتى. رۇستەم لىڭشىپ تۇرىدىغان ئىشكاپقا ئېسىلىپ يۇرۇپ چىپتىنى تارتىپ چۈشۈردى. چىپتىنىڭ ئىچىدىن يوغان بىر جۇپ ئۆتۈك تورۇكلاپ يەرگە چۈشتى. ۋاھ، ئۇ يېپيېڭى بىر جۇپ خۇرۇم ئۆتۈك ئىدى! رۇستەم ئۇنى قولىغا ئېلىپ خۇشاللىقتىن يۈرىكى دۈپۈلدىگەن ھالدا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. رۇستەم كىچىك ۋاقتىدا دادىسىنىڭ ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ، قوي يېغى

ھەم قارا گۈل بىلەن ياغلايدىغان كۆن ئۆتۈكنىگە ھەۋەس قىلاتتى. ئۇنىڭغا بۇ ئۆتۈك ناھايىتى زور، كۆركەمدەك، دادىسى ئۇنى كىيسە بىردىنلا ئاجايىپ قاۋۇل، كۈچلۈك بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك بىلىنەتتى. بۇ ئۆتۈك دادىسىنىڭ ئۆتۈكىدىن يېڭى ئىدى ھەم پارقىراپ تۇراتتى. ئۆمرىدە قىشتا پۇتى ئىسسىغۇدەك ئاياغ كىيىپ باقمىغان رۇستەمگە خۇدانىڭ رەھمى كەلگەندەك، ئۇنى مۇشۇ يەرگە رۇستەم ئۇچۇنلا قويۇپ قويغاندەك قىلاتتى. رۇستەم ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ، ئانىسىغا كۆرسەتمەي ساقلاپ يۈردى. قىش كەلگەندە گەپ قىلماي كىيىپلىۋالدى. زەينەپ بۇ ئوغلىدىن سەل خاتىرجەم بولالمىسىمۇ، ئۇنىڭ يېڭى، ئىسسىق ئۆتۈككە ئېرىشكەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. رۇستەم ئۆتۈكنى كىيىپ چوڭ ئادەمگە ئوخشاپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە قىشتا ئۇ سىرتتا سۇ قۇرۇلۇشىدا ئىشلىدى. ئاشۇ قاتتىق سوغۇق، جاپالىق ئەمگەكلەردە بۇ ئۆتۈك ئۇنىڭغا ئاجايىپ ئەسقاتتى.

قۇربان ھېيت كەچ كۈزدە كەلدى. دادۇي ئالدىغا 15 كۈن بۇرۇنلا دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش چاپلانغان بولسىمۇ، دېھقانلار ئەتىگەن - ئاخشىمى يوشۇرۇن تەييارلىققا كىرىشىپ كەتكەنىدى، قول - ئىلكىدە بارلار قوي سويۇپ، گۆشىنى بىرەر - ئىككى ئاي ساقلاپ يېيەلەيدىغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. قوي سويالمايدىغانلار بىرەر - يېرىم جىڭ گۆش ئېلىپ يېيىشنىڭ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇراتقۇدەك زىغىر - زاغۇن يېغىنىڭ غېمىنى قىلىشاتتى. ئۇششاق بالىلىق كىشىلەر ئاخشىمى پىچىرلىشىپ، ئۆزلىرى يېڭى كىيىم كىيەلمىسىمۇ، بالىلىرىنىڭ بىرەردىن كەم - كوتىسىنى تولۇقلاپ بېرىشنىڭ كويىدا بولۇشاتتى.

دادۇي ئامبىرى ئالدىدا تاغار، خالتا كۆتۈرگەن بىرمۇنچە

كىشىلەر ھەر كۈنى بوغالتىر بىلەن ئامبارچىنى ساقلايتتى. بۇنداق كۈنلەردە بوغالتىر بىلەن ئامبارچى نېمىشقىدۇر ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. ئامبارچىنىڭ يېشى كىچىك، چىرايلىق ئايالى قىرقى توشمىغان بالىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىزدەپ كەلگەنلەرگە: «ھۇسىيناخۇن ئەتىگەن نەمىتاخۇن شۇجىنىڭ يېنىغا كەتكەن» دەيتتى. بوغالتىرنىڭ ئەتراپى ئازغان - تىكەنلەر بىلەن قاشالانغان باغلىق ھويلىسىدىن يوغان بۆرە ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خالتا كۆتۈرگەن كىشىلەر ئىشىككە يېقىن بارالماي، باغنىڭ قاشاسىدىن: «ھاي جاپپىراخۇن، بىزگە تالون كېسىپ بەرگەن بولسىلا، ھېيتتا بالىلار بىلەن يەيدىغان ئېشىمىز قالمىدى!» دەپ ۋارقىرايتتى. بوغالتىرنىڭ قېرى ئانىسى ئۆيىنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «جاپپىراخۇن تۇنۇگۇن گۇڭشېغا مەجلىسكە كەتكەن» دەيتتى. «قاچان كېلەر؟» دەپ سورىغانلارغا «ھەپتە تۇرۇپ قالارمەن دېگەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى. خالتا كۆتۈرگەنلەردىن بىرى ئىشەنمەي: «تۇۋا، غوجامنىڭ قورسىقى توق، كەمبەغەل بىلەن ئىشى يوق» دەپ ما خەقنىڭ قاراپ تۇرۇپ يالغان گەپ قىلىۋاتقىنىنى. مەن جاپپىراخۇننى ئەتىگەن كۆرگەن تۇرسام، قوزىلىق قويىنى ئەگەشتۈرۈپ بوز يەر تەرەپتىن كېلىۋېتىپتىكەن» دەيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى داۋۇت ئاخۇن ئىسىملىك بالىلاردەك جۇغى كىچىك، چاچ - ساقاللىرى سېرىق، كۆك كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان ئادەم، قورۇلۇپ كەتكەن چىرايىنى تېخىمۇ پۈرۈشتۈرۈپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ، ئامبارچى بىلەن بوغالتىرنى تىللاشقا باشلايتتى. كىشىلەر ئۇنى «داۋۇت كاناي» دەيتتى. ئۇ زادى ئاستا گەپ قىلمايتتى. گەپ قىلسا ئاۋازى يۇمىلاق بازاردىن ساي مەھەللىسىگىچە ئاڭلىناتتى. ھەر كۈنى سەھەردە نەمەت شۇجى كاناي بىلەن «ئەڭ ئالىي يوليورۇق» نى يەتكۈزۈپ بولۇپ، بۈگۈن قىلىدىغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ

بولا ـ بولماي، بىر تەرەپتىن داۋۇت كانايىنىڭ ئاۋازى چۇۋۇلۇپ چىقىشقا باشلايتتى:

— ئەڭ ئالىي يولىيورۇق، ئىچىدە ئاش بولمىسا، تاغار ئۆرە تۇرغان يوق. توغراقلىق دېگەن يۇرتتا، دېھقانغا يەيدىغان ئاش يوق، قەرزگە ئالاي دېسەڭ، ئامبارچى بىلەن كويجى يوق. قۇرۇق گەپنى تولا قىلما، نەمەت دېگەن گېلى پوق...

داۋۇتنىڭ قوشاقلىرى ئاخىر بېرىپ تىل ـ ھاقارەتكە ئايلىناتتى. ئۇ تاڭ قاراڭغۇسىدا ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇۋېلىپ بىرەر سائەت توختىماي ئۇنى ـ بۇنى تىللايتتى. ئاخشىمى سىياسىي ئۆگىنىشتىن كەچ چۈشۈپ ئۇيقۇسىغا قانمىغان، ھاردۇقى چىقمىغان ئادەملەر داۋۇتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا يوتقانلىرىدا يېتىپ كۈلۈشەتتى. ئۆزلىرى قىلالمايدىغان گەپنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ پۇخادىن چىققاندەك خۇشال بولۇشاتتى، بەزىدە ئۇنىڭ تۈگىمەس غەلۋە ـ غوۋغالىرىدىن بىزار بولۇشسىمۇ، بىرەر كۈن ئاڭلانماي قالسا، بىرەر ئىشى كەم قالغاندەك بولۇپ قېلىشاتتى. دادۈي كادىرلىرى ئۇنى سولاپ قويۇپ، ئۇرۇپ قورقۇتۇپمۇ باققاندى، ئەمما گەپكە كىرگۈزەلمەي ياكى ئۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي يەنە قويۇپ بېرەتتى. ھەر قېتىم دادۈيدە يېتىپ چىقسا داۋۇتنىڭ قوشاقلىرى بىر يېڭىلىناتتى.

ئەزالار ئەتىگەندە ئىشقا چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئېتىز بېشىغا يىغىلىپ، «ئۆزۈندى تاختىسى»دىكى داھىينىڭ رەسىمىگە قاراپ، «قەدىردان ماۋجۇشى، قەلبىمىزدىكى قىزىل قۇياش» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى، ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا قاتناشماسلىقىغا ياكى ئۇسسۇلنى قولىنىڭ ئۇچىدا ئويناپ قويۇشىغا يول قويۇلمايتتى. ناخشىنى ئايشەمگۈل دېگەن يۇمىلاق چوكان ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ ئېيتاتتى. ئۇسسۇل ھەرىكىتى يۇقىرىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن بولۇپ، قەدەمنى چوڭ ـ چوڭ ئېلىپ، ئالدى ـ كەينىگە بۇرۇلۇپ، چۆرگىلەپ ئوينايدىغان

يەرلىرى بار ئىدى. بولۇپمۇ ناخشىنىڭ ئاخىرىدىكى «سىزگە چەكسىز ـ چەكسىز ئۆزۈن ئۆمۈر تىلەيمىز» دېگەن يەرلىرىگە كەلگەندە، بويى پاكار داۋۇت ئېگىز بويلۇقلارنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمەي، ئۇياقتىن بۇياققا قالايمىقان يۈگۈرۈپ، ئۇسسۇلچىلارغا پۇتلىشىپ سەپنى قالايمىقان قىلىۋېتەتتى. شۇڭا، كېيىنچە ئەترەت باشلىقلىرى ئۇنى بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇسسۇل كۆرۈشكە ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

داۋۇتنىڭ جۈغى كىچىك بولغانلىقتىن، كۆپىنچە ئايال‌لار بىلەن بىللە ئىشلەيتتى. شوخراق ئايال‌لار زېرىكىپ قالغان چاغلىرىدا: «داۋۇت ئاكا، ئۆزۈڭ بىر غېرىچ تۇرۇپ، نېمانچە يوغان خوتۇن ئېلىۋالغانىدىڭ؟» دەپ ياكى «داۋۇت ئاكا، بالىلىرىڭ نېمانچە كۆپ، شۇنچە بالىنىڭ ھەممىسى سېنىڭمۇ؟» دەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاشقا باشلايتتى. داۋۇت كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ، ئادەم ھەيران قالغۇدەك قىزىق، ئەپسانە گەپلەرنى قىلىپ ئايال‌لارنى كۈلدۈرەتتى. ئايال‌لار تولا كۈلۈپ، چىدىيالماي، قورساقلىرىنى تۇتقىنىچە: «ئوبدان ئاكا، بولدى قىل، قورسىقىمىز ئاغرىپ ئۆلەي دېدۇق» دەپ يالۋۇرغانچە ئۇ تېخىمۇ ئەزۋەيلەيتتى.

داۋۇت تولا رۇخسەت سورايتتى. ئەترەت باشلىقلىرى رۇخسەت بەرمىسە، ئۆزۈندى تاختىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە بېسىپ تۇرۇپ: «قەدىرلىك ماۋجۇشى ئاتا، مېنىڭ ئىككى قويۇم يىتىپ كەتكەن، گۇيىنىڭ بالىلىرى ئويۇن بىلەن بولۇپ قوينىڭ نەگە ماڭغانلىقىنى بىلمەي قاپتۇ. بېرىپ قويۇمنى تېپىپ كېلىشىمگە رۇخسەت قىلسىڭىز» دەيتتى، ئارقىدىن يەنە ئايال‌لارغا قاراپ: «كۆردۈڭلارمۇ، ماۋجۇشى ئاتام ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ماقۇل، بېرىپ تېپىپ كەلسەڭ تېپىپ كەل دېگىنى ئەمەسمۇ» دەپ قويۇپ، قويىنى ئىزدىگىلى كېتەتتى. ئەتىسى ئەترەت باشلىقى: «داۋۇت، تۈنۈگۈن نەگە يوقالدىڭ؟

كىمدىن رۇخسەت ئالدىڭ؟» دەپ سورىاقا تارتسا، «سەن چوڭمۇ، ماۋجۇشى ئاتام چوڭمۇ؟ مەن ماۋجۇشى ئاتامدىن رۇخسەت ئالدىم. ئۇ ماڭا: ‹ماڭە، بېرىپ كەلسەڭ بېرىپ كەل، دېدى» دەيتتى. ئەترەت باشلىقى «ھۇ، خالا سۇپۇرگىسى گۇي، ئۇ دېگەن جانسىز رەسىم تۇرسا» دېسە، داۋۇت دەرھاللا: «خالايىق، ئاڭلىدىڭلارمۇ، ماۋۇ ئەكسىيەتچى ماۋجۇشى ئاتامنى جانسىز رەسىم دەۋاتىدۇ» دەپ ئالدىغا ئۆتۈۋالاتتى. مۇشۇ داۋۇت كانايىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە داڭلىق ئادەم بولۇپ كېتىشى ئۇ چاغلاردا ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى.

ھېيتقا ئىككى كۈن قالغاندا، نەمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئادەم بېشىغا بەش جىڭدىن بۇغداي ئۇنى، يەتتە سەردىن ياغ تارقىتىپ بېرىلدى. دېھقانلار خۇشال بولۇشۇپ نەمەتنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىشتى. بۇ نەمەت قايتا دادۇيجاڭ ھەم شۇجى بولۇپ سايلانغىنىغا ئۈزۈن بولمىغان چاغلار بولۇپ، ئىككى يىللىق پۇقرالىق تۇرمۇشى ئۇنى خېلى ئۆزگەرتكەنىدى.

زۇمرەتگۈل چوڭ بولۇپ ئۆي ئىشىغا قارىشىدىغان بولغاندىن تارتىپ زەينەپنىڭ قولى خېلى بوشاپ قالدى. زۇمرەتگۈل سەككىز يېشىدىن باشلاپلا پۇتىغا كۆتەك قويۇپ ئۆزىدىن يوغان نوغۇچتا خېمىر يايالاتتى، قازان ــ قومۇچلارنى يۇيۇپ، قازان بېشىنى ئادالايتتى، بىردەم بىكار تۇرماي ئۆي يىغىشتۇراتتى. ئەمدى ئۇ ئاش ــ تاماقنىڭ، ئۆينىڭ، مال ــ ۋارانىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك بولدى. ئۇ نان يېقىشنىمۇ ئۆگەنمەكچى بولغاندا، زەينەپ ئۇنى «سەن تېخى كىچىك» دەپ تۇستى، زەينەپكە تازا بوي تارتالمىغان، بىلەكلىرى كىچىك بالىنىڭكىدەك ئىنچىكە زۇمرەتگۈل تونۇرغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك بىلىنىپ، ئۇنى تونۇر بېشىدىن نېرى ھەيدەيتتى. زۇمرەت پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن ناننى

شۇنداق چىرايلىق ئاچاتتى. ئۇلارنىڭ ھېيتلىق نېنى تازا ئۇخشىدى. زەينەپ ئاق ناننى قومۇرۇپ بولۇپ، تونۇرنى بوشراق يەنە بىر قىزىتىپ بىر تونۇر زاغرا ياقتى. ئالدىنقى كۈنى ئۇ ئىشتىن سوراپ كېلىپ، يۇمىلاق بازاردىكى دۇكاندىن زۇمرەت بىلەن ئەخمەتكە يېڭى ئاياغ ئالدى. كىرسىن، ئۆتۈك مېيى، چاي، تېرە پۇرىقى ئارىلىشىپ كەتكەن دۇكان ئاياللار بىلەن تولغانىدى. پوكەيگە يېقىن تۇرغان بىرنەچچە ئايال چۇۋۇلدىشىپ «ئوبۇلقاسىمانكا، يېڭى كەلگەن ياغلىقتىن يەنە يوقمۇ؟ بولسا بىرەردىن سېتىپ بەرسىلە» دەپ يالۋۇرۇشاتتى. ئوبۇلقاسىم ئاخۇن ئاياللارنى خېلى يالۋۇرتۇپ بولغاندا، دۇكاننىڭ ئىچكىرىسىدىن يوغان بىر باغلام ياغلىق ئېلىپ چىقتى. قىزىل، يېشىل، سېرىق، كۆك رەڭلىك كاتەكچە يىپ ياغلىق بىر دەمدىلا قولدىن قولغا ئۆتۈپ سېتىلىپ ئاز قالدى. ياغلىقلارنىڭ بىرى ئىككى يېرىم كوي ئىدى. زەينەپنىڭ ياغلىقى خېلى كونىراپ قالغان بولسىمۇ، يېڭى ياغلىق ئالغۇسى كەلمىدى. ئۇ قولىدىكى بەش كوي پۇلنى خۇددى بىر كىم تارتىۋالىدىغاندەك مەھكەم سىقىمدىغىنىچە ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. توختى قاريي ھايات ۋاقتىدا بالىلىرىنى كۆتۈرۈپ ياكى يېتىلەپ دۇكانغا بىللە بارغانلىرىنى، توختى قارىينىڭ ھەممە ئاياللارنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ ئۆزىگە تۈپلەي ئېلىپ بەرگەنلىكىنى ئەسلەپ خورسىندى. ئەتە ھېيت، ھەممە ئادەم تۇپراق بېشىنى يوقلاپ ئۆلۈپ كەتكەن يېقىن كىشىلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمىقۇرئان قىلىدۇ، ياغ پۇرىتىدۇ. توختى قارىينىڭ ئۆز يۇرتىدا قەبرىسىمۇ يوق، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۆلۈكىنىڭ نەلەردە قالغىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. توغراقلىقتا ھېلىم ئاخۇننىڭمۇ قەبرىسى يوق. ئۇ توغراقلىقتا ھەممە ئادەم شوئار توۋلاپ، مۇئەللىملەرگە قالپاق كىيدۈرۈپ يۈرگەن كۈنلەردە يوقاپ كەتكەن ئىدى. زەينەپ بىلەن بالىلىرى ئۇنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدى. بىرەر يىل

ئۆتكەندە، تۇردى قارىي كېچىسى ئۆيگە بىرنەچچە قارىينى باشلاپ كېلىپ چوڭ دادىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇتتى، زەينەپ ئۇلارغا چۆچۈرە ئېتىپ بەردى. ئۇ نەزىر قىلىش، نىكاھ ئوقۇتۇش چەكلەنگەن يىللار ئىدى.

زەينەپ بەزىدە توختى قارىي قايتىپ كېلىپ چۈشەپ قالىدۇ. ئېرىنىڭ ئوچۇق چىراي، كۈلۈمسىرەشلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، توختى قارىي راستتىنلا پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك بىرنەچچە كۈنگىچە خۇشال بولۇپ، ئۈمىدلىنىپ يۈرىدۇ. كۈنلەر ئۆتكەنچە يىگىنە ئۇچىدەك ئاشۇ ئۈمىدىدىن ۋاز كەچكۈسى كەلمەي قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە كۆمۈپ، ئۆلۈپ قالغان بولسا ئۇ ئالەمگە بارغاندا كۆرۈشەرمىز، ھاياتلا بولسا چۆرگىلەپ ـ چۆرگىلەپ بىر كۈنلىرى كېلىپ قالار، دەپ ئويلايدۇ.

ھېيت كۈنى ئەتىگىنى دېھقانلار ھەر كۈندىكىدەك تاڭ قاراڭغۇسىدا مۇدۇرۇپ ـ چوقۇرۇپ قوناق ئۈزگىلى چىقتى. تاڭ سۈزۈلگىچە خېلى يەرنىڭ قونىقىنى ئۈزۈپ بولغانىدى. سەھەرنىڭ خىرە ـ شىرە يورۇقىدا ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئۇستىبېشىغا قاراپ، كىملەرنىڭدۇر يېڭى دوپپا كىيىۋالغانلىقى ياكى يېڭى ياغلىق ئارتقانلىقىنى، يەنە بىر كىملەرنىڭ پۇتىغا يېڭى ئاياغ كىيىۋالغىنىنى كۆرۈپ بىر ـ بىرىنىڭ ئايىمىنى مۇبارەكلەشتى. يېڭى كىيىم كىيگەنلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. كۆپ قىسىم ئاياللار ئوسما قويۇپ، چاچلىرىنى يېلىم بىلەن چىڭ تارتىپ ئۆرۈپ، يېڭىراق كۆڭلەك، چاپانلىرىنى كىيىۋېلىشقانىدى. چوڭ ياشلىق بىرنەچچە ئايال قۇربان ھېيتتا ئۇچىسىغا بىرەر قېتىم يېپ بولسىمۇ ئارتىۋالمىسا يامان بولارمىش، دېگەن ئىرىم بويىچە، يىڭنىسىگە ئۇزۇن يىپ ئۆتكۈزۈپ ياقىلىرىغا سانجىۋېلىشقانىدى. ئاياللار داۋۇت كانايىنىڭ بوگۈن باشقىچە شوكلەپ، شۇمشىيىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئېيتىشىپ باققان بولسىمۇ، ئاغزىنى ئاچۇرالمىدى. دېھقانلار

كەچ كۈزنىڭ سوغۇقىدا دۈگدىيىپ كۈن قايرىلغۇچە ئىشلىدى.

چۈشتىن كېيىن ئەترەت باشلىقى كېلىپ:

— ئەمىسە، باشقا ئەترەتتىكىلەرگە داۋراڭ قىلماي، بىردىن – ئىككىدىن ئۆيۈڭلارغا كېتىڭلار، ئەتە ئەتىگەنرەك كېلەرسىلەر، — دەپ قويۇۋەتكەندىلا بىردىنلا جانلىنىپ، پەس ئاۋازدا سۆزلىشىپ تارقاشتى. ئاياللار ئەتىگەن ئالغاچ كەلگەن تاغارلىرىنى قولتۇقلاپ، ئېتىز قىرلىرىدىن ئوت ئېلىشقا باشلىدى. زەينەپ سەل چەترەك، ئوت – چۆپى قويۇق يەرگە بېرىپ چۆكتى. ئوت يۇلۇپ ئولتۇرۇپ كىچىك ۋاقىتلىرىدىكى بىر ھېيتنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ چاغلاردا دادىسى خېلى ياش، تېتىك ئىدى. ئوغۇللىرى بىلەن خىزمەتكارلىرى ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇشاتتى. ئەتىگىنى ھەممەيلەن تۇپراق بېشىغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، چوڭلار قوي سويۇش بىلەن بولاتتى، ۋىلاخۇنباي ئۆزىگە، ئىككى ئوغلىغا، خىزمەتكار، يېتىم – يېسىرلارغا دەپ بىرلا ۋاقىتتا 6 – 5 قويىنى قۇربانلىق قىلاتتى. بىر قوينى قوش مۈشتەك چوڭلۇقتا پارچىلىتىپ، قولى قىسقا قولۇم – قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە چىقىراتتى. ھويلىدىكى يوغان قازاندا كەچكىچە گۆش قايناپ تۇراتتى. يۇرتتىكىلەر يېقىن – يىراق دېمەي ھەممىسى دېگۈدەك پەتىلەپ كېلىپ قۇربانلىققا ئېغىز تېگەتتى. ئاچچىقى يامان، تېرىككەك دادىسى بۇ كۈنى باشقىچىلا ئېچىلىپ خۇشخۇيلىشىپ كېتەتتى. ئانىسى شايى كۆڭلەك ئۈستىگە يېڭى تىكتۇرگەن شاڭخادەن چاپاننى، ئاق رومالنىڭ ئۈستىگە سۆسەر تۇماقنى كىيىپ، زىۋىدىخان ئاتلىق خىزمەتكار خوتۇننى كەينىگە سېلىپ، ئامبار بىلەن مېھمانخانا ئوتتۇرىسىدا ئالدىراپ يۈرەتتى. زەينەپ يېڭى كىيىملىرىنى كىيگىلى ئۇنىماي، بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالاتتى، زىۋىدىخان يېڭى بىر بوغجىمىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا يېشىپ:

— خېنىم قىزىم، مانى كىيەملا، بۇنىمۇ؟ — دەپ قىزىل،

سىرىق تاۋار كۆڭلەكلەرنى بىر ـ بىرلەپ يېيىپ كۆرسىتەتتى، ئۇ دومسىيىپ توختىماي بېشىنى چايقايتتى. ھەر ھېيتتا ئۇنىڭ شۇنداق خۇيى تۇتۇپ قالاتتى، يېتىمسىرەپ قالغاندەك، ئۆزى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايۋاتقاندەك بىلىنىپ يىغلىغۇسى كېلەتتى. ئۇنى دادىسىلا خۇش قىلالايتتى. زېۋىدىخان بىلەن ئانىسىغا:

— خېنىم قىزىمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماڭلار، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلسۇن، يېڭى كىيىم كىيگۇسى كەلمىسە كىيمىسۇن، مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار! — دەيتتى. زەينەپ سەكرەپ قوپۇپ:

— دادا، ماۋۇ قىزىل كۆڭلىكىمنى تۇنىساگۇلگە ئاچىقىپ بېرەيمۇ؟ — دېسە، دادىسى:

— شۇنداق قىل قىزىم، خۇش بولۇپ قالسۇن، — دەيتتى.

زەينەپ دەرھال ئېچىلىپ، ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئانىسىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي تۇنىساگۇلنىڭ قېشىغا چىقاتتى، تۇنىساگۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى نامرات ئىدى. لېكىن، زەينەپكە تۇنىساگۇلنىڭ ئانىسى چامغۇر توغراپ ئەتكەن ئاش بەك تاتلىق تېتىيتتى. ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە تۇنىساگۇل بىلەن قورچاق ئوينايتتى...

زەينەپ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، دادام مال ـ دۇنيانى نېمانچە يىغقان بولغىيدى، بايلىق دېگەنمۇ ياخشى نەرسە ئەمەس ئىكەن، بىر ئادەمگە ئىككى ئېغىز ئۆي، جېنىنى باققۇدەك بىر پارچە يەر بولسىلا يېتىدىكەن. بىچارە دادام ئۆمۈرۋايەت جانىنى تىكىپ باي بولغىنى بىلەن، ئاخىر بىر پارچە نانغا زار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. بايلىقنىڭ دەردىنى ئاكىلىرىم تېخىچە تارتىۋاتىدۇ. يەنە قاچانغىچە تارتىدىكىن، دەپ ئۇھ تارتاتتى.

زەينەپ كۈنگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ خالتىنى دەڭسەپ كۆردى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى. ئالغان ئوتى ئاز بولۇپ قالدى. لېكىن،

بۈگۈن بالىلىرىغا ئوبدانراق غىزا ئېتىپ بەرمىسە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يوقلىمىسا بولمايدۇ. بۈگۈن دېگەن يىلدا ئاران بىر كېلىدىغان قۇربان ھېيت.

زەينەپ تاغارنى يۈدۈپ مەھەللە تەرەپكە ماڭدى. ئۇ بەك ئورۇق ئىدى. كىيىملىرى خۇددى ئۇچىسىدا ئېسىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى، تاغارنى يۈدۈپ سەل مۈكچىيىپ مېڭىشى بىلەن ئارقىسىدىن قارىغاندا ھالىدىن كەتكەن قېرى خوتۇنلاردەك كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ تېخى ئەمدىلا 32 ـ 33 ياشلاردا ئىدى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

1969 ـ يىلى كۈزدە توغراقلىقتا «قايتا تەربىيە ئېلىش» ئۈچۈن شەھەردىن زىيالىي ياشلار كەلدى. ئۇلارنى توغراقلىقنىڭ ھارۋىكىشى گۇڭشېدىن ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار 19 ـ 18 ياشلاردىكى ئۈچ ئوغۇل بالا ئىدى. ئۇلار يوك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، خۇددى باشقا بىر دۇنيادىن كېلىپ قالغاندەك، يۇمىلاق بازاردا ئەتراپىغا ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ تۇراتتى. بازاردىكى دېھقانلارمۇ قىزىق بىر ئىشنى كۆرۈۋاتقاندەك چىرايى ئاپتاپ كۆرمىگەن، بېشىغا قىسقا چاچ قويۇۋالغان بۇ باللارغا سىنچىلاپ قارىشاتتى. شۇ ئارىدا 16 ياشلىق قاۋۇل بىر ئوغۇل بالا ئۇلارنىڭ يوك ـ تاقلىرىنى ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ، ئۇلارنى دادۇيگە باشلاپ ماڭدى. دادۇي ئىشخانىسى ئالدىدىكى كېرىم ئاخۇن دېگەن دېھقاننىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيى كارىۋات قويۇپ تەييارلاپ قويۇلغانىدى، يەرلىك ياغاچچىلار ياسىغان، سىرلانمىغان بۇ كارىۋاتلار سەل قوپال بولسىمۇ، پىششىق ئىدى. يىگىتلەر يوك ـ تاقلىرىنى كارىۋاتقا قويۇپ ئۈھ دەپ بولغۇچە نەمەت شۈجى بىلەن مۇئاۋىن دۈيجاڭ ئابدۇغېنى ئاخۇن ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. 40 ياشلاردىن ئاشقان نەمەت سەل سەمرىپ قالغانىدى. بېشىغا بادام دوپپا، ئۈچىسىغا كونىراق خادانى چاپان كىيگەن بولۇپ، ساقالسىز چىرايى پارقىراپ تۇراتتى، ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— ھە مانا، زىيالىي ياشلىرىمىز كېلىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ، قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز! — دەپ يىگىتلەر بىلەن ئىككى

قوللاپ كۆرۈشۈپ چىقتى. ئابدۇغېنى ئاخۇنمۇ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەچ:

— ئوبدان كېلىشىپلا، قارشى ئالىمىز، — دەپ قويدى. ئىككىيلەن كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. ياشلار ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئۆرە تۇردى.

— دادۇيىمىز مانا مۇشۇنداق چەت، قۇم - بورىنى تولا، شارائىتى جاپالىق يەر. يۇقىرىنىڭ سىياسىتى بويىچە ھەر قايسىڭلار بۇ يەرگە كېلىپ، دېھقانلار بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ھېلىقىدەك، بىللە ئەمگەككە قاتنىشىدىكەنسىلەر. بىز يۇقىرىنىڭ سىياسىتىنى ئەلۋەتتە قوللايمىز. سىلەرگە ئابدۇغېنى ئاخۇن ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. ئەمگەك، تۇرمۇش ئىشىڭلىغا ئۇ ئىگە. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق گەپ - سۆزۈڭلار بولسا ھېلىقىدەك، ئۇنى ئىزدىسەڭلار بولىۋېرىدۇ، — نەمەت شۇنداق دەپ ئابدۇغېنى ئاخۇنغا قاراپ قويدى. ئابدۇغېنى ئاخۇن كۆڭۈلچەكلىك بىلەن كۈلۈپ:

— سىياسەت مۇشۇنداق بولمىسا، ھەرقايسىڭلار بۇ يەرگە ئۇخلاپ چۈشۈڭلاردىمۇ كەلمەستىڭلار، ئەمدى كېلىپ قاپسىلەر، بىرەر - ئىككى كۈن ئارام ئېلىڭلار، تالا - تۈزگە چىقىپ يۇرتىمىزنى ئۇ چەتتىن بۇ چەتكىچە كۆرۈپ بېقىڭلار، ئادەملىرى بىلەن تونۇشۇۋېلىڭلار. بىز دېگەن دېھقان خەق، ھەرقايسىڭلارغا نېمە لازىم، ئازا بىلىپ كەتمەيمىز، كەم - كوتا تەرەپلەر بولسا دېسەڭلار قولىمىزدىن كېلىشىچە ھەل قىلىپ بېرىمىز، — دېدى. ئارقىدىن ئۇ، هارۋا ھەيدىگەن تايىقىنى تۇتۇپ تېخىچە ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ھارۋىكەش يىگىتنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى:

— ما يېتىمنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئەتراپتا. ئۆزى ئايىغى چاققان، كېلىشىملىك بالا، ئېتى رۇستەم. مېنى تاپالمىغاندا ئۇنى ئىزدىسەڭلارمۇ بولىدۇ. ئۆزى قىلالايدىغاننى قىلىپ بېرىدۇ ياكى ماڭا يەتكۈزىدۇ، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن.

ئۇ نەمەت دادۇيجاڭنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ رۇستەمنى ئالدىغا چاقىردى:

— ماۋۇ باللارنى ئاۋۇ تۇرداخۇن سەيپۇڭنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىڭلار، بوگۇنچە تاماقنى شۇ يەردە يەپ تۇرسۇن. ھە، راست، يىگىتچاقلار، — ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان زىيالىي ياشلاردىن سورىدى، — ئانچە - مۇنچە ئاش - تاماق ئېتىش قولۇڭلاردىن كېلىدىغاندۇ؟ ماۋۇ رۇستەم ئۇن بىلەن ياغنى ئەكىلىپ بەرسۇن. دادۇيىنىڭ ئامبىرىدىن بىر تاغار چامغۇر بىلەن پىياز ئەكىلىۋېلىڭلار، مېنى بۇيرۇدى دېسەڭلار بېرىدۇ. ئەمىسە، ئەتىدىن تارتىپ ھەممە ئىش ئۆزۈڭلارغا قالدى. تۇرمۇشۇڭلارنى سەل ئىزىغا سېلىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئېتىزغا چىقساڭلارمۇ بولىدۇ.

رۇستەم ھەر ئاخشىمى ئۆيىگە كېلىپلا ئەجەبلىنىپ سۆزلەپ كېتەتتى:

— بۇ باللار قانداق يەردە چوڭ بولغاندۇ، ھېچ بىلەلمىدىم. ئورنىنى يىغىشنى، ئۆي سۈپۈرۈشنى، ئوچاققا ئوت قالاشنى بىلمەيدىكەن. زادى ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايدىكەن. مەن ئۇماچ ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويغانتىم، ھەر كۈنى ئۇماچلا ئىچىدۇ. بوغداي ئۇنى بولغاندىن كېيىن خېمىر يۇغۇرۇپ لەڭمەن ئېتىپ يېسەڭلار بولمامدۇ، دېسەم، لەڭمەننى قانداق ئېتىدۇ؟ دەپ قاراپ تۇرىدۇ. يەنە بىر كۈنى نان ياقتۇرۇۋالساڭلار بولمامدۇ؟ دېسەم، يەنە بېشىنى قاشلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانام سىلەرگە نان يېقىپ بەرسۇن دەپ بۇنى ئېلىپ كەلدىم، — دېگىنىچە يېرىم خالتا بوغداي ئۇنى بىلەن يېرىم خالتا قوناق ئۇنىنى ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويدى.

تۇرمۇشنىڭ جەبىر - جاپاسى ئىچىدە چوڭ بولغان رۇستەمگە چىرايى قىز باللىڭكىدەك ئاق، كىيىم - كېچەكلىرى پاكىز،

ئەمما پوت ـ قولى كالانىپاي بۇ بالىلار بەك غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. ئەمما زەينەپ بۇ ئىشقا ھەيران قالمىدى. ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىنى ئېسىگە ئالدى.

ــ ئۇلارنى ئەيىبلەۋەرمىگىنە بالام، شەھەرلىك، كادىرنىڭ باللىرى دېگەن شۇنداق بولىدۇ. ئۇ يەر بىزنىڭ توغراقلىققا ئوخشىمايدۇ. ئانام نان يېقىپ بەرسۇن دەپ ئوبدان دەپسەن. بىچارىلەرنىڭ بۇ يەردە ھېچنېمىسى بولمىسا، قانداق قىلىدۇ. مەن خېمىر يۇغۇرۇپ قويۇپ تازا ئوخشىتىپ نان يېقىپ بېرەي.

شۇنىڭدىن كېيىن زەينەپ ھەر قېتىم تونۇر قىزىتىپ نان ياققاندا زىيالىي ياشلارنىڭ نېنىنىمۇ يېقىپ بېرىدىغان بولدى. ئۇلارنى تاماققىمۇ چاقىرىپ خېمىر يۇغۇرۇپ پىلتە قىلىشنى، يېيىپ كېسىشنى، چامغۇر بىلەن قورۇما قورۇشنى ئۆگەتتى. ئوتتۇرا بوي، يۇمىلاققىنە كەلگەن قەيسەر ئىسىملىك بالا خېمىر يۇغۇرۇپ لەڭمەن ئېتىشنى خېلى ئوبدان ئۆگىنىۋالدى. سۆزلەپلا تۇرىدىغان، ئېگىز بوي، ئاق سېرىق كەلگەن غەيرەت تونۇر بېشىغا ئۆتۈپ نان يېقىپ بېقىپ: «ۋاي بىچارە ئانام، مۇشۇنداق ئوت ئىچىگە بېشىڭنى تىقىپ يېقىپ بەرگەن نانلىرىڭنىڭ قەدرىگە ئەجەب يەتمەپتىكەنمەن» دەپ زەينەپنى يىغلىتىۋەتتى.

كۆزەينەك تاقىۋالغان، كەم سۆزرەك يەنە بىر يىگىتنىڭ ئېتى دىلمۇرات ئىدى. ھەمراھلىرى ئۇنى مۇرات دەپلا چاقىراتتى. ئۇ سۇ توشۇش، ئۆي تازىلاش، ئوتۇن يېرىشتەك ئىشلارنى تالىشىپ قىلاتتى. ئۇنىڭ يوغان بىر سومكا كىتابى بار ئىدى. بىكار بولسىلا گەپكە ئارىلاشماي جىمجىت يېتىپ كىتاب ئوقۇيتتى. 13 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا دېرىزىدىن پات ـ پات مارىلاپ ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابقا ھەۋەس بىلەن تىكىلەتتى. ئۇ رۇستەمنىڭ ئۆكىسى روزى ئاخۇن ئىدى.

تۆتىنچى سىنىپنى پۈتكۈزۈپ، يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇيالماي ئارماندا قالغان روزى ئاخۇن ئاكىسىنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىنى

چالا قويماي ئوقۇپ چىققانىدى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا كىتابىنى يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ، ئەمگەك ئارىلىقىدا يەرنى جىجاپ ھېساب ئىشلەيتتى. «فىزىكا»دا كۆرسىتىلگىنى بويىچە باتارېيە ياساپ، دادىسىدىن قالغان كونا قولچىراغىنى يېقىپمۇ باقتى. ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى ھېكايە، ماقالە، نەسر ـ شېئىرلار ئۇنىڭغا يادا بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ يۈرۈپ، كىتابنى ئۆزى كاللا ئىشلىتىپ ئۆگەنگەن بىلەن مۇئەللىم سۆزلەپ بەرگەننى يادلاپ ئۆگەنگەنلىك ئاسمان ـ زېمىن پەرقى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قولىغا كىتاب چىقسىلا ئوقۇيدىغان بولدى. بىر مەزگىل دادىي قىرائەتخانىسى ئېچىلغاندا، ئۇ يەرگە كىرىپ بارلىق كىتابلارنى، ھەتتا «ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى»نىمۇ بىرنى قويماي ئوقۇپ چىقتى، ئۇ كىمنىڭ قولىدا كىتاب كۆرسە ئېسىلىپىلىۋالاتتى. قولىغا بىر ئالسا، ئوقۇپ تۈگەتمىگۈچە بولدى قىلمايتتى. ئۇ مەكتەپنىڭ تولۇقسىز سىنىپىغا سىياسەت دەرسى بېرىدىغان مۇئەللىمدىن «كاپىتال» نى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، توختىماي سوئال سوراپ ئۇ مۇئەللىمنى خېلى ئاۋارە قىلغانىدى. ئۇ دىنىي ساۋات بېرىدىغان موللامىنىڭ ئاللا، ئالەمنىڭ يارىلىشى، دوزاخ ۋە جەننەت، پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى تەلىملىرىنى، قەدىمكى جەڭلەر، پالۋانلار توغرىسىدىكى قىسسەلەرنى ئۆزگىچە بىر تۇيغۇ بىلەن ئاڭلايتتى. بىر مەزگىل بەش ۋاق نامازنى قالدۇرماي ئوقۇپ، سايباغ بازىرىدىكى موسا ئاخۇن قارىيغا تالىپ بولماقچىمۇ بولدى. بازارغا ئىككى قېتىم بېرىپ ساۋاق ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن نېمىشقىدۇر بارغۇسى كەلمەي قالدى. بىر كۈنى ئۇ رۇستەم بىلەن بىللە زىيالىي ياشلارنىڭ ياتىقىغا باردى. دىلمۇرات كارىۋىتىدا كىتاب ئوقۇپ ياتاتتى. كىتابنىڭ ئىسمى «نەۋايى» ئىدى. ئۇ مۇراتنىڭ قولىدىكى كىتابقا ھەۋەس بىلەن تىكىلدى. شۇنىڭدىن

كېيىن دائىم كېلىپ دېرىزىدىن مارايدىغان بولۇپ قالدى. مۇرات بىر كۈنى ئۇنى چاقىرىپ ئەكىرىپ:
— دېرىزىدىن نېمىدەپ مارايسەن؟ بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.
— كىتاب... كىتاب بولسا مەنمۇ كۆرۈپ باقاي دېگەن، — دېدى روزى ئاخۇن دۇدۇقلاپ. مۇرات ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن يوغان بىر سومكىنى تارتىپ چىقاردى.
— قانداقراق كىتاب ئوقۇغۇڭ بار؟
— كىتاب بولسىلا بولىدۇ.
مۇرات ئۇنىڭ گېپىگە كۈلۈپ قويۇپ، بىر كىتابنى ئېلىپ بەردى. كىتابنىڭ ئىسمى «ھاجى مۇراد» ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن روزى ئاخۇننىڭ كۆز ئالدىدا تېخىمۇ كەڭ بىر دۇنيا ئېچىلدى. ئۇ كىتابنى قوينىغا سېلىۋېلىپ، دەم ئالغان چاغلىرىدا ئېتىز قىرىدا يېتىۋېلىپ ئوقۇيتتى. بەزىدە ھارۋا ھەيدەپ، تاغار يۈدۈپ كېتىۋېتىپمۇ ئوقۇيتتى. مۇرات ھەر قېتىم ئۆيگە بارسا، سومكىدىكى كىتابلارنى ئالماشتۇرۇپ كېلەتتى، ئۇ قايتىپ كەلگەن ھامان روزى ئاخۇن ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولاتتى. ئۇ مۇراتنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ياتاقتا سۇ بولمىسا سۇ ئەكىرەتتى، ئوتۇن يېرىپ ئوت قالايتتى، ياتاقنى تازىلايتتى، مۇرات ياكى باشقا باللارغا دۇكاندىن ئۇنى - بۇنى ئەكىلىپ بېرەتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە كىتابتىن ئالىدىغان ھۇزۇرى چەكسىز ئىدى. توغراقلىقتىن چىقىپ باقمىغان، مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ سەۋىيەسى ئۆزىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدىغان ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن ئائىلىسىدە باللارغا دىندىن ساۋاق بېرىدىغان موللامدىن باشقا ئۇستاز كۆرۈپ باقمىغان بۇ يېزا بالىسى مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرى بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلىرى، تەبىئىي پەنگە ئائىت بىلىملىرى بىلەن سىياسەت، دىن، ئەدەبىياتقا ئائىت بىلىملىرى ۋە ناھايىتى

كۆچلۈك ئەستە ساقلاش، چۈشىنىش ئىقتىدارى ئاساسىدا تاشقى دۇنيا ھەققىدە ئۆزىگە خاس چۈشەنچە تۇرغۇزغانىدى. بۇ چۈشەنچىلەر ناھايىتى يۈزە، ھەتتا گۆدەكلەرچە بولسىمۇ، ئۇ تۇرۇۋاتقان شارائىت ۋە ئۇنىڭ يېشىغا نىسبەتەن ناھايىتى دادىللىقى، تەسەۋۋۇرغا بايلىقى بىلەن ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدى.

روزى ئاخۇن ئوقۇغان كىتابلىرىنى زۇمرەتكىمۇ بېرەتتى. زۇمرەت تولىراق ئەدەبىي كىتابلارغا قىزىقاتتى. ياش قىزلارنىڭ كەچۈرمىشىگە، مۇھەببەتكە ئائىت بايانلارنى بەك بېرىلىپ ئوقۇيتتى. ئۆزىگە يارىغان سۆز، تەسۋىرلەرنى، شېئىرلارنى دەپتىرىگە كۆچۈرۈۋالاتتى. ئۇ ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ساقلايدىغان خاتىرىسىگە مۇنۇ قۇرلارنى يازغانىدى:

«ئاتابېك قۇتىدارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن قۇتىدارنىڭ ھويلىسىغا كىردى. شۇ چاغدا تاسادىپەن نېمە ئىش بىلەندۇر مېھمانخانىدىن چىقىپ كەلگۈچى پەرىشتىگە كۆزى چۈشتى. كۈمۈشمۇ ئېرىق بويىغا كېلىپ توختىغان چاققان يىگىتكە ئىختىيارسىز قاراپلا قالدى. ئىختىيارى ئەمەس، ئىختىيارىدىن تاشقىرى ھەر ئىككىسى بىرنەچچە ۋاقىت بىر ـ بىرىدىن كۆزىنى ئېلىشالمىدى. ئاخىرىدا كۈمۈش نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك بولدى. يېنىكلا بىر ھەرىكەت بىلەن ئۆزىنى ئىچكىرى يۈلەك تەرەپكە ئالدى. بۇرۇلۇشتىن ئۇنىڭ ئارقا ئۆڭشىنى قاپلىۋالغان قىرىق كوكۇلىلىرى دولقۇنلىنىشتى. كۈمۈش ئىچكىرىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە، ئېرىق بويىدا قېتىپ تۇرغان يىگىتكە يەنە بىر قاراپ قويدى ۋە بۇ قاراشتا ئۇنىڭغا يېنىككىنە بىر تەبەسسۇممۇ سوۋغا قىلدى. ئاتابېك بىرنەچچە مىنۇتقىچە يەرگە مىخلانغاندەك قېتىپ تۇردى ـ دە، تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ئېرىقنىڭ لېۋىگە ئولتۇردى. ئەمما كۆزى گۈزەل يوشۇرۇنغان يۈلەكتە ئىدى. تەرەتنى ئېلىپ بولدى. يەنە كۆزىنى شۇ تەرەپتىن

ئۆزەلمىدى. يۈز ـ كۆزىنى ئېرتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۆرە تۇرۇپ توختاپ قالدى. يوشۇرۇنغان گۈزەل ئىككىنچى يېنىپ كۆرۈنمىدى...»

زەينەپ قىزىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇ «قىز بالا تۇرۇپ، ئۆزىدىن يوغان كىتابلارنى ئوقۇپ يۈرسە قانداق بولىدۇ، ئۇ كىتابلاردا نېمە ئىشلار يېزىلغانلىقىنى كىم بىلىدۇ» دەپ ئويلايتتى. بىر قېتىم ئۇ زۇمرەتنىڭ بىر نەرسىلەرنى كۆچۈرۈپ يۈرگەن دەپتىرىنى تېپىپ ھەجىلەپ ئوقۇپ باقتى. ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنى تولۇق چۈشەنمىسىمۇ، ئىشق ـ مۇھەببەت سۆزلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ بىردىنلا قورقۇپ كەتتى. ئۇ چوڭلاردىن ئەينى يىللاردا توغرا قىلىقتا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى — زەينەپخان ئىسىملىك بىر قىز بالىنىڭ كىتاب ئوقۇپ يۈرۈپ چالما ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلۈپ قالغىلى تاس قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇنىڭغا ئاشۇنداق بىر ۋەقە ئەمدى ئۆز قىزىنىڭ بېشىغا كېلىش ئالدىدا تۇرغاندەك بىلىندى. ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ رۇستەم ئىشلەۋاتقان يەرگە يۈگۈرۈپ باردى. ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ «ۋاي ئىست، ئادەم بولماي ئۆلسەمچۇ، مۇشۇ كۈنگە قالدىمىمۇ ئەمدى» دەپ يىغلاپ، يانچۇقىدىن ھېلىقى دەپتەرنى چىقاردى. دەپتەردىكى خەتلەرنى ئوقۇپ دەسلەپ رۇستەمنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتتى. كېيىن بارا ـ بارا ئېچىلدى. ئاخىرىدا ئانىسىغا قاراپ كۈلۈپ:

— بۇنچىۋالا قىلىپ كەتكۇدەك ئىش ئەمەس ئىكەن ئانا، سىڭلىم كىتابتىكى گەپلەرنى كۆچۈرۈۋاپتۇ، شۇ، — دېدى.

— ۋاي سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، قىز بالا دېگەن ئاشۇنداق گەپلەرنى يېزىپ يۈرسە بولامدۇ. قارىغاندا ئۇنىڭغا خىيال كىرىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. بىرەرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغانمىدۇيا... بىرەر گەپ ـ سۆز بولۇپ قالسا نى ئات، نى

نومۇس... — زەينەپ يەنە مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى. رۇستەم قاپىقىنى تۈرۈپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

— مۇنداق بولسۇن ئانا، ئۇنىڭغا مەن گەپ قىلىپ يۇرمەي، ئۆزۈڭ چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىپ قوي. سەن دېگەن قىز بالا، ئۇنداق كىتابلارنى كۆرمە، كەلسە ـ كەلمەس گەپلەرنى دەپتەرگە كۆچۈرمە، دېگىن. سەن خاتىرجەم بول، زۆمرەت تېخى كىچىك. ئۇ ساڭا گەپ تېپىپ بېرىدىغان ئىشنىمۇ قىلمايدۇ. كىتابتىكى گەپلەر باشقىچە بىلىنىپ كۆچۈرۈپ قويغان ئوخشايدۇ.

رۇستەمنىڭ گېپى زەينەپنى خېلى خاتىرجەم قىلىپ قويدى. ئەمما، قىزى گەپنىڭ بېشىدىلا ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى:

— دەپتەردىكى گەپلەرگە نېمە بولاتتى، ئانا. سەنمۇ قىز بىكەنسەن، ئۆزۈڭ 14 يېشىڭدا دادام بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىپتىكەنسەنغۇ، سەن ئۇنداق گەپلەرنى كۆچۈرۈپ باقمىغانمۇ؟

ئەمەلىيەتتە، زۆمرەت ئۇلار ئويلىغاندەك گۆدەك ئەمەس ئىدى. سەھرادا قوي ـ كالا، ئات ـ ئۇلاغلار ئارىسىدا ياشىغان بالىلار نۇرغۇن ئىشلارنى بالدۇرلا بىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، دېھقانلار ئېتىزدا ئىشلەپ هارغان ـ ئاچقان، ئېغىر تۇرمۇشتىن ئىچى سىقىلغان چاغلاردا ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى، ئاشۇ ئىشلارنى ناهايىتى تەبىئىي هەم قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىشىپ، كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشىپ ئىچ ـ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. سەھەردە كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئېتىزغا چىقىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيىگە قايتىدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا شۇنىڭدىن باشقا قىزىقارلىق ئىشمۇ يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، بۇ يۇرتتا بىر توي قىلغانچە ئاخىرىغىچە بىللە ئۆتىدىغان ئەر ـ خوتۇنلار ئاز ئۇچرايتتى. يىگىت، قىزلار توي قىلىشتىن بۇرۇن ئەدەپ ـ قائىدىدىن چىقماي يۈرسىمۇ، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈنمۇ نىكاھتىن

ئاجرىشىۋېرەتتى. ھەر قېتىم سۇ قۇرۇلۇشى، ھاشارغا بارغاندا باشقا بىرى بىلەن تېپىشىپ قالىدىغان ئىشلار دائىم يۈز بېرەتتى. كىشىلەر قۇم دۆڭلىرىدىكى ئىزلارغا ئاساسەن كىملەرنىڭدۇ خۇپىيانە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېكايە قىلىشاتتى، لېكىن ئۇلار ئىشق ـ مۇھەببەت توغرىسىدا ئارتۇقچە ئويلىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ، چىرايلىق، دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلىشىپ يۈرمەيتتى. بىرەر يىگىت چوڭ بولۇپ قىزلارغا كۆز تاشلىغىلى تۇرغاندا ياكى بىرەر قىز ئۆسۈپ يېتىلىپ، رەڭ تۇزۇپ، خۇلق چىقىرىشقا باشلىغاندا چوڭلار دەرھال تويغا تۇتۇش قىلاتتى. بەزىدە قىز بالىلارنىڭ يېشى قانۇندا بەلگىلەنگەن توي قىلىش يېشىغا يەتمىسە، قىزنىڭ ئاچىسى ياكى چوڭراق قىزلار يىگىت بىلەن ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ گۇڭشېدىن خەت ئېلىشقا بېرىشاتتى. گۇڭشېدىكىلەر توغراقلىقتىكى قايسى قىزنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى، چىرايىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمىگەندىكىن، خەتنى كېسىپ بېرىۋېرەتتى. قىز بىلەن يىگىت توي ئاخشىمى قىلىشىدىغان پاراڭلارمۇ ناھايىتى ئاددىي بولاتتى. توغراقلىقتا، مۇشۇ ئادەملەر ئارىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان زۇمرەتمۇ ئۇلاردىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى، ئەمما ئۇ بىر كۇنلەردە كىتابلاردىن ياش قىز ـ يىگىتلەرنىڭ تۇرمۇشى، چىرايى، ئوي ـ پىكرى، كۆڭلىدىكى مۇھەببەت تۇيغۇلىرىغا ئائىت ئاجايىپ گۈزەل، نازۇك تەسۋىرلەرنى، گاھىدا ئىنتايىن پاجىئەلىك، گاھىدا بەكمۇ شېرىن مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىنى ئوقۇغىنىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ھېس ـ تۇيغۇلىرى بىردىنلا ئۇرغۇپ چىققاندەك، مۇھەببەتنىڭ قانداق گۈزەل ۋە جەلپكارلىقىنى، ئىنسان ھېس ـ تۇيغۇسىنىڭ نەقەدەر ئاجايىپ ۋە سىرلىقلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك، كىتابتىكى ئوي ـ پىكىر، ھېسسىياتلار ئۆزىنىڭكىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىپ، ئۆزىچىلا يىغلىغۇسى كېلىپ

كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يۇمران قەلبىدە تېخى مۇھەببەت بىخ سۇرۇپ باقمىغانىدى. ئەمما، يېشىنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ تاۋى نازۇك، تېرىككەك بولۇپ قالغانىدى، مانا ئەمدى خىيالپەرەس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ياخشى ئىش ياكى يامان ئىشلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. سەھرادا ياشاش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن زۇمرەتنىڭ قۇرۇق خىيالغا بېرىلمەي، مۇشۇ يەرلىكلەردەك تەبىئىي ھەم ئاددىي ياشىغىنى ياخشىراق ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ئانىسىنىڭ ئەنسىرىشىنى ئارتۇقچە دەپ كەتكىلى بولمايتتى.

ئەمما، زۇمرەت ئۆزىنى ھاياجانغا سالغان سۆز ـ جۈملە، مىسرالارنى دەپتەرگە چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ چىققىنىنى يامان ئىش دەپ ھېسابلىمىدى. كىشىلەرنىڭ ئۇنى گۇناھ، نومۇسلۇق ئىش دەپ ئويلايدىغانلىقىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. چۈنكى ئۇ تېخى شۇنچىلىك پاك ھەم غۇبارسىز ئىدى. كۆڭلىدە باشقىلاردىن يوشۇرغۇدەك قىلچە مەخپىيەتلىكى ياكى گۇناھكارلىق تۇيغۇسى يوق ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن روزى ئاخۇن سىڭلىسىغا كىتاب بەرمەيدىغان بولدى. لېكىن زەينەپمۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىمۇ زۇمرەتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، چوڭ بولغانسېرى كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقناپ، مەڭزلىرى قىزىرىپ، ۋۇجۇدىغا تولغان ياشلىق نۇرىدىن كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. زەينەپخان ئۇنىڭغا كىچىك ۋاقىتلىرىدىلا ناماز ئوقۇشنى ئۆگەتكەنىدى. لېكىن، ئىچىدە «قىزىم تېخى كىچىك، ئەتە ـ ئۆگۈن بىر ئۆي بېشىغا كېلىگىچە جىقراق ئۇخلىۋالسۇن» دەپ ئويلاپ، ئۇنى سەھەردە ئويغىتىشقا كۆڭلى ئۇنىماي كەلگەنىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ زۇمرەتكە:

ــ قىزىم، ئەمدى نامازنى باشلا، ــ دېدى. زۇمرەتمۇ ھەر

كۆنى سەھەر قوپۇپ، ئانىسى بىللە «بامدات»نى ئوقۇيدىغان بولدى.

شەھەرلىك يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ چەت يۇرتقا قانداق نا ـ زۇك ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سەزمەيتتى. سەھرا ـ لىق بالىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكنى ئۆزلىرىنىڭكىگە ئوخشىتىپ كىيىشكە ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ بېشىغا چاچ قو ـ يۇۋالغانلىقىنى، قىزلارنىڭ لايىق تاللاشتا غەيرەتجاندەك بويى بولسا ياكى قەيسەرجاندەك خۇشخۇي بولسا، دىلمۇراتتەك ئېغىر ـ بېسىق بولسا، دەپ ئۆلچەم قويۇۋالغانلىقىنى، ئېغىر بوي چو ـ كانلارنىڭ بالام ئوغۇل بولۇپ قالسا، ئېتىنى غەيرەتجان ياكى قەيسەرجان دەپ قويىمەن، دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. هاياتـ نىڭ ياشلىق باهار مەزگىلىگە ئەمدىلا قەدەم قويغان بۇ يىگىتلەر ئۆزلىرىدىكى تەبىئىي ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى بىلەن قىش ـ ياز بېشىدىن تۇماق، ئۇچىسىدىن پاختىلىق چاپان چۈشمەيدىغان، يالاڭ ئاياغ يۈرىدىغان بۇ كىشىلەرنى كۆزىگە ئىلمايتتى، ئۇلارنىڭ كىيىنىش، يۈرۈش ـ تۇرۇشى شەھەرلىكلەرگە ئوخشىمايدىغان، چىرايى، پۇت ـ قوللىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ، يېرىلىپ كەتكەن قىز ـ چوكانلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە ئىچ ئاغرىتىش، ئۈستۈنلۈك ۋە مەسخىرە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇلار ئەمگەككە قاتنىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئايالـلار ـ چىلىك ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىنى هېس قىلىشتى. لېكىن ئۇلار يەنە: «بۇ يەرنىڭ ئەمگىكىگە مۇشۇ ئادەملەرلا چىدايدىكەن» دېيىـ شىپ ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ياپماقچى بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى داۋۇت كاناي ھەممىدىن بەك چۈشىنەتتى. ئۇلارنىڭ قىز بالىنىڭكىدەك ئاپپاق چىرايىغا، يۇمشاق قوللىرىغا، تۇزۇك ئەمگەك قىلماي تۇرۇپمۇ ئاشلىق نورمىسىنى ساق ئالالايدىغانلىـ قىغا، يەنە تېخى ئاق ئاشنى دېھقانلاردىن جىق يەيدىغانلىقىغا،

پات ـ پاتلا ئۆيگە بېرىپ كېلىمىز دەپ ھەپتىلەپ ـ ئايلاپ يوق بولۇپ كېتىشلىرىگە ھەسەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزىچىلا ئاھ تارتىپ: «خۇدايىم بۇ دۇنيانى نېمانداق تەڭسىز يارىتىپتىكى، بىزمۇ خۇدانىڭ بەندىسى تۇرۇپ جاپا بىلەن مەينەتچىلىككىلا تۇ- رەلگەن بولغىيمىدۇق» دەيتتى. تاغارغا ئوغۇت ئۇسقىچە شەھەر- لىك يىگىتلەرنىڭ تاغىرىغا قەستەن چىڭداپ، جىق ئۇسۇيتتى. قىز ـ چوكانلارنىڭ كۆزىچە، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ چۇشۇ- رۇشكە ئۇرۇناتتى. ئەمما، كۆپ قىسىم دېھقانلار ئۇلارنىڭ قانچى- لىك ئىشلىشى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيتتى. بۇلار ھامان بۇ يەردە تۇرمايدۇ، كېيىن شەھەردە ئىشلەپ كادىر بولىدۇ. شەھەر- لىك دېگەن مۇشۇنداق خەق. بۇلار بىلەن ئېيتىشقاننىڭ پايدىسى يوق. توغراقلىق ئۆزىمىزنىڭ يۇرتى، ئۇنىڭ ئەمگىكى بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇلارغا ئەڭ يەڭ- گىل ئىشلارنى تەقسىم قىلاتتى، ئەمگەككە چىقمىسا سۈرۈشتۈ- رۈپ كەتمەيتتى. ئۇلارمۇ شەھەرلىك يىگىتلەرنى ئۆز ئالدىغا يا- ھالاپ، لەقەملەرنىمۇ قويۇپ بولۇشقانىدى.

دېھقانلار شەھەرلىكلەردەك كۆمۈر قالىمايتتى. ئۇلار ئەتراپتىكى قۇرۇق شاخ ـ شۇمبا، چاۋار ـ چاتقال، سامانلارنى قالاپمۇ ئاش ئېتىپ ، نان ياقاتتى. زىيالىي ياشلار دادۇيدىن بەرگەن قۇرۇق ئوتۇننىلا گۈلدۈرلىتىپ قالاپ، ھە دېسە ئوتۇنسىز قالاتتى، بىر قېتىم ئابدۇغېنى ئاخۇن ئۇچەيلەننى دادۇينىڭ بېغىغا باشلاپ ئاچىقىپ، چوڭ بىر ئۆرۈك كۆتىكىنى كۆرسىتىپ قويدى. «بۈگۈن ئىشقا چىقماي، مۇشۇ كۆتەكنى كولاپ چىقىرىپ، يېرىپ ئۆيۈڭلارغا توشۇۋېلىڭلار» دېدى. ئۇچى باغدا تەرلەپ ـ پىشىپ بىر كۈن ئەمەس، ئۈچ كۈن ئىشلىدى. ئۇلار كۆتەكنى پارچىلاۋاتقاندا، دادۇيگە نورما ئاشلىق ئالغىلى كەلگەن دېھقانلارنىڭ ھەممىسى تاماشا كۆرگىلى كەلدى. ئۇلارنىڭ ئوتۇن يېرىشىغا قاراپ بىرى ئۇنى دېسە، بىرى بۇنى دەپ، شەھەرلىكلەر

تازا چۈشەنمەيدىغان، ئۆزلىرىگىلا مەلۇم بولغان چاقچاق، ياپتا گەپلەر بىلەن ئۇلارنى راسا تەرلەتتى. ئۇلارنىڭ ئوتۇن يېرىشقا چىداپ تۇرالمىغانلار ئوتۇن دېگەننى مانداق يارامدۇ، دەپ پالتىنى ئېلىپ كۆتەكلەرنى پارچە - پارچە، تال - تال قىلىپ يېرىپ تاشلاپ بېرىشتى. شۇ كۈنى شەھەرلىك يىگىتلەر تۇنجى قېتىم راستتىنلا «قايتا تەربىيە» ئالغاندەك بولۇشتى.

ئۇلار ئوتۇنلارنى ئۆيگە توشۇپ بولغاندا يەردە نۇرغۇن ئۇششاق يېرىندىلار قالدى. سەل نېرىدا دەرەخلەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىۋاتقان كېرىم ئاخۇن ئۇلارنىڭ يوغان ئوتۇنلارنى توشۇپ، ئۇششاق ئوتۇنلارغا پەرۋا قىلماي، كىيىملىرىنى قېقىپ كېتىپ قېلىشقىنىغا قاراپ ئۆزىچە بېشىنى چايقاپ قويدى. ئۇنىڭ ياشانغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە نارازىلىقمۇ، مەنسىتمەسلىكمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئىپادە ئەكس ئەتتى. باغ ئىچى جىمجىت ئىدى، نېرىدا توخۇلار دانلاپ يۈرەتتى. كېرىم ئاخۇن بىر توپ ئۆرۈككە تايىنىپ ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالدى. ئۇ كۆزىنى ئاچقىنىدا، ئېڭىشىپ يەردىكى ئۇششاق يېرىندىلارنى سېۋەتكە تېرىۋاتقان دىلمۇراتنى كۆردى. دىلمۇرات ئوتۇن پارچىلىرىنى قالدۇرماي پاكىز تېرىپ ئېلىپ ماڭدى. كېرىم ئاخۇننىڭ ئۇيقۇسى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ كەتمەنگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ «مۇشۇ دىلمۇرات ئاخۇنزە، بولىدىغان بالا ئىكەن» دەپ غودۇڭشۇپ قويدى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

تۇردى قارىي 18 ياشقا كىردى. ئۇ ئېشەك ھارۋىسى بىلەن قىغ توشۇپ، قىز ـ چوكانلار بىلەن ئورما ئوروپ، باغ باغلاپ، خاماندا، ئېتىزدا ئىشلەپ يۈرۈپ بوي تارتىپ كېلىشكەن يىگىتكە ئايلاندى. ئۇنىڭ بويى ئىنچىكە، چەبدەس، بۇرنى قاڭشارلىق، ئېڭەكلىرى سوزۇنچاق ئىدى. ئاپتاپتا كۆيگەن پېشانە ۋە چېكىلىرىنى سارغۇچ قوڭۇر ئۇششاق بۇدۇر چاچلار يېپىپ تۇراتتى. ئەمدىلا خەت تارتقان ئىنچىكە بۇرۇتى ئەگمەچ قارا قاشلىرى بىلەن ماسلىشىپ چىرايىغا يارىشىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قويۇق كىرپىكلىرى قىز باللارنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرەتتى. شوخ چوكانلار، توۋا، ماۋۇ مۇشتۇمدەك سېرىق ئاسلان قاچانلاردا بۇنداق چىرايلىق يىگىتكە ئايلىنىپ قالغاندۇ، دېيىشەتتى. رەسىدە بولۇپ قالغان قىزلارمۇ: «بۇنى ئەجەب بۇرۇنراق بايقىماپتۇق» دېگەندەك، يىراقتىن ئوغرىلىقچە سىنچىلاپ قارىشاتتى. زەينەپ يوقسۇزلۇق ۋە ئەمگەك مۇشەققىتىنى كۆپ تارتقان چوڭ ئوغلىنىڭ خۇددى تاش ئاستىدا قالغان مايسىنىڭ تاش كاۋاكلىرىغا يامىشىپ كۆكلەپ چىققىنىدەك ئۆسۈپ يېتىلگىنىگە ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنى تېزرەك ئۆيلەپ كېلىن كۆرۈشنىڭ شېرىن خىيالىنى سۈرۈشكە باشلىغانىدى.

تۇردى قارىي كىچىكىدىن بىللە ئويناپ، بىللە ئەمگەك قىلىپ چوڭ بولغان ھېلىمىگۈلنى ئېلىشنى خىيال قىلىپ يۈرەتتى. بۇغداي ئۆڭ، مېھرى ئىسسىق، سەل ئوغۇل بالا مىجەز

ھېلىمىگۈل ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ چوڭ قىزى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن ئىشقا پىشقان، گەپكە گەپ كەلگەندە ھېچكىمدىن يانمايدىغان قىز بالا ئىدى. تۇردى قارىي كىچىكىدە ئورۇق، بويى پاكار بولغانلىقتىن، ئېتىزلىقتا دېھقانلار ئۇنى ئۆزىدىن ئىككى ياش كىچىك، توغرۇلۇق كەلگەن ھېلىمىگۈل بىلەن چېلىشقا سالاتتى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ھېلىمىگۈل ئۇنى ئاسانلا يىقىتىپ بېسىۋالاتتى. ئاياللار كۈلۈشۈپ تۇردى قارىينى تازا مەسخىرە قىلاتتى. كېيىن تۇردى قارىي ئۇنى بېسىۋالىدىغان بولدى. ھېلىمىگۈلمۇ شۇنىڭدىن كېيىن تۇردى قارىي بىلەن چېلىشىشقا چۈشمەيدىغان بولدى. يېقىنقى بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇلار نېمىشقىدۇر ئىلگىرىكىدەك ئوچۇق ـ يورۇق چاقچاقلىشىپ يۈرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. تۇردى قارىي خۇددى ئۇنىڭدا ئۆچى باردەك ئۇنىڭ بىلەن تولا چېقىشاتتى. تۇيۇقسىز ئولتۇرغان چاغلىرىدا ياقىسىدىن قۇرت، پاقىلارنى سېلىپ قويۇپ قورقۇتاتتى. ئادەم جىق يەرلەردە بىر ئاماللار بىلەن ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا تىرىشاتتى، ئەمما ھېلىمىگۈل ئۇنىڭغا زادى دىققەت قىلمايتتى ياكى ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ بولدى قىلاتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېلىمىگۈلنى بۇخېلىچىخانىنىڭ ئوغۇل نەۋرىسىگە ئېلىپ بېرىدىكەن، دېگەن گەپلەر چىقىپ قالدى. تۇردى قارىي بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىرنەچچە كۈنگىچە قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەي يۈردى. ئۇ بىر كۈنى باشقىلار ئىشتىن چۈشۈپ بولغاندا، بوز يەردە ماللىرىغا ئوت ئېلىۋاتقان ھېلىمىگۈلنى ئىزدەپ باردى. ھېلىمىگۈل يوغان بىر تاغار ئوتنى يۈدۈپ قايتىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى. ئۇ تۇردى قارىي بىلەن كۆزلىرى ئارقىلىقلا سالاملاشتى. ئەپلەپ ئالالمايۋاتقان كەتمەننى كۆرسىتىپ تاغارنىڭ ئۈستىگە ئوبدانراق جايلاشتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. تۇردى قارىي تاغارنى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن ئېلىپ:

— بىردەم توختاپ تۇر، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار، — دېدى. ھېلىمىگۈل بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى. تاغارنى قويۇپ تۇردى قارىيىنىڭ ئارقىسىدىن ئېتىز قىرىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ چوغدەك قىزىل گۇللۇك دۇخپاڭلى كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. چېكىلەپ چىگىۋالغان ياغلىقنىڭ ئالدىدىن قاپقارا ماڭلاي چاچلىرى چىقىپ تۇراتتى. توم ئىككى ئۆرۈم چېچى مەيدىسىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن پېشانە ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋېتىپ، تۇردى قارىيغا نېمە گېپىڭ بار ئىدى، دېگەندەك يەنە بىر قاراپ قويدى. دەيدىغان گەپلىرىنى توختىماي يادلاپ كەلگەن تۇردى قارىي بىردىنلا گېپىنى تاپالماي قالدى. ئۆزى بىكار ئاۋارە بولۇۋاتقاندەك، ھېلىمىگۈل ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىلىنىپ، گېپىنى ئوڭلاپ قىلالماي چىپ - چىپ تەرلەپ كەتتى.

— نېمە گەپتى شۇنچىۋالا؟ زەينەپ ئانامغا بىرەر نەرسە لازىم بولۇپ قاپتىكەنمۇ؟ — ھېلىمىگۈلنىڭ پەرۋا قىلماي سورىغان سوئالى تۇردى قارىينىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. يۈزىدىكى تەرلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ئېغىز ئاچقىنىدا ئاۋازىنىڭ بوغۇق ھەم يوچۇن ئاڭلانغىنىغا ئىچىدە ھەيران قالدى.

— سېنى... سېنى توي قىلىدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ شۇ گەپ؟

— راست، نېمە بولۇپتۇ راست بولسا؟

— كىم بىلەن؟ ئاشۇ ئالا كۆز بىلەنما؟

— تۈزۈك گەپ قىلە، ھەممە ئادەم سەندەك چىرايلىق بولمايدۇ. نېمە قىلىسەن خەقنى سەتلەپ.

— ئالا كۆز بولماي نېمىتى ئۇ، ساڭا چىرايلىق كۆرۈنگىنى بىلەن.

— قانداق قىلاتتىڭ، ماڭا چىرايلىق كۆرۈنىدۇ شۇ.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ ئەمىسە، خۇدايىم بەختىڭنى بەرسۇن، — تۇردى قارىي ئورنىدىن قوپۇپلا ماڭدى.

— توختاپ تۇر، نېمانچە ئالدىرايسەن؟ مەن تېخى توي قىلىشنى ئويلاشمىدىم.

تۇردى قارىي كېتىۋاتقان يېرىدە چىپپىدە توختاپ قالدى. بىر دىنلا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك ھىجىيىپ:

— مەن تېخى سېنى... مەن تېخى سېنى... — دەپ دۇدۇقلىدى.

— ئالا كۆزنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئەلچى كىرگۈزۈپتىكەن، ئانام: «قىزىم توي قىلىش يېشىغا توشىمىدى، قىزىمنىڭ توي قىلىشىغا تېخى نەچچە ئۇجمە پىششىقى بار» دەپ يولغا سالپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ھېلىمىگۈلنى ئوغلىمىزغا ئېلىپ بېرىدىغان بولدۇق، دەپ گەپ تارقىتىپ يۈرۈشۈپتۇ.

— ماندا دېگىنە، ئەمىسە... ئانام ئادەم كىرگۈزۈپ باقسۇنمۇ؟

— كالۋا، دېدىمغۇ ساڭا، مەن تېخى كىچىك، — قىز لەۋلىرىنى دومسايتىپ قېيىدىغاندەك قىلدى.

— ئۇنداق بولسا مەن سېنى چوڭ بولغۇچە ساقلايمەن. بىراق، ئاۋۋال چاي ئىچۈرۈپ قويىدىغان ئىش بارغۇ، شۇنى ئادا قىلىپ تۇرمايلىمۇ.

— ھاجىتى يوق.

— سەن ئالا كۆزنىڭ ئارقىسىدىن كەتمەيدىغانسەن ؟

— سەنلا چىنىڭ تۇرساڭ ھېچكىمنىڭ ئارقىسىدىن كەتمەيمەن.

— گېپىڭ راست ـ ھە؟

— راست. لېكىن، بۇ گەپنى ھېچكىمگە دېمەيسەن. دەپلا قويساڭ گېپىمدىن يېنىۋالىمەن.

تۇردى قارىي ئۇنىڭغا يان تەرەپتىن تويماي قارىدى. نەدىن كەلگەن كۈچكىن، بىردىنلا قايرىلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتۇۋېلىپ، قىزنىڭ ھەيرانلىقتىن سەل ئېچىلىپ تۇرغان تولۇق، قىپقىزىل لەۋلىرىگە چىڭ بېسىپ سۆيدى ـ دە، خۇددى مېۋە ئوغرىلىغان كىچىك بالا قورقۇپ قاچقاندەك، ئورنىدىن تۇرۇپلا يۈرەكلىرى دۈپۈلدىگەن، قىزارغان ھالدا مەھەللە تەرەپكە يۈگۈردى.

ھېلىمىگۈل كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ئېسىگە كېلەلمەي، يۈزى قىپقىزىل بولۇپ ئېسىلغىنىچە بىر پەس گاڭگىراپ ئولتۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۆزىچە ئۇياتچانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، تۇردى قارىينىڭ ئارقىسىدىن قاراپ «كالۋا!» دەپ پىچىرلىدى. ئىتتىك ئەتراپقا قارىۋېتىپ، چاچلىرىنى ئوڭشاپ، ياغلىقىنى باشقىدىن چىگىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تاغاردىكى ئوتنى يۈدۈپ، كەتمەننى قولتۇقىغا قىستۇرغىنىچە مەھەللە تەرەپكە ماڭدى. بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ بولۇپ يەنە بىر قېتىم «كالۋا!» دەپ پىچىرلاپ قويۇپ، ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

رۇستەم بۇغداي ئورۇۋېتىپ تۈنۈگۈندىن بېرى دىلمۇراتنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ قوشۇمىسىنى سەل تۈرۈپ ئويلىنىپ قالدى. غەيرەتجان ناھىيەدە ئېچىلغان داجەيدىن ئۆگىنىش كۆرگەزمىسىدە چۈشەندۈرگۈچى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. قەيسەر ئانىسى ئاغرىپ قېلىپ ئۆيىگە كەتكەن. ئۇ دىلمۇراتنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئورما باشلىنىپ قالغانلىقتىن يوقلاپ بارالمىغانىدى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى دىلمۇراتنىڭ ئاياللار ئىشلەۋاتقان ئېتىزلىقتا ئورما ئورۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئېتىزلىقتا كۆرۈنمىدى. ئىسسىقتا ئورما ئوروش ئېغىر كېلىۋاتامدۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ؟ رۇستەمنىڭ

كۆزىتىشىچە، دىلمۇرات ئەمگەكتىن قاچىدىغانلاردىن ئەمەس. ئىشنى ئاستىراق قىلىسىمۇ، دېھقانلاردەك كېچىلەپ ئىشلىمىسىمۇ، ئەمگەككە چىقماي قالمايتتى.

چۈشلۈك دەم ئېلىشتا رۇستەم دىلمۇراتلارنىڭ ياتىقىغا باردى. كېرىم ئاخۇن ئەر - خوتۇن تېخى ئەمگەكتىن قايتمىغان بولسا كېرەك، ئىشىكى تېشىدىن زەنجىرلەكلىك تۇراتتى. زىيالىي ياشلار تۇرىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكى ھەم يېپىقلىق ئىدى. ئادەتتە ئۆيدە ئادەم بولسا ئىشىك يېپىلمايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالغان رۇستەم گېزىت قەغىزى چاپلانغان پەنجىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا سەل كۆتۈرۈلۈپ، گېزىت يىرتىقىدىن ئۆي ئىچىگە قارىدى. يۇقىرىدىكى ئىككى كارىۋاتنىڭ ئورۇن - كۆرپىسى رەتلىك يىغىلغان ھالەتتە تۇراتتى. پەنجىرە تۈۋىدىكى كارىۋات دىلمۇراتنىڭ ئىدى. قارىغاندا ئۇ يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، يوتقاننىڭ بىر ئۇچى يەردە تۇراتتى. رۇستەم بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولۇپ، بىردىنلا ئىشىك تەرەپتە تۇرغان بىر پاي ئاياغنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ دىلمۇراتنىڭ ئايىغى ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى يەنە سەل - پەل تۇرۇلدى. ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئىتتەردى. ئىشىككە ئىچىدىن بىر نەرسە تاقىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. رۇستەم ئىشىكنى كۈچەپ ئىتتەرگەندە، ئۆي ئىچىدىن ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. رۇستەم چۆچۈپ، ئىشىكنىڭ بىر قانىتىنى ئىتتىرىپ ئېچىپ دىلمۇراتنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۆي ئىچىنى كۈچلۈك سېسىق پۇراق قاپلىغانىدى. رۇستەم بىر ئامال قىلىپ ئۆيگە كىرىۋالدى. دىلمۇرات دۈم ياتاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ چۆرىسىدە، يەردە قۇسۇقتەك بىر نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنى ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى. رۇستەم دىلمۇراتنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ: «دىلمۇرات ئاكا، دىلمۇرات ئاكا!» دەپ چاقىردى. دىلمۇرات كۆزىنى ئاچالمىدى، گەز باغلاپ كەتكەن

لەۋلىرىلا بىرنېمە دېمەكچىدەك مىدىرلىدى. رۇستەم دىلمۇراتنى كارىۋاتقا ياتقۇزغىچە ئىشتانلىرىنىڭمۇ بۇلغىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ دەرھال چايداندىن پىيالىگە قايناقسۇ قۇيۇپ، ئىلمان قايناق سۇنى قوشۇق بىلەن دىلمۇراتنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى. دىلمۇرات قايناق سۇنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يۇتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى لەپپىدە ئاچتى، ئەمما رۇستەمنى تونۇماي، نېمىلەرنىدۇ دەپ جۆيلۈپ يەنە جىم بولۇپ كەتتى. رۇستەمنى بىردىنلا قورقۇنچ ئورىۋالدى. ئۇ توختىماي ئۇدۇلدىكى ئىشىككە قارايتتى. ئەمما، ئىشىك تېخىچە زەنجىرلەكلىك تۇراتتى، ئىسسىقتىن قوقاستەك قىزىپ كەتكەن توپىلاڭ يولدا ياكى دادۇي ئەتراپىدا بىرەرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭغا دىلمۇراتنىڭ چىرايى بارغانسېرى ئۆلۈكنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇ ئېڭىشىپ دىلمۇراتنى قولىدىن تارتىپ ئاسانلا يۆدۈۋالدى. ئىشىكنى پۇتى بىلەن يېپىپ قويۇپ، يۈگىرىلاق بازاردىكى «شىپاخانا» غا قاراپ چاپتى. دىلمۇراتنىڭ تەلىيىگە شىپاخانىدا گۇڭشېدىن كەلگەن ئۇستا دوختۇر بار ئىكەن. گۇڭشې دوختۇرى بىلەن «يالاڭ ئاياغ دوختۇر»لار بىردىنلا جىددىيلىشىپ دىلمۇراتنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى.

دىلمۇراتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالغان رۇستەم چۆچۈپ ئويغانغىنىدا يېقىن ـ يىراقتىكى خورازلار بەس ـ بەستە چىللىشىۋاتاتتى. ئاسما ئوكۇل شېشىسىدىكى سۇيۇقلۇق تېمىپ ئاز قالغانچە دىلمۇراتنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن چىرايى سۇزۇلۇشكە باشلىغانىدى. گۇڭشېدىن كەلگەن دوختۇر كىرىپ ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ، قاپىقىنى ئۆرۈپ قارىدى، سېستىراغا يەنە قانداقتۇر دورىلارنى قوشۇشنى تاپىلاپ بولۇپ:

ــ يائاللا، ئاخىر خەتەردىن ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن زە، قىل قالدى كېتىپ قالغىلى. ھېلىمۇ مۇشۇنچىلىك ۋاقىتتا ئېلىپ كەپتۇ. يەنە بىر سائەت كېچىككەن بولسا ياش جېنىغا ئۇۋال

بولىدىكەن، — دېدى. ئاندىن رۇستەمدىن:
— بۇ كېسەل ئاكىڭىز بولامدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، رۇستەم ئۇندىمەي بېشىنى لىڭشىتتى. سېستىرا ئايال دەرھاللا:
— ياق، ئاكىسى ئەمەس. بۇ كېسەل ۋىلايەتتىن چېنىقىشقا چۈشكەن زىيالىي ياش. ماۋۇ يېتىم بىزنىڭ مۇشۇ يەرلىك زەينەپخان دېگەن ئايالنىڭ ئوغلى، — دېدى.
— ۋىلايەتتىن كەلگەن؟ ۋىلايەتتىكى كىمنىڭ بالىسىدۇ؟ دادىسىنىڭ ئېتى نېمىكەن؟
— ئاباس دېگەندەك قىلغان، ئېتىنى دىلمۇرات ئاباس دەپ يازىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى رۇستەم.
— ئاباس؟ ئاباس شۈجىنىڭ بالىسىمىدۇ بۇ؟ — دوختۇر چۆچۈگەندەك بولۇپ، ئۆزىچە غودۇڭشۇپ دىلمۇراتنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدى. چىرايى سۇزۇلۇپ، قاش - كىرپىكلىرى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن دىلمۇراتنى كىمگىدۇر ئوخشاتقاندەك بولدى - يۇ، گەپ قىلمىدى.
رۇستەم ھەر كۈنى چۈشتە ئېتىزدىن يېنىپلا ئانىسى قاچىغا ئېلىپ تەييارلاپ قويغان سۇيۇقئاش ياكى شوۋىگۈرۈچنى ئېلىپ دىلمۇراتنى بىر يوقلاپ ئۆتەتتى. دىلمۇرات ئۈچ كۈن يېتىپ كارىۋاتتىن چۈشكۈدەك بولدى. ئۇ زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك ئاشقازان - ئۈچەي ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانىدى. يېقىندىن بېرى نورمىدىكى بۇغداي ئۇنى تۈگەپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك چامغۇر سېلىپ ئۇماچ ئېتىپ ئىچىۋاتاتتى. ئېتىزدىن يېنىپ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەندە قازاندا ئېشىپ قالغان ئۇماچنىمۇ ئىچىۋېرەتتى. ئىسسىق ھاۋادا ئېچىپ قالغان ئۇماچ ئۇنىڭ جېنىنى ئالغىلى تاس قالغانىدى.
دىلمۇرات دوختۇرنىڭ ئارىلىشىشى، داۋېدىكىلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئائىلىسىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن زىيالىي ياشلارنىڭ ياتىقىمۇ تاقىلىپ

قالدى. كۆنلەر ئۆتكەنچە رۇستەم بىلەن روزى ئاخۇن ئۇلارنى كىلىپ قالارمۇ دەپ ئىككى كۈندە بىر ئۇلارنىڭ ياتىقىنى يوقلايتتى.

9 ـ ئايدا زىيالىي ياشلار بىرلا ۋاقىتتا دىگۈدەك قايتىپ كېلىشتى. ھەممىسى خىلى سەمرىپ، پارقىراپ قېلىشىپتۇ، روھىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. شەھەرگە ھەممىدىن تولا قاترايدىغان غەيرەتجان: «دېگەنىبىلەن توغراقلىقىمۇ كۆنۈپ قاپتۇق. شەھەردە تۇرساق، بىر نىمىنىمىز مۇشۇ يەردە قالغاندەك خاتىرجەم بولالمايدىكەنمىز» دىگەنىدى، قالغانلارمۇ «راست شۇنداق» دىيىشىپ كۈلۈشتى. بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇلار ئىشقىمۇ تولۇق چىقىپ تۇردى.

بىركۈنى كەچكە يېقىن، رۇستەم ئۇلارنى يۇرتىنىڭ باش تەرىپىدىكى قۇملۇققا باشلاپ كەلدى. بۇ ئېگىز قۇم بارخانلىرى قەدەممە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان، ئادەم تۆت ئەتراپقا قاراپ قانداقتۇر ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالىدىغان ھەقىقىي قۇملۇق ئىدى. قۇم دۆڭلىرى ئارىسىدىكى رەڭسىز چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تېگىدىن ياۋا توشقانلار «پارت» قىلىپ قېچىپ چىقىشاتتى. پاكارراق دۆڭلەردە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقان كېلەلەر ئادەملەرگە تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئايىغىغا قۇم توشۇپ قېلىپ ماڭالمىغان شەھەرلىك باللار ئاياغلىرىنى سىلىپ يەرگە دەسسەپ بېقىپ، پۇتىغا تىكەن كىرىپ كېتىشتىن قورقۇپ يەنە كىيىۋېلىشتى ۋە رۇستەمنىڭ يالاڭ ئاياغ خىرامان مېڭىپ يۈرگىنىگە ھەۋەس قىلىشتى. رۇستەم خۇددى قۇملۇق شاھزادىسىدەك ئەركىن، مەغرۇر قىيغىتىپ يۈرەتتى. كۆرۈنگەنلا بىر دۆڭگە يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىلا باشقا بىر ئارىلىقتىن پەيدا بولاتتى. شەھەرلىك يىگىتلەر دۆڭلەرگە ھاسىراپ ـ ھۆمۆدەپ ئاران چىقاتتى. چىقىپ بولۇپلا ئۆزلىرىنى تاشلاپ ياتاتتى. رۇستەم ئۇلارنى ئەڭ ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك قۇم

بارخىنى ئۇستىگە باشلاپ چىقتى. ئىلگىرى، مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن سوقۇش ئوينىغاندا، ئۇ مۇشۇ چوققىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئىگىلىۋېلىپ ھېچكىمنى يېقىن يولاتمايتتى. بۇ ئۇنىڭ چوققىسى ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ئاسمانغا قاراپ ياتقان چاغلىرىدا ئۆزىنى كۆچلۈك سېزىپ مەغرۇرلىناتتى. دىلمۇراتلارمۇ بۇ قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىغىنىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەممىدىن ئېگىزدە ئىكەنلىكىنى سېزىپ مەغرۇرلىنىشتى. كۈن ئاللىقاچان پېتىپ كەتكەنىدى. سۇس گۈگۈم پەردىسى يېيىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئاسماننىڭ غەربىدە كەچكى شەپەق چوغدەك تاۋلىنىپ، قاراڭغۇلۇق بارغانسېرى قويۇقلاشتى. قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان سالقىن شامال جاننى ھۇزۇرلاندۇراتتى. قۇم تېخى ئىسسىق ئىدى. قۇم دۆۋىسىدە ئاسمانغا قاراپ ياتقان بالىلار بىپايان ئاسمان گۈمبىزىدە سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ بىر ـ بىرلەپ چاراقلاپ يانغىنىنى كۆردى. ئاشۇ يۇلتۇزلار ئۇلارنىڭ قەلبىدىمۇ بىھېساب ئارزۇ ـ ئارمان ئۇچقۇنلىرىنى ياندۇرغاندەك بولدى. ئۇلار كائىناتنىڭ گۈزەللىكىدىن سېھىرلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەن ئاشۇ دەقىقىلەردە كۆڭۈللىرىنىڭ زېرىكەرلىك، ئىستىقبالىنىڭ تايىنسىزلىقىنى ۋە بارلىق غەم ـ ئەندىشىلىرىنى ئۇنتۇدى. باش ئۇستىدە، كۆز ئالدىدا، قول ئۇچى، ھەتتا ئايغلىرىدا چاقناۋاتقان يۇلتۇزلار قانداقتۇر خىيالىي ھۆر ـ پەرىلەرنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايتتى. كېچىنىڭ قارا لىباسلىرىغا ئورالغان ھۆر ـ پەرىلەر ئۇلارغا جىلۋە قىلىپ، ئۆزلىرىگە چاقىراتتى. غۇر ـ غۇر شاماللاردىن سۆيگۈ يوللايتتى. 18 ياشلىق يىگىتلەرنىڭ ياشلىق تۇيغۇلىرى قۇملۇقتا، يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى ئاستىدا ئەنە شۇنداق ئويغىنىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار چوڭ بولۇپ قالغانىدى.

11 ـ ئايدا، يۇقىرىدىن ئىشچى قوبۇل قىلىدىغانلار كەلدى. دادۇي مەسئۇللىرى، زىيالىي ياشلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلىشىپ، ئۇقتۇرۇش كۇتۇشنى ئېيتىپ كېتىپ قېلىشتى. بىرەر ئايغا قالماي، غەيرەتجان بىلەن قەيسەر ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنىپ توغراقلىقتىن ئايرىلدى. ئۇلار ھارۋىغا جايلىشىپ مېڭىپ بولغۇچە، دېھقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ ئۇلارنى ئۇزاتتى. كېتىۋاتقانلارنىڭمۇ، دېھقانلارنىڭمۇ يەككە ـ يېگانە قالغان دىلمۇراتقا قاراپ ئىچى سىيرىلدى. بىراق، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. رۇستەم دىلمۇراتنىڭ ياتىقىغا كۆچۈپ باردى. بىر قىشنى ئۇلار بىللە ئۆتكۈزدى. دىلمۇرات نېمىشقىدۇر شەھەرگە قايتىشنى ئويلاپ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى.

ئەتىيازدا توغراقلىققا بىر پىكاپ كەلدى. پىكاپ دادۇي ئىشخانىسى ئالدىدا بىر پەس توختاپ، كېيىن ئېتىز تەرەپكە كەتتى. پىكاپنىڭ شوپۇرى بىلەن ئورۇق، ئېگىز، ئاق يۈزلۈك كەلگەن كادىر دىلمۇراتنى ئېتىزلىقتىن ئىزدەپ تېپىپ پىكاپقا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. پىكاپنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان كىشىلەر نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرالماي قېلىشتى. ئاق يۈزلۈك كادىر سورىغانلارغا ئوچۇق چىراي بىلەن: «شەھەردە ئازراق ئىشى بار، ئىشنى تۈگىتىپ يەنە كېلىدۇ» دېدى. دىلمۇرات كەتكەندىن كېيىن كىشىلەر ئابدۇغېنى ئاخۇندىن دىلمۇراتنىڭ ۋىلايەتتىكى چوڭ بىر باشلىقنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى، دادىسى تۈرمىدىن ئازاد قىلىنىپ ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلگەنلىكتىن، ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن شەھەرگە ئالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. دېھقانلار خۇددى ئۆزلىرىنىڭ بالىسى ئۈچۈن خۇشال بولغاندەك خۇشال بولۇشۇپ: «ھەرنېمە بولسا دىلمۇراتجاننىڭمۇ ئىشى ئوڭغا تارتىپتۇ» دېيىشىپ كېتىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي دىلمۇرات قايتىپ كەلدى. بۇ قېتىم توغراقلىقتا

بىر ھەپتە تۇرۇپ، ھەممەيلەن بىلەن خوشلىشىپ، يەنە كېلىشكە ۋەدە قىلىپ كەتتى. يولغا چىقىش ئالدىدا كىتابلىرىنى روزى ئاخۇنغا بېرىۋەتتى. رۇستەم بىلەن روزى ئاخۇن ئۇنى گۇڭشېغىچە ئۇزىتىپ باردى. شۇ يىلى كۈزدە توغراقلىقلار دىلمۇراتنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىدىكى قايسىبىر چوڭ شەھەرگە ئوقۇشقا كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىشتى..

شۇ يىلى قىشتا، تۇردى قارىي بىلەن ھېلىمىگۈلنىڭ تويى بولدى. تويدىن كېيىن رۇستەمنىڭ ۋىلايەتتە ئېچىلغان تەرجىمان يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كېلىپ قالدى. دادۇيدىكىلەر «رۇستەمنى دىلمۇراتنىڭ دادىسى ئۆزى چاقىرتىپتۇ» دېيىشەتتى. رۇستەم تەييارلىق قىلىپ بىر ھەپتە ئىچىدىلا يولغا چىقىپ كەتتى. زەينەپ كېلىنلىك بولدى. ئەمما، بىر ئوغلى ئۇچۇرۇم بولغان قۇشتەك يىراققا ئۇچۇپ كەتتى. رۇستەمنى كۈندە كۆرۈپ تۇرالمايدىغانلىقىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولسىمۇ، يېزىنىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلغانلىقىنى ئويلاپ خۇشال بولۇپ قالاتتى. ئابدۇغېنى ئاخۇن:

— رۇستەمنىڭ تەلىيى بار ئىكەن. ئەمدى بۇ يەرلەرگە كەلمەيدۇ. ئاbbas شۇجىنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ كېتىدۇ. ئۆزىمۇ ئەقىل ـ ھوشى جايىدا، خېلى جىگەرى بار ئادەم بولغان، — دېدى.

رۇستەم يولغا چىقىپ كەتكەن كۈنى ئاخشىمى زەينەپخان جايىنامازدا ھەر كۈندىكىدىن ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇ بالىلىرىنىڭ ساق ـ سالامەت چوڭ بولۇۋاتقىنىغا، ئىككى ئوغلىنىڭ قولدىن چىققىنىغا شۈكۈر دەپ ئاللاغا تەشەككۈر ئېيتتى. بالىلىرىغا ئاسانلىق، بەخت ـ سائادەت تىلىدى. توختى قارىي بىلەن خىيالەن سۆزلىشىپ ھېچكىمگە تىنغىلى بولمايدىغان قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى، خۇشاللىق ۋە ئارمانلىرىنى ئىزھار قىلدى. ئۇ

20 يېشىدىلا بۇ دۇنيادا يەككە ـ يېگانە قالغانىدى. چۆچۈرىدەك باللىرى ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ ـ يالغۇز گىياھتەك ئاجىز ئايال بەش بالىغا ئانا ھەم دادا بولدى. ئۇ ئۆمرىدە ئاچلىق ۋە يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى بەك تارتتى. سۆڭەك ـ سۆڭەككىچە ئۆتۈپ كەتكەن بۇ دەرد ئۇنىڭ ياشلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، بارلىق ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى بوغۇپ ئۆلتۈردى. ئۇنى ئەمگەك قىلىشنىلا بىلىدىغان، ھېرىپ ـ چارچىمايدىغان، قايغۇ ـ ھەسرەت چەكمەيدىغان، ئىنتائەتچان بىر بەندىگە ئايلاندۇردى. ئۇ بەزىدە ئۆزىنى ئەترەتنىڭ ئۇچىسى يېغىر بولۇپ كەتكەن، ئىشلەپ ھارمايدىغان، ئۇندىمەيدىغان كالىلىرىدىن پەرقلەنمەيدىغاندەك سېزەتتى، ئەمما ئۇ كالىدىنمۇ بىچارە ئىدى. كالىنىڭ ئىچ ئاغرىتىپ دۇمبىسىنى سىلاپ، يېغىرىنى ياغلاپ قويىدىغان باقquچىلىرى بار ئىدى. ئۇ ئاغرىپ قالسىمۇ، باللىرىنى ئويلىسىلا ئۆمىلەپ قوپۇپ كېتەتتى، ئاغزىدىكىنى ئېلىپ باللىرىغا بېرەتتى، ئۆزى كىيمەي باللىرىغا كىيگۈزەتتى. ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنى، زىبالىقى كونا، يىرتىق كىيىملەردە، ئاچلىق، بوران، ئاپتاپ، جۇدۇنلاردا قالدى. ئۇ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، ئەتىۋارلىنىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا كېلىنى ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ: «ئاش ئىچىۋالسىلا ئانا» دېگەندە ھودۇقۇپ قالدى. ئاش ئىچىۋېتىپ ھۇ تارتىپ يىغلاپ كەتكىلى تاس قالدى. ھېلىمۇ مۇشۇ كۈنلەرنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغان خۇداغا شۈكۈر.

مانا روزى ئاخۇن بىلەن زۇمرەتمۇ تەپتەڭ چوڭ بولۇپ قالدى.ئەخمەت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. زۇمرەتكە ھېلىتىن ئەلچىلەر كېلىۋاتىدۇ. ئەمما، زۇمرەتتىن ھېچ سادا يوق. داخانغا ئاپىرىپ باقىدىغان ئىشىمىكىن... ئۇ نەمەتنىڭ جىيەن ئوغلى ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان ھۈنەرنى تېپىۋاپتۇدەك دەپ ئاڭلىغانلىرىنى ئەسلەپ، كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر ئىشلارنى پۈكتى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

خۇشاللىق ياراشمىغاندەك، يېقىندىن بويان زۆمرەت تازا ساق بولالمىدى. پات ـ پاتلا قىزىپ قالىدىغان بولۇپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ياداپ كەتتى. گالدىن غىزا ئۆتمىگەندىكىن، پوت ـ قولىدا ماغدۇر بولامدۇ، بۈگۈن ئۇ باغدا كىر يېيىمۋېتىپ بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئۇ دەرەخكە يۆلىنىپ، يېنىدىكى ئۆرۈك كۆتىكىدە خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. ئالا مۈشۈكىمۇ ئۇنىڭ پۇتىغا سۈركىلىپ ئولتۇرۇپ مۈگدەشكە باشلىدى. ئۇدۇلدىكى تىكەنلىك قاشاغا يامىشىپ ئۆسكەن ھەشقىپېچەك، يۆگىمەچلەر ئاق، سۆسۈن، سېرىق رەڭدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. كېپىنەكلەرمۇ گۈللەر ئۈستىدە قاناتلىرىنى جۇپلەپ مۈگدەۋاتقاندەك قىلاتتى. قاشاغا قونۇۋالغان قۇشقاچلار ۋىچىرلاپ سايرىشاتتى. زۆمرەتنىڭ كۆزلىرى قاشادا، خىيالى تېخىمۇ يىراقتا ئىدى. ئۇ بولتۇر مۇشۇ يەردە شەھەرلىك يىگىتلەرنىڭ ئاش ئىچكەچ پاراڭلىشىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرغىنىنى، كىتابنى تولا ئوقۇيدىغان دىلمۇراتنىڭ ئۇنىڭ قولىدىن ئاشنى ئالغۇچە گەدەنلىرىگىچە قىزىرىپ كەتكىنىنى، شۇ كۈنى ئۇ ئۇلارغا چاي، تاماق توشۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا دىلمۇراتنىڭ ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم ئوغرىلىقچە قارىغىنىنى ئەسلىدى. كېيىن ئۇ ئاكىسىنى ئىزدەپ ئۇلارنىڭ ياتىقىغا بارغانىدى. ياتاقتا دىلمۇرات يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ زۆمرەتنى كۆرۈپ يەنە قىزاردى. زۆمرەت ئۇنىڭدىن كىتاب سورىدى. ئۇ ھودۇقۇپ تۇرۇپ ياستۇقىنىڭ تېگىدىن «كاپىتان قىزى» دېگەن كىتابنى ئېلىپ

بەردى. زۆمرەت كىتابنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان چېغىدا دىلمۇرات ئۇنىڭغا نېمىدۇر دېمەكچىدەك، ئەمما دېيىشكە پېتىنالمىغاندەك ھالەتتە ئولتۇرۇپ قالغانىدى. زۆمرەت كىتابنى ئىككى ئاخشامدىلا ئوقۇپ بولدى. مۇھەببەتتىكە سادىق ھەم يۈرەكلىك كاپىتان قىزى ئۇنىڭغا بەك ياردى. ئۇ كىتابنى ئاپارغاندا ياتاقتا غەيرەت بىلەن دىلمۇرات بار ئىكەن. ئۇ ئۇلارنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماي، كىتابنى قويۇپلا يېنىپ چىقتى. ئۇ ئاشۇ كىتابنى ئېلىپ قالماي نېمىشقا ئاپىرىپ بەرگەن بولغىيدى ـ ھە. ئۇ بەك ياخشى كىتاب ئىدى. كېيىن... دىلمۇرات ئاغرىپ قالدى، ساقايغاندىن كېيىن ئۆيىگە كەتتى، ئۇ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەندە، زۆمرەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. كېتىدىغان چاغدىمۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدى. نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ ـ ھە. ئۇ ھەرگىز ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالمايتتى. ئىككى ئېغىز چىرايلىقچە خوش دەپ قويسا بولاتتى. ئەمما، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. زۆمرەتنىڭ دىلى ئازار يېدى. گەرچە ئۇنىڭ دىلمۇراتتىن ئاغرىنىشقا ھەققى بولمىسىمۇ... ئانىسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى زۆمرەتنىڭ خىياللىرىنى بۆلدى. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇشىغا پۈتىغا يۆلىنىپ مۆگدەۋاتقان مۇشۇك پارتىتىدە قىلىپ قاشا تەرەپكە قاچتى. قاشاغا قونۇپ سايرىشىۋاتقان قۇشقاچلار پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىشتى. گۈللەرگە قونۇپ چۈش كۆرۈۋاتقان كېپىنەكلەرمۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ پىرىلداپ ئۇچۇشقا باشلىدى. زۆمرەت ئۆيى تەرەپكە كېتىۋاتقىنىدا بېشى يەنە بىر قېتىم قايدى. بۇ قېتىمقىسى سۇسراق ئىدى.

زۆمرەت ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئۇ ئىتىزدا يىقىلىپ قالغانىدا ئاياللار كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ قويۇشقانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ، خۇدىنى بىلىپ ـ بىلمەي يېتىپ كەتتى. چىرايىمۇ بىرنەچچە كۈندىلا ئادەم كۆرسە قورققۇدەك سارغىيىپ كەتتى. تۇردى قارىي بىلەن زەينەپ ئۇنى گۈگۈشىغا ئېلىپ باردى.

بۇ يەردىكى دوختۇرلار ئۇنى چوڭراق يەرگە — ۋىلايەتكە ئاپىرىڭلار، دېدى. ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىكىلەر زۇمرەتنى ئاسما ئوكۇل بىلەن داۋالىدى. بىرنەچچە كۈندىلا زۇمرەتنىڭ چىرايى ئوڭشىلىپ، تاماققىمۇ كىرىشىپ قالغانىدى، زەينەپخان ئوغۇللىرىنى دوختۇر بىلەن سۆزلىشىپ بېقىڭلار، ئەمدى چىقىپ كەتسەك بولار، دەپ ئالدىرىتىشقا باشلىدى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا دوختۇر ئۆزى تۇردى قارىي بىلەن رۇستەمنى چاقىرتتى. كۆزەينەك تاقىۋالغان، ئۇيغۇرچە گەپنى بەك چىرايلىق سۆزلەيدىغان خەنزۇ دوختۇر ئۇلارغا:

— سىڭلىڭلارنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قاپتۇ. بىز مۇشۇنچىلىك قىلالايمىز. بىراق، ئۇزۇل - كېسىل ساقايتالمايمىز. ئۇنىڭ كېسىلى ئۇزاق ئۆتمەي يەنە قوزغىلىدۇ. قوزغالسىلا ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، دەرھال قايتۇرۇپ ئەكىتىپ ئوبدان بېقىڭلار، ھەرگىز زۇكامداپ قالمىسۇن، — دېدى.

ئۇ بۇ سەھرالىق يىگىتلەرگە بۇ كېسەللىكنى مەملىكەت بويىچە ئىچكىرىدىكى بىرنەچچە چوڭ دوختۇرخانىلارلا داۋالىيالايدىغانلىقىنى، ئەمما داۋالاش خىراجىتى ئادەم قورققۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئەمما ساقىيىش نىسبىتى 30 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىدى. ئۇنىڭغا بۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بەش قولدەك ئايان ئىدى.

رۇستەم بىلەن تۇردى قارىي ئۇنىڭ گەپلىرىنى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك جىمىدە ئاڭلاپ تۇرۇشتى. كېيىن:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ئۆلۈپ قالمايدۇ، — دەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىشتى.

رۇستەم دوختۇرغا ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا:

— سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن! ئۇ بىر ئوبدان ساقىيىپ

قالدىغۇ مانا، سەن بىزنى سەھەرلىق، پۇلى يوق دەپ كۆرۈۋاتامسەن؟ ئاڭلاپ قوي، بىز قىنىمىزنى، جىنىمىزنى سېتىپ بولسىمۇ، سىڭلىمىزنى داۋالىتىمىز! ئېيتە، نەچچە پۇل كېتىدۇ زادى؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇنداق پاجىئەلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆپ كۆرگەن، يەنە كېلىپ بۇ پاجىئەنىڭ مۇشۇنداق ياش، سۆيۈملۈك يىگىت ـ قىزلار ھەم بالىلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقانلىقىغا ئۆزىنىڭمۇ ئىچى سىيرىلىدىغان دوختۇر ئۇندىمەي جىممىدە قاراپ تۇردى. ئاخىر تۇردى قارىي بىلەن رۇستەم كۆزلىرىنى سوغۇق سۇدا يۇيۇۋېتىپ، چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۇگۇرتۇپ ئانىسىغا:

— زۇمرەت ياخشى بولۇپ قاپتۇ، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن چىقىپ كەتسەك بولىدىكەن، — دېدى.

ئەتىسى ئاباس شۇجى ئۆزى دوختۇر بىلەن كۆرۈشۈپ، داۋالاش ئىمكانىيىتى بولسىلا ئۆزىنىڭمۇ قاراپ تۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. دوختۇر ئۇنىڭغا زۇمرەتنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ۋە داۋالاشنىڭ ئۆزى بىلىدىغان ھەممە ئىمكانىيەتلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۇردى. ئاباس شۇجىمۇ سۇكۇتكە چۆمدى. قارىغاندا تەن بەرمەي بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

ئاباس شۇجى زەينەپخان بىلەن زۇمرەتنى ئۆيىدە ئۈچ كۈن تۇرغۇزۇپ مېھمان قىلدى. شۇجىنىڭ قىزى گۇلناز ئۇلارنى پىكاپ بىلەن شەھەر ئايلاندۇردى. غەيرەتجان تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ رەسىمخانىغا ئورۇنلاشقانىدى. ئۇلار ئىزدەپ بارغاندا، ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. گۇلناز بىلەن زۇمرەتنى گاھ ئۆرە تۇرغۇزۇپ، گاھ ئولتۇرغۇزۇپ، ئارقا تەرەپتىكى كۆرۈنۈشلەرنى نەچچە قېتىم يەڭگۈشلەپ ئايرىم ياكى بىرلىكتە سۈرەتكە تارتىپ قويدى. زەينەپخانمۇ قىزلار بىلەن ھەم ئۆزى يالغۇز بىرنەچچە سۈرەتكە چۈشتى. گۇلناز ئۇلارنى يەنە ئەسقەر ئورۇنلاشقان دېھقانچىلىق

سايىمانلىرى زاۋۇتىغىمۇ ئېلىپ باردى، ئەمما ئەسقەر ناھىيەگە خىزمەتكە كەتكەنلىكتىن ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدى.

مېھمانخانا ئۆينىڭ تۆرىدە دىلمۇراتنىڭ ئىچكىرىدە چۈشكەن سۈرىتى بار ئىدى. سۈرەتتىكى دىلمۇرات سەل ئورۇقلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ كالتە يەڭلىك ئاق كۆڭلەك كىيىپ رەڭگارەڭ گۇللەر ئېچىلىپ كەتكەن، قويۇق دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، قارىماققا باغچىغا ئوخشايدىغان بىر يەردە ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، يىراققا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بىر تۇتام بۇدۇر چېچى پېشانىسىگە چۈشۈۋالغانىدى. ئابباس شۇجى ئوغلىنىڭ گېپى چىقسا ئېچىلىپ كېتەتتى. گەپ ـ سۆزلىرىدىن پەخىرلىنىش چىقىپ تۇراتتى.

زەينەپخان بىلەن زۇمرەتنى ئابباس شۇجىنىڭ شوپۇرى توغراقلىققا ئاپىرىپ قويدى. زۇمرەت توغراقلىققا قايتىپ كېلىپ ئىككى ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەي يىقىلدى، شۇ يىقىلغانچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇنىڭ چولپان كۆزلىرى ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قار ـ يامغۇر تۆكۈلۈپ تۇرغان ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى قايتا كۆرەلمىدى. ئۇ بىر كېچە ـ كۈندۈز تىپتىنچ ياتتى. ئىككىنچى كۈنى سۇبھىدە، يىراق ـ يېقىندىكى خورازلار بەس ـ بەستە چىللاشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭ شېشىدەك سۈزۈك، قانسىز چىرايىغا نېمىدۇر سايە تاشلاپ ئۆتكەندەك بولدى. ئۇزۇن كىرپىكلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترىدى. سۇسقىنە لىپىلداپ تۇرغان بويۇن تومۇرى ھېرىپ قالغاندەك توختاپ قالدى. زەينەپ خۇددى كىچىك ۋاقىتلىرىدىكىدەك قىزىنى قۇچىقىغا ئېلىپ تەۋرىتىپ ئولتۇردى. زۇمرەت شۇنچىلىك يەڭگىل، خۇددى بوۋاقتەك كىچىككىنە ئىدى. چىرايىدا تارتىنىش، ئازاب، ھەسرەت ـ نادامەتتىن ئەسەر يوق، بىر خىل پاك، شېرىن تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرغاندەك ئىدى. «ئۇنىڭغا دادىسى بەك

ئامراق ئىدى، بىردەم كۆرمىسە چىداپ تۇرالمايتتى. دادىسى يېنىغا ئېلىپ كەتتى.» زەينەپخاننىڭ خىيالىدىن شۇ ئوي كەچتى. ئۇ بىرەر ئاي ئىلگىرى كۆرگەن چۈشنى شۇنداق ئېنىق ئېسىگە ئالدى.

زۇمرەتنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرى ئىمىش. توختى قارىي تالادىن كىرىپلا زۇمرەتنى بۆشۈكتىن يېشىپ «بۆشۈكتە يېتىۋېرەمدۇ بۇ. ئۇۋال ئەمەسمۇ بۇنىڭغا، مەن بېقىپ كىرەي» دەپ كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك. زەينەپ: «ۋاي توختاپ تۇرسىلا، ماۋۇ پوسمىسى قالدى» دەپ توۋلىسىمۇ ئارقىسىغا قاراپ قويمىغۇدەك.

شۇ چۈشنى كۆرگەندىن تارتىپ زەينەپنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەندىشە كىرىۋالغانىدى. زۇمرەتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە سولۇپ، سارغىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتەتتى. قىزى ئىككىنچى قېتىم يىقىلغاندا زەينەپخان شۇ چۈشنىڭ تەقدىردىن بېرىلگەن بېشارەت ئىكەنلىكىنى، تەقدىرنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان قىزىنىڭ ئۆلۈمى ئالدىدا زەينەپ ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان بىر قەيسەرلىكنى ئىپادىلىدى. ئۇ بۇ كۈچنى ئاللانىڭ بەرگەنلىكىگە، قىزىنى ئاللانىڭ ئۆزى ئېلىپ كەتكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتى. ئاللا ئۇنىڭ ئېرى توختى قارىينى ياشلا ئېلىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى پورەكلەپ ئېچىلىشقا يۈزلەنگەن غۇنچىدەك پاك ھەم گۈزەل قىزىنى ئېلىپ كەتتى. ھەممىنى ياراتقۇچى، ھەممىنى بەلگىلىگۈچى، ھەممىنى بىر يولدا قويغۇچى ئاللادۇر. ئېھ ئاللا، ئاجىز قىزىمنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغايسەن، ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلغايسەن...

زەينەپخان لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنگە ئەنە شۇنداق نىدا قىلدى. ئايزىمخان بىلەن ئالتۇنگۈل مېيىتنى يۇيىدىغان ئاياللارنى چاقىرىپ كەلگۈچە زەينەپخان شۇ ھالەتتە

ئولتۇردى. بىرى قىرى، بىرى ياش ئىككى بوۋى زۇمرەتنى تاختاي ئۈستىدە ياتقۇزغاندا زەينەپ باشقا ئۆتۈپ قىزىنىڭ كىيىملىرىنى ئۆزى سالدۇردى. ھېلىمىگۈلنىڭ ۋە باشقا ئاياللارنىڭ توسقىنىغا، نەسىھەتلىرىگە قارىماي، بوۋىلەرگە سۇنى ئۆزى تەڭشەپ، ئۇلارنىڭ قىزىنىڭ بەدەنلىرىنى سىلاپ يۇيۇشىغا قىزغانغاندەك قاراپ تۇردى. ئۇنى ئۆرۈگەن چاغلىرىدا خۇددى بىر يېرىنى ئاغرىتىۋېتىدىغاندەك چىدىماي قالدى. بېشىدىن تارتىپ پۇتىنىڭ ئۇچىغا قەدەر خۇش پۇراقلىق ئوت ـ چۆپلەرنىڭ سۈيىدە پاكىز يۇيۇلغان زۇمرەت تاختايدا سۈرەتتەك ياتاتتى. نەم چاچلىرى پېشانە گەدەنلىرىدە ھالقا ـ ھالقا بولۇپ تۇراتتى. سىزىپ قويغاندەك قاش ـ كىرپىكلەر، ئىلىپتەك بۇرۇن، سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئوماق لەۋلەر، ئەمدىلا يېتىلگەن قىزلارغا خاس مەرمەردەك سۈزۈك بەدەن، تۇغۇلغاندىن تارتىپلا زەينەپنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈپ كەلگەن، كىچىكىدە ئۇ پۇراپ، سۆيۈپ قانمايدىغان پۇت ـ قوللار ... مۇشۇنچە گۈزەللىكلەرنىڭ راستتىنلا تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلۈپ كېتىدىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. يۈرەكلەر چىدىماي لەختە ـ لەختە بولاتتى. ئىككى بوۋى زۇمرەتنى قائىدە بويىچە كېپەنگە ئالدى. زەينەپخاننىڭ ئوغۇللىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ۋىدالىشىۋېلىش ئۈچۈن كىرىشتى. ئۆينى يىغا ـ زار قاپلىدى. زەينەپخان شۇ چاغدا ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا كېلىپمۇ كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ مىت قىلماي يېتىۋەردى. بوۋىلەر ئۇنىڭغا بىر پىيالە دېمىدە سۈيى ئىچۈرۈپ قويغاندىن كېيىنلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ئەتىسى سەھەردە قوپۇپ:

— زۇمرەت، قىزىم سەن نەدە؟ — دەپ تۇۋلاپ ھەممەيلەننى ئويغىتىۋەتتى. ئەتراپىدا يىغلاپ تۇرغان باللىرىغا بىر قاراپ قويۇپ، بېشىنى تۇتۇپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ ۋارقىرىدە ئۈن سېلىپ يىغلىدى. بىرەر ئايغىچە كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى.

كېيىن بارا ـ بارا تىنچىپ، جىمغۇر بولۇپ قالدى. كۈنلىرىنى قىزنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ياكى جاينامازدا ئۆتكۈزەتتى. كۈنلەپ ئاغزىغا بىر نەرسە سالمايتتى. كېيىم ـ كېچەكلىرىنى بولۇشىغا كىيەتتى. تېخى يېقىنغىچە قوندۇزدەك تۇرغان چاچلىرى بىردىنلا ئاقىرىپ، چۇۋۇلۇپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

روزى ئاخۇن بىلەن زۇمرەت قوشكېزەك بولسىمۇ، بىر ـ بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار باشقا قوشكېزەكلەردەك ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغۇلمىغانىكەن. روزى قارىي تۇغۇلۇپ بولۇپ بىر نەچچە سائەتكىچە بالىنىڭ ھەمرىيى چۈشمەپتۇ. تۇغۇت ئانىسى بالا ھەمرىيىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپتۇ. كۈتمىگەندە يەنە بىر قىز بوۋاق تۇغۇلۇپتۇ. ئۇ كىچىك، ئەمما جېنى چىڭ ئىكەن. ئىنچىكە ئاۋازدا ئىڭەلەپ يىغلىغاندا، ئاۋازىنىڭ ياڭراقلىقىدىن ھەممە ئادەم ھەيران قالغانىكەن.

زۇمرەت بۇ ئائىلىنىڭ بىردىنبىر قىز پەرزەنتى بولغانلىقى ھەم ئوماق، چېچەنلىكى بىلەن ھەممىلا ئادەمنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە، مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئاكىسى بولسا تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمىدى. ئۇ ياشىنىپ قالغان، كەمسۆز چوڭ دادىسىنىڭ ئارقىسىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش كەمسۆز، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ يالغۇز ئوينايدىغان بولۇپ چوڭ بولدى. ئەمما، روزى ئاخۇن ئەزەلدىن سىڭلىسىغا ھەسەت قىلمايتتى. ئەكسىچە ئۇنىڭ كۆڭلىدە سىڭلىسىغا نىسبەتەن پەۋقۇلئاددە يېقىنلىق ھەم چۈشىنىش بار ئىدى. زۇمرەتنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قالسا، ئۇمۇ تەڭ بىئارام بولاتتى. ئۇ يىغلىسا، بۇنىمۇ يىغا تۇتاتتى. بەزىدە سىڭلىسىنى قارا بېسىپ قالسا، ئۇمۇ قورقۇپ، يىغلاپ ئويغىنىپ كېتەتتى. ئۇ بىر ئىشنى زادى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ 8 ـ 7

ياشلارغا كىرگەن ۋاقتى ئىدى. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە قاتتىق
يەر تەۋرەپ، ئۆيلەر سىلكىنىپ كەتتى. ئىتلار ئەنسىز قاۋاپ
ئۆيدە، ھويلىدا نېمىلەردۇر تاراقلاپ ئۆرۈلدى. زۆمرەت بىلەن
روزى ئاخۇن تەڭلا چۆچۈپ ئويغاندى. زۆمرەت «ئانا، ئانا!» دەپ
يىغلاپ ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئانىسى
بىلەن چوڭ ئاكىسى يېرىم كېچىدە سەھەرلىك «دولقۇن»غا
چىقىپ كېتەتتى. روستەم بىلەن كىچىك ئەخمەت ھېچ نەرسىنى
سەزمەي ئۇخلاۋاتاتتى، زۆمرەت پىلدىرلاپ يۈگۈرۈپ مەھەللە
سىرتىدىكى ئېتىزلىققا قاراپ ماڭدى. ئاسماننى قورقۇنچلۇق
قىزغۇچ تۇمان قاپلىغان بولۇپ، چۆل تەرەپتىن ئىسسىق شامال
ئۆرۈلۈپ تۇراتتى. قانداقتۇر يوچۇن بىر نەرسە بالىلارنىڭ
كۆڭلىگە ۋەھىمە سېلىپ، دېمىنى سىقاتتى. روزى ئاخۇنغا
ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان سىڭلىسى خۇددى قىزغۇچ تۇمان
ئىچىدە يوق بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئاۋازىنىڭ بارىچە
«زۆمرەت! توختاپ تۇر، توختا!» دەپ تۇۋلاپ ئۇنى تۇتۇۋالماقچى
بولاتتى. ئۇ يېتىشىپ كەلدى. قوللىرىنى ئۇزىتىپ زۆمرەتنى
تۇتۇۋالماقچى بولدى. بىراق، زۆمرەت ئۇنىڭ بارماقلىرى
ئارىسىدىن چىقىپ، قۇشتەك قانات كەرگىنىچە يەرگە دۈم
چۈشتى. ئۇنىڭ مىدىرلىماي ياتقىنى ياتقاندى. روزى ئاخۇن
ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ «ئۆكام، قوپە، ئۆيگە كېتىمىز» دەپ
يالۋۇردى. تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى يۆلىدى. زۆمرەتنىڭ
چىرايى تامدەك تاتارغان، يۈز ـ كۆزى، لەۋلىرىگە كۆل رەڭ قۇم
چاپلىشىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا ۋەھىمىدىن روزى ئاخۇننىڭ
ئاغزى گەپكە كەلمىدى. پەقەتلا قولىنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭ يۈزىدىكى
قۇملارنى چۆشۈرۈۋەتمەكچى بولدى. زۆمرەت غەلىتە بىر ئاھاڭدا
ئۇنىڭدىن: «ئاكا، مەن ئۆلۈپ قالدىممۇ؟» دەپ سورىغان، بۇ سۆز
روزى ئاخۇننىڭ گۆدەك قەلبىدە تۇنجى قېتىم شۇنچە كۈچلۈك
ۋە شۇنچە ئېنىق ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى قوزغىغانىدى. ئەتىسىدىن

تارتىپ ھاۋا ئىسسىپ، ئاسماندىن توختىماي توپا ـ تۇمان ياغدى. دەل ـ دەرەخ، زىرائەتلەرگە قۇرت چۈشۈپ كەتتى، بۇ قۇرتقا دورا كار قىلمايتتى. مېۋىلەر ئۇششاقلاپ، قېتىپ، يىلىم ئۆرلەپ تۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

بارا ـ بارا قۇملۇقتا يەر تەۋرەيدىغان، ئاسماندىن توپا ـ تۇمان ياغىدىغان ئىشلار ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلاندى. ئۇنىڭدىن ھېچكىم قورقۇپ كەتمەيتتى. بىراق، ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ زۇمرەت ئاغرىپ قالغان كۈنلەردە، روزى ئاخۇن ئۇدا بىرنەچچە قېتىم خۇددى ئەينى يىللاردىكى بىر تاڭ سەھەردەك ئاشۇ تاڭ سەھەرنى، ئاسماننى قاپلىغان قىزغۇچ تۇمان ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقان زۇمرەتنى چۈشىدى. ئۇ چۈشىدە قورقاتتى، چۆچۈپ ئويغىنىپ تېخىمۇ قورقاتتى. يۈرىكىدىكى ۋەھىمە ۋە ئازابتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى. زۇمرەت سەكراتتا ياتقان ئاخشىمى سەھەرگە يېقىن كۆزى ئىلىنىپ يەنە چۈش كۆردى.

ياز كۈنى ئىدى. ئۇ خاماندا ياتاتتى. ئەتراپىدىكى بۇغداي چەشلىرىدىن مەززىلىك پۇراقلار تارقىلىپ تۇراتتى، ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقنىشاتتى. ئۇ ئۇخلىماقچى بولۇپ تۇرۇۋشىغا، سىڭلىسىنىڭ ئالا مۇشۇكى ئاستا يېنىغا كېلىپ سۈركەلدى. روزى ئاخۇن كۆڭلىدە «ئۆيدىن قېچىپ چىقىپتۇ بۇ، زۇمرەت ئىزدەپ قانچە ئاۋارە بولۇۋاتقاندۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنى قوينىغا سېلىپ بېشىنى سىلىدى. مۇشۇك ئۇنىڭغا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، مۇلايىملىق بىلەن جىمىمىدە ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتكەندەك بولۇشىغا، ئۇنىڭ قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك قوپۇپ «قايتىپ كەلسە بولاتتى» دەپ قاراپ تۇرسا، مۇشۇك مېڭىپ خاماننىڭ چېتىگە بارغاندا بىردىنلا زۇمرەتكە ئايلاندى. ئۇ ئاكىسىغا يېنىش ـ يېنىشلاپ قاراپ:

— خوش ئاكا، خۇدايىمغا ئامانەت، — دەپلا غايىب بولدى.

روزى ئاخۇن:

— زۇمرەت، زۇمرەت! — دەپ تووۋلىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئىچكىرىكى ئۆيدىن ھىلىمگۇل ھو تارتىپ يىغلاپ چىقتى. ئۇنى كۆرۈپلا تۇردى قارىي بىلەن رۇستەم ئىچكىرىكى ئۆيگە ئۆزلىرىنى ئاتتى. روزى ئاخۇن ئارقىدىن كىرىپ ئانىسىنىڭ چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن زۇمرەتنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئاستا ئەللەي ئېتىپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى.

روزى ئاخۇن دائىم سىڭلىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدىكى ئوت – چۆپلۈكتە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ سىڭلىسىنى، كىچىكىدە دىرەكسىز يوقاپ كەتكەن دادىسى بىلەن چوڭ دادىسىنى ئويلايتتى. مۇشۇ يەردىلا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمە ۋە سېغىنىش ئاز – تولا بېسىلغاندەك بولاتتى. تولا چاغلاردا تۇپراق بېشىغا ئانىسىمۇ كېلەتتى. قەبرە ئەتراپىنى سۈپۈرۈپ پاكىزلاپ، يانچۇقىدىن بۇغداي دانلىرىنى ئېلىپ قۇشقاچلارغا چېچىپ بېرەتتى. ئانا – بالا ئىككىسى بەزىدە پاراڭلىشىپمۇ قالاتتى. بىر قېتىم روزى ئاخۇن ئۇنىڭغا زۇمرەتنىڭ كىچىك ۋاقتىدا يەر تەۋرىگەندىن قورقۇپ كەتكەن چاغدىكى ئىشلارنى، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى كۈنى سەھەردە كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ بەردى. زەينەپخان ئاڭلاپ بولۇپ: «ھەممە ئىش تەقدىردىن ئىكەن، تەقدىرگە يېزىلغاننى كۆرمەي ئىلاج يوق ئىكەن» دەپ ئۇلۇغ – كىچىك تىنىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئارقىدىن «بالام، ماڭا ئوخشاش سېنىڭمۇ چۈشلىرىڭ ئالدىڭغا كېلىپ تۇرىدىكەن، بۇ ئاللانىڭ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلىرىگە قىلىغان ئىلتىپاتى ئىمىش. ياراتقان ئىگەم سېنى خەيرلىك چۈشلەرنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلار ئىلاھىم» دەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن زەينەپخان بۇ ئوغلىغا زەن قويۇپ قاراپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئانا – بالىنىڭ كۆڭلىدە ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن بىر يېقىنلىق پەيدا بولدى. ئۇلاردىكى بۇ مېھىر – مۇھەببەتنى زۇمرەت ئاتا قىلغانغا

ئوخشايتتى. بۇ مېھىر، يېقىنلىق ئۇلارنىڭ قەلب يارىلىرىغا مەلھەم بولۇپ، كۆڭلىنى بارا ـ بارا تىنچلاندۇردى. ئۇلار خۇددى مۆلدۈر سوققان زىرائەتتەك ئاستا ـ ئاستا قەددىنى رۇسلاپ قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە تولماقتا ئىدى.

بىر يىللىق ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ، ناھىيەلىك پارتكومغا تەرجىمان بولۇپ ئورۇنلاشقان رۇستەم تۇنجى قېتىم پارتكوم شۇجىسى ليۇ لىگو (ئەينى يىللاردىكى شياۋليۇ) بىلەن قارىسۇ يېزىسىغا خىزمەتكە باردى. چۈشتىن بۇرۇن يېزا كادىرلىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ چارچىغان ليۇ شۇجى تاماقنى بالدۇرراق يەپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلارغا تەييارلاپ قويغان ياتىقىدا چۈشلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. رۇستەم ئەزەلدىن چۈشتە ئۇخلاپ ئادەتلەنمىگەنلىكتىن، كارىۋىتىدا بىردەم يېتىپ بېقىپ، ئاستا پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ سىرتقا چىقتى. يوغان قورۇنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى. ئۇزۇم بارىكى ئاستىدىكى بىر قاتار ئىشخانىنىڭ قارشى تەرىپىدە يوغان باغ بار ئىدى. باغنىڭ تاملىرى رېشاتكىلىنىپ، ئىشىكىگە يوغان قۇلۇپ سېلىپ قويۇلغانىدى. قورۇ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا كىچىككىنە ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، ئۆينىڭ ئالدىدا كىگىز سېلىنغان بىر كارىۋات قويۇلۇق ئىدى. بادام دوپپا كىيىۋالغان ئېگىز بويى، بۇرۇتلىرى ھەيۋەت بىر ئادەم كارىۋاتتىن قوپۇپ رېشاتكىلىق تام بويلاپ تىزىۋېتىلگەن گۈللەرگە سۇ قۇيدى. بۇلۇڭدىكى كاتەكنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قاقىلداشقا باشلىغان بىرنەچچە مېكىيان بىلەن خورازنى ھەيدەپ چوڭ يولغا چىقىرىۋەتتى. ئۇ قورۇ ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ كېلىپ بىردىنلا رۇستەمنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، سەل ئېگىلىپ، قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ سالام قىلدى. ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

— ماۋۇ توخۇلارنىڭ تازا قاقىلدايدىغان ۋاقتى بولدى

دېسىلە، ليۇ شۇجى چۈشلۈك ئۇيقۇغا بەك ئامراق، توخۇلار ئۇيقۇسىغا دەخلى قىلىپ قويمىسۇن دەپ يولغا چىقىرىۋەتتىم، بولاپتىما؟ — دەپ كۈلدى.

— ئوبدان قىپلا، ئۆزلىرى مۇشۇ قورۇغا قارايدىغان ئوخشىمامال؟ — رۇستەم كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرغاچ ئۇنىڭدىن سورىدى.

— شۇنداق، شۇنداق، ماۋۇ كۆرپىگە كەلسىلە، كۆرپىگە. ئاۋۇ باغنىڭ ئىشىمۇ بار. خوتۇن ئىككىمىز باغۋەنچىلىكمۇ قىلىمىز. كۆزەتچىلىكمۇ قىلىمىز، ئۇ يەر، بۇ يەردىن ھەر قايسىلىرىدەك مېھمان كېلىپ قالسا، ياتاق ـ تاماقىدىن خەۋەر ئالىمىز. ھە ئۇكام، خاتالاشمىسام، ئۆزلىرى ليۇ شۇجىنىڭ تەرجىمانىغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، مەن تېخى يېڭىياچى، تەرجىمانلىقنى ئەمدى ئۆگىنىۋاتىمەن دېسەممۇ بولىدۇ.

— ماندا دېسىلە. تەرجىمانلىق دېگەن قالتىس ھۈنەر. باشلىقنىڭ تىلى دېگەن گەپ. پەمى بار ئادەم باشلىقنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ جىق ئىشلارنى ئۆگىنىۋالىدۇ. قايلىغاندا سىلە چوڭ مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەندەك قىلىلا، ئۆزلىرىنىڭ يۇرتلىرى نەدىن بولىدۇ؟

— مەن ئانچىۋالا چوڭ مەكتەپتىمۇ ئوقۇمىغان. ۋىلايەتتە ئېچىلغان بىر يىللىق كۇرستا ئوقۇغان. مەن مۇشۇ ناھىيەنىڭ سايباغ گۇڭشېسىدىن، — دەپ جاۋاب بەردى رۇستەم.

— بەك بەلەن بولاپتۇ، تولا ئوبدان ئىش بولاپتۇ. ئۆزىمىزنىڭ ئادىمى دېسىلە، — دەپ خىرىلداپ كۈلدى بۇرۇتلۇق ئادەم، — ئۆز بولغاندىكىن، كۆڭۈلدىكى گەپنى قىلىشقىلى بولىدۇ. سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا ليۇ شۇجى بىلەن بىر تەرجىمان بىللە كېلىپتى. يۇرتىنى باشقا بىر يەردىن دېگەندەك قىلغان. بېيجىڭدا ئوقۇغان، بەك ئۇستا تەرجىمان دېيىشەتتى. لېكىنزە

لىيۇ شۈجىنغا يارىماي قالغان.

رۇستەمنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

— نېمىشقا يارىمىغان بولغىيتتى؟ — دەپ ئىتتىك سورىدى.

بۇرۇتلۇق ئادەم ئىككى يېنىغا قارىۋېتىپ رۇستەمگە قاراپ ئېگىشتى:

— بۇ لىيۇ لىگو ناھايىتى ئېسىل ئادەم، قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدۇ، پىچىقى بەك كېسىدۇ. خىزمەتكىمۇ ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ. مەن بۇنىڭدەك جاپالىق ئىشلەيدىغان باشلىقنى كۆرمىگەن. ماڭىمۇ شۇنداق ئامراق، مېنى كۆرسە يىراقتىن «ھەي داگازا، ياكېشىمۇ؟» دەپ كۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ يەرگە كەلسە ھەر ئاخشىمى ئۆينىڭغا بىر داس ئىسسىق سۇ تەييارلاپ بېرىمەن. ئۇ پۇتىنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇپ ماتېرىيال كۆرىدۇ. سۇ سوۋۇپ كەتكەندە، مەن ئاچىقىپ تۆكۈۋېتىمەن. بۇ ئىشنى زادى ئۇنتۇپ قالمايمەن. بىر قېتىم قېيىنئانام ئۆلۈپ كېتىپ يۇرتقا كەتكەن ۋاقتىمدا لىيۇ شۇجى ھېلىقى تەرجىمان بىلەن كېلىپ قاپتۇ. ئاخشىمى ئىسسىق سۇ ئەكىلىپ بېرىدىغان ئادەم يوق، ھېلىقى تەرجىماننى بۇيرۇپتۇ. ئۇ ئىسسىق سۇنى ئەكىلىپ بېرىپتۇ. پۇتىنى يۇيۇپ بولۇپ سۇنى تۆكۈۋېتىشكە بۇيرۇغانىكەن، ھېلىقى تەرجىمان: «سەن نېمە ئىدىڭ؟ مېنى خىزمەتكار كۆرۈۋاتامسەن، مەن قىلمىغان پۇتۇڭنىڭ يۇندىسىنى تۆكۈش قالغانمىتى» دەپ تىللاپتۇ. لىيۇ شۇجىمۇ بوش كەلمەپتۇ. ئۇنى شۇ يەردىلا قوغلىۋېتىپتۇ. ناھىيەدىمۇ پاتۇرماپتۇ. ئۇ كاتتا تەرجىمان خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قېلىپ، جىق سورۇقچىلىق بىلەن يۇرتىغا كېتىۋاپتۇ.

رۇستەم بىردىنلا غەمگە پېتىپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى. بۇرۇتلۇق ئادەم ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمۇالدى بولغاي، دەرھال

گەپ باشلىدى:

— ئەسلى لىيۇ لىگو ئۇنچىۋالا ئەسكى ئادەم ئەمەس. بايا دېدىمغۇ، پەمى بار ئادەم ئۇنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ئىش ئۆگىنىدۇ، يول تاپىدۇ. ئۇنداق باشلىقلار بىلەن ئىشلىسىڭىز، خىزمەتنى قىلىمىز، دەپ ئارمان قىلىدىغانلار ئازمۇ. يۇت يۇغان سۇنى تۆكۈۋېتىش دېگەن قانچىلىك ئىش دەيلا. ئوغال بالا دېگەن بىرەر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قىلىن، قاتتىقراق بولۇۋالمىسا بولامدۇ. مانا ئۆزۈمنى ئالسام، ئاشۇ بىر داس ئىسسىق سۇنىڭ يۈزى بىلەن كامىنانىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلدۇم. خوتۇنۇمنىمۇ يېنىمغا ئەكىلىۋالدىم. مۇشۇنچىۋالا چوڭ باغ قولۇمدا بولغاندىكىن، گۇڭشېدىكى باشلىقلارنىمۇ ئۆز يولىدا رازى قىلىپ تۇرىمەن. ئەمدى مەن دېمەكچى ئۇكام، سىلى ئۇ كالتە پەم تەرجىمانىنى دوراپ قالمىسىلا، ماڭا ئوخشاش دېھقاننىڭ بالىسى ئىكەنلا، سىلى بىلەن بىز كۆرمىگەن نېمە جاپا قالدى دەيلا. ئەمدى تەرجىمانلىقنىمۇ ئۆگەنسىلە، ئىشنىڭ يولىنىمۇ ئۆگەنسىلە، قانداق دېدىم؟

— ئوبدان دېدىلە، بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغىنىم بەك ئوبدان بولدى. ماقۇل ئەمىسە، مەن كىرىپ باقاي، لىيۇ شۇجى ئويغىنىپ قالدىمىكىن.

لىيۇ شۇجى ئىچكىرىكى ئۆيدە سۇس خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. رۇستەم كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپ خىيالغا چۆكتى. قۇملۇقتا چوڭ بولغان بۇ ساددا سەھرا بالىسى دۇنيانىڭ مۇرەككەپ، ھاياتنىڭ رەھىمسىزلىكىنى، ياخشىراق ياشاش ئۈچۈن مۇشۇ رەھىمسىز دۇنياغا ماسلىشىش كېرەكلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات يولىدا يەنە قانداق ئاچا يول، تاللاشلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى نېمىلەر كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇنىڭغا بىرلا نەرسە ئايان ئىدى، ئۇ ئەمدى توغراقلىققا قايتىپ

كەتمەيتتى. ئۇ بۇ يەردە باشقا بىر خىل ياشاش ئىمكانىيىتىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا چىش ـ تىرنىقى بىلەن يېپىشتى. ئۇ ئادەمدەك ياشىشى، راھەت كۆرۈشى، ئانىسىغىمۇ راھەت كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇ ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە رازى بولاتتى. پۇت يۇندىسىنى تۆكۈش قانچىلىك ئىش ئىدى، ئۇ دېگەن رۇستەمنىڭ باشلىقى، ياشتىمۇ ئۇنىڭدىن خېلىلا چوڭ ئادەم. ئۇ ئەلۋەتتە ئۇنى ھۆرمەت قىلىشى، بۇيرۇقىدىن چىقماسلىقى، تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشى كېرەك. رۇستەم كۆڭلى تىنغاندەك بولۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. نېرىقى ئۆيدىن كېلىۋاتقان خورەك ئاۋازىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

نەمەت داۋيجاڭ گۇڭشېغا يىغىنغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەترەت كادىرلىرى بىلەن پارتىيە ئىتتىپاق ئەزالىرىنى يىغىپ ناھىيە بويىچە ئېچىلغان داجەيدىن ئۆگىنىش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭ جىددىي تۇرقىدىن، ھاياجانلىنىپ گەپنى ئىتتىك - ئىتتىك قىلىشلىرىدىن بۇ يىغىنىنىڭ ئادەتتىكى يىغىنلاردىن ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى ليۇ لىگونىڭ يېقىندا ئىچكىرى ئۆلكىدىكى داجەي داۋيىگە ئېكسكۇرسىيەگە بېرىپ كەلگەنلىكىنى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ناھىيەلىك پارتكومدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە بىرنەچچە يىل ئىچىدە ناھىيەنى داجەيچە ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پىلانىنى تۈزگەنلىكىنى، ھەرقايسى گۇڭشې، داۋيلەردىنمۇ ئۆز ئالدىغا پىلان تۈزۈپ يۇقىرىغا يوللاشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى يەتكۈزۈپ، كۆپچىلىكنى مۇزاكىرىگە سالدى.

داجەيدىن ئۆگىنىش توغراقلىقلار ئۈچۈن يېڭى ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇلار 60 - يىللاردا ماۋجۇشىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلغانلىقىنى، نامرات، شارائىتى ناچار داجەيلىكلەرنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تاغ بېشىدا پەلەمپەي ئېتىز ياساپ، سۇ قۇرۇلۇشى قىلىپ، ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىپلا قالماي دۆلەتكە نۇرغۇن تۆھپە قوشقانلىقىنى بىلەتتى. يىللاردىن بۇيان داجەيدىن ئۆگىنىش شوئارى گاھىدا كۈچىيىپ، گاھىدا سۇسلاپ قالسىمۇ، ئۈزۈلمىگەنىدى. كىشىلەر يەنە داجەيدىن ئۆگىنىش بولسۇن ياكى باشقا ھەرقانداق يەردىن

ئۆگىنىش بولسۇن، ئاخىرقى مەقسەت قاتتىق ئىشلەپ تونغراقلىقنىڭ دېھقانچىلىق شارائىتىنى ياخشىلاش، ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىپ دۆلەتكە تۆھپە قوشۇش ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۆز ئويلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ پىكرى ئاساسەن ئۆستەڭنى قايتا ياساش، دامبا، توسما قۇرۇپ ئېرىقلارنى يۇرۇشلەشتۈرۈش، بىر نەچچە يەردە قۇدۇق قېزىش، گۆڭشىغا بارىدىغان يولنى ياساش، دادۇيدىكى ئىلمىي تېرىقچىلىق پونكىتىنى، تەجرىبە ئېتىزلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. بۇ گەپلەر نەمەتنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. ئۇ داجەينىڭ ئەڭ مۇھىم تەجرىبىسى سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش، كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىش ئىكەنلىكىنى، بۇنى ئۆگەنمەي داجەيدىن ئۆگەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى، بۇنىڭغا ئۇلاپلا:

— يەنە بىر گەپ، ليۇ شۇجى يىغىندا «بىر مو پەلەمپەي ئېتىز بىرنەچچە مو تۈزلەڭ ئېتىزغا باراۋەر كېلىدىكەن. بۇ، يەردىن كۆپ قاتلاملىق پايدىلىنىشقا بولىدىكەن. بىزنىڭ تونغراقلىقتەك يېرى ئاز، شارائىتى ناچار جايلىرىمىز پەلەمپەي ئېتىز ياساشنى يولغا قويسا بولىدۇ» دېدى. يىغىن ئاخىرىدا تېخى مەن بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشۈپ، ناھىيەلىك پارتكوم سىلەرنىڭ تونغراقلىقنى داجەيدىن ئۆگىنىشتىكى نۇقتا قىلىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ. ھېلىقىدەك، سىلەردىن كۆپرەك ئادەمنى داجەيگە ئېكسكۇرسىيەگە ئاپىرىشىمىز مۇمكىن دېدى، — دەپ يەتكۈزدى.

نەمەتنىڭ ئاخىرقى گېپى كۆپچىلىكنى روھلاندۇردى. ھەممەيلەن:

— راست، راست، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ھەرقانچە سۆزلىگىنىمىز بىلەن بىكار ئىكەن. بىزمۇ داجەيگە بېرىپ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن

كۆرۈپ ئاندىن ئۆگەنسەك تېخىمۇ ياخشى بولمامدۇ، ــ دېيىشتى. ئابدۇغېنى ئاخۇن:

ــ ئىشلەيدىغانلا ئىش بولسا بىز ئىشتىن قورقۇپ قالمايمىز، ھەرقانچە ئىشلىسەك سەكرەپ ئىلگىرىلەش يىللىرىچىلىك ئىشلەرمىز. لېكىن، پەلەمپەي ئېتىز دېگەننى بىز ئۆمرىمىزگە كېلىپ كۆرۈپ باقمىغان. ئۇنى قانداق ياساشنى بىزگە تېخىنىكلار ئۆگەتمىسە بولماس. شۇڭا، بۇ يىل قىش يول بىلەن ئۆستەڭگە تۇتۇش قىلايلى، قالغان ئىشلار ئايدىڭلاشقانچە ئىزىغا چۈشۈپ كېتەر، ــ دېدى.

كۆپچىلىك بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. پەقەت نەمەتلا قايىقىنى تۇرۇپ ئۇندىمەي ئولتۇردى. توغراقلىقلار شۇنىڭدىن تارتىپ داجەيدىن ساق يەتتە يىل ئۆگەندى. بۇ جەرياندا توغراقلىقتىن يەنە تۆت ئادەم داجەيگە بېرىپ كۆرۈپ كەلدى. ئۇلار ئۇرۇمچىگە بارغۇچە، ئۇرۇمچىدە پويىزغا چىقىپ داجەيگە بارغۇچە نۇرغۇن شەھەر، يېزىلاردىن، تاغ ـ دەريالاردىن ئۆتۈپ، «پاھ، جاھان دېگەن ئەسلىي مۇنداق ئىكەن. جۇڭگو نېمىدېگەن چوڭ، خەلقى نېمىدېگەن كۆپ. بىز قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالىقانچىلىق يۇرتىمىزدىن چىقماي، جاھان دېگەن مۇشۇ دەپ ئۆتۈۋېرىپتىكەنمىز» دېيىشىپ كەتتى. ئۇلار بىلەن بىللە ماڭغان تەرجىمان يىگىت: «بىزنىڭ كۆرگىنىمىز تېخى جۇڭگونىڭ ئازلا بىر قىسمى، جۇڭگودا شەنشىدەك ئۆلكىدىن 23 سى، شىنجاڭدەك ئاپتونوم رايوندىن بەشى بار» دېگەندە ئۇلار تېخىمۇ ھەيران قېلىشتى. ھەممىدىن قورام تاشلارنى يونۇپ تاغ ئۈستىدە سۇ ئامبىرى ياسىغان، نەچچە تاغ ھاسىل بولغۇدەك توپا، تاش توشۇپ تاغ باغىرلىرىدا پەلەمپەي ئېتىزلارنى بەرپا قىلغان پاكار ـ پاكار، ئورۇق، ئېگىز ماڭىدىغان، چىرايى توغراقلىقلارغا ئوخشاش قارىداپ، قوـ رۇلۇپ كەتكەن داجەي دېھقانلىرىغا قايىل بولدى. ئۇلار توغراق-

لىققا چوڭقۇر تەسىراتلار بىلەن قايتىپ كەلدى. بىراق، پەلەمپەي ئېتىزنى قانداق ياساشنى يەنىلا بىلەلمىدى. توغراقلىقتا تاغ يوق ئىدى. قۇم دۆڭلىرىدە پەلەمپەي ئېتىز ياسىغىلى بولمايتتى. ئۇلار داجەيىنىڭ سىنىپىي كۆرەشنى تۇتقا قىلىش، كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىش تەجرىبىسىنى ئوبدان ئۆگەندى. پومېشچىك، باي دېھقان، بۇزۇق ئۇنسۇرلارغا، كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقلىرىغا پىرولېتارىياتنىڭ پولات مۇشتۇمىنىڭ تەمىنى تېتىدتىپ، كۆندە نەچچە قېتىم كۆرەش - پىپەن قىلىپ ئۇلارنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتتى. قالدۇرۇق يەر ئەمەلدىن قالدى. توخۇ باققان، قوي باققان، باغ قىلغان، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلار پىپەن، سازايى قىلىندى، جاھىللىرى قولغا ئېلىننىپمۇ كەتتى. «كاڭياۋدىن ئېشىپ كېتىش»، «خۇاڭخېدىن، چاڭجياڭدىن ئېشىپ كېتىش» دېگەندەك دېھقانلارنىڭ ئاغزى كەلمەيدىغان شوئارلارنىڭ ھەممىسى ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى تەكىتلەيتتى. بىرلىك ھوسۇلنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوتلاقلار، ئورمانلار بۇزۇۋېتىلىپ، ئاشلىق تېرىلدى. بىرلىك ھوسۇلنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى بۇغداي، قوناق سورتلىرى بىكار قىلىنىپ ھوسۇلى كۆپ، ئەمما ئوزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەن شالغۇت سورتلار ئومۇملاشتۇرۇلدى. ئىلگىرى توغراقلىقنىڭ نېنى داڭلىق ئىدى، سىرتتىن كەلگەنلەر بۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ قورۇق سۇغا سېلىپ ئەتكەن ئۈگرىلىرىنىمۇ ماختىشاتتى. ئاق قوناق زاغرىلىرىمۇ بۇغداي نانغا بەرگۈسىز ئىدى. شالغۇت يېڭى سورتلار پەيدا بولغاندىن كېيىن توغراقلىقلارنىڭ ئاش - نېنىدا تەم قالمىدى. لېكىن، بىرلىك ھوسۇلنى ئاشۇرۇش شوئارى ئالدىدا بۇ ئىشلارنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى.

قايسىبىر يىلى، داجەي دادۇينىڭ شۇجىسى، بېشىغا لۆڭگە

چىگىۋالىدىغان دېھقان مەركەزگە چوڭ باشلىق بولغاندا، توغراقلىقتىكى كادىرلار خۇددى ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرى باشلىق بولغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىشتى. بۇ ئادەم ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن، ئۇلارغا تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بەرگەندى. شۇ يىلى توغراقلىقلار ئاغىچادۇڭنى تويا تۆكۈپ ئېگىزلىتىپ، ئەتراپىغا تاش شېغىل بىلەن قىر چىقىرىپ پەلەمپەي ئېتىز ياسىدى. بۇ يەرگە تېرىلغان كۆزگى بۇغداي تەكشى ئۈنۈپ چىققاندا، كادىرلارمۇ، ئەزالارمۇ «مانا ئەمدى داجەيدىن ئۆگەنگەنگە ئوخشىدۇق» دېيىشتى. گۇڭشې، ناھىيە رەھبەرلىرى كېلىپ ئۇلار ياسىغان پەلەمپەي ئېتىزغا يۇقىرى باھا بېرىشتى. توغراقلىق ناھىيە بويىچە داجەيدىن ئۆگىنىشتىكى ئىلغار ئورۇن، نەمەت ئىلغار ياچېيكا شۇجىسى بولۇپ تەقدىرلەندى.

بۇ 1970 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسى ئىدى. شۇ يىللىرى توغراقلىقتىكى بىرنەچچە دېھقان ئەينى يىللىرى توختى قارىيلار بارماقچى بولغان ياۋا ياڭاقلىقتا چۈچۈكبۇيا كولىغىلى باردى. يېقىندىن بۇيان چۈچۈكبۇيا پۇلغا يارايدىغان بولۇپ قالغاندى. دېھقانلار ئوغرىلىقچە كولىغان چۈچۈكبۇيىلىرىنى ناھىيەگە ئاپىرىپ ساتاتتى. بىر قېتىم، دېھقانلار كولىۋالغان چۈچۈكبۇيىلىرىنى ئېشەكلىرىگە ئارتىپ، هارۋىلىرىغا بېسىپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، يەر سىلكىنگەندەك بولدى. ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ قۇملۇق باغرىدىن قاپقارا بىر خىل سۆيۈقلۇق ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سۆيۈقلۇق تۈۋرۈكتەك ئاسمان پەلەك ئۆرلەپ، ئەتراپقا چېچىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار قورقۇنچتىن قېتىپ قالدى. ھېچقايسىسىنىڭ تىلى گەپكە كەلمەيتتى. بەدىنى يەرگە مىخلاپ قويغاندەك

مىدىرلىمايتتى. خېلى ئۇزاق ئۆتكەندە، قېرى بىر دېھقان تىزلىنىپ:

— ئى شەپقەتلىك ئاللا، ئاسىي، گۇناھكار بەندىلىرىڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغايسەن... — دەپ دۇئا قىلىشقا باشلىغانىدى، قالغانلارمۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى.

ئۇلار زامانى ئاخىر بولۇپ يەر يېرىلغىنىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، يەنە نېمە ئىشلار بولاركىن، دەپ ئويلىشاتتى. ئۇلار خېلىغىچە دۇئا قىلىپ ئولتۇرۇشقان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى. پەقەتلا ئاسمان پەلەك بولۇپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇيۇقلۇقنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەتراپنى كىرسىننىڭ پۇرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سېسىق پۇراق بىر ئالغانىدى.

ئۇلار مەھەللىگە قايتىپ بارغاندا ھەممىسىنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىغا قوقاق ئۆرلەپ كەتكەنىدى. ئۇلار كۆرگەنلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەردى. بۇ خەۋەرنى دادۇي باشلىقلىرى، گۇڭشېدىكىلەرمۇ ئاڭلىدى. ناھىيە، ۋىلايەتتىن ئادەم كېلىپ تەكشۈرۈپ قۇملۇقتىن ئېتىلىپ چىققان سۇيۇقلۇقنىڭ نېفىت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سانائەت ئۈچۈن قاندەك زۆرۈر نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ يەرگە تەرەققىيات ۋە بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن توغراقلىقتىن ھەر خىل ماشىنا - ئاپتوموبىللار ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. ماشىنا - ئاپتوموبىللار توغراقلىقتا بىر پەس توختاپ، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قايتىپ كېلەتتى، يەنە بەزىلىرى قايتىپ كېلەلمەيمۇ قالاتتى، ماشىنا بىلەن كەلگەنلەر بەزى يەرلىك دېھقانلارنى يول باشلىتىش ئۈچۈن ماشىنىلىرىغا سېلىۋالاتتى. شۇ مەزگىلدە قۇملۇققا كىرىپ - چىققانلار مۇنداق بىر ۋەھىمىلىك ھېكايىنى سۆزلىشىپ

يۈرۈشەتتى:

ــ قۇملۇقتا ئېزىتقۇ پەيدا بولۇپتىمىش، ھەر قېتىم ماشىنىلار يولدىن ئېزىپ، ئادەملەر ئۈمىدسىزلىككە پاتقاندا، ئۇلارنىڭ يېنىدا دۇمبىسىگە قاپاق ئارتقان ئاپپاق ساقال بىر بوۋاي پەيدا بولارمىش. ئۇ ئادەملەرگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ ئالدىغا قاراپ ماڭىدىكەن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغانلار قۇملۇقتىن مەڭگۈ چىقالمايدىكەن...

# اوچنجی قسم

# يىگىرمە بەشىنچى باب

بېيجىڭنىڭ چاڭئەن يولىدا، پىكاپ ـ ئاپتوموبىللار ۋېلىسىپىتلىكلەر ۋە پىيادىلەرنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىمى ئىچىدە بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا ھەربىيچە چاپان، كۆك ئىشتان، پۇتىغا يېڭى رېزىنكە ئاياغ كىيگەن روزى ئاخۇن بىر ناھىيەلىك ساۋاقداشى ئىگەمبەردى بىلەن كېتىپ باراتتى. ئەينەكتەك سىلىق، كەڭ، ئازادە يول، ھەشەمەتلىك يول چىراغلىرى، ئېگىز، ھەيۋەتلىك بىنالار، بىنالارنىڭ تۈۋرۈكلۈك كەڭ پەشتاقلىرى، كۆز نۇرىدا ۋالىلداپ تۇرىدىغان نەقىشلىك، كۆركەم ئىشىك ـ دېرىزىلەر، گۈللۈكلەر ئۇلارنى بەكمۇ جەلپ قىلاتتى. ھەر ئىككىلىسى گاھ ئېگىزگە، گاھ پەسكە ھاڭۋېقىپ قاراپ: «ئەنە ئاۋۇ مىللەتلەر سارىيى، ئاۋۇ پوچتا بىناسى!» دېيىشىپ، گاھىدا ئادەملەرگە سوقۇلۇپ كەتكىنىنى سەزمەي قالاتتى.

ۋېلىسىپىت مىنىپ يۈرىدىغان بېيجىڭلىقلار چىرايى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشى ئۆزلىرىگە پەقەت ئوخشىمايدىغان بۇ ئادەملەرگە ئەجەبلىنىپ قارىشاتتى. ئاندا ـ ساندا بەزىلىرى ئۇلارغا قاراپ «شىنجاڭلىقلار» دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا روزى ئاخۇن بىلەن ئىگەمبەردى «بىزنى بىلىدىغانلارمۇ بار ئىكەن ـ ھە» دەپ كۈلۈشەتتى. ئۇلار ۋاڭفۇجىن، چيەنمىن دېگەن يەرلەرنى ئارىلاپ، بەزىدە شىدەن تەرەپلەرگىمۇ ئۆتۈپ ياكى كىچىك كوچىلاردا ئېزىپ يۈرۈپ كەچلىك سىنىپ يىغىنىغا ئاران ئۈلگۈرۈپ قايتىپ كېلەتتى. سىنىپ يىغىنىدىن كېيىن ياتاقداشلىرى ئاچچىقىپ قويغان شۇلتا

تېتىيدىغان موما بىلەن تۇزلانغان سەينى ئىشتىھا بىلەن يەپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنىڭ پارىڭىنى سېلىپ ئولتۇرۇشۇپ ناھايىتى كەچ ياتاتتى. يوتقانغا كىرىپ يېتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ھاياجانلىرى بېسىلماي خېلى ئۇزاققىچە ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. كۈنلەر، ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىزنىقىش، ھاياجانلىنىشلارمۇ بېسىقىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يۇرتىنى، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى سېغىنىش ئىگىلەشكە باشلىدى، بەزى قىز باللار ئاخشىمى يوتقاندا يېتىپ ئاتا ـ ئانىسىنى، ئۆيىنى سېغىنىپ يىغلايتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەستە ئېرىشكەن بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگەنمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلار مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق فاكۇلتېتىدا ئىككى يىل ئوقۇپ خەنزۇ تىلىنى تولۇق ئىگىلىگەندىلا باشقا مەكتەپلەردە ئۆزى خالىغان كەسىپتە ئوقۇيالايتتى. ئۇلارنىڭ مۇساپىسى تېخى ئۇزاق ئىدى. بۇ مۇساپىنىڭ ئاخىرىغا يېتىش ئۈچۈن بەلنى چىڭ باغلىماي بولمايتتى. روزى ئاخۇن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا باشقا يۇرتلۇق ساۋاقداشلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدا راۋان سۆزلىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى بۇ يەرگە ئوقۇشقا كېلىپ قالغانغا سېزىپ يۈردى. ئەمما، توغراقلىقتا يۈرۈپمۇ نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان، ئۆزلۈكىدىن تەبىئىي پەن دەرسلىكلىرىنى ئۆگىنىپ 1978 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە ۋىلايەت بويىچە يۇقىرى نومۇر بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتكەن روزى ئاخۇننى سەل چاغلىغىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتسە ھەممىنى ئۇنتۇيتتى. كۈنلەپ ـ كۈنلەپ سىنىپتىن چىقماي، كىتابتىن باش كۆتۈرمەي ئولتۇرالايتتى. يېرىم يىلغا قالماي، ئۇ خام سۆزنى كۆپ بىلىدىغانلىقى، گىراماتىكا ۋە جۈملە تۈزۈشكە ئۇستىلىقى بىلەن كۆزگە كۆرۈندى. يىل ئاخىرىغا بارا ـ بارماي ئىمتىھانلاردا ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. يازلىق تەتىلدە

مەكتەپنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك بىر سېيرىتما زاۋۇتىدا ھەقسىز ئىشلەپ، بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا ئادەتتىكى گەپلەرنى قىلالايدىغان بولدى. ئىككىنچى ئوقۇش يىلىدا مەكتەپ قىرائەتخانىسىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ بىر كىتابنى قولىغا ئالسا كىرىشىپلا قالاتتى. بىلمەيدىغان خەتلەر ئۇچرىسا لۇغەت ئاختۇرۇپ ئۆگىنىۋالمىغۇچە كۆڭلى تىنمايتتى. كىتابنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۆزىگە يارىغان بۆلەك، ئابزاسلارنى تەرجىمە قىلىپ باقاتتى. دەسلەپتە ئۇنى كۆزگە ئىلمىغان، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ مەسخىرە قىلغان، ئىگەمبەردى ئىككىسىنىڭ ۋاڭفۇجىڭدىكى بىر ئاشخانىغا كىرىپ بىر قاچىدىن تاماق بۇيرۇتالماي، يېرىم كۈن ئولتۇرۇپ ئاچ قورساق يېنىپ چىققانلىقىنى لەتىپە قىلىپ كۆزىدىن ياش چىققۇدەك كۈلۈشۈپ يۈرىدىغان ساۋاقداشلىرى ئەمدى ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغان، بىلمىگەن يەرلىرىنى ئۇنىڭدىن سورايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىزلارمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە.

بۇ بىر يىلدا روزى ئاخۇننىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىدىمۇ كۆپ ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ باشقا ئوغۇل ساۋاقداشلىرىدەك چاچ قويۇۋالدى. ئاخشىمى شىمىنى ئورۇن - كۆرپىسىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قىر چىقىرىدىغان، كۆڭلىكىنى ئىككى كۈندە بىر يۇيۇپ ياقىسىغا كىر قوندۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. بىركۈنى ئاخشىمى ئۇ سىنىپتا دەرس تەكرارلاۋاتاتتى. ئالدىنقى پارتىدا ئولتۇرىدىغان رامىلە بۇرۇلۇپ، بىر گېپى باردەك ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. باشقا باللار كېتىپ بولغاندا، ئۇ روزى ئاخۇننىڭ يېنىدىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇپ روزى ئاخۇننىڭ يېڭى ئايىغىنى كۆرسىتىپ:

— ئايىغىڭىز چىرايلىققۇ، — دېدى.

روزى ئاخۇن كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى. مەكتەپتىن نامرات ئوقۇغۇچىلارغا قىشلىق كىيىم - كېچەك تارقاتقاندا، ئۇنىڭغا

بىر تىۋىتلىق ئىشتان بىلەن تەنتەربىيە ئايىغى تەگكەنىدى.

— ئاخشام بىزنىڭ ياتاقتا ئىككى خەنزۇ قىز كەپتۇ. قايسىبىر زاۋۇتتىن كەلدۇق دەيدۇ. ئۇلار «ھېلىقى چەت ئەللىككە ئوخشايدىغان سېرىق چاچلىق يىگىت بىلەن كۆرۈشسەك بولاتتى» دەپ سىزنى ساقلاپ خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇلار سىزنى «بەك تىرىشچان ھەم ئەقىللىق ئىكەن» دەپ ماختىشىپ كەتتى، شۇغىنىسى سىز ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلمىدىڭىز.

— تەتىلدە مەن ئىشلىگەن زاۋۇتتىكى قىزلارمىكىن. مەن ئۇلاردىن تىل ئۆگەنگەن.

— ئۆزىڭىز بىلمەيسىزغۇ دەيمەن، سىزنى باشقا سىنىپتىكى قىزلارمۇ بەك سورايدۇ. ھېلىقى چىرايلىق بالاڭلار نېمىشقا تېخىچە بېشىدىن بادام دوپپىسىنى ئېلىۋەتمەيدىغاندۇ، ئۇنىڭكىدەك تەبىئىي بۇدۇر چاچنى خۇدايىم بىزگە بەرسىچۇ، دەپ ئارمان قىلىشىپ كېتىدۇ، ئاخشىمى قۇلىقىڭىزمۇ قىزىيىدىغاندۇ ھەقىچان؟ ھە راست، قىزلارنىڭ كۆزىنى قىزارتقۇدەك چىچىڭىز بولغاندىكىن، ياللاڭباشتاق يۈرسىڭىز بولمامدۇ، بۇ يەردە ھەممە ئادەم شۇنداق يۈرگەندىكىن؟

روزى ئاخۇن نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يۇرتىدىكى تۇغۇلغاندىن تارتىپلا بېشىغا دوپپا كىيىدىغان ئۇششاق بالىلار، يىگىتلەر، دادىسى، چوڭ دادىسى كەلدى. ئۇمۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ياللاڭباشتاق يۈرسە زادى نېمە زىيىنى بارلىقىنى ئانچە بىلىپ كەتمىسىمۇ، بىر يېرى ئېچىلىپ قالىدىغاندەك ياكى بەدىنىنىڭ بىر ئەزاسى كەم بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇدىن قۇتۇلالماي ئازابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دوپپىسىنى نەچچە قېتىم ئېلىۋېتىپ بولۇپ يەنە كىيىۋالغانىدى. ئۇ رامىلەگە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— مەن مۇشۇنداق كۆنۈپ قاپتىمەن، — دېدى. رامىلە ئۇنىڭغا دوپپا توغرىسىدا قايتا ئېغىز ئاچمىدى. لېكىن،

ئىككىنچى ئاخشىمى سىنىپتا يالغۇز قالغان چاغلاردا ئىلگىرىكىدەك ئۇچۇق - يورۇق پاراڭلىشاتتى، روزى ئاخۇنمۇ ھېچكىمگە دېمىگەن گەپلىرىنى ئۇنىڭغا دەيتتى. ياتاقداشلىرى ئۇنى راملەگە چاپلاپ چاقچاق قىلىشاتتى. روزى ئاخۇن راملەنى باشقا قىزلاردىن يېقىن كۆرسىمۇ، شەھەردە چوڭ بولغان بۇ ئەركە قىزنى توغراقلىق بىلەن، ئانىسى ۋە ئاكىسىنىڭ خوتۇنى ھېلىمىگۇل بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. توغراقلىق ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى مۇقەددەس جاي ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھېسسىياتىنى ئەركىنگە قويۇۋەتمەي، كۆپرەك ئۆگىنىشكە بېرىلەتتى.

ئۇزاق كېسەل تارتقان ساھىبجامالغا ئوخشاش سولۇپ، رەڭ - جىلۋىسىنى يوقىتىپ، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان توغراقلىق قاچانلاردىدۇ ئاستا - ئاستا يەنە ھۆسنىگە تولۇشقا باشلىغانىدى. «پولات تاۋلاش» تىن كېيىن قۇم - بورانىنىڭ زىيىنىنى كۆپ تارتقان توغراقلىقلار كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشنى يىلمۇيىل بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇپ، كەنت ئەتراپىدا قاتمۇقات ئورمان بەلباغلىرىنى يېتىشتۈرگەنىدى. ئەينى يىللىرى كېسىلىپ، كولىنىپ ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن توغراقلارمۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چوڭقۇر يەر تېگىدىن بىخ سۈرۈپ چىقىپ، بابباراۋەر بوي تارتىپ، ۋۇجۇدىدىكى كۈچ - قۇدرىتى ھەم سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىشقا باشلىغانىدى. زىرائەت، ئوت - چۆپلەر قۇرۇپ، سۆگەت، جىگدە، تېرەكلەر ئارقا - ئارقىدىن يوپۇرماق تاشلاپ زېمىن يالىڭاچلىنىپ قالغاندا، قىرو قاپلىغان دالادا كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى ھۇشقىيتىپ يۈرگەندە، قىزغۇچ سېرىق رەڭگە كىرگەن توغراق يوپۇرماقلىرى قۇم دۆڭلىرى ۋە دالالارنى قاپلىغان يالقۇندەك لاۋۇلدايتتى. شىۋىرغاندا ئۇچۇپ چۈشكەنلىرى ئالتۇن رەڭلىك پاياندار بولۇپ

زېمىنغا يېيىلسا، شېخىدا قالغانلىرى يىقىلماس بايراقتەك ئاخىرىغىچە قەيسەرلىك بىلەن لىپىلدىشىپ تۇراتتى.

كۆزدە ياش بىر رەسسام توغراقلىقنىڭ سىرتىدىكى قۇم دۆڭلىرىگە رەسىم جازىسىنى تىكلەپ قويۇپ ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ بىرەر ئايغىچە رەسىم سىزدى. ئۇنى نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن، دەپ يېنىغا بارغان ئۇششاق باللار، پادىچىلار ياكى ئوتۇن تەرگىلى بارغانلار ئاق لاتىغا سىزىلغان ئاجايىپ رەڭدار كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرى كۈندە كۆرۈپ تۇرىدىغان يۇرتىنىڭ مەنزىرىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدى. ئاشۇ يىلى كۈز ۋە ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا توغراقلىقتا كىشى ئىشىنەلمىگۈدەك يېڭىلىقلار كۆپ بولدى. داجەيدىن ئۆگىنىش ئەمەلدىن قېلىپ ئاغىچادۆڭدىكى پەلەمپەي ئېتىز تاشلىنىپ قالدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا دېھقانلارنىڭ قالدۇرۇق يەر، دەل - دەرەخلىرى قايتۇرۇپ بېرىلدى. دېھقانلار كالا - قوي بېقىشقا، قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى. ھەر جۈمە كۈنى يۇمىلاق بازاردا بازار بولىدىغان، ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ توخۇ - تۇخۇم، سۈت - قايماق، يەل - يېمىش، غەللىۋىر - سېۋەت ساتىدىغانلار ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىمىز دەپ ھەممىدىن بەك ۋارقىرىغانلار، قوشۇمچە ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغا كۈن بەرمەيدىغانلار قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ شاراقشىتىپ پۇل تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي قېلىشتى. ئۇنى - بۇنى دەپ ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپمۇ باقتى. ئاخىر بولماي ئۆزلىرىمۇ بۇ قاينامغا كىرىپ كېتىشتى. داۋيجاڭ، داۋي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى نەمەت بىلەن مۇئاۋىن داۋيجاڭ ئابدۇغېنى ئاخۇنلار ئۆزلىرى توغرا دەپ قارىغان يولدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ئۇلار ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسىدىن بۇنداق ۋاقىتلىق دولقۇن،

قايناملارنىڭ ھامان ئىزىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمما، ئىش ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك بولمىدى. 1983 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە خەلق كوممۇنىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەرلەر ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. بۇ كۈنلەر نەمەتنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ كۈنلەر بولدى. تارىختىن بۇيانقى ھەر خىل ھەرىكەتلەردە تارتىپ چىقىرىلىپ قالپاق كىيدۈرۈلگەن، ناھەق ئازار يېگەنلەرنىڭ قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. سىنىپىي كۈرەش تىلغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالدى. نەمەت جاھان ئۆزگىرىۋاتىدۇ، كاپىتالىزم تىرىلىپ، ئۆتمۈشتىكى باي ـ پومېشچىكلار يەنە خەلقنىڭ شىلىسىگە مىنىدىغان بولدى. كومپارتىيە بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. بۇ ئىش ھامان سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، بۇنى توسىدىغان ئادەم چىقماي قالمايدۇ، دەپ، يۇقىرىنىڭ ھۆججەت ـ ئۇقتۇرۇشلىرىنى بېسىپ قويدى، ھەتتا يۇقىرىدىن كەلگەنلەر بىلەن قارشىلاشتى. گۇڭشېدا ئېچىلغان يىغىندا:

— بىزنىڭ بۇ ئىشلىرىمىز ئۆز كاچىتىمىزغا ئۆزىمىز ئۇرغانلىق بولماي نېمە؟ شۇنچە يىلدىن بېرى بىز كوپېراتسىيە قۇرىمىز، كوممۇنا قۇرىمىز دەپ جان تىكمىدۇقمۇ؟ ئاشۇ ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى نۆلگە تەڭ بولدىمۇ؟ يەرنى دېھقانغا قايتۇرۇپ بەرسەك ئۇلارنى قانداق باشقۇرىمىز؟ ھەممە ئادەم ئۆز يېرىنى تېرىسا، بىز نېمە ئىش قىلىمىز؟ — دەپ قايناپ سۆزلىدى.

بۇ ئۆزگىرىش ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭمۇ كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى. كومپارتىيە دېگەن پۇلنى دوست تۇتمايدىغان، نامراتنى، ئاجىزنى، ئادالەتنى ياقلايدىغان پارتىيە دەيدىغان بىر ئېتىقاد ئۇنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ ئاشۇ ئېتىقادى يولىدا سەمىمىي ـ ساداقەت بىلەن ئىشلىدى، ھەتتا جېنىنىمۇ تىكىپ قويدى. ئەزەلدىن

ھوقۇقىدىن، ئورنىدىن پايدىلىنىپ نەپ ئالاي، ئۆزۈمنى سەمرىتەي دېمىدى. بۈگۈن ئۇ ياشلىق باھارىنى، ھەتتا پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان، ئۆزى ئۇلۇغ، ئەھمىيەتلىك دەپ بىلگەن ئىشلارنىڭ ئىنكار قىلىنغىنىنى كۆرگىنىدە گاڭگىراپ قالدى، ھەتتا ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ دىلى باشقا، تىلى باشقا ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. زور ئۆزگىرىشلەرگە تېزدىن ماسلىشىپ كېتەلمەيتتى. ئۇ پەقەت رەھىمسىز ئەمەلىيەت داۋامىدا، پولاتتەك پاكىت ۋە ئۆزگىرىش داۋامىدا ئازابلىق تاللاش ۋە چوڭقۇر ئويلىنىش ئارقىلىقلا روھىي دۇنياسىنى يىغىلاپ، تەڭشەپ كېتەلەيتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك ئىدى.

يېڭى يېزا سىياسەتلىرى ئىللىق ئاپتاپتەك زېمىننىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنىمۇ قويماي ئىللىتتى. كوپىراتسىيەلىشىش دەۋرىنىڭ سەلبىي قەھرىمانلىرى ئىبراھىم گىجىك، سىدىق ئاخۇنلار ھايات بولغان بولسا قانداق ھېسسىياتتا بولار ئىدىكىن، ئەمما دېھقانلار ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئولتۇرماي، يەرگە قايتا ئېرىشكىنىدىن چەكسىز خۇشال بولۇشتى. ئۇلارنىڭ بۇ خۇشاللىقى خۇددى 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا يەرگە ئېرىشكەن دېھقانلارنىڭ خۇشاللىقىغا ئوخشايتتى. ئۇلار مانا ئەمدى بۇيرۇق بويىچە ئىشلەيدىغان مەدىكارغا ئەمەس، ھەقىقىي دېھقانغا ئوخشىغانىدى. دېھقاندا يەرگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى بولغاندىلا غۇرۇر بولىدۇ، يەرگە مۇھەببەت بولىدۇ. ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىش ئەركىنلىكى بولغاندىلا ئىجادچانلىق ھەم تىرىشچانلىق بولىدۇ. ئەنە شۇلارغا ئېرىشكەن دېھقانلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە غەيرىتىنى ھېچ نەرسىگە تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

توغراقلىق كۈنسېرى ئۆزگىرىۋاتاتتى. بولۇپمۇ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە نېفىتلىكنىڭ ئېچىلىشى بۇ ئۆزگىرىشنى

ھەسسىلەپ تېزلىتىۋەتكەنىدى. نېفىتلىككە بارىدىغان يول توغراقلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتەتتى. نېفىتلىككە بارىدىغان يوغان ـ يوغان ئاپتوموبىللار، چوڭ كوزۇپلۇق ماي ئاپتوموبىللىرى، مىنىبۇس، پىكاپلار يول بويىدا توختاپ، نېفىتچىلار دېھقانلاردىن توخۇ ـ تۇخۇم، يەل ـ يېمىش سېتىۋالاتتى. ئۇلار باھا تالاشماي، ئۆزلىرىنىڭ دېگىنىگە ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانلار ئۇلار بىلەن سودا قىلىشقا ئامراق ئىدى. كۈنلەر ئۆتكەنچە بۇ يەردە كىچىك بىر بازار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. يول بويىدا بىر «سىچۇەن ئاشخانىسى»، ئاشخانا ئەتراپىدا بىرنەچچە كىچىك دۇكان، ساتىراشخانا، قېنىق گىرىم قىلىۋالغان، تار كىيىملەرنى كىيگەن خەنزۇ چوكانلار پەيدا بولدى. بۇ چوكانلار شوپۇرلار ۋە نېفىت ئىشچىلىرى بىلەن بىردەمدە تونۇشۇپ، ئۇلار بىلەن ئاشخانا، ساتىراشخانىلارغا كىرىپ كېتەتتى ياكى ئۇلارنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ بىللە كېتەتتى. ساددا دېھقانلار، ئىش كۆرمىگەن ياش بالىلار ئۇلارغا ھەيرانلىق بىلەن ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قالاتتى. نېفىتلىك كېڭەيگەنچە بازارمۇ چوڭايدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاشخانىلار، سوغۇق ئىچىملىك، ھاراق ـ شاراب، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان دۇكانلار بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەتتى. يۇمىلاق بازاردا ئاشخانا ئېچىپ، سامسىپەزلىك قىلىپ تۇزۇك پۇل تاپالمىغان رەجەپ ئاخۇن ئىسىملىك ياش دېھقان تۇنجى بولۇپ يول بويىدا «ئۇيغۇر تائاملىرى ئاشخانىسى» ئېچىپ، پولۇ، لەڭمەن، كاۋاپ، سامسا سېتىپ روناق تېپىشقا باشلىدى. ئۇنى دوراپ يەنە بىرنەچچىسى ئاشخانا، ناۋايخانا ئاچتى. دۇكانلارنىڭ ئالدى، ئاشخانىلاردا مودا ناخشىلار ياڭراپ تۇراتتى. ئۇنىئالغۇ لېنتىلىرى توختىماي قويۇلىۋەرگەنلىكتىن غاژىلداپ چىقىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. بازاردا پۇل تېپىۋاتقانلارنى، نېفىتچىلارنىڭ پۇلنى شاراقشىتىپ خەجلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دېھقانچىلىقتىن رايى يانغان، ئوقەت قىلغۇدەك دەسمايىسى يوق

بىر قىسىم ياشلار بىلەن ئىش خۇشياقمايدىغان لايغەزەللەر دائىم ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدا قورۇق پاراڭ سوقۇپ ئولتۇراتتى ياكى بازار ئارىلاپ يېگەنىنىڭ ئاغزىغا، كىيگەنىنىڭ ئۇچىسىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زەينەپخاننىڭ 22 ياشلارغا كىرىپ قالغان، بىر ئۆيلىنىپ خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن ئوغلى ئەخمەتمۇ بار ئىدى. ئۇ ئاغىنىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇرۇمچىگە بىر بېرىپ كەلگەندىن بۇيان قولىقىغا گەپ كىرمەيدىغان، قولى ئىشقا بارمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ توغراقلىقتا تۇرغۇسى كەلمەيتتى. بىر ياقلارغا بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتەي دېسە پۇلى يوق ئىدى. شۇڭا يول بويىدا توختىغان ماشىنىلارغا زەن قويۇپ، شوپۇرلارغا سۇركىشىپ، ئۇلارغا ئاشخانا تونۇشتۇرۇپ، ماشىنىلىرىغا سۇ ئەكىلىپ بېرىپ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرەتتى. بىركۈنى تويغۇچە يەپ ـ ئىچىپ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ ـ ئۇلغان بىر شوپۇر پۇت ـ قولى چاققان، تەق ـ تۇرقى قاملاشقان بۇ دېھقان يىگىتكە دىققەت قىلىپ قالدى. ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ شەرەت بىلەن: «ماڭا بىر ياردەمچى لازىم، مەن بىلەن ئىچكىرىگە بارامسەن؟»دەپ سوراپ قالدى. ئەخمەت قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك تۇرۇپ كېتىپ: «مېنىڭ پۇلۇم يوق، ئىچكىرىدە تونۇشۇممۇ يوق» دەپ جاۋاب بەردى. شوپۇر يەنە: «مەندە پۇل بار. مەن بىلەن ماڭساڭ جىق يەرلەرنى كۆرىسەن، پۇل تاپىسەن» دېدى. ئەخمەت ماقۇل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ ئىچكىرىگە بېرىۋالساملا بىر ئامال قىلىپ روزى ئاخۇننى ئىزدەپ تاپىمەن، دەپ ئويلايتتى، ئىچكىرىنىڭ نەقەدەر كەڭلىكىنى بىلمەيتتى.

ئۇ بىر ئاغىنىسىگە: «ئاداش، مەن ئىچكىرىگە كەتتىم، ئۆيدىكىلەرگە دەپ قويارسەن» دېگەندە، ئاغىنىسى ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتىلا ناتونۇش شوپۇرنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ كېتىپ قالدى. يول بويى

شوپۇرنىڭ سىزىقىدىن چىقماي تىرىشىپ خىزمىتىنى قىلدى. شوپۇر ئۇنى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جىڭجۇ شەھىرىگە ئاپىرىپ، شەھەرنىڭ بىر چېتىدە ئاشخانا ئاچىدىغان ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇپ قويدى. بۇ كۆرۈنۈشتە ئاشخانا بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئاق چېكىمدىغان ۋە ساتىدىغانلارنىڭ ئۇۋىسى ئىدى. ئەخمەت بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ دۇكان غوجايىنلىرىدىن ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن سەسكەندى.

ئۇ ياخشى ئائىلىدە ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن چوڭ بولغانىدى. قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن پاكىز ئەقىدە ئۇنى ھەر ۋاقىت يامان يولدىن قايتىشقا ئۈندەيتتى. ئۇ ئاز ـ تولا پۇل تاپقاندىن كېيىن بۇ ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىپ، يېڭى تونۇشقان ئاغىنىلىرى بىلەن گۇاڭجۇغا باردى. ئەمما، بۇ يەردىمۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئارزۇسىدەك بولمىدى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئوقەتچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى پۇل تېپىش ئۈچۈن جانىنى تىكىپ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلاتتى، قانۇن بىلەن ئوينىشاتتى. شۇڭا، بىر مەزگىل پۇل تاپسىمۇ تولا ھاللاردا ئاقىۋىتى ياخشى بولمايتتى. ئەخمەت بىر مەزگىل قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ، گاڭگىراپ يۈردى. ئۇ شۇنى كۆرۈپ يەتتىكى، بۇ يەردىكىلەر ھەممىمىز مۇسۇلمان، ھەممىمىز ئۇيغۇر دېيىشىپ تۇرۇپ بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى كولىشىدىكەن، پۇل ئۈچۈن بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى تۆكىدىكەن، پۇلى يوق، ئىش كۆرمىگەن بىچارىلەر ھەممە يەردە بوزەك بولىدىكەن. كوچىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالساڭ ياكى مېھمانخانىدا بىكاردىن ـ بىكار پىچاق يەپ ئۆلۈپ قالساڭ ئۆزۈڭنىڭ شورى ئىكەن. دېمەك، گۇاڭجۇدا پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن پۇل بولمىسا بولمايدىكەن. ئەخمەت پۇل ئۈچۈن شۇنداق بىر يولغا قەدەم قويۇپ قالدىكى، ئۇ گويا بارسا كەلمەس يول ئىدى. بۇ يول ئاشۇ يەرلەردە شېرىن خام خىياللار بىلەن تەمتىرەپ يۈرگەن تالاي يىگىت ـ قىزلارنىڭ ياشلىق باھارى، ھاياتىنى نابۇت قىلغان

ئىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، يۇرتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى چورت ئۈزۈپ سۇغا چۆككەن تاشتەك غايىب بولدى. توغراقلىقلار ئۇ توغرىسىدا خىلمۇخىل پەرەزلەرنى قىلىشاتتى. ھەر خىل ئەپقاچتى گەپلەرنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ نەدىلىكى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئۇلار مۇتلەق بىلمەيتتى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

تۇردى قارىي 1984 ــ يىلى تۇغۇلغان ئوغلىنى تەلەيلىك بالا بولدى، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ چوڭ بالىلىرى تۇغۇلغاندا ھېلىمىگۈل ئەمگەكنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا بالىلىرىغا تۇزۇكرەكمۇ قارىيالمىغانىدى. بۇ ئوغلى جاھان ئوڭشالغاندا تۇغۇلدى. ھېلىمىگۈل بۇ قېتىمقى تۇغۇتىدا قىرقى توشقۇچە ھاردۇق ئېلىپ، قىرقىدىن كېيىن بالىسىنى باققاچ ئۆي ئىشلىرى بىلەن بولدى. تۇردى قارىي ئاتىسىنى ئېتىزغا چىقماي، ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆمۈرۋايەت ئىشلەپ ئۆگەنگەن زەينەپخان ئۆيدە ئولتۇرغىسى كەلمەي ئېتىزغا چىقىۋالاتتى. ئېتىز ــ ئېرىقنى بىر كۈن كۆرمىسە بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالاتتى. ئېتىزنىڭ ساپ ھاۋاسى، ئاپتىپى، غۇر ــ غۇر شاماللىرى ئۇنىڭ جېنىنى يايرىتىۋېتەتتى. ئۇ ئۆزىنى يەر بىلەن، زەل ــ زىرائەت، قۇرت ــ قوڭغۇزلار بىلەن يىلتىزداش، تومۇرداشتەك، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى، دەردى ياكى خۇشاللىقىنى بىلىپ تۇرغاندەك سېزەتتى. ئېتىزدا ئىشلەۋېتىپ «قۇرۇپ چاكىلداپ كېتىپسىلەر، سىلەرنى سۇغىرىدىغان سۇ قېنى؟ سىلەرگىمۇ ئۇۋال، ھەممە ئېغىرچىلىقنى سىلەرگە سالىمىز، دەردىڭلارغا يەتمەيمىز»، «سەن نېمانچە ئورۇق، ئاجىز بولۇپ قالغانسەن، ھەي بىچارە، قارا ئاۋۇ باشقىلارغا، يوپيۇرماقلىرىنىڭ قاپقارا پارقىراپ تۇرغىنىغا، سەن نېمىشقا ئۇلاردەك بولالمايسەن؟» دەپ سۆزلەيتتى. ئىلگىرى بىللە ئىشلەيدىغان ئاياللار ئۇنىڭ بۇنداق گەپلىرىنى ئاڭلاپ

كۆلۈشەتتى. «زەينەپخان ئېتىز بىلەنلا ئەمەس، مال ـ ۋاران بىلەنمۇ سوزلىشىدۇ. كالا ـ قويلارمۇ ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنىۋاتقاندەك ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىدۇ، ئۇنى كۆرسە ياۋاشلاپ، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ» دېيىشەتتى. ھازىر ئۇ ئايالالار ئېتىزغا چىقمايدۇ، ئېتىزلار ئىلگىرىكىدەك ئادەمگە تولۇپ تۇرمايدۇ. قىز ـ چوكانلارنىڭ كۈلكە ـ چاقچاق، ناخشىلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ. كىشىلەر ئېتىزغا خالىغان ۋاقتىدا چىقىپ ئىشلەيدۇ، ئىشنى توگىتىپ مال ـ ۋاران ياكى ھۆنەر ـ ئوقەتنىڭ غېمىدە بولىدۇ. جاھان راستتىنلا ئۆزگىرىپ قالدى. زەينەپخاننىڭ ئىككى ئاكىسىمۇ قېرىغاندا ياخشى كۈنلەرگە ئۇلاشتى. ئۆمرى ئېغىر ئەمگەك، تىل ـ ئاھانەت ئىچىدە ئۆتكەن بۇ ئادەملەر بەك يۇرەكئالدى بولۇپ كەتكەنىكەن، چوڭ بولۇپ قالغان بالىلىرى بىرەر ئىش قىلىپ پۇل تاپايلى دېسە، قورقۇپ تىترەيدۇ. ئۇلار «سىياسەت دېگەننىڭ تىكىشى توختىمايدىغان نەرسە، بۈگۈن توغرا بولغان ئىش ئەتە خاتا بولىدۇ. ئەمەلدارلار گېپىدىن تېنىۋېلىۋېرىدۇ. كەلگۈلۈك پۇقراغا كېلىدۇ، ئەڭ ياخشىسى باي بولۇپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالماي، بەك نامرات بولۇپ ئاچ ـ توقمۇ قالماي، ئەل قاتارى ياشىغانغا يەتمەيدۇ» دەيدۇ. ئوغۇللىرى دادىلىرى ئېيتقاندەك، «ئەل قاتارى» ئىشلەپ يۇرۇپمۇ خېلى ھاللىنىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ يۆلىگۈدەك بولۇپ قالدى. شۇغىنىسى دادىسى بىچارىزە...

زەينەپخاننىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغا تۇتتى. ئۇ پىچىرلاپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى. ئارقىدىن «مۇشۇ كۈنلىرىڭگە شۈكرى خۇدايىم» دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. دېمىسىمۇ ھازىر ئۇنىڭ ئاغرىنغۇدەك يېرى يوق. تۇردى قارىينىڭ كۈنى ئوبدان. رۇستەم ۋىلايەتتە چوڭ ئىدارىدە ئىشلەۋاتىدۇ. روزى ئاخۇن ئىچكىرىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. ئەخمەتلا ئۇنىڭ كېچە ـ كۈندۈز خىيالىدىن چىقماي ئەندىشىگە سالىدۇ. ئەخمەت

ئۇنىڭغا توغراقلىقتا تۇرغۇسى يوقلۇقىنى ئېيتقان. «سەن بىلمەيسەن ئانا، ئۇرۇمچى دېگەن بەك كەڭرىچىلىك ئىكەن، ئۇ يەردە ھەرقانداق ئادەم بىرنېمە قىلىپ جېنىنى بېقىپ كېتەلەيدىكەن» دېگەنىدى.

زەينەپخان ئۇنى ئۇرۇمچىگە كەتتىمىكىن دەپ پەرەز قىلاتتى. كېيىن ئۇنىڭ ئىچكىرىگە كەتكىنىنى ئاڭلاپ، ھەرقانچە بولسىمۇ بىر ئېغىز خوش دەپ قويسا بولمامدۇ، دەپ ئاغرىندى. ئاخىر يەنە «نەدە بولسا ئامان ـ ئېسەن بولسۇن. ئامان بولسا بىركۈنى بولمىسا بىر كۈن قايتىپ كېلەر» دەپ ئويلىدى.

زەينەپخان خىيال بىلەن خېلى كۆپ يەرنىڭ ئۆتىنىقىنى ئۆتىۋەتكەنىدى. ئۇ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان بەللىرىنى رۇسلىۋېلىش ئۈچۈن بىردەم ئۆرە بولۇپ تۇردى. ئۇدۇلدىكى ئېتىزدا كىمدۇر بىرى مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئوت ئوتاۋاتاتتى. ئارقىسىدىن قارىغاندا ئابدۇغېنى ئاخۇندەك قىلاتتى. ئايزىمخان خېلىدىن بېرى كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقتىن، ئېتىز ئىشىمۇ، ئۆي ئىشىمۇ ئابدۇغېنى ئاخۇنغا قالغانىدى. بەزىدە ياتلىق بولۇپ كەتكەن قىزلىرى بىلەن كۈيئوغۇللىرىمۇ قارىشاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆي ئىگىسى بولغان ئايال كىشى يېتىپ قالسا ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچ نەرسە تولدۇرالمايدۇ، ئايال كىشى يوق ئۆيدە بوران ئۈچىدۇ. ئىشلار يۈرۈشمەيدۇ. ئەر كىشى ئىسسىقسىز، ئاچ ـ توق قالىدۇ. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھەممە ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى. تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس دېگەندەك، ئۇلار تازا تېپىشقانلاردىن ئىدى. ئايزىمخان بەك ئىشچان، ئوڭلۇق ئايال. ئابدۇغېنى ئاخۇنمۇ باھاسىز ئادەم. بىر ـ بىرىنىڭ قەدرى تازا ئۆتۈلىدىغان يىللاردا ئايزىمخان كۆز تەگكەندەك يېتىپ قالدى. ئابدۇغېنى ئاخۇنغا تەس بولدى.

زەينەپخان كىچىككىدە ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىنى، كېيىنكى چاغلاردا ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ خۇددى

قېرىندىشىدەك ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ كەلگىنىنى ئەسلىدى. ئاچارچىلىق يىللىرى ئۇ ھەر قېتىم بالىلىرى بىلەن ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا چاندۇرماي ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇنى ۋە بالىلىرىنى خىزىردەك قوغداپ كەلدى. ھەربىر تال دان گۆھەردەك قىممەت بولۇپ كەتكەن ئاشۇ يىللاردا ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم ئۇنداق قىلالمايتتى. ئۇ دائىم زەينەپنىڭ ئېغىل - قوتانلىرىنى ئوڭشاپ، ئېتىز ئىشلىرىغا قارىشىپ تۇراتتى. بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن زادى مىننەت قىلىپ باقمايتتى. ئۇ ھەرقانداق چاغدا زەينەپنى كۆرسە چىرايى ئېچىلىپ مۇلايىملىشىپ كېتەتتى. زەينەپكە بولغان قايىللىقى ۋە ئامراقلىقىنى زادى يوشۇرمايتتى. زەينەپ مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن ئېتىپ بەرگەن بىر قاچا ئاشنى ئەجەب ئوخشاپتۇ، دەپ ماختاپ - ماختاپ ئىچەتتى. ئايزىمخانمۇ «بىزنىڭ ئادەم زەينەپخانغا ئاشىق، ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى، ھەرقانداق ئىشى بىزنىڭ ئادەمگە گۈل كۆرۈنىدۇ» دەيتتى. بۇ گەپنى ھېچكىم باشقىچە مەنىدە چۈشەنمەيتتى. ئابدۇغېنى ئاخۇندەك كۆڭۈل - كۆكسى مانا مەن دەپ تۇرىدىغان، يۈرىكى ئالتۇندەك ساپ ئادەمنىڭ خۇپىيانە ئىش قىلمايدىغانلىقىنى، زەينەپخانىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشقۇسىز ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى.

بىر قېتىم ئابدۇغېنى ئاخۇن ئۇلارنىڭ يىغىلىپ قالغان كۆتەكلىرىنى يېرىپ بەرگىلى كېلىپ، ھويلىدا بىر كۈن كەچكىچە ئوتۇن ياردى. زەينەپ ئۇنىڭغا ئۇسسۇلۇق ئاچىقىپ يېنىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ قىزىرىپ، تەرلىگەن، كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قاۋۇل بەستى، پالتىنى كۆتەككە زەرب بىلەن ئۇرغاندا «ھۇ!» دەپ كۈچىنىشلىرى، ئىشتا پىشقان، تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان توم - توم بىلەكلىرى ئۇنى ئۆزىگە تارتىپلىۋالدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرەكلىرى تېز - تېز سوقۇپ، چىرايى ئوت ئېلىپ

كەتكەندەك قىلىزاردى. توختى قارىيدىن ئايرىلغاندىن بۆيان تۆنجى قېتىم بىر ئەر كىشى ئۇنى شۇنچە جەلپ قىلغان ۋە ھاياجانغا سالغانىدى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى «شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەنلىك» دەپ چۈشەندى. ھەر قېتىمقى نامىزىدا گۇناھلىرىغا تۆۋا قىلىپ، خۇدادىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە پاك ئىمان ئاتا قىلىشنى تىلىدى. ئابدۇغېنى ئاخۇننى قېرىندىشىدەك كۆرۈشكە تىرىشتى. ئەمما، ئۇ چۈشىنى كونترول قىلالمايتتى. ئۇ دائىم ئابدۇغېنى ئاخۇن بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولۇپ چۈشەيتتى. ئەتىسى بويىنى پاكلاپ، جايىنامازدا ئولتۇرۇپ خۇداغا تۆۋا قىلاتتى. كۈندۈزلىرى ئابدۇغېنى ئاخۇندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل تىزگىنلىگۈسىز ھېسسىياتمۇ ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئورنىنى قېرىنداشلىقتا ئوخشاپ كېتىدىغان ئېجىللىق ئالدى. تەقدىرنىڭ يازمىشى بىلەن ئۇلار قۇدا بولدى. مىجەزى دادىسىنىلا تارتقان ھېلىمىگۈل بۇ ئۆيگە قومغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىپ كەتتى. زەينەپخان مۇشۇنداق ئىشچان، ئوغلۇق قىزنى ئاشۇ ئائىلىدىن تارتىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇلارغا قەرزداردەك سېزەتتى. شۇڭا، كۈندە دېگۈدەك ھېلىمىگۈلدىن ئانىسىغا تاماق چىقارتىپ تۇراتتى. ھېلىمىگۈلگە «ئانىلىرىنىڭ ئىشى بولسا قىلىشىپ بەرسىلە بالام، بۇ ئۆيدە مەن بولغاندىكىن» دەپ تاپىلاپ تۇراتتى. ھېلىمىگۈل بەزىدە ئۆيىدىن يىغلاپ كېلەتتى، «ئانامنى داۋالىتايلى دېسەك پۇل يوق، دادام شۇنچە يىل كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئەجەب ئازراق بولسىمۇ يىغىپ قويماپتىكەن» دەپ زارلىناتتى. دېمىسىمۇ ئابدۇغېنى ئاخۇن كۆپچىلىكنىڭ يىڭنە چاغلىق نەرسىسىگە كۆز سالماي ئىشلىگەن ئادەم ئىدى. بۇگۈنكى كۈنلۈكتە ئائىلىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەينى يىللاردا تىلەمچىدەك تاغار كۆتۈرۈپ دادۇي

ئامبىرىنىڭ ئالدىدىن كېتەلمەيدىغان داۋۇت كانايغا ئامەت تازا كەلدى. ئۇنىڭ بابباراۋەر چوڭ بولغان، ئانىسىغا ئوخشاش بويى تارتقان ئوغۇللىرى بىرلىشىپ پاختا تېرىپ، داۋۇت كانايىنىڭ ئائىلىسى ناھىيە بويىچە داڭلىق ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە، يۈزمىڭ يۈەنلىك ئائىلە بولۇپ كېتىشتى. ھېلىمىگۈلنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدۇغېنى ئاخۇن باللىرىنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە چىدىماي، داۋۇتتىن قەرز سوراپ بارغىنىكەن، داۋۇت ئۇنى سېسىق گەپكە تازا تويغۇزۇپ يولغا سايتۇ. ئابدۇغېنى ئاخۇن ھار ئېلىپ بىر ھەپتە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. زەينەپخان مۇشۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يىغقان ـ تۆگكەنلىرى بىلەن رۇستەم ئايمۇئاي ئەۋەتىپ تۇرىدىغان پۇللارنى قوشۇپ ئابدۇغېنى ئاخۇنىنىڭكىگە 500 كوي كىرگۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ باشقا قولۇم ـ قوشنىلارمۇ بەش كوي، ئون كويدىن ياردەم قىلىشتى. ئايزىمخان بىر ئاي ناھىيەلىك دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ خېلى ئوڭشىلىپ يېنىپ چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ كېسىلىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ساقايتقىلى بولمايدىغان، قۇۋۋەتلىك يېمىسە، بېقىش تاپمىسا بولمايدىغان كېسەل ئىكەن دېيىشەتتى. 60 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان ئابدۇغېنى ئاخۇن ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشىنى قىلىپ ئۆيگە كەلگەندە ئۆينىڭ ئىشىنى قىلاتتى. ئايزىمخاننى ئوبدانراق بېقىش، ھاردۇرۇپ قويماسلىقنىڭلا كويىدا يۈرەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى. ئۇ ھازىر دادۇيجاڭ بولمىسىمۇ، قولى قىسقا بولسىمۇ، دېھقانلار ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەت قىلاتتى...

زەينەپخان كىمنىڭدۇر تونۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرگەندە، ئېتىز قىرىدا پىلدىرلاپ ئۆزى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان نەۋرە قىزىنى كۆردى. ئاتا ـ ئانىسى سىڭلىمىزنىڭ ئېتىنى ئۆچۈرمەيمىز، دەپ ئۇنىڭ ئېتىنى زۆمرەت قويغانىدى. زۆمرەت چوڭ ئانىسىنى كۆرۈپ:

— چوڭ ئانا، رۇستەم ئاكام كەلدى ! — دەپ توۋلىدى. زەينەپخاننىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن تىپچەكلەپ، چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈردى. ئۇ ئالدىرىغىنىدىن سەل دەلدۈگۈنۈپ ئورنىدىن قوپتى ـ دە، نەۋرە قىزىنى يېتىلىگىنىچە ئۆيى تەرەپكە يۈگۈردى.

هويلىدىكى سۇپىدا ئولتۇرغان رۇستەم ئانىسىنى كۆرۈپ ئىتتىك ئالدىغا كەلدى. ئانىسىنىڭ چاچلىرىدا ئاق كۆپىيىپ قالغانلىقىنى، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىكى قورۇقلارنىڭ چوڭقۇرلاپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ يەنىلا خېلى ياش كۆرۈنەتتى. رۇستەم ئانىسىغا ئامراقلىق بىلەن ئەركىلەپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى قوشلاپ تۇتۇۋېلىپ يىرىك ئالقانلىرىنى يۈزىگە سۈركىدى.

— ھەممىدىن مۇشۇ قوللىرىڭنى بەك سېغىنىمەن جۇمۇ ئانا، چۈشۈمدىمۇ مۇشۇ قوللىرىڭ بىلەن بېشىمنى سىلاپ تۇرغىنىڭنى كۆرىمەن، — دېۋىدى، زەينەپخاننىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. زەينەپخان ئۇنىڭ گېپى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئوغلىنىڭ قەددى ـ قامەتلىك، ئىنسابلىق ئەر بولۇپ يېتىلگىنىگە خۇشال بولۇپمۇ يىغلاۋاتاتتى، ئانا كۆڭلى دېگەن شۇنداق. ئۇلار خاپىلىقتىن كۆرە خۇشاللىق ئۈچۈن يىغلايدۇ. تاغدەك ئېغىرچىلىققا غىڭ قىلمىغان، نى ـ نى دەرد ـ ئەلەملەرگە ياش تۆكمىگەن ئانا، بالىسىدىن كىچىككىنە بولسىمۇ دىلى سۇ ئىچكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالىدۇ.

ئانا ـ بالا سۇپىغا سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇزاق مۇڭداشتى. بۇ يىل يازدا ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان روزى ئاخۇننىڭ، ئەخمەتنىڭ گېپىنى قىلىشتى. رۇستەم ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن ئابباس شۇجىنىڭ قېيىنسىڭلىسىغا ئۆيلەنگەنىدى. بۇ توي ئىشىنى شۇجىنىڭ خوتۇنى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رۇستەمگە كۆپ چىقىم قىلدۇرمايلا قىلغان

بولۇپ، تويدىن كېيىن ئابباس شوٰجى ئۈرۈمچىدىكى بىر نازارەتكە نازىر بولۇپ يۆتكىلىپ كەتتى. مانا ئەمدى رۇستەمنى ئۆزى ئىشلەۋاتقان نازارەتكە قاراشلىق بىر ئىدارىگە يۆتكىگەنىدى. باشقا ئادەم بولسا بۇنى تېپىلغۇسىز پۇرسەت بىلىپ دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتقان بولاتتى، ئەمما رۇستەم يۇرتىغا، بولۇپمۇ ئانىسىغا چىدىماي قالدى. ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىنى قانداق جاپادا چوڭ قىلغىنى ئۇنىڭ ئېسىدىن زادى چىقمايتتى. ئۇ ئەمدى بالىلىرىنىڭ راھىتىنى كۆرۈپ، غەم ـ غۇسسىسىز ياشىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە كەتسە ئانىسىنى دائىم يوقلاپ، ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرالمايدۇ. ئەگەر بارمايمەنلا دېسە، ئايالى ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ، ئىككى ياشقا كىرگەن ئوغلىنى ئېلىپ كېتىۋېرىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ مۇشۇ ئويلىرىنى ئانىسى بىلەن ئورتاقلىششىش، ئانىسىنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئەگەر ئانىسى: «قېرىپ قالدىم، مېنى تاشلاپ كېتەمسەن» لا دېسە، ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي قالغان بولاتتى. ئەمما، ئانىسى «نېمىشقا بارمايسەن، بارغىن بالام، ئوغلۇڭنى يېتىم قىلما. چوڭ شەھەرلەردە ياشاپ كۆكلەپ كەت. ئەخمەتنى ئىزدەپ تېپىپ بېشىنى سىلاپ قوي، ئۇكاڭ ئەمەسمۇ، ماڭا پات ـ پات خەت يېزىپ تۇرساڭ، خىزمەت بىلەن بۇ تەرەپلەرگە ئۆتكەندە يوقلاپ تۇرساڭلا بولىدۇ» دېدى ۋە رۇستەمنى قايتا ئېغىز ئاچۇرمىدى. رۇستەم شەھەرگە قايتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۈرۈمچىگە كەتتى. مېڭىشتىن بۇرۇن يۇرتقا يەنە بىر قېتىم كېلىپ، ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يۇرتداشلىرى بىلەن خوشلاشتى. تۇغراقلىقلار ئۇنى خېلى يەرگىچە ئارقىسىدىن ئۇزىتىپ بېرىشتى.

ئاچارچىلىق يىللىرى ئىدى. زەينەپ بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قونىقى چاناپ كېتىلگەن ئېتىزلىقتىن پۇرچاق تېرىۋاتاتتى.

قوناق ئارىسىغا تىزىلغان يۇرچاقنىمۇ ئاللىقاچان ئورۇپ ئېلىپ كېتىشكەن، پەقەتلا يەرگە چېچىلىپ كەتكەن دانلىرىنى تولۇق يىغىپ بولالمىغانىدى. ئۇلارغا توپا ئارىسىدىن بىر تال، ئىككى تال ياكى بىرەر ئوچۇم پۇرچاق ئۇچراپ قالاتتى، باللار ئىنچىكە، كىر بارماقلىرى بىلەن مۇزدەك يەرنى كولاپ، ساپسېرىق دانلارنى كۆرگەندە «ئانا، ئانا!» دەپ خۇشال چۇرقىرىشىپ كېتەتتى. ئۇلار قەدەمدە بىر قوناق كۆتەكلىرىگە، پولات تاۋلاشتىن قالغان قاتتىق، قاپقارا داشقاللارغا پۇتلىشاتتى، بىردىنلا ئۇلارنىڭ يېنىدا سۇرلۇك، چوڭقۇر ئورىلار پەيدا بولدى. زەينەپ ئۇنى پولات تاۋلاش مەزگىلىدە ياغاچ كۆيدۈرۈش ئۈچۈن كولىغان ئورىلار ئىكەن، دەپ ئويلىدى. زەينەپخان ئورا ئالدىدا توپا كولاپ ئولتۇرغان روزى ئاخۇننىڭ قانداقلارچە ئورەككە چۈشۈپ كەتكىنىنى بىلمەي قالغانىدى. ئۇنىڭ «ئانا، مېنى تارتىۋالغىن!» دېگەن ئاۋازى يەرنىڭ تېگىدىن ئاڭلانغاندەك قىلاتتى... زەينەپ قورقۇپ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەن هالدا ئويغىنىپ كەتتى. ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى چۈشىدە ئەمەس، خۇددى ئوڭىدا ئاڭلىغاندەك، ئۇ ئاۋاز قۇلاق تۈۋىدە ھېلىھەم ياڭراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئۆندەرەپ ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە قاراپ كەتتى. چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، يۈرىكى سىقىلغان ھالدا مەڭدەپ تۇرۇپ كېتىپ، ئەمدى روزى ئاخۇنغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇنى نېمىشقا ئورەككە چۈشۈپ كېتىپ چۈشىگەندىمەن، ئۇنىڭغا بىرەر پېشكەللىك يۈزلىنىۋاتامدۇ يا؟ دەپ ئويلىدى. ئىچىدە: « ئى ئۇلۇغ ئاللا، ئۆزۈڭ بار، ئۆزۈڭگە ئاسان، بەندەڭگە قىيىن، گۇناھكار بەندىلىرىڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، ئاشۇ مۇساپىر ئوغلۇمنى پېشكەللىك، ئاغرىق ـ سىلاقتىن، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، ئوتى يامانىنىڭ ئوتىدىن ساقلىغايسەن...» دەپ پىچىرلىدى.

دەل شۇ كۈنلەردە توغراقلىقتىن نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چوڭ بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقان روزى ئاخۇننىڭ ھاياتى ھەقىقەتەنمۇ خېيىم ـ خەتەر ئىچىدە تۇراتتى. ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە روزى ئاخۇن ئۇدا بىرنەچچە كېچە ياتىقىغا قايتمىدى. ئىزدەپ چىققان ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ دائىم دەرس تەكرارلايدىغان دەرەخلىكتە ئۆرە تۇرۇپ كىملەر بىلەندۇر مۇنازىرىلىشىۋاتقاندەك قايناپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى.

ئۇ ئۆزىنى قايتۇرۇپ ئەكەتمەكچى بولغان ساۋاقداشلىرىغا مۇشت ئېتىپ يېقىن يولاتمىدى. چۈشتىن كېيىن جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كېلىپ روزى ئاخۇننى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ شەھەر سىرتىدىكى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا ئۈچ ئاي ياتتى. ياخشىلىنىپ، دوختۇرخانىدىن چىققاندا، ساۋاقداشلىرى ئاللىقاچان ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كېتىپ قېلىشقانىدى. پەقەت راملەلا ئۇنى ئاندا ـ ساندا يوقلىغاچ، ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىشىنى كۈتۈپ مەكتەپتە تۇرۇۋاتاتتى. ياۋاشلاپ جىمغۇر بولۇپ قالغان روزى ئاخۇن راملەنىڭ سوئاللىرىغا تولۇق جاۋاب بەردى. راملە:

— سەن نېمىشقا ئۆزۈڭ بىلەن ئۆزۈڭ گەپلىشىسەن؟ — دەپ سورىغاندا:

— ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم گەپلەشمىدىم. ھازىر مېنىڭ ئەتراپىمدا نۇرغۇن يوچۇن ئادەملەر بار. پاكار ـ پاكار، چىرايىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. لېكىن، ناھايىتى ئالدىراش يۈرۈشىدۇ، ھەممە يەرنى تىمىسقىلاپ، ئاختۇرۇپ، قولىغا چىققاننى ئېلىپ كېتىدۇ. كۆرگەنلا نەرسىنى شالاپشىتىپ يەپ قۇرۇتۇۋېتىدۇ. ئاخشىمى ئۇخلاي دېسەم كارىۋىتىمدا يېتىۋالىدۇ. تاماق يەي دەپ تۇرسام قوللىرىنى تىقىپ قاچامدىكىنى يەۋالىدۇ. مەن ئامالسىز

ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشمەن. ئۇلار بەك يولسىز، — دېدى.

رامىلە ئەتراپىغا قورقۇمسىراپ قارىدى:

— قېنى قەيەردە ئۇ ئادەملەر؟ مەن نېمىشقا كۆرەلمەيمەن، ئۇلار مېنىڭ ئەتراپىمدىمۇ بارمۇ؟

— بار، ھەممىلا يەردە بار. ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن، ئېغىزلىرىدىن سېسىپ كەتكەن قارا لايىنىڭ پۇرىقىدەك ياكى بېلىق پۇرىقىدەك غەلىتە پۇراق كېلىدۇ، سەن ئۇلارنىڭ پاچىقىدا ئولتۇرۇۋاتىسەن. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاران قىسىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. مانا بىر پۇتۇمنى قويغۇدەك يەر يوق. ھاۋا يېتىشمەي دېمىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ...

روزى ئاخۇننىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ رامىلە قورقۇپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى:

— ۋاي، نېمە دەيدىغانسەن، ماڭغىنە ئادەمنى قورقۇتماي، ھازىر نېمىشقا مۇنازىرىلەشمەيدىغان بولۇپ قالدىڭ؟

— ھېلىقى مەن ئىچىدىغان ئاق دورا بارغۇ، شۇ مېنى سەۋر - تاقەتلىك قىلىپ قويدى. بوزەك بولۇۋاتقىنىمنى بىلىپ تۇرسامۇ تاقەت قىلىمەن. ئۇلار بىلەن تىنچ بىللە ياشايمەن.

— بەك ياخشى قىپسەن، دوراڭنى ئىچىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، ئىچىۋالامسەن؟

— ماقۇل، ئىچىۋالاي.

رامىلە بىلەن مەكتەپ قوشۇپ بەرگەن ئەر ئوقۇتقۇچى روزى ئاخۇننى يۇرتىغا ئېلىپ ماڭدى. روزى ئاخۇن پويىزدا بىردەممۇ ئولتۇرماي ئۆرە تۇرۇۋالدى. كۆزمۇ يۇممىدى. تاماقنى قولىغا ئېلىپلا «خەقلەر ئاغزىنى تىقىپ قويدى» دەپ تۆكۈۋېتەتتى. ئۇلار پويىزدىن چۈشۈپ ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن چۆل - باياۋان، قۇملۇقلار كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا روزى ئاخۇن ئاستا - ئاستا تىنچلىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى. توغراقلىققا يېتىپ كەلگەندە، خۇددى ھېلىلا چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلگەندەك،

ھەممەيلەنگە شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، كۆرۈشمىگىلى ئۈچ يىل بولغان ئانىسىغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، ئىچىنغاندەك بېشىنى چايقاپ قويدى. ئوغلىنىڭ بۇ ھالىدىن زەينەپخاننىڭ يارا باسقان يۈرىكى يەنە بىر قېتىم لەختە بولغان بولسىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن تۆت ئەزايى ساق قايتىپ كەلگىنىنى ئويلاپ كۆڭلى سەل تەسكىن تاپتى. رامىلە بىلەن خەنزۇ ئوقۇتقۇچى بىر ساندۇق دورىنى قويۇپ، ئۆيدىكىلەرگە روزى ئاخۇننىڭ دورىسىنى ۋاقتىدا ئىچكۈزۈشنى تاپىلاپ خوشلىشىپ قايتىپ كېتىشتى. يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، ئاخشىمى رامىلە زەينەپخان بىلەن ھېلىمىگۈلدىن تارتىنىپمۇ ئولتۇرماي:

— ئۇ تېپىلغۇسىز ئېسىل بالا ئىدى، مۇئەللىملىرىمىز ئۇنى كالىلىسى بەك ئۆتكۈر، كەلگۈسىدە چوڭ ئىشلارنى قىلىدۇ، دەيتتى. مەن ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىم، ئىست، ئىست، — دەپ بۇقۇلداپ يىغلىدى.

روزى ئاخۇن توغراقلىقتا بىر مەزگىل تىنچ ياشىدى.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

بۇ دۇنىيانىڭ ئىشلىرىغا نېمە دېگۈلۈك. ئالىي مەكتەپنى يېڭىلا پۈتكۈزۈپ ياشلىق تۇيغۇلىرى ۋە شېئىرىيەت ئىلاھىنىڭ سېھىرلىك قاناتلىرىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا ئەگەر بىركىم ماڭا «پات ئارىدا بىر مەھبۇسقا ئايلىنىپ، تارىم چۆللۈكىدە 20 يىل ئەمگەك قىلىسەن» دېگەن بولسا، مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇنى ساراڭ دېگەن بولاتتىم. ئاشۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا، بىر كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەكتىن ھېرىپ ـ ئېچىپ، توپا ۋە تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا قايتىپ كېلىپ، قەپەستەك تار، ھاۋاسى بۇلغانغان گۇندىخانىنىڭ سېمونت تورۇسىغا قاراپ ياتقىنىمدا، يەنە بىرى ماڭا: «بىر كۈنلەردە سەن چوڭ شەھەردە، داڭلىق بىر ئورۇندا ئىشلەيسەن، ئامەت، مۇھەببەت ۋە شېئىرىيەت ئىلاھى ساڭا يەنە قۇچاق ئاچىدۇ» دېگەن بولسا مەن ئۇنىمۇ ئالدامچىغا چىقىرىۋەتكەن بولاتتىم. ئەمما، رېئاللىق ئۆزگىرىش ۋە مۆجىزىلەرگە شۇقەدەر باي ئىكەنكى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىنسان ئەقلى چولتا، ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ قەلىمى گال ئىكەن. بۇ تەقدىرنىڭ ئىشىمۇ؟ تەقدىر بىر كىملەرنىڭ قولى ئارقىلىق يەنە بىر كىملەرنىڭ ھايات ـ ماماتى ۋە تۇرمۇش يولىنى بەلگىلەمدۇ؟ ئەگەر تەقدىر مەۋجۇت ئەمەس، تاسادىپىيلىق مەۋجۇت دېسەك، تاسادىپىيلىق دائىم ئالاھىدە بىر كىملەرنىلا ساقلاپ تۇرامدۇ؟

دادام بىر كۈپلېت شېئىر ئۈچۈن گۇناھسىز بىر قىزنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغىلى تاس قالغاندا، ئۇنى نىكاھىغا ئېلىپ

قوتۇلدۇرۇپ قالغانىكەن. مەن بۇ ھېكايىنى كىچىك ۋاقىتلىرىمدا ئانامدىن ئاڭلىغان. ئانام ھايات ۋاقىتلىرىدا دادامنى قەھرىماندەك كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇنلا ياشايتتى. مەن بىر كۇپلېت شېئىر ئۇچۇن 20 يىل تۈرمىدە ياتتىم. 43 يېشىمدا ئۆيلەندىم. دادام 62 يىل ئۆمۈر كۆردى. مەن قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەرمەن؟

دادامدەك ئۆمۈر بويى شېئىرغا ھەۋەس قىلىپ ئۆتكەن ئادەم ئاز بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئىككى ـ ئۈچ ساندۇق كىتابى بار ئىدى. ھەممىسى ئەينى دەۋرنىڭ ئۇستا خەتتاتلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، سىپتا تۈپلەنگەن، قېلىن مۇقاۋىسىغا ئىمىر ـ چىمىر رەڭلىك نەقىش ياكى گۈللەرنىڭ رەسىمى سىزىلغان كونا كىتابلار ئىدى. مۇقاۋىدىكى گۈللەر ماڭا خۇددى راست گۈللەردەك كۆرۈنگەنلىكتىن دائىم قولۇمنى ئۇزىتىپ سىلاپ باقاتتىم. مۇقاۋىدىكى خەتلەرنى ھەجىلەپ ئوقۇپ چۈشەنمەي، دادامدىن سورىسام، ئۇ ماڭا: «سەن بىلمەيسەن، سەل چوڭ بولغىن، شۇ چاغدا بۇلارنى ئۆگىتىمەن، مۇشۇ كىتابلىرىمنى كېيىن ساڭا قالدۇرىمەن» دەيتتى. بىكار ۋاقىتلىرىدا تاۋار ياغلىقتا ئوراپ تەكچىنىڭ تېگىگە تىقىپ قويغان بىرەر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇپ ئولتۇراتتى. زوقلىنىپ كەتكەن ۋاقىتلىرىدا مېنى ئالدىغا چاقىرىپ، «كۆردۈڭمۇ ماۋۇ مىسرانىڭ چىرايلىقلىقىنى» دەپ ئۈنلۈك ئوقۇپ، تەھلىل قىلىپ كېتەتتى ياكى ئۆزىنى باسالماي، ساقال ـ بۇرۇت باسقان ئاغزىنى مىدىرلىتىپ كىچىك بالىلاردەك خىرىلداپ كۈلەتتى. بىر قېتىم، خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان چوڭ ئانامنى چاقىرىپ شېئىر ئوقۇپ بېرىۋاتقان چېغىدا، چوڭ ئانامنىڭ خېمىر يۇقى قوللىرىنى سىلكىپ خاپا بولۇپ چىچىلىپ كەتكىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. دادام ماڭا: «شېئىر ئوقۇپ بەھىر ئېلىش قالتىس ھوزۇرلۇق ئىش، سەن شېئىر ئوقۇ، لېكىن شېئىر يازما. يازغاندىمۇ خەقلەرگە كۆرسەتمە، داڭلاپ يۈرمە. ئاۋۋىلى ئەزەلدىن شېئىر يازغان ئادەمنىڭ ياخشى كۈن كۆرگىنى

ھەم ئۆز ئەجىلىدە ئۆلگىنى ئاز» دەيتتى. دادامنىڭ مۇشۇ گېپى مېنى شېئىرغا قىزىقتۇرۇپ قويغانىدى. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا مەدرىسەدە يادلىغان شېئىرلارنىڭ ئۇسلۇبىدا بىر شېئىر يېزىپ باققانىدىم، مۇئەللىمگە ياراپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن «بالا شائىر» ئاتىلىپ، ھەر خىل پائالىيەتلەردە «شېئىر» دېكلاماتسىيە قىلىپ يۈردۈم. شېئىرنىڭ نېمىلىكىنى ئالىي مەكتەپتە ئاز - تولا ھېس قىلدىم دېسەم بولىدۇ. شۇ چاغلاردا گېزىتلەرگە بېسىلىپ ماختالغان شېئىرلىرىمنى كېيىن ئوقۇپ بېقىپ، ئاددىيلىقىدىن ھەيران قالدىم. شېئىرنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ۋاقتىم تۈرمىدىكى ۋاقتىم بولدى. نەلەردىندۇر قولدا كۆچۈرۈلگەن كىلاسسىك شېئىرلار، چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى، ھەتتا تۈرمىدە يېزىلغان شېئىرلار پەيدا بولۇپ قولدىن - قولغا ئۆتۈپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يارامسىزلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ھەر مىسرا، ھەر سۆز يۈرەككە تەسىر قىلىپ قانىنى قاينىتاتتى. ئۇلارنىڭ تەسىرىدە ئىچ - ئىچىمدىن گاھ ئاچچىق، گاھ شېرىن ياكى مۇڭلۇق ھېس - تۇيغۇلار ئۆرلەپ، قولۇمغا قەلەم ئالغۇم كېلەتتى. يازغانلىرىمنى پارچە قەغەزگە كۆچۈرۈپ، قەغەزنى سىمدەك ئىنچىكە يىمىرىپ، ئىشتان - چاپىنىمنىڭ ئەستىرى ئىچىگە تىقىۋەرگەنىدىم. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى رەتلەپ نەشرىياتقا بەردىم. «تۈرمىدە يېزىلغان شېئىرلار» ئەنە شۇ قايناق، چىن ھېسسىياتىمنىڭ مېۋىسى ئىدى. كېيىن ئۇ خىل ھېسسىياتنى نېمىشقىدۇر تاپالماس بولۇپ قالدىم. شۇنىڭدىن قارىغاندا بەزىلەرنىڭ «ھەقىقىي شېئىر — قان تامچىپ تۇرغان يۈرەكتىنلا ئۇرغۇپ چىقىدۇ» دېگىنى بىكار بولمىسا كېرەك.

بۇلارنى نېمە ئۈچۈن يېزىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن. بەزىدە ئىچىمدىكى ئۇرغۇن ئوي - پىكىرلەرنى بىرنەچچە كۇپلېت شېئىرغا سىغدۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ،

خالىغانچە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ باققۇم كېلىدۇ. لېكىن، ئۆزۈمنىڭ نەسرىي يازغۇچىلاردەك يازالمايدىغانلىقىمنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن كۈندىلىك خاتىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇشۇنداق نەرسىلەرنى يېزىپ تاشلاپ قويىمەن. بۇلارنى كۈندىلىك خاتىرە دېگەندىن «ئوي ـ پىكىر خاتىرىسى» دېگەن مۇۋاپىقراقمىكىن. ئايالىم ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەلدى، بالىلىرىمنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى. بۈگۈن مۇشۇ يەرگىچە يازاي.

1985 ـ يىلى، سېنتەبىر.

ئوتتۇرا هال چوڭلۇقتىكى ئىشخانىدا تۆتىمىز — ئۈچ ئەر كىشى بىلەن بىر ئايال ئولتۇرىمىز. تۆردىكى ئورۇندا ئولتۇرىدىغان 48 ـ 49 ياشلاردىكى ساتتار ئىسىملىك ئورۇق، قاتما، ئوتتۇرا بوي ئادەم بىزنىڭ باشلىقىمىز. ئۇ شىم ـ كاستۇمنى قاتۇرۇپ كىيىپ، چاچلىرىنى پارقىرىتىپ ياساپ يۈرىدۇ. بەدەن قىياپىتىمۇ ئۆزگىرىپ كەتمىگەنلىكتىن قارىماققا ئەسلىي يېشىدىن خېلىلا ياش كۆرۈنىدۇ. ئۆزىمۇ ھە دىسە «بىز ياشلار ئۈنداق، بىز ياشلار مۇنداق» دەپ قىزىقچىلىق قىلىپ قويىدۇ. تەتقىقات ئورنى ئەسلىگە كەلگەندە قايسىبىر مەكتەپتىن يۆتكىلىپ كەلگەن بۇ ئادەم كەسىپ ئەھلى بولمىسىمۇ، ئاشۇ خۇشچاقچاق مىجەزى بىلەن يۇقىرىدىكىلەر بىلەنمۇ، تۆۋەندىكىلەر بىلەنمۇ چىقىشىپ ئىشلارنى يۈرۈشتۈرىدۇ. مۇھىمى ئۇ ناھايىتى قىزغىن، مەسئۇلىيەتچانلىقىمۇ خېلى كۈچلۈك. زۆرۈر تېپىلغاندا بىزنى ئالداپ ئىشقا سېلىشنىمۇ بىلىدۇ ھەم بىز ئۈچۈنمۇ سۆزلەيدۇ. ئومۇمەن، ئۇ خېلى بولىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا قايسىدۇر بىر شەھەردىن يۆتكىلىپ كەلگەن تاجىگۈل ئىسىملىك ياش چوكان جايلاشقان. ئۇ ئۆزىنى «بۇ ئىدارىگە خاتا كېلىپ قاپتىمەن» دەيدۇ. ئېرىنىڭ ئۆزىنى

تۇرۇكرەك بىرەر ئىدارىگە يۆتكەپ كېلەلمىگىنىمدىن قاقشاپ، كۆڭلىرىنى تېلېفوندا دوستلىرىغا دەرد تۆكۈش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. «ۋىيەي ئاداش، ‹بارمايمەن دېگەن تۇگمەنگە يەتتە قېتىم بارىسەن› دېگەندەك، مېنىڭ ئۆتەپ ـ تېشىپ بۇ ئىدارىگە ئورۇنلىشىپ قالغىنىمنى دېمەمسەن! بۇ يەردە قۇرۇق قەغەز بىلەن توپا باسقان كىتابتىن باشقا نەرسە يوق . كىتاب دېگەنگە قارىسام بېشىم پىر ـ پىر قايىدۇ ئاداش. سائەتنى توشقۇزالماي كۆڭدە ماگىزىن ئارىلايمەن، ھېلىمۇ ئىشخانىمىزدا بىكارلىق تېلېفون بولۇپ قاپتىكەن، بولمىسا زېرىكىپ ئۆلۈپ قالىدىكەنمەن دېگىنە...»

تاجىگۈلنىڭ زارلىنىشلىرى ئىچىدە، تۆۋەن تەرەپتىكى دېرىزىنىڭ يېنىدا 33 ـ 32 ياشلاردىكى دىلمۇرات ئىسىملىك يىگىت بىلەن پېقىر ئىلھامجان ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرىمىز. خىزمەت تەقسىماتى بويىچە ساتتار كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن، مۇرات ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەسرىي ئىجادىيەت تەتقىقاتى بىلەن، پېقىر شېئىرىي ئىجادىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىمىز. ئىدىيەنى ئازاد قىلىش تەكىتلىنىدىغان، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئائىت يېڭى قاراش، يېڭى ئۇسلۇب، ئېقىملار كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان، يېڭى كىتابلار، ژۇرناللار كۆپلەپ نەشر قىلىنىۋاتقان بۇ كۈنلەردە كۆپ ۋاقتىمىز كىتاب ـ ماتېرىيال كۆرۈش بىلەن ئۆتىدۇ. بولۇپمۇ دىلمۇرات باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇيدۇ. ئۇ ئىچكىرىدە مەخسۇس ئەدەبىي تەنقىدچىلىك كەسپىنى ئوقۇغانىكەن. ئۇنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئومۇمىي تەربىيەلىنىشى ئالاھىدە ياخشى بولۇپلا قالماي، پىكىر يولى چوڭقۇر ھەم ئىجادىي بولغانلىقتىن، بۇ ساھەدىكى چوڭلار ئۇنىڭدىن زور ئۈمىد كۈتۈشىدۇ. مۇراتتەك ياشلاردىن بەش ـ ئالتىسى بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى

ئىزىغا چۈشۈپ قالار ئىدى، دېيىشىدۇ. ناھايىتى بىلىملىك ھەم ئابرۇيلۇق بىر پېشقەدىمىمىز: «بىزنىڭ تەنقىدچىلىك ساھەيىمىز ناھايىتى كەڭ بوز دالاغا ئوخشايدۇ، بۇ يەرگە ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ توشقان، تۈلكە ئوۋلىغانلار بولدى. ئەمما، ئېيىق، يىلپىز، يولۋاس ئوۋلايدىغانلار چىقمىدى» دېگەنىدى. قارىغاندا مۇشۇ دىلمۇرات ئېيىق، يىلپىز ئوۋلايدىغانلاردىن بولۇپ چىقىدىغاندەك قىلىدۇ. ئېنىقكى، ئېيىق، يىلپىز ئوۋلاش ئۈچۈن مەرگەنلىكلا كۇپايە قىلمايدۇ. خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالايدىغان باتۇر يۈرەكمۇ بولۇشى كېرەك. تەنقىدچىلىككە نىسبەتەن بۇ يىگىتنىڭ يۈرىكىدە لاۋۇلداپ تۇرىدىغان بىر ئىشتىياق بار. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىگە خاس سەمىمىيلىك ھەم دادىللىق بار.

مەن بۈگۈنكى ياشلارغا ھەۋەس قىلىمەن. ئۇلارنىڭ شارائىتى نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! ئۆگىنىمەنلا دېسە ئىمكان بار. ئوقۇيمەن دېسە كىتاب ـ ماتېرىيال شۇنچە كۆپ. بىز ياش ۋاقتلىرىمىزدا بۇنداق ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشەلمىگەنىدۇق. كىتابنى كۆپرەك ئوقۇساڭ «ئاق مۇتەخەسسىس» قالپىقى تەييار تۇراتتى. بىرەر ئېغىز گېپىڭ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىماي قالسا بېشىڭ كېتەتتى. ئىلاھىم، ياشلىرىمىز، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بېشىغا بۇنداق كۈنلەر كەلمىسۇن.

1986 ـ يىلى مارت.

قولۇمغا قەلەم ئالمىغىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئارىدا دىلمۇراتنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى زور غۇلغۇلا قوزغىدى. ئۇ ماقالىلىرىدە نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى يېڭىچە تەنقىدچىلىك نۇقتىئىنەزىرى بويىچە تەھلىل، تەنقىد ئاستىغا ئېلىپ، كۆزقاراش، باھالىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۈرىكى ئاجىز كىشىلىرىمىزنى

خىلىلا چۆچۈتۈۋەتكەنىدى. بۇ ماقالىلەرنى قوللايدىغانلارمۇ، سۆكۈپ تىللايدىغانلارمۇ شۇنچىلىك كۆپ بولدىكى، بىرنەچچە كۈنگىچە ئىشخانىمىزغا دىلمۇراتنى سورايدىغان تېلېفونلار تولا كېلىپ، زادىلا ئارامچىلىق بولمىدى، ئاخىر تېلېفون ئالماس بولدۇق. شۇنداقتىمۇ ئىشخانىغا ئىزدەپ كېلىدىغانلاردىن قۇتۇلغىلى بولمايتتى. بىر كۈنى كېپىنەكتەك ياسانغان ياش بىر چوكان دىلمۇراتنى ئىزدەپ كەلدى. دىلمۇراتنى كۆرۈپ:

— ۋىيەي، ماقالىسىنى ئوقۇپ ئادەم ئەيمەنگۈدەك قامەتلىك، قاپىقى يامان بىر ئادەممىكىن دېسەم، قىزىرىپلا تۇرىدىغان بىر بالا ئىكەنغۇ! ھەي بالا، ماقالىنى ئەجەب يېزىۋېتىپسىز، تىلىڭىز نېمانچە ئاچچىق سىزنىڭ، سىز نېمانچە رەھىمسىز؟ — دەپ سۆزلەپلا كەتتى. دىلمۇرات ئۇنىڭ گېپىگە گەپ قوشماي، جىممىدە ئاڭلاپ ئولتۇردى. دەسلەپتە قىزىرىپ كەتكەن چىرايى بارا ـ بارا سۇزۇلۇپ، تەمكىن، كىنايىلىك تۈس ئالدى.

— ۋىيەي، شۇنچىلا سۆزلەپ كەتسەم، بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئولتۇرىدىما بالا، ۋۇي نېمانداق گەپ قىلمايسىز، ھەممە گەپنى ماقالىدە دەپ بولۇپ، سۆزلەيدىغانغا گەپ قالمىدىمۇ يا؟ بۇ يازىدىغان خەقنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بولامدۇ نېمە؟ بىزنىڭ ئىدارىدە بىرى بار، ئۇن ئېغىز گەپ قىلساڭ بىر ئېغىز مۆرىمەيدۇ، ھوي، سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن، بۇ قانداق ئىش ئىدى؟ دەپ سورىسا، بىر سائەتتىن كېيىن قوپۇپ ھە، شۇنداق ئىشمۇ بارمىتى، دەپ سىزدىن سورايدۇ تېخى...

ھەۋەسكار چوكان بىرەر سائەتچە ئەنە شۇنداق سۆزلەپ چىقىپ كەتتى. تاجىگۈل ئۇنىڭ گەپلىرى بىلەن ئاھاڭىنى شۇنچىلىك ئەينەن دوراپ بىرنەچچە كۈنگىچە ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈپ يۈردى.

نېمىسىنى دەيسىز، بىزنىڭ ئۇيغۇردا شائىر، يازغۇچى جىق، «ھەۋەسكار» تېخىمۇ جىق. ئەدەبىيات سورۇنىمىز شۇنداق بىر سورۇنكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارلىكى قىزىقچىلىقلارنىڭ

ھەممىسى بۇ يەردىمۇ بار. بۇ يازغۇچى، شائىرلارنىڭ بەزىلىرى بىرنەرسە يېزىشنى ئەمەلدار بولۇشنىڭ يولى دەپ قارايدۇ. نام ـ ئاتاق ئۈچۈن، قاتاردىن قالماسلىق ئۈچۈن، ياكى قولىدىن باشقا ئىش كەلمىگەنلىكتىن ئاز ـ تولا چاي ـ تۇز پۇلى تېپىش ئۈچۈن زورىقىپ يازىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ. شائىر ـ يازغۇچىلىقنىڭ خۇشاللىقىدىن خاپىلىقى، ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىدىن جاپاسى كۆپ بىر خىل مەنىۋى مەنزىل ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىگە تەييار تۇرىدىغانلار يەنە قانچىلىك، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. بىرنېمىلەر قىلىپ بىر ـ ئىككى توپلام چىقىرىۋېلىپ، قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىپ يۈرىدىغانلار، گۇرۇھ بولۇپ سورۇنلاردا مەمەدانلىق قىلىشىپ ، يېقىنلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرسە، كىملەرنىدۇ سۆكۈپ بىر تىيىنغا ئالغۇسىز قىلىۋېتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس.

قەدىمكى دەۋردە قەلەمكەشلەر يازغان ئەسىرىنى سۇلتانلارغا، بەگ، گىرىتسوگ، كېنەز، خان ـ پادىشاھلارغا، تەقدىم قىلىشىدىكەن ۋە بۇ ئارقىلىق داڭ چىقىرىپلا قالماي، ئۆزلىرىنى قوغدايدىكەن. بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەقىللىق قەلەمكەشلىرىمىزمۇ ئەنە شۇنداقلاردىن يۆلەنچۈك تېپىشقا بەك ئېتىبار بېرىدۇ. دېمىسىمۇ، ئىس ـ تۈتەككە تولغان بۇ دۇنيادا شائىر ـ يازغۇچىدىن بوزەك ئادەم يوق. ئۇنىڭ يا پۇلى، يا كۈچى يوق. بوزەكنىڭ قولىدىكى شان ـ شۆھرەت خۇددى كىچىك بالىنىڭ قولىدىكى ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈككە ئوخشايدۇ. ئۇنى ھەممە ئادەمنىڭ تارتىۋېلىپ تاقاپ باققۇسى كېلىدۇ. ھەسەت، تاما، ئاچ كۆزلۈك ۋەسۋەسىسىدە قالغان ئادەملەر ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن بارلىق رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ. قارامىراقلىرى ئۈزۈك ئىگىسىنى بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋېتىشنى قەستلىشىدۇ. ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك بەزىدە ئاشۇ رەزىل ساختىپەزلەرنىڭ قولىغىمۇ ئۆتۈپ قالىدۇ. ئەمما، ئۇلاردىمۇ ئۇزاق تۇرمايدۇ. ئۇ بەزىدە نەچچە

ئەسىرلەپ يوق بولۇپمۇ كېتىدۇ. توساتتىن ھېچكىم كۈتمىگەن يەردىن كىملەرنىڭدۇر قولىدا يەنە چاقناپ ھەسەت، ئاچ كۆزلۈك گۈلخانلىرىنى لاۋۇلدىتىدۇ. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ ھېچكىمگە بەخت ئېلىپ كەلمەيدۇ.

بەخت دېگەن نېمە زادى؟ مەن ياشلىق ۋاقىتلىرىمدا بىر مەزگىل ئۆزۈمنى بەختلىك ساناپ يۈرگەنىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ ساختا، خىيالىي تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى بەك كېچىكىپ ھېس قىلدىم.

تۇرمىدىكى ۋاقىتلىرىمدا يورۇق دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىدە ئىككى ئېغىزلىق ئۆيۈم، خوتۇن ـ باللىرىم، ئۆزۈمگە تەۋە بىر پارچە ئېتىزىم، كىچىككىنە مېۋىلىك بېغىم بولسا، خالىغاندا يېتىپ، خالىغاندا قوپۇپ، ئېتىزىمغا خالىغاننى تېرىپ تىنچ ياشىسام دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. بۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى بەخت ئىدى. قارىغاندا، ئارزۇلىرىم رېئاللىقتا ئايلانغاندەك تۇرىدۇ. بىنادىن ئىككى ئېغىزلىق ئۆيۈم، ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىدا خىزمىتىم، ئايالىم، باللىرىم بار. مەن يېگىدىن خىزمەتكە چۈشۈپ، تونۇش ـ بىلىشلىرىم مېنى ئۆيلەپ قويۇشنىڭ غېمىدە يۈرگەندە، دىلمۇرات بىركۈنى مېنى ئۆيىگە چاقىردى. ئۇنىڭمۇ يېڭى توي قىلغان چاغلىرى ئىدى، ئايالى دوختۇرخانىدا ئىشلەيتتى. شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يەنە بىر مېھمانمۇ بار ئىكەن. ئۇ دىلمۇراتنىڭ ئايالى دىلنۇر بىلەن بىللە ئىشلەيدىكەن. خۇددى مېنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، 38 ياشقا كىرگۈچە توي قىلمىغانىكەن. كېيىن ئىككىمىز ئايرىم ئۇچراشقاندا، مەن ئۇنىڭغا: «قارىغاندا مېنىلا كۈتۈپ تۇرغان ئوخشايسىز» دېدىم. ئۇمۇ ئىككىلەنمەي: «ھەئە، مەن سىزنى كۆرۈپلا مانا بۇ مەن ساقلاۋاتقان ئادەم، دەپ ئويلىغانىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. بىز توي قىلىپ بولۇپ، يازدا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ باردۇق. ئۇ مېنى قويۇق چاتقال، دەل ـ دەرەخلىك ئوتتۇرىسىدىكى سوقماق

يول بىلەن كەڭ بىر قورۇغا باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسى ئىككىمىزنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى.

تاماقتىن كېيىن ئايالىم مېنى شەرەت بىلەن ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى باغقا باشلاپ چىقتى. باغدا مەن ئارزۇ قىلغاندەك ئاسمان پەلەك ئۈجمىلەر، ئۆرۈك ـ شاپتۇل، ئالما ـ ئانارلار بار ئىكەن. ئىككىنچى يىلى قىزىمىز دۇنياغا كەلدى. ئايالىم 40 ياشتىن ئاشقاندا توسۇشلارغا قارىماي ئوغلىمىزغا قورساق كۆتۈردى. مەن پەرزەنتلىرىم بىلەن ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان چېغىمدا، ئايالىم ھورى چىقىپ تۇرغان تاماقنى ئالدىمغا قويۇپ كۆزۈمگە قاراپ: «ئوخشاپتىمۇ؟» دەپ سورىغان چاغلىرىدا ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىمەن. بۇ بەختكە ھېچ نەرسىنى تېگىشمەيمەن، لېكىن بۇ بەخت قەلبىمدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ كېتەلىگىنى يوق. مەن دائىم تۇرمۇشۇمدا، روھىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا، ھەربىر تىنىقىمدا ئەجەللىك بىر بوشلۇقنىڭ بارلىقىنى سېزىپ تۇرىمەن. بۇ بوشلۇق ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ خەستەك ئەرزىمەس، نام ـ نىشانسىز، سايىدەك بىچارە ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىمەن. گاھىدا «مەن ئادەم، ئادەم! مەن خەس ئەمەس، سايە ئەمەس!» دەپ جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇم، قانداقتۇر بىر ئىشلارنى قىلىپ ئۆزۈمنىڭ ئادەملىكىمنى ئىسپاتلىغۇم كېلىدۇ. لېكىن تۈگىمەس تىرىكچىلىك غېمى، ئۇنۋان، مۇكاپات ۋەسۋەسىسى، ئوغلۇمنىڭ ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپ قىزىتىپ قالغانلىقى، قىزىمنىڭ مەكتەپكە كىرىشىگە ئوخشاش ئىشلار پۇت ـ قولۇمنى چەمبەرچاس باغلاپ تۇرىدۇ.

بىركۈنى ئاخشىمى تاماكىنى ئۈزۈلدۈرمەي چېكىپ ئاچچىق خىياللار ئىلكىدە بوغۇلۇپ ئولتۇرغىنىمدا، روھىمدىن بىھوشلۇققا ئوخشاپ كېتىدىغان ئازابلىق، ئەمما راھەتبەخش بىر

تۇيغۇ ئۆرلىدى، يۈرەكلىرىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، دەرھال قولۇمغا قەلەم ئالدىم. «سايىنىڭ مونولوگى» ناملىق شېئىرىم ئاشۇ دەقىقىلەردە بارلىققا كەلدى. كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا بىھوشلۇققا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ خىل تۇيغۇ پات ـ پات تەكرارلىنىپ تۇردى. يىل ئاخىرىدا «سايىنىڭ مونولوگى» ناملىق توپلامنى نەشرگە تاپشۇردۇم. خۇدا خالىسا كېلەر يىلغىچە يەنە بىرەر توپلام پۈتۈپمۇ قالار.

1995 ـ يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

مەركىزىي شەھەر بىر قارىساڭ گويا غايەت زور قىمار مەيدانىغا ئوخشايدۇ. بۇ يەرگە سىياسىي، ئىقتىساد، سودا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى سەرخىللارلا ئەمەس، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار «سەرخىللىرى»، تەۋەككۈلچىلەر، قىزىقۇچىلار، تەلەي سىناپ باققۇچىلار... يىغىلغان. ھېچكىم بۇ يەرگە يىغىلغانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۆتمۈشى، قاچان، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ. پۈزۈر ياسىنىپ، ئالتۇنغا پۈركىنىۋالغان بىر ئايال ياكى قېتىپ كېيىنگەن بىر ئەر ئۆزىنىڭ گەپدانلىقىغا، نومۇسسىزلىقىغا تايىنىپ ھاجى، ئۆلىما ، خان ـ بەگ ئەۋلادى، پۇلدار ياكى ھوقۇقدار بولۇۋېلىپ، كىشىلەرنى ئالداپ دەۋر سۈرەلەيدۇ. بۇ يەر پۇل بىلەن ھوقۇقتىن باشقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ھايات خۇددى چۆرگىلەپ تۇرىدىغان تاۋكاغا ئوخشاش بىر كېچىدىلا ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ، كىملەرنىدۇر ئەزىز، كىملەرنىدۇر خار قىلىدۇ. گەرچە تاۋكادىن يېنى تومپىيىپ كۆرەڭ، خۇشال قايتىپ چىقىدىغانلارغا قارىغاندا، يېنى قۇرۇقدىلىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ، ھەتتا ئەسلىي ـ ۋەسلىدىن، ئىززەت ـ ھۆرمىتىدىن، ئەقىل ـ ھوشلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىدىغانلار كۆپرەك بولسىمۇ، كىشىلەر يەنىلا ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي ئۇ يەرگە قاراپ قىستىلىشىدۇ. تاۋكا توختىماي پىرقىرايدۇ. ئاچ كۆزلۈك ۋە تەقەززالىق، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك، گاڭگىراش، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەيدىغان قاراملىق ئارىلىشىپ كەتكەن قورقۇنچلۇق بىر

كۆچ، بىر ئەسەبىيلىك ئۇلارغا خۇددى ئىبلىستەك ھۆكۈمران. ئۇلارنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرى پۇلدىن باشقا نەرسىنى كۆرمەيدۇ. قۇلاقلىرىغا تەڭگىلەرنىڭ جىرىڭلىشى ياكى ھوقۇق ـ ئەمەل ۋەسۋەسىسىدىن باشقا ئاۋازلار ئاڭلانمايدۇ. تاكى بىر غەزەپلىك نەرە، ئازابلىق بىر سىلكىنىش ئۇلارنى ئويغاق تۇرۇپ كۆرۈۋاتقان چۈشىدىن ئويغىتىۋەتمىگۈچە ئۇلار شۇنداق ياشايدۇ. كۆپ قىسمى پەقەت سەكرات ئالدىدىلا ياخشىلىق ۋە يامانلىق، دوزاخ ۋە جەننەت دېگەنلەرنى يادىغا ئېلىشىدۇ. ئوشۇقى ئالچۇ چۈشۈپ ئەمەل ـ مەرتىۋىگە ئېرىشكەنلەر، يېنى توم، ئەلپازى يامان، ئالتۇن ـ كۈمۈش، بايلىق ئىچىدە يايراپ يۈرىدىغانلار، پۇلنى غازاڭدەك خەجلىيەلەيدىغانلار شەھەرنىڭ ھەقىقىي غوجايىنلىرىدۇر. ئورماندەك قەد كۆتۈرگەن ئېگىز بىنالارغا ئەنە شۇلار ئەركىن كىرىپ ـ چىقالايدۇ. يوللاردا ۋال ـ ۋۇل پارقىراپ ئەركىن چېپىشىپ يۈرگەن ئېسىل پىكاپلاردا ئەنە شۇلار ئولتۇرالايدۇ. ئەنە شۇلارلا ھايات پەيزىنى سۈرۈپ قەددىنى كېرىپ ياشىيالايدۇ.

رۇستەم پىكاپتا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىنىڭ بۇلاقبېشى كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. چىرايىدىن ھارغىنلىق، بىلىنەر ـ بىلىنمەس بىزارلىق چىقىپ تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە يايما يېيىپ، قوللىرىغا پايپاق، مايكا، دەزماللاپ پارقىرىتىلغان كونا كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئېلىپ خېرىدارلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئەرلەر، ئاياللار، ئۇششاق بالىلار، قېرى خوتۇنلار، ئىشىكلىرى ئالتۇن يالىتىلغاندەك ۋالىلداپ تۇرىدىغان ماگىزىنلارغا كىرەلمەي، باھاسى چۈشۈرۈلگەن ئەرزان ماللارنى ئىزدەپ يۈرگەن روھى سۇنۇق، مىغ ـ مىغ ئادەملەر يانلىرىدىن ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئېسىل پىكاپلارغا پەرۋا قىلىشمايتتى. پىكاپنىڭ سىرتىدىن ئىچىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قېلىن ئەينىكى خۇددى پاسىل تامدەك ئىچىدىكى

ئادەملەر بىلەن سىرتىدىكى ئادەملەرنى ئايرىپ تۇراتتى. شەھەر بويىچە قاتناش تەرتىپى ئەڭ قالايمىقان، ئادەملەر بىلەن ماشىنىلار ئارىلاش ماڭىدىغان، ماشىنا يولىنىڭ يېرىمىنى ھارۋا سۆرەپ يۈرىدىغان باققاللار بىلەن ئېلىپساتارلار ئىگىلىۋالىدىغان بۇ رايوندىن ئۆتكۈچە رۇستەمنىڭ قاپىقى تۈرۈلەتتى. نېمانداق قاملاشمىغان خەق بۇ، دەپ ئىچىدە ئۇلارنى تىللايتتى. «تىجارەت قىلىسىمۇ يولنىڭ تېشىدا، كۆرسىتىپ بەرگەن يەردە قىلسا بولمامدۇ، ئاۋۇ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا لاغايلاپ يۈرگەنلەر نېمىشقا پىيادىلەر يولىدا ماڭمايدىغاندۇ» دەپ غۇدۇراپ كېتەتتى. پىكاپ ئادەملەرنى ئارىلاپ جەنۇبىي قوۋۇقتىن ئۆتۈپ كەتكەندىلا ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلاتتى. «نۇرلۇق يولى» كەڭ، ئازادە، ئادەملەر شالاڭ ئىدى. بولۇپمۇ «بېيجىڭ يولى»دا ماشىنىلار بەيگىگە چۈشكەن تۇلپاردەك چاپالايتتى. ئۇ بايىقى كۆڭۈل غەشلىكىنى ئۇنتۇپ، شوپۇرنى «ماشىنىنى بەك سىلىق ھەيدەيسىز جۇمۇ» دەپ ماختاپ قويدى. پىكاپ يول بويىدىكى بىر قورۇ تەرەپكە بۇرۇلغاندا، شوپۇرغا چۈشتىن كېيىن بالدۇرراق كېلىشنى تاپىلىدى. ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ئاباس نازىرنى يوقلاپ ئۆتۈپ كەتمەكچى ئىدى. ئۇ پېنسىيەگە چىققاندىن بۇيان تولا ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاباس نازىرنىڭ يېنىدا ئۇزاق ئولتۇرغۇسى يوق ئىدى. ئىشقا ماڭغاچ يوقلاپ بارسا، ئاباس نازىرمۇ ئۇنى تۇتۇپ قالالمايتتى.

رۇستەم ھۆججەت سومكىسىنى كۆتۈرۈپ تۆت قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى ياسىداق ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە، ئايالى خانقىز ئاشخانىدا قورۇما قورۇۋاتاتتى. ئۇ ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ:

— لەڭمەنما؟ — دەپ سورىدى. خانقىز:

— ھەئە، قوللىرىنى يۇيۇپ بولغۇچە تەييار بولىدۇ، — دېدى.

خەنزۇچە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئوغلى بىلەن بۇ يىل مەكتەپكە كىرگەن قىزى ئىشىكتىن تەڭلا

كىرگەندە، ئۇ يېڭى ئالغان رەڭلىك تېلېۋىزوردىن خەۋەر كۆرۈۋاتاتتى. باللار دادىسىنىڭ يېنىدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ تامىقىنى يېيىشتى. قىزى ئايگۈلنىڭ كارتون فىلىم كۆرگۈسى بولسىمۇ، دادىسىغا دېيەلمەي، يېڭى ئۆگەنگەن خەنزۇ تىلىدا ئاكىسىنىڭ قۇلىقىغا: «ئاكا، دادامغا سەن دەپ باقە، بىر دەم قورچاق كۆرەيلى» دەپ پىچىرلىدى. ئاكىسى دادىسىغا گەپ قىلىشتىن ئەيمىنىپ: «ئۆزۈڭ دە» دېدى. ئايگۈل يىغلىغۇدەك بولۇپ: «جېنىم ئاكا، ماقۇل دېگىنە، كۈندە چۈشتە قويىدىغان چاشقان بىلەن ئۆردەك كارتون فىلىمىنى سەنمۇ كۆرسەڭغۇ؟» دەپ يالۋۇردى. ئاكىسى يەنە: «دادام ساڭا ئامراق، سەن دېسەڭ چوقۇم قويۇپ بېرىدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. تالىشا ـ تالىشا ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئۇنلۇك چىقىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ مۇھىم بىر پائالىيىتىنى پۇتۇن زېھنى بىلەن كۆرۈۋاتقان رۇستەم قاپىقىنى تۈرۈپ:

— نېمە غەلۋە بۇ! ئالىم، ئىشىڭنى يەپ بولغان بولساڭ، ئۇكاڭنى ئېلىپ مەكتىپىڭگە ماڭمامسەن ! — دېدى.

— ئۇكام چۈشتىن كېيىن مەكتەپكە بارمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا سەنچۇ؟

— تېخى بالدۇر، ھېلىىراق ماڭىمەن.

— ئەمىسە ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاڭلار.

ئايگۈل دومسايغىنىچە ئاكىسىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتى. رۇستەم خەۋەرنى كۆرۈپ بولۇپ، ئايالى ئەكىرىپ بەرگەن ياستۇقنى بېشىغا قويۇپ سافاغا قىڭغايدى. ئادەتتە تاماقنى يەپ بولۇپ بىر پەس ئۇخلىۋالاتتى. بۈگۈن ئۇيقۇسى قېچىپ كەتتى. بۇنىڭغا تېلېۋىزوردا چىققان باشلىققا ھەمراھ بولۇپ يۈرگەن ئاق سېرىق، ئېگىز بويى بىر ئادەم سەۋەبچى بولدى.

رۇستەم ۋىلايەتتىن ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئىككى يىللىق ئوقۇشقا بارغانىدى.

ئوقۇش جەريانىدا ئۇ ئاشۇ ئادەم بىلەن بىر ياتاقتا ياتتى. ئۇ ئادەم روستەمنىڭ تۈزۈك ئىش كۆرمىگەن، سەھرالىققا خاس «تومپاي» لىقى ئۆزگەرمىگەن كۆڭلى تۈز، ساددا يىگىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئەتىگەن - ئاخشاملىرى ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىشلارنى ئېيتىپ چۈشەندۈردى. روستەم ئۇنىڭ سۆزىنى ئەتراپىدىكى ئىشلارغا بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىپ، بۇ يەردە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ بوش ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى، ھەممىسىنىڭ كۆڭلىدە ئېنىق نىشان بارلىقىنى، نىشان ئېنىق بولغاندا ۋە شۇ نىشانغا قاراپ پەم - پاراسەت بىلەن ئىلگىرىلىگەندىلا مەنزىلگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى، سەللا بوشاڭلىق قىلغۇچىنىڭ بۇ سورۇندىن رەھىمسىزلىك بىلەن شاللاپ تاشلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى ۋاللىدە يورۇپ، ئىلگىرى تېگىگە يېتەلمىگەن نۇرغۇن سىرلىق ئىشلارنىڭ تۈگۈچلىرىمۇ بىر - بىرلەپ يېشىلدى. ئۇ ئاشۇ ئادەمدىن كېيىنىش، يۈرۈش - تۇرۇشنىلا ئەمەس، كېرەكلىك ئادەملەر بىلەن قانداق يېقىنلىشىشنى، قانداق يەردە ھاراق ئىچىشنى، سورۇندا قانداق قىلىپ باشقىلارنى ئاغزىغا قارىتىشنى، ئۆگىنىشلەردە قانداق پىكىر بايان قىلىشنى ئۆگەندى. ئىككى يىل سەگەك ئادەم ئۈچۈن قىسقا ۋاقىت ئەمەس. مۇشۇ ئىككى يىلدا ئۇ سەھرالىققا خاس تۈزلۈكىنى، گەپلىرىدىكى توغراق پۇرىقى، لىيۇ لىگودىن ئۆگەنگەن خېنەنچە تەلەپپۇزنى ئۈزۈل - كېسىل تاشلىدى. ئەۋزەل تۇرمۇش شارائىتى، روھىي ئازادىلىك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا گۆدەك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ ئورناپ كەتكەن جاپالىق تۇرمۇشنىڭ ئىزنالىرىنى سۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇنى باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ رەڭگى ئاقىرىپ، ۋاقىتسىز قورۇقلىرى تۈزلەندى. قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزلىرى چاقناپ، تەكلىماكان ئەتراپىدا ياشاپ كەلگەن قەدىمكى، قاۋۇل بىر ئىرققا خاس ئالاھىدىلىكلەر، توغراقلىققا زور ئۆزگىرىشلەر ئېلىپ كەلگەن ئەجدادى قۇتلۇق ھاجى بىلەن

چوڭ دادىسى ۋىلاخوئىباينىڭ بوي ـ بەستى، سۈرى، پەم ـ پاراستى گويا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قايتا زاھىر بولغاندى.

ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كېلىپ، ئۇزاققا قالماي نازارەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولدى. نازارەتتىكى يۇقىرى ـ تۆۋەن باشلىق، پۇقرالار بىلەن تېزلا چىقىشىپ، بىراقلا ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇنداق تېز ئۆسۈپ كېتىشىنى ئاباس نازىرمۇ ئويلىمىغانىدى. ئۆزى سەھرادىن چاقىرتىپ ئەكىلىپ ئوقۇشقا كىرگۈزۈپ قويغان، ئائىلىسىدە بالا باقتۇرغان قىيىنسىڭلىسىغا چېتىپ قويغان بۇ ساددا بالىنىڭ بۇنچە تېز ئېچىلىپ، شاخلاپ، بۇقەدەر ئۆزگىرىپ كېتىشىنى تېخىمۇ ئويلىمىغانىدى.

قانداقلا بولمىسۇن، رۇستەم ھازىر باشلىقلارمۇ، پۇقرالارمۇ ئېتىراپ قىلىدىغان «قولىدىن ئىش كېلىدىغان، پىچىقى كېسىدىغان» ياش كادىر. ئۇ ھەرقانداق يەردە گېپىنى ئۆتكۈزەلەيدۇ. توساقلارنى بۆسۈپ ئىشنى يۈرۈشتۈرەلەيدۇ. بىر ئاماللارنى قىلىپ ھاجەتمەنلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنىڭغا نازىرلاردىن بەكرەك ئىشىنىدۇ، ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە قائىدە ـ تۈزۈم، پىرىنسىپ دېگەندەك قۇرۇق گەپلەر ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمايدۇ. خاتالىشىشتىن قورقماسلىق، ۋاستە تاللىماسلىق كادىرلارنىڭ ئىدىيەسى ئازاد بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ. پۇقرالارمۇ «پارا ئالسىمۇ، ئاشنا ئوينىسىمۇ مەيلى، قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلىپ بەرگىنىلا ياخشى كادىر» دېيىشىدۇ.

رۇستەم مۇشۇ يىللاردا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى قايتا تونۇدى. ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى خېلى ـ خېلى ئادەملەردىن ئۈستۈن كۆرىدىغان، قەددىنى تىك تۇتۇپ سالماق چامداپ ماڭىدىغان، ئانچىكىم ئىشلارنى پىسەنتىگە ئالمايدىغان بولدى. چىرايى، گەپ ـ

سۆزلىرىدە قەھر پەيدا بولدى.

نازارەتكە يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن شۇجىنى كىشىلەر «كىتابنى كۆپ ئوقۇغان، تالىپ مىجەز ئادەم ئىكەن، بىر كىمگە ئالدىراپ قاپاق ئاچمايدىكەن» دېيىشەتتى. رۇستەم ئۇنى ئاستىرتىن كۆزىتىپ، ئادەتتە سوغۇق چىراي يۇرگىنى بىلەن ئىككى رومكا ئىچىۋالسا ئېچىلىپ مۇڭداشقاق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، توختىماي ئوقۇغان كىتابلىرى، ئوي - پىكىرلىرىنى سۆزلەپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىۋالدى. رۇستەم خىزمەت ئىشىنى باھانە قىلىپ ئۇنى بىرنەچچە قېتىم يوقلاپ كىردى. ھەر قېتىمدا شۇجى ھاراق قۇيۇپ بېرەتتى. بىرەر - ئىككى رومكا ئىچىشكەندىن كېيىن ئۆزىنى باسالماي جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن تارتىپ ئىدارىدىكى ئىشلارغىچە سۆزلىگىلى تۇراتتى. رۇستەم ناھايىتى قايىل بولغان ھالەتتە ئۇنىڭ گەپلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى. نۆۋەتتە كەلگەندە شۇجىغا ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرىنىڭ نەقەدەر جاپادا ئۆتكەنلىكىنى، لىيۇ لىگونىڭ ئۆزىنى قانداق تەربىيەلىگەنلىكى، قانداق يول كۆرسەتكەنلىكىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كېلىپ:

— مەن ياش ۋاقتىمدا لىيۇ شۇجىنىڭ ئاتىلارچە غەمخورلۇقى ۋە شاپائىتىگە ئېرىشكەنىدىم، ئەمدىلىكتە سىزدەك دانا ئۇستاز ھەم رەھبەرگە ئېرىشتىم، مەن ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنمەن، — دەيتتى. شۇجىنىڭ يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينەك ئارقىسىدىكى كۆزلىرى ياشاڭغىرىغاندەك پارقىراپ قالاتتى. ئۇ تېخىمۇ ئېچىلىپ:

— ھەي رۇستەم، سىلەر ئۇيغۇرلار ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق - يورۇق، مەرد كېلىسىلەر، ھىيلە - مىكىر بىلەن شۇغۇللانمايسىلەر. مەن سىلەرنىڭ مۇشۇ خاراكتېرىڭلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن ؟! — دەيتتى.

— توغرا دەيسىز، لېكىن بىز خەقنىڭ كۆزىمىز كىچىك،

نەزىرىمىز قىسقا، چوڭ تەرەپنى كۆرەلمەي ئۈششاق ئىشلارغا ئېسىلىۋالىمىز. بۇ بەلكىم ئىدىيەنىڭ تولۇق ئازاد بولمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، — دەپ جاۋاب بېرەتتى رۇستەم.

ۋاڭ شۈجىنىڭ ئۆيى ناھايىتى ئاددىي ئىدى. ئىدارىدىكىلەر ئارىسىدا «ۋاڭ شۈجى ئىلگىرى ئىشلىگەن جايدا بەزىلەر پۇل، چەت ئەلنىڭ قىممەت باھالىق سائەتلىرىنى تەقدىم قىلسا ئالمىغانىكەن، ئۇ زادى پارا ئالمايدىكەن» دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەر تارقالغانىدى. رۇستەم شۈجى بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ خەتتاتلىق بىلەن قەدىمكى زامانىنىڭ فارفۇر بۇيۇملىرىغا قىزىقىدىغانلىقىنى، قىزىپ قالغان چاغلىرىدا شىرەگە تىزىپ قويغان ئاددىي بىر لوڭقا ياكى كومزەكنى ئېلىپ پالانى دەۋردە ياسالغان، پوكۇنى داڭلىق شائىرنىڭ شېئىرى چۈشۈرۈلگەن، دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدى. رۇستەم ئاسارئەتىقە ساھەسىدىكى تونۇشلىرىنى ئىشقا سېلىپ، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي گۈللىرى ئازادە، شەكلى ئۆزگىچە لوڭقىدىن بىرنى سېتىۋالدى. بىركۈنى ئاخشىمى ئۇنى كونىراق لاتىغا ئوراپ ۋاڭ شۈجىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ:

— ۋاڭ شۈجى، ئىلگىرى مەن بىرىگە كىچىككىنە ياخشىلىق قىلىپ قويغانىدىم. ئۇ ماڭا مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن بۇ نەرسىنى ئېلىپ كەپتۇ. مەن ئۇنىڭ نەچچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى، قىممىتى بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيمەن، ئايالىممۇ سەل كالانپاي، بەربىر سۇندۇرۇپ قويىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە بۇنى سىز ئىشلىتىڭ، ئىچىگە گۈل چىلاپ قويسىڭىزمۇ بولىدىغۇ، — دەپ شىرەگە قويۇپ قويدى.

ۋاڭ شۈجى سەل ئىككىلەنگەندەك بولۇپ تۇرۇپ قالدى ـ يۇ، لوڭقىغا قارىغانچە كۆزلىرى پارقىراپ، كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزەلمەي قالدى. ئاخىر ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ،

گاھ تىرىڭشتىپ ئۆرۈپ بېقىپ، گاھ سىلاپ بېقىپ ئاغزىنى يۇمالمايلا قالدى. ئۇ قېلىن بىر لوپا ئەينەكنى ئېلىپ چىقىپ لوڭقىنىڭ تېگىدىكى قانداقتۇر سىزىق ـ بەلگىلەرنى تەكشۈرگىلى تۇرغاندا، رۇستەم ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئاستا پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىسى لوڭقا توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشمىدى. رۇستەم ھېچ نەرسىنى بىلمىگەندەك يۈرىۋەردى.

ئۆزۈنغا بارماي شۇجى رۇستەمنى «مىللىيلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يارامىلىق، ياش كادىر» دەپ ماختايدىغان بولۇپ قالدى. پېنسىيەگە چىققان مۇئاۋىن نازىرنىڭ ئورنىغا كىمنى قويۇش ھەققىدە مۇزاكىرە بولغاندا، ئۇ بىرىنچى بولۇپ رۇستەمنى كۆرسەتتى. رۇستەم ئۇ يىلى گەرچە مۇئاۋىن نازىر بولۇپ ئۆسەلمىگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسلىنىپ كەتمىدى. بەلكى تېخىمۇ روھلىنىپ، يېڭى ئۆسكەن مۇئاۋىن نازىر بىلەن، ھەتتا ئۆزىگە قارشى پىكىر بەرگەن باشلىقلار بىلەن چىقىشىپ ئىشلەپ كەتتى.

رۇستەمنىڭ ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، تەدبىرلىك ھەم ئىستىقباللىق كادىر ئىكەنلىكىگە كۆپ قىسىم كىشىلەر چىن كۆڭلىدىن تەن بېرىشتى. رۇستەم ئۈچۈن مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئىدى.

رۇستەم خىيال سۈرۈپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزىچە كۈلۈمسىرىدى، «راست، ھازىرچە مۇشۇمۇ يېتىدۇ» دەپ ئاۋازىنى چىقىرىپ تەكرارلاپ قويدى. نېرىقى ئۆيدىن ئايالىنىڭ:

ـــ نېمە دەۋاتىسىز؟ بىر نەرسە لازىممۇ؟ چاي دەملەپ بېرەيمۇ ـ يا؟ ـــ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئايالى پەتنۇسقا تىزىلغان چەينەك بىلەن پىيالىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ قېنىق دەملەنگەن چاينى ئالدىرىماي ئىچكەچ ئاببا س

نازىرغا دەيدىغان گەپلىرىنى ئويلىدى.

رۇستەم كادىرلار كېسەلخانىسىنىڭ يالغۇز كىشىلىك ياتىقىغا كىرگەندە، ئابباس نازىر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئوغلى دىلمۇرات بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. رۇستەم ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، سابىق نازىردىن بىرەر قۇر ئەھۋال سوراپ بولۇپ، كەمتەرلىك بىلەن ئاياغ تەرەپكە ئۆتۈپ ئولتۇردى. ئۇلار ئۇنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن ئۈزۈلگەن سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇرالماي، بىر پەس جىم بولۇپ قالدى. دىلمۇرات قانداقتۇر بىر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— ئەھۋاللىرى قانداق، كاتتا يازغۇچى؟ ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يېزىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىدۇق، — دېدى رۇستەم كۈلۈپ تۇرۇپ، — خانقىزغا بىللە بېرىپ كېلەيلى دېسەم، «دىلمۇرات ئاكام ئالدىراش ئىكەن، كىتاب يېزىۋېتىپتۇ»لا دەيدۇ. بىر دەممۇ بىكار ۋاقتى يوقمىكەن، دېسەم، «كىچىك ئۆيىدىن زادىلا چىقمايدىكەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ بولاپتۇ، ئاۋارە قىلمايلى، ئەمىسە، دېدىم. شۇغىنىسى بەزىدە ئادەمنىڭ يېقىن ـ يورۇقلىرى بىلەن دىدارلىشىپ، مۇڭداشقۇسى كېلىپ قالىدىكەن.

دىلمۇراتمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئۇنچىلىك ئالدىراشمۇ ئەمەس. رۇستەم جۇرىن بارسا ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ قويۇپ تۇرالايمىز. ھەقاچان ئۆزۈڭلىنىڭ ۋاقتى چىقمىغاندۇ. مەيلىغۇ، سالامەتچىلىك بولسىلا، ھامان كۆرۈشكىلى بولىدۇ، — دېدى. دىلمۇرات جىق ئۆزگەرمىگەن، پەقەتلا ئەينى يىللاردىكى بالىلىق چىقىپ تۇرىدىغان چىرايىنى ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەرگە خاس ئالاھىدىلىكلەر ئىگىلىگەنىدى. دولقۇنسىمان بولۇپ پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان چېچى ھېلىمۇ شۇ ھالەتتە، پەقەتلا سەل شالاڭلاپ قالغانىدى. ئابباس نازىر ئوغلىغا قاراپ نارازى بولغان ئاھاڭدا:

— سەنمۇ كىتاب يازىمەن دەپ كېچە ـ كۈندۈز ئۆيگە

بىكىنىۋالماي، ئانچە ـ مۇنچە تالا ـ تۈزگە چىقىپ، ھاردۇق ئېلىپ مېڭەڭنى ئارام ئالدۇرۇپ، ئاندىن ياز. سالامەتلىك ھەممىدىن مۇھىم. مەنغۇ سېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭنى زادى بىلىپ بولالمىدىم. تەنقىدچى دېگەن نېمىدېگەن گەپ زادى ئۆزى؟ قىلغۇدەك ئىش يوقتەك نېمىشقا بۇنداق ئادەم تەنقىدلەپلا يۈرىدىغان كەسىپنى تاللىۋالغانسەن؟ يازغان ماقالەڭ بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپتۇ. بۇنچىۋالا قىلىپ نېمە جاپا دەيمەن ساڭا، — دېدى.

دىلمۇرات گەپ قىلماي ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. رۇستەم دەرھال دىلمۇراتقا يان بېسىپ:

— ئۇنچىۋالا دەپ كەتمىسىلە، نازىر، دىلمۇراتجان ئاكىمىز قىلغان ئىشنى مەندەك تومپاي ئادەم ھەرگىز قىلالمايمەن. يازغان ماقالىسىنى ئوقۇساممۇ چۈشىنىپ بولالمايمەن. ئۇنچىلىك سەۋىيە يوق ـ تە مەندە. لېكىن، ئانچە ـ مۇنچە كىتاب ئوقۇغان ئادەملەرنىڭ ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىشكىنىنى ئاڭلاپ ئىچىمدە پەخىرلەندىم. دىلمۇراتجان كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ زادى باشقىچە ئىدى. كۆردىلىمۇ، ھازىرمۇ ھېچكىم قىلالمايدىغان ئىشنى قىلىۋاتامدۇ. قاراپ تۇرسىلا، مۇشۇنداق تىرىشىۋەرسە قالتىس ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. تىللىغانلار ئاغزىنى ئېچىپ قېلىۋېرىدۇ، سىلى ھەرگىز باشقىچە ئويدا بولمىسىلا، — دېدى.

ئاباس نازىر رۇستەمگە رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قويۇپ ئوچۇق چىراي بىلەن:

— ھە، جۇرېن، ئىدارىدە نېمە گەپ ـ سۆزلەر بار؟ — دەپ سورىدى.

رۇستەم ئۇنى قىزىقتۇرىدىغان يېڭىلىقلارنى بىرەر قۇر سۆزلەپ بېرىپ، «يەنە كېلىمەن» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ خوشلاشتى. دىلمۇرات ئۇنى كارىدورغا ئۇزىتىپ چىقىپ پەس ئاۋازدا:

— گۈلنازنى تېپىپ بىر نەسىھەت قىلىپ قويساڭ بولاتتى.

ئۇ بۇ قېتىم تونۇشتۇرغان لايىقىمۇ ئۇنىڭ تۇرۇۋالغان ئوخشايدۇ. دادام مېنى چاقىرىپ قايناپ كېتىۋاتىدۇ، «ياخشى ئائىلىنىڭ بالىسى ئىدى، قولدىن بېرىپ قويسا بولمايتتى. سىڭلىڭ قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرىدىكەن» دەيدۇ. ئۇنىڭغا مەنمۇ نەسىھەت قىلمىدىم ئەمەس، لېكىن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىسا، — دېدى. رۇستەم:

— خاتىرجەم بول، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ نەسىھەت قىلىمەن، — دەپ چىن كۆڭلىدىن ۋەدە بەردى. ئۇ دىلمۇراتنىڭ ئۆزىدىن بۇ گەپنى يوشۇرۇپ يۈرمىگىنىدىن رازى بولدى. تېخىمۇ مۇھىمى، گۈلنازدەك چىرايلىق قىز بالا بىلەن بىردەم بولسىمۇ ئايرىم پاراڭلىشىۋېلىش، ئۇنىڭ چىرايىغا، سۆزلەشلىرىگە قاراپ ئولتۇرۇش كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى.

رۇستەم ئەتىسى گۈلنازغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنى يېقىمدىن ئېچىلغان ئازادە بىر رېستورانغا چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۆزى رېستورانغا بالدۇرراق بېرىپ، گۈلنازنى ئېلىپ كېلىشكە شوپۇرنى ئەۋەتتى. ئەنە، گۈلنازمۇ كەلدى. ئۇ ئەينەك ئىشىكتىن كىرىپلا ئەتراپقا قاراپ رۇستەمنى ئىزدىدى. ئۇ ئېگىز، ئىنچىكە بوي، سوزۇنچاق يۈزلۈك، يوغان قارا كۆزلۈك، قاڭشارلىق، ئىككى مەڭزى ھەم لەۋلىرى گىرىم قىلىنىۋالغاندەك قىزىل كەلگەن، ئالدىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق ئادەم ھەيرانلىق بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ يەنە بىر قارايدىغان قىز بالا ئىدى. ئەگەر ئۇنى كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا تونۇمىغان بولسا، رۇستەممۇ ئۇنى گىرىم قىلىۋاپتۇ، دېگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ دادىسىغا ئوخشايتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاببىاس نازىر ياش ۋاقىتلىرىدا قاش ـ كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، مەڭزى قىزىل، كېلىشكەن ئادەم ئىكەنمىش. ئۇنىڭ چىرايىدىن بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ھازىرمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

رۇستەم گۈلنازغا قاراپ قولىنى كۆتۈردى. گۈلناز ئۇنى كۆرۈپ ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار قىسقىچە سالاملاشتى. ئىككىسىنىڭ چىرايىدىن يېقىنلىق ۋە بىر ـ بىرىگە ئىشىنىش چىقىپ تۇراتتى. رۇستەم گۈلنازدىن نېمە يېگۈسى بارلىقىنى سوراپ، ئۆزى يەنە بىرنەچچە خىل تاماق، كاۋاپ، سوغۇق ئىچىملىك بۇيرۇتتى. ئۇلار تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلاشقاچ غىزالاندى. سەنئەت ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدىغان گۈلناز يېقىندىن بېرى قانداقتۇر بىر كىنودا رول ئېلىۋاتاتتى. شۇ ئىشلار بىلەن جەنۇب تەرەپلەرگىمۇ بېرىپ كەلگەنىدى. رۇستەم ئۇنىڭدىن:

— قانداق، ئىشلىرىڭ جايىدا كېتىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى. گۈلناز ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي، بىردىنلا قولىدىكى چوكىنى شاقىقىدە قويۇپ رۇستەمنىڭ كۆزىگە تىكىلدى:

— بولدى ئاكا، تولا گەپ ئەگىتمەي، سورايدىغان سوئالىڭنى سورىغىنا، سەن مېنىڭ توي قىلىشقا زادى نېمىشقا قوشۇلمايدىغانلىقىمنى سورىماقچى، شۇنداققۇ؟ سەن ماڭا نەسىھەت قىلماقچىغۇ؟ سېنى دادام ئەۋەتتى، تايىنلىق. لېكىن، مەن ساڭا دەپ قوياي، ماڭا نەسىھەت قىلىمەن، دەپ ئاۋارە بولما. دادامغا يارىغان ئۇ لايىق ماڭا يارىمايدۇ. مەن ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بەك ئوبدان بىلىمەن. ئايال كىشىگە يالغۇز ياشاش گۇناھ ئەمەستۇ؟ قانۇنغا خىلاپ ئەمەستۇ؟ ھە، ئۇنداق بولسا مەن يالغۇز ياشايمەن. ئۇلارغا دەپ قوي، مەن بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىسۇن. مەن ھېچكىمگە ئېغىرچىلىقىمنى چۈشۈرمەيمەن. ئۇلارنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىشنىمۇ قىلمايمەن. بولدىمۇ ئەمدى؟ — گۈلناز ئورنىدىن قوپۇپ كەتمەكچى بولغانىدى، رۇستەم ئۇنى تۇتۇۋالدى:

— ئالدىرىما، ئالدىرىمىغىن، مېنى كۆزۈڭگە ئىلىپ بۇ

يەرگە كەپسەن، مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاپ قوي. مەن داداڭ، ئاكاڭ ئۈچۈنلا كەلمىدىم. ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ كەلدىم. سەندىن ئەنسىرەپ كەلدىم. مېنىڭ بىر سىڭلىم بار ئىدى. ئۇنى سەنمۇ بىلىسەن. بىراق، ئۇ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن. سەن ماڭا ئاشۇ سىڭلىمدەك يېقىن كۆرۈنىسەن. شۇڭا، مەن سېنى بەختلىك بولسىكەن، تۇرمۇشنىڭ جۇدۇن ـ چاپقۇنلىرىغا ئۇچراپ كەتمىسىكەن، دەيمەن. مەن ساڭا دەپ قويااي گۈلناز، قىز بالا ھەرقانچە جىگەرلىك بولسىمۇ، بەربىر ئاجىز. تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا بىر يۆلەنچۈك، ھەمراھ بولمىسا زادى بولمايدۇ. سەن دېگەن ياغنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك چوڭ بولغان قىز بالا. تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىزلىكىنى، ئادەم دېگەننىڭ بەزىدە يىلان ـ چاياندىنمۇ زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن. شۇڭا، ھەرقانداق ئىشتا يەڭگىللىك قىلمىساڭ بولارمىكىن.

گۈلناز كۆزىدىكى ياشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن چەتكە قارىۋالدى. رۇستەم ئۇنىڭ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، ئىچ ـ باغرىنى ئۆرتەۋاتقان دەرد ـ ئەلەم تۇپەيلى ئاجىز تېنىنىڭ بوران سوققان ياپراقتەك تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى.

گۈلناز ئەركە ئۆسكەن، مەغرۇر قىز بالا ئىدى. كىچىكىدىن قىلىمەن دېگىنىنى قىلاتتى. مىجەزى چۇس، سۆزى ئۆتكۈر بولغىنى ئۈچۈن بىر تۇغقانلىرىنىلا ئەمەس، ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ئاغزىغا قارىتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئىشىدىمۇ ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. خىزمەتكە چىققان يىلى فەرۇخ ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ بىرنەچچە ئاي ئۆتمەيلا توي قىلدى. توي ئاخشىمىلا ئۇنىڭ ماھىيىتى تاشقى كۆرۈنۈشىگە تۇپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ھەر جەھەتتىن ھەرگىز ئۆزى كۆتكەندەك يىگىت ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. يۇ، دەردىنى ئىچىدىن چىقىرالماي قالدى. فەرۇخنىڭ شاللاق، ھاياسىزلىقى،

كۆرەڭلىكى ئۇنى تېزلا ئۆزىدىن سەسكەندۈردى. ئۇ كۆڭلىدە ئەر ـ خوتۇنچىلىق، تۇرمۇش دېگەن مۇشۇنداق بولامدۇ، باشقىلارنىڭ تۇرمۇشى قانداقتۇر، دەپ ئويلايتتى. ھەر كۈنى مەست كېلىدىغان فەرۇخ بىلەن بىللە بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن چىداپ تۇرغۇسىز ئازاب ھەم خورلۇق ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە يېڭى توي قىلغان ياش ئاياللارغا خاس بەختىيارلىق، خۇشاللىق ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردىن ئەسەر يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ چىشىنى چىشلەپ ئاياللىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا، ئاتا ـ ئانىسى ۋە باشقىلارنىڭ ئالدىدا بەختلىك ياش كېلىنچەكنىڭ رولىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. شۇنداق گاڭگىراپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى. بالىدا نېمە گۇناھ؟ ئۇ تۇرغۇن ئويلىنىشتىن كېيىن بالىنى تۇغۇش قارارىغا كەلدى. قىزى تۇغۇلغاندىن كېيىن بارلىق مېھرىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىدى. بالا سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئاز ـ تولا ئىللىقلىق پەيدا بولغانىدى. بىراق، ئۇ تۇغۇتلۇق مەزگىلدە فەرۇخنىڭ ئۆيگە باشقا ئاياللارنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ قالدى. فەرۇخ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ تۆۋا قىلدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىققا ۋەدە بەردى. بىراق، بۇ ۋەدىسىگە ئارقا ـ ئارقىدىن خىلاپلىق قىلىۋەردى. تېخى ھاراق ئىچىپ گۈلنازنى ئۇرىدىغان بولۇۋالدى. چىرايلىق بېزەلگەن يېڭى ئۆيلەر گۈلنازنىڭ كۆزىگە دوزاختەك كۆرۈنىدىغان بولدى. ئۇ ئاجرىشىش نىيىتىگە كەلگەندىمۇ ھېچكىم ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى. گۈلناز قىزى بىلەن بىرنەچچە يىلنى خاتىرجەم ئۆتكۈزدى. قەلب يارىلىرى ئاستا ـ ئاستا ساقىيىپ، ياشلىق تۇيغۇلىرى ئۇرغۇشقا باشلىغاندا، باشقىلار سايە قىلغان بىر ـ ئىككى ئەر بىلەن ئارىلىشىپمۇ باقتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ھاراقنى بولۇشىغا ئىچەتتى. ساق ۋاقتىدا بىر ئوبدان ئولتۇرغان ئادەملەر مەست بولۇۋېلىپلا قىلىق چىقارغىلى تۇراتتى. گۈلنازنىڭ دوستلىرى

«ئەرلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلەي دېسەڭ، مەست ۋاقتىنى كۆر» دېگەن گەپ بار، دېيىشەتتى. گۈلناز خۇددى، ئىززىتىنى يوقاتقان ئاشۇ ئەرلەرگە قاراپ سەسكىنىپ رايى يېنىپ كېتەتتى. بۇ قېتىم تۇغقانلىرى سايە قىلغان ئادەممۇ ئەنە شۇنداق ئەرلەردىن ئىدى.

— رۇستەم ئاكا، ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىپ قوي، مەندىن ئەندىشە قىلمىسۇن. مەن ھازىر ناھايىتى ياخشى ياشاۋاتىمەن. خۇددى قىز ۋاقتىلىرىمغا يېنىپ قالغاندەك، ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىم ئەسلىگە كەلگەندەك بولۇپ قالدىم. مەن يەنە بىر ھاراقكەش بىلەن توي قىلسام ئەمدى تۈگىشىپ كېتىمەن. ياش ئۆلۈپ قالىمەن ياكى بىرەر ئىش چىقىرىپ قويىمەن. ئۇ چاغدا سىلەر ماڭا نېمە قىلىپ بېرەلەيسىلەر؟

گۈلناز شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ، رۇستەمنىڭ ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ قويااي دېگىنىگە ئۇنىماي كېتىپ قالدى. رۇستەم ئادەم شالاڭ رېستوراننىڭ بىر بۇلۇڭىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى. كۆڭلىدىكى ئوي - پىكىرلىرى قالايمىقان، زىددىيەتلىك ئىدى. گۈلنازغا ھەققەتەن ئىچى ئاغرىيتتى. لېكىن، يۈرىكىدە يەنە بىر يىلان قىمىرلاۋاتقاندەك، «خوپ بولدى، سەن ئۆزۈڭنى قالتىس چاغلاپ ھېچكىمنى ياراتماي يۈرەتتىڭغۇ، مانا ئەمدى ئاسماندىن يەرگە چۈشتۈڭمۇ!» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئاشۇ دىلمۇراتمۇ باشقىچە ھاكاۋۇر ئىدى. بۇنى ھاكاۋۇرلۇق دېگىلىمۇ بولماس. سۆڭەك - سۆڭىكىدىن قانداقتۇر ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسى چىقىپ تۇراتتى. توغراقلىقتىكى ھەممە ئادەم، ھەتتا رۇستەممۇ ئۇنى ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلسە، كاتتا ئورۇندا ئىشلەپ، قالتىس ئادەم بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئەمما دىلمۇرات ۋۇئۇسكىسى يوغان بولغان بىلەن كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان، ئىقتىسادىمۇ يوق بىر ئورۇندا ئەتىدىن كەچكىچە كىتاب غاجىلاپ ئولتۇرىدىغان ئادەم بولدى. ئۇ دىلمۇراتتىن ئۈمىدسىزلەنگەنچە

كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە «ئەمدى نۆۋەت بىزگىمۇ كەلگەندۇ، بىزمۇ باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك ياشاپ باقارمىز» دەپ ئويلاپ خۇشالمۇ بولغانىدى. جاھاننىڭ ئىشلىرى شۇنداق ئىكەن. ئابباس نازىر پېنسىيەگە چىقىپ دوختۇرخانىدىن كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئىلگىرى ئەتراپىدىن كېتەلمەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى توزۇپ كېتىشتى. ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق بالىلىرىنىڭ بىرىمۇ دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىشنى ئويلاشمىدى. شۇنداق قىلىپ بۈگۈنگە كەلگەندە ئابباس نازىر ئائىلىسىنىڭ 50 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان سەلتەنىتى ئۆچۈپ قېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئابباس نازىر بارغانچە تولا چېچىلىدىغان، ھېچقانداق ئىشتىن رازى بولمايدىغان، ھە دېسە قاقشايدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بالىلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، رۇستەمگە تولىراق يۆلىنىدىغان، بىر ئىشلاردا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدىغان بولۇپ قالغانىدى. رۇستەم ئۇنى ئىلگىرىكىدەك چوڭ كۆرمىسىمۇ، بەزى قىلىقلىرىدىن بىزار بولۇپ يېنىدىن چىقىپ كەتكۈچە كۆزى تۆت بولسىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى باشپاناھى، يەنە كېلىپ باجىسى ـ دە.

رۇستەم «بۇلاقبېشى» دىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئارىسىدىن ئىنىسى ئەخمەتنىڭ قارىسىنى كۆرگەندەك قىلدى. ئۇ پىكاپنى توختىتىپ ئىتتىك چۈشۈپ، ئەتراپنى خېلى ئىزدىگەن بولسىمۇ ئەخمەتنى قايتا ئۇچرىتالمىدى. بىرەرنى ئوخشىتىپ قالدىمىكىن ياكى ئۇنى سېغىنىپ كۆزىگە شۇنداق كۆرۈندىمىكىن ـ ھە؟ ئۇ ئەخمەتكە ئامراق ئىدى. تېتىك، كېلىشىملىك بولغىنى ئۈچۈن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ بىر كەتكەنچە يوق بولۇپ كەتكىنى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بىر تۈگۈن بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ زەينەپخان رەھمەتلىك ھەسەن ئاخۇننىڭ بىر تال بالىسىنى

ساقلاپ قالالمىدىم، دەپ كۆز يېشى قىلاتتى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، روزى ئاخۇنىنىڭ كېسىلى ئانىسىغا كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرد بولدى. رۇستەم بۇلتۇر ئۇلارنى يوقلاپ بارغاندا ئانىسىنى تونۇيالماي قالدى. ئانىسىنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كېتىپتۇ. تېخىمۇ ئورۇقلاپ، كۆز ئەتراپى، جاۋغايلىرىدا چوڭقۇر قورۇقلار پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن تارتىپ ئانىسىنىڭ چېچى چۇۋۇلۇپ قالغىنىنى، ساڭگىلاپ - سوڭگىلاپ كىيىنگىنىنى كۆرمىگەن. بۇلتۇر بارغىنىدا ئۆيدە ھېلىمىگۇل بار ئىكەن، ئانىسى روزى ئاخۇنىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. رۇستەم ئانىسىنى ئىزدەپ مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قومۇشلۇققا باردى. كەچ كىرىپ قالغانىدى. قومۇشلۇق دۆڭدە بىر موماي ئالدى تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. تارغاق تەگمىگەن چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، كونا، كىر كۆڭلەك كىيگەن بۇ ئايال ئۇنىڭ ئانىسى ئىدى. چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن روزى ئاخۇن سەل نېرىدا ئۇزۇن پۆپۈكلۈك قومۇشلارنى سۆرەپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئانىسى توختىماي: «روزى قارىي بالام، ماڭ ئۆيگە كېتەيلى، مەن ساڭا ئاش ئېتىپ قويۇپ كەلدىم، قورسىقىڭ ئاچمىدىمۇ بالام» دەپ يالۋۇراتتى.

ئاشۇ كۆرۈنۈش رۇستەمنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتتى. ئۇ ئانىسىنى ئويلىسىلا، ئاشۇ كۆرۈنۈش كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، يۈرىكى ئېزىلەتتى. ئۇ روزى ئاخۇننى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ داۋالىتاي دېسىمۇ ئانىسى ئۇنىمىدى. ئۇ «روزى ئاخۇن كېسەل ئەمەس، ئۇنى دوختۇر داۋالىيالمايدۇ» دەيتتى. ئەينى چاغدا روزى ئاخۇنىنىڭ مۇئەللىمى ئەكىلىپ بەرگەن دورىنىمۇ «بۇ دورا ئەمەس، زەھەر ئىكەن، بۇنى ئىچسە بالامنىڭ چىرايى سارغىيىپ مۈردىغا ئوخشاپ قالىدىكەن، ئۇنىڭدىن دېمىدە ياخشى ئەمەسمۇ، بالام تۈردى قارىي، بۇنى ئاچىقىپ ئادەم بارمايدىغان يەرگە تۆكۈۋېتىڭلار» دېگەنىكەن.

ئەجەب ئىش بولدى. ئۇكامنىڭ ياش ئۆمرىگە ئۇۋال بولدى، ئۇ ئاجايىپ ئەقىللىق ئادەم بولغانىدى. ئانامغا تېخىمۇ ئۇۋال بولدى. بۇ ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان يېشى ئەمەسىدى. ئۇ ئۆمرىدە ھاياتىنىڭ ھېچبىر خوۋلۇقىنى كۆرمەي ئۆتكەن ئەمەسىدى. ئىسىت، ئىسىت...

رۇستەم يانغا قارىغان بولۇپ كۆزىنىڭ بۇرجىكىدىكى يېشىنى سۇرتۇۋەتتى، ئۇدۇلدىكى كىچىك ئەينەكتىن ئۇنى كۆرۈپ قالغان شوپۇر يىگىت ئىچىدە ئەجەبلەندى. بايا ئاشخانىدا سابىق نازىرنىڭ قىزى بىلەن بىرنېمە دېيىشىپ قالغانمىدۇ. چوپچوڭ ئەر كىشى ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ياش تۆكۈپ يۈرمەس. ئۇنىڭغا كۆڭلى بارمىدىكىن يا؟ بۇ زامانىنىڭ ئادەملىرىنى بىرنېمە دەپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بەك چىرايلىق كاساپەت جۇمۇ ئۇ.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

پەلەك چاقى توختىماي چۆرگىلەپ 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تەكلىماكان ئاسمىنىدا بورانلىق كۈنلەر تېخىمۇ كۆپەيدى. ئىچ ـ باغرى قۇرۇقدىلىپ تەلۋىلەشكەن قۇم ـ بوران كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا قارا بۇلۇتتەك تۈرۈلۈپ كۆككە ئۆرلەيتتى. بارخانلار، قۇملۇق دۆڭ ـ يوتىلار تىنىمسىز كۆچەتتى. بوران خۇددى ئەسىر ۋاراقلىرىنى هارماي ئۆرۈپ تۇرىدىغان سېھىرلىك قولدەك قۇم ئۆركەشلىرىدە، بارخانلاردا قاتمۇقات ھالقىسىمان ئىزلارنى قالدۇراتتى. تەكلىماكان خۇددى ئۇزاق يىللار، ئەسىرلەرنىڭ سىر ـ ھېكمەتلىرىنى باغرىغا بېسىپ ياتقان ھېكمەتلىك كىتابقا ئوخشايتتى.

يىللار تۇردى قارىينى 45 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان قاۋۇل دېھقانغا ئايلاندۇرغانىدى. نەچچە ئون يىللىق قايناق ئاپتاپ، جۇدۇن ـ چاپقۇن تاۋلىغان، ئۆڭمىدىن ئەينى يىللاردىكى ئاق سېرىق، يۇمران 18 ياشلىق يىگىتنىڭ قارىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھېلىمىگۈلمۇ ھازىر تۆت بالىنىڭ ئانىسى. ئۇلارنىڭ چوڭ قىزى ناھىيەدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. يازلىق تەتىل توشىسىلا ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن ناھىيەگە بېرىپ ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيتتى. ھېلىمىگۈل ھېلىتىنلا قىزىغا چىدىماي، ئولتۇرسا ـ قوپسا «قىزىم ناھىيەگە كەتسە نەچچە ئايدا بىر كېلەر؟ قىينىلىپ قالارمۇ؟ شەھەرلىكلەر بوزەك قىلارمۇ؟ سېغىنىپ كەتسەم قانداق قىلارمەن، دەپ كۆز يېشى قىلىشقا باشلىغانىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىنچى بالىسى تۇرغۇن

قارىي ئوقۇش بىلەن خۇشى يوق چىقىپ قالغانلىقتىن، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇشتىن توختاپ قالغان. ئۇ ھازىر ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشىغا خېلى پىشىپ قالدى. ئوغۇللىرىنىڭ كىچىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتتۈردى. كىچىك قىزى زۇمرەت ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ. زۇمرەتتىن كېيىن ھېلىمىگۈل يەنە بىر قېتىم قورساق كۆتۈردى. ئۇ يىللاردا «پىلانلىق تۇغۇت» سىياسىتى يولغا قويۇلۇشقا باشلىغانىدى. بازاردىن كەلگەن دوختۇرلار توغراقلىقتىكى «پىلانسىز قورساق كۆتۈرگەن» ئون نەچچە ئايالنى تىراكتورغا بېسىپ بازارلىق دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، قورسىقىدىكى بالىسىنى ئالدۇرۇۋەتكەن. شۇ چاغدا ھېلىمىگۈلنىڭ بالىسى بەش ئايلىق بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىمىگۈل تازا ساق بولالمىدى. تۇردى قارىي ئۇنى ناھىيە، شەھەردىكى دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ باقتى. داخان، تېۋىپقىمۇ كۆرسەتتى. لېكىن، پايدىسى بولمىدى. ھېلىمىگۈل بىرنەچچە كۈن ئېتىزغا چىقسا ياكى ئۆي ئىشىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ قويسا، بېلىنى ئالالماي ھەپتىلەپ خۇنسىراپ يېتىپ كېتەتتى، شۇڭا تۇردى قارىي ئۇنى ئېتىزغا چىقىشتىن توسۇيتتى. زەينەپخانمۇ ئۆي ئىشىنى ئۆزى جىقراق قىلىپ، ئۇنى يېنىكرەك ئىشلارنى قىلىشقا، ئۆزىنى ئىسسىق تۇتۇپ، قولىنى سوغۇق سۇغا تىقماسلىققا ئۈندەپ تۇراتتى. ئىچى كۆچلۈك، كىچىكىدىن بىردەم بىكار تۇرماي ئىشلەپ ئۆگەنگەن ھېلىمىگۈل ئۆزىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا، ياشىنىپ قالغان قېيىنئانىسىنى جاپادا قويغىنىغا، كېسەل ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرالمىغىنىغا ئىچى سىيرىلاتتى. كېسەل بىلەن كۆڭۈل غەشلىكى قوشۇلۇپ ئۇنىڭ چىرايىنى سامانىدەك سارغايتقانىدى.

ئورما باشلانغان كۈنلەردە، روزى ئاخۇن باشقىلار بىلەن تەڭ

ئورمىغا چىقىپ راسا ئىشلىدى. ئۇچىنچى كۈنى ئاشۋاقتى بولغاندا، ئورغاقنى تۇتۇپ بىرەر سائەتچە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئارقىدىن ئورغاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالدى ـ كەينىگە چۆرگىلەپ، ۋارقىراشقا ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى چاپقىلى تۇردى. باشقىلار ئۇنى ئۆزىنى چېپىۋالمىسۇن، دەپ ئەنسىرىشىپ قاراپ تۇردى. ئاخىر بىرنەچچە ئەر كىشى كېلىپ ئارقىسىدىن تۇتۇۋالغاندا، «مېنى قويۇپ بېرىڭلار، مەن جىنلار بىلەن ئېلىشىۋاتىمەن» دەپ ۋارقىراپ، جان ـ جەھلى بىلەن تىركەشتى. ئەرلەر ئۇنى سۆرەپ، تارتىشتۇرۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

ئاخشىمى زەينەپخان چۆجە گۆشى توغراپ ئۇگرە ئېتىپ، ئوچاقتا قاتلىما يېقىپ سىيىت قارىينى ئۆيىگە چاقىردى. سىيىت قارىي ئورۇق، لېكىن جېنى چىڭ، ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقىدىغان، ئۇزۇن قارا ساقاللىق ئادەم ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئىككى تەرىپىگە ئىرغاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئايەت ئوقۇۋېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن قىزىل ساقال ئادەم «هاي، هاي قارىي!» دەپ دۈمبىسىگە شاپىلاقلاپ قويسا، يەنە مىدىرلاپ، كەلگەن يېرىدىن باشلاپ ئوقۇپ كېتەتتى، ئوقۇپ ـ ئوقۇپ يەنە توختاپ قالاتتى. قىزىل ساقال ئادەم يەنە «هاي، هاي، قارىي!» دەپ دۈمبىسىگە شاپىلاقلايتتى، ئۇ يەنە تەۋرىنىپ ئوقۇشقا باشلايتتى. ئوقۇۋېتىپ ئالدىدىكى قاچىغا «سۇف»لەپ قويۇشنى ئۇنتۇمايتتى. قاچىدىكى سۇ ناھايىتى ئەتىۋارلىق «دېمىدە سۇيى»گە ئايلىناتتى. بۇ سۇنى ئىچكەنلا ئادەم ئۆلۈكتەك قېتىپ ئۇخلاپ كېتەتتى. توغراقلىقتا ئۇنىڭدىن باشقا موللىنىڭ دېمىدىسى بولىداق تەسىر قىلمايتتى. زەينەپخان ئۇنى پات ـ پات ئۆيىگە چاقىرىپ قۇرئان ئوقۇتۇپ، ئالدىغا 3 ـ 2 كوي پۇل، ئىككى قاتلىما قويۇپ قوياتتى. روزى ئاخۇن دېمىدىنى ئىچىپ ئۇيقۇسىغا قېنىپ ئۇخلىۋالغان چاغلىرىدا ساق ئادەمدەك بولۇپ

قالاتتى. قولىغا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان كىتابلىرىنى ئېلىۋېلىپ، قومۇشلۇق دۆڭدە ئولتۇرۇپ قەغەزگە قانداقتۇر شەكىللەرنى سىزىش بىلەن بولۇپ كېتەتتى. پادىچىلار بىلەن ئۇششاق باللار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، ئۇنى گەپكە سالاتتى:

— روزى ئاخۇن ئاكا، نېمە سىزىۋاتىسەن؟

— ئايروپىلان لايىھەلەۋاتىمەن.

— ئايروپىلان لايىھەلەش دېگەن نېمىدېگەن گەپ؟

— نۇسخا، ئۆلچەملىرىنى ئاۋۋال قەغەزگە چۈشۈرۈۋېلىش لايىھەلەش بولىدۇ. ھەرقانداق نەرسىنى لايىھەلەپ ئاندىن ياسايدۇ.

— ئايروپىلان ياساپ نېمە قىلىسەن؟

— جىنلارنى بىرنى قويماي قوغلىۋېتىمەن.

— جىن دېگەننى ئايەت ئوقۇپ قوغلايدۇ، ئەسەت موللامدەك.

— ئايەت ئوقۇغانچە جىن ئاۋۇپ كېتىپ بارمامدۇ؟

— نەدىكى جىنكەن ئۇ؟ بىز ئەجەب كۆرمىدۇققۇ؟

— بوينۇڭغا 6 ـ 5 سى مىنىۋاپتىغۇ، شۇنىمۇ كۆرمەيۋاتامسەن، ھەممىڭنىڭ بېشىغا چىقىپ ـ سىيىۋاتىدۇ، شالتاقلىرى ئاغزىڭلارغا ئېقىۋاتىدۇ.

ئولىشىپ تۇرغانلار بىر ـ بىرىگە قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈشەتتى.

روزى ئاخۇن يۇرتقا قايتىپ كەلگەن يىلى 6 ـ 5 ئايغىچە خېلى ساق يۈردى. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا يەنە كېچىسى ئۇخلىماي ھويلىغا چىقىپ قاراپ تۇرۇۋالىدىغان، ئۆزى بىلەن ئۆزى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كىملەر بىلەندۇر زاكونلىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئانىسى ئۇنى ئۆيگە كىرىپ ئۇخلىغىن دېسە، «بۇ ئۆيدە مەن ياتقۇدەك يەر قاپتىمۇ، ھەر قەدەمدە بىرەر يۈزدىن جىن تۇرسا، ھەممە يەرنى كولاپ ئويمان ـ چوڭقۇر قىلىۋەتكەن تۇرسا، مەن نەدە ئۇخلايمەن؟» دەپ خاپا بولاتتى. جىنلار ئىچىپ قويىدى

دەپ كۆپتىكى، چىلەكتىكى سۆنى، قاچىسىدىكى ئاشنى ئاچىقىپ تۆكەتتى ياكى قولىغا ئارا، سۆپۈرگە ئېلىپ، بىر كىملەرنى قوغلاۋاتقاندەك قومۇشلۇق تەرەپكە قاراپ يۈگۈرەيتتى. قومۇشلۇقتا ئېگىز بىر دۆڭگە چىقىۋېلىپ توختىماي سۆزلەيتتى. بەزىدە قومۇشلۇقنىڭ ئايىغىدىكى شالاڭ توغراقلىققا كىرىپ بىرەر تۈپ توغراق ياكى يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە كۈنلەپ ئولتۇراتتى. زەينەپخان بالىلىرىغا قومۇشتىن بىر كەپە ياسىتىپ، يازچە روزى ئاخۇنغا ھەمراھ بولدى. قىشتا تېرىگە ئالدۇرۇپ باقتى. پېرىمۇ ئوقۇتتى. باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن توي قىلسا ئوڭشىلىپ قالار دەپ ئۆيلەپمۇ باقتى. ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا زەينەپخان چىدىغان بىلەن خوتۇنى چىدىمىدى. كېلىن قىز تويدىن ئىككى ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەي ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بىر كەتكەنچە كەلمىدى. زەينەپخان تازا پاراكەندىچىلىكتە تۇرغاندا، بىر كۈنى سىيىت قارىي ئۆيگە كىرىپ كەلدى. روزى ئاخۇن شۇ قېتىم، دېمىدە سۆيىنى ئىچىپلا ئەتىسى كەچكىچە مىت قىلماي ئۇخلىدى. ئۇ ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسىمۇ سىيىت قارىينىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى. تازا غەلۋە قىلىۋاتقان چاغلىرىدا ئۇنى كۆرسىلا شۈكلەپ قالاتتى. سىيىت قارىينىڭ پات ـ پات كېلىپ تۇرۇشى بىلەن، ئۇنىڭ كېسىلى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن پەرقلىنىپ، رەڭگىرويى ئوڭشىلىشقا باشلىغانىدى.

يازمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. بۇغداي يىغىلىپ، ئوت ـ سامان تۇشۇۋېلىندى. تۇنۇگۈنلا بۇغدايلار دولقۇنلىنىپ تۇرغان ئېتىزلىقلار بوشانغان ئانىنىڭ باغرىدەك قۇرۇقدىلىپ قالدى. لېكىن دېھقانىنىڭ قولى تېخى بىكار بولمىدى. ئېتىزلاردا كۆممىقوناقلار شۇ پېتى تۇراتتى. ئېگىز يېرىنى ئاغدۇرۇش، كۈزگى بۇغداي تېرىلىدىغان يەرلەرگە ئوغۇت، توپا توشۇش،

ئېغىل ـ قوتانلارنى ئوغشاشتەك ئىشلار نۆۋەت ساقلاپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشلارنى يازدىكى قاتىلاڭچىلىققا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زەينەپخان تۇردى قارىينى ئىچكىرىكى ئۆيگە چاقىرىپ، تاۋار ياغلىققا ئورالغان بىر باغلام پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن بالام، ئىنىڭ رۇستەم ماڭا ئايمۇئاي پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. ئاخشام ساناپ باقسام خېلى يىغىلىپ قاپتۇ. مەن قېرىغاندا نېمىگە ئىشلىتىمەن دەيسەن ئۇنى، شۇ سىلەرگە لازىم بولۇپ قالار، دەپ بىر پۇڭنىمۇ ئۇيان ـ بۇيان قىلماي ساقلاپ قويغانىدىم. ئەمدى ھاۋانىڭ مۇشۇنچىلىك ۋاقتىدا ھېلىمگۈلنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ چوڭ دوختۇرلارغا بىر كۆرسىتىپ كەلگىن بالام، ھېلىمۇ بورۇنراق ئاپىرالمىدۇق. ھازىر بولسىمۇ سەۋەب قىلىپ باقايلى. بالىلىرىڭنىڭ بەختى بولسا ئوڭشىلىپ قالار. پۇل دېگەن تېپىلىدىكەن، ئادەم تېپىلمايدىكەن، — دەپ كۆز يېشى قىلدى. بۇ تۇردى قارىينىڭمۇ ئارزۇسى ئىدى. لېكىن، قولىدا پۇلنىڭ تايىنى بولمىغانلىقتىن ئاغزىدىن چىقىرالماي يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىسىمۇ ياشىنىپ قالدى. ئاغرىپ ـ تارتىپ قالسا ئۆزى قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ بۇ پۇلنى ئىشلىتىپ قويۇپ ئىنىسىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ؟

زەينەپخان ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويمىدى. ئۇلارنى ئالدىرىتىپ ھەپتە ئىچىدىلا يولغا سالدى. تۇردى قارىي ئۈرۈمچىدە 20 نەچچە كۈن تۇرۇپ، ھېلىمگۈل ئوپېراتسىيەدىن كېيىن سەل ياخشىلىنىشىغا يۇرتقا قايتىپ كەلدى. جانلىنىپ، مەڭزىگە قان يۈگۈرۈپ قالغان ھېلىمگۈل گۈرنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ كەلگەندى. ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا گەپ كەتمەيتتى، ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆڭلىمۇ ئارامىغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئەمما، توغراقلىقتىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەر قىسما گەپلەر پەيدا بولدى. يۇمىلاق بازاردىكى كۆۋرۈككە يىغىلغان ئەرلەر بىرنەچچە كۈنگىچە بۇ ئىشنى غۇلغۇلا قىلىشتى.

— ھېلىمىگۈلنى ئۇرۇمچىگە بېرىپ ساقىيىپ كەپتۇ دەيدۇ، راستىمىدۇ؟

— ساقىيىپ كېلەمدۇ، ھېلىقى بىرنېمىسىنى ئالدۇرۇۋېتىپ كەپتۇ.

— تۇۋا، تۇۋا، خۇدايىم ئۆزۈڭ ساقلا، دوختۇرلار بىزنىڭ خوتۇنىنى ھېلىقىدەك... بوغدۇرۇۋەتكەنىنىگىياقى ھېچ ئىش خۇشياقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىلگىرىكى رەڭگىمۇ قالمىدى ھازىر.

— شۇنداق خوتۇنمۇ خوتۇن بولامدىغاندۇ، تۇردى قارىي ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىپ نېمىش قىلىدىغاندۇ...

— خوتۇن كىشى دېگەننىڭ ئۇ نېمىسى بولمىسا، ئايالمۇ ئەمەس، ئەرمۇ ئەمەس، غەلىتە بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىمىش. مىجەزى ئۆزگىرىپ ئېرىگە كۈن بەرمەيدىغان بولۇپ كېتىمىش...

— يا خۇدا، ئۆزۈڭ بار، زامانى ئاخىر يېقىنلاشقاندا مانا مۇشۇنداق ئىشلار ئاۋۇپ كېتەرمىش، ئا ئاياغ مەھەللىدىكى بىر ئايال ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس، جىن دېسە جىن ئەمەس، غەلىتە بىر نەرسىنى تۇغۇپتۇ، دەيدۇ. بىر كۆزى پېشانىسىدە، بىر كۆزى مەڭزىدە ئىمىش، ئاغزىدىن قارىسا ئۆپكىسى كۆرۈنەرمىش...

كېيىنكى يىللاردا توغراقلىقتا تۇغمايدىغان ئاياللار ئاۋۇپ قالدى. بىرەر ئايال شەھەرگە ياكى ناھىيەگە بېرىپ ھەپتە - ئون كۈن تۇرۇپ كەلسىلا «پالانچى ھېلىقى نېمىسىنى بوغدۇرۇۋېتىپ كەپتۇ» دېيىشەتتى. بارا - بارا بۇ گەپلەرمۇ بېسىقىپ، بۇنداق ئىشلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان بولدى. ھۆكۈمەت تۇغمايدىغان، ئاز تۇغىدىغان ئاياللارغا كىنىشكا بېرىپ، يىلدا پۇل بېرىپ، مۇكاپاتلاپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىسى ئاز

ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى تېز كۆتۈرۈلگەنلىكتىن بۇنداق ئاياللار ھېچكىمنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. مەھەللىلەردە ئىلگىرىكىدەك ئۇششاق باللار توپ ـ توپ بولۇۋېلىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرىدىغان، قۇم دۆۋىلىرىدە چېلىشىپ ئوينايدىغان ئىشلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئوقۇش يېشىغا توشقان باللار مەكتەپتە ئوقۇشى شەرت ئىدى. بالىلىرىنى مەكتەپكە بەرمىگەن ياكى مەكتەپتىن چىقىرىۋالغانلارغا كەنت باشلىقلىرى كۈن بەرمەيتتى.

1990 ـ يىللاردا توغراقلىق تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن كۆچمەنلەر بىلەن ئاۋاتلىشىپ، توغراقلىق بازىرى بولۇپ قۇرۇلدى. نېفىتلىككە بارىدىغان چوڭ يولنىڭ نېرىسىدا قۇدۇقلار كۆپلەپ كولىنىپ، ئىككى ـ ئۈچ قەۋەتلىك پىششىق خىشلىق، ئالدى تېمىغا ئاپپاق چاقچۇق چاپلانغان تۇرالغۇ ئۆيلەر قاتار ـ قاتار قەد كۆتۈردى. غايەت زور نېفىت ئاقىقۇزۇش تۇرۇبىسى بىلەن يۇقىرى بېسىملىق توك يولى توغراقلىقنىڭ ئېتىز ـ ئېرىقلىرىدىن ئۆتۈپ شىمالغا قاراپ ئىچكىرىلەپ كېتەتتى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن پۇلدار غوجايىنلار توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن يۇلغۇن ـ توغراقلارنى قومۇرۇۋېتىپ بوز يەر ئاچقىلى تۇرغاندا توغراقلىقلار ئۇنچە پەرۋا قىلىپ كېتىشمىگەنىدى. كۈزدە، ئۇيۇقسىزلا ئوتاشقان كېۋەزلىكلەردە ئېچىلىپ كەتكەن پاختىلارنى كۆرگەندىلا تۇرالماي قېلىشتى. بۇ يىللاردا پاختىنىڭ بازىرى چىققانىدى. يېرى جىقراق كىشىلەر يېرىنىڭ كۆپ قىسمىغا كېۋەز تېرىپ پۇلنى خېلى ئوبدان تېپىۋاتاتتى. بىراق، توغراقلىقتا يەر قىس بولغانلىقتىن، پاختىنى كۆپرەك تېرىغۇسى بارلارمۇ ئامالسىز تامىقىنى چاكىلدىتىپ قېلىۋەرگەنىدى. ئەمدى باشقىلارنىڭ يەر ئاچقىنىنى كۆرۈپ، ئۇلار بانكىدىن قەرز ئېلىپ بوز يەر ئېچىشقا

تۇتۇش قىلدى. بەزىلىرى يېرىنى كۆپەيتىپ، ئاز ـ تولا پايدىمۇ ئالدى. لېكىن بۇ ئىشتا كۆپرەك پايدىنى يەنىلا داۋۇت كانايىنىڭ ئوغۇللىرى ئالدى.

يەرلەر كۆتۈرە بېرىلگەندىن بۇيان داۋۇت كانايىنىڭ ئوغۇللىرى تېز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. كوممۇنا ۋاقتىدا ئۇماچقا قورسىقى تويماي، ھە دېسە مۇشتلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ كاللا ـ قاپاقلىرىنى يېرىپ يۈرۈشىدىغان بۇ باللار تۇنجى يىللا يېڭى سىياسەتنىڭ تەمىنى تېتىپ قىلىپ، جان تىكىپ ئىشلەشكە باشلىغانىدى. ئۇ يىللاردا جاھان دېھقانغا كۈلۈپ باقىقان، ئىشلەيمەنلا دېسەڭ يوللار راۋان ئىدى. بابباراۋەر چوڭ بولغان تۆت ئوغۇل ئىشلەپ ھارمايتتى. داۋۇت كاناي توختىماي بازارغا ياكى قەشقەرگە بېرىپ، قەيەردە روناق تاپقان، ئىش تەۋرىتىۋاتقان كىشىلەر بولسا ئىزدەپ، تەجرىبە ئۆگىنىپ، ئوغۇللىرىغا يول كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئوغۇللار تاپقان پۇللىرىنى يىغىپ كىچىك تېپتىكى ئۇن ـ ياغ تارتىش، چىگىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇپ، قوي بورداپ سېتىپ، توغراقلىقتىكى ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە قاراتقاندا، بەزىلەر: «كوممۇنا ۋاقتىدا داۋۇت كاناي نەمەتنى بىكار تىللىماپتىكەن، ئۇنىڭ بويى بىر غېرىچ بولغىنى بىلەن يۈرت سورىغۇدەك ئەقلى بار ئىكەن ئەمەسمۇ» دېيىشتى. داۋۇت چوڭ توي قىلىپ ئىككى ئوغلىنى ئۆيلىدى. بىر ئوغلىغا يېزا بازىرىدا ئاشخانا ئېچىپ بەردى. كىچىك ئوغلىغا بىر مىنىبۇس ئېلىپ بېرىپ، ناھىيە بىلەن شەھەر ئارىلىقىدا ماڭدۇردى. نەچچە يۈز مو بوز يەر ئېچىپ كېۋەز تېرىغاندىن باشقا، ناھايىتى چوڭ مېۋىلىك باغ بەرپا قىلدى. توغراقلىقتا ئانار ئۇخشايتتى. داۋۇت كانايىنىڭ بېغىدىكى ئانارلار يوغان، رەڭگى قىزىل، سۇلۇق ھەم تاتلىق بولغاچقا، نېفىتلىكتىكىلەر ئەتىيازدىلا ئالدىن توختاملىشىپ سېتىۋالاتتى. قالغان مېۋىلىرىمۇ نېفىتچىلاردىن ئاشمايتتى. 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە داۋۇت كاناي ئەينى يىللاردىكى

ۋىلاخۇنبايدىن، توغراقلىقتا ئۆتكەن ھەرقانداق بايدىن ئېشىپ كېتىپلا قالماي، ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە داڭلىق شەخس بولۇپ قالدى. ئۆزىمۇ سەمرىپ، رەڭ تۇزۇپ، قورۇقلىرى تۈزلىنىپ، «سالاپەتلىك غوجايىن»غا ئوخشىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىغا خۇرۇم چاپان، بېشىغا نوركا قۇلاقچا كىيىپ، موتوسكلىتتا چېپىپ يۈرگىنىنى كۆرگەن ئاياللار ئارقىسىدىن ھەۋەس بىلەن قارىشىپ: « ‹ئادەم ئەسكىسى ئەمەس، كىيىم ئەسكىسى› دەپ بىكار دېمەپتىكەن، ئىلگىرى توغراقلىقتا داۋۇتتىن سەت ئادەم يوق ئىدى. ئەمدىلىكتە كىيىمنى ئوڭشاپ كىيگەندە قارىساق، ئۇ ئۇنچىۋالا سەت ئەمەس ئىكەن. كۆك كۆزلۈكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تېخى خېلى مەرى ئىسسىق ئىكەن» دەپ كۈلۈشەتتى.

داۋۇتنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئەكسىچە كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ، قورۇلۇپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. جاپالىق يىللاردا بەردەم تۇرۇپ كەلگەن بۇ قاۋۇل ئايالغا بايلىق ۋە راھەت ياراشمىغاندەك كەينى ـ كەينىدىن كېسەل چاپلاشقانىدى. ئۇ قەشقەردە مودا بولغان ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ، ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەتلەرنى بولۇشىغا تاقاپ يۈرەتتى. داۋۇت ئۇنى قەشقەرگە ئاپىرىپ سېسىپ كەتكەن چىشلىرىنىڭ ئورنىغا ئالتۇن چىش سالدۇرۇپ قويغان بولۇپ، گەپ قىلسا ياكى كۈلسە سۇۋارى ئالتۇن چىشلىرى كۆرۈنۈپ لەۋلىرىگە جۇلا تاشلاپ تۇراتتى. لېكىننزە، بىچارە ئايالنىڭ نازۇ نېمەتلەرنى چايناپ يېگۈدەك رايى يوق ئىدى. كۈنبويى ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدىكى نەقىشلىك كارىۋاتتا كېلىنلىرى ئېتىپ بەرگەن سۈيۈق ـ سەلەڭ غىزانى يەپ ياتاتتى. داۋۇت دائىم دېگۈدەك قەشقەردە تۇرۇۋالاتتى. مەھەللىدىكىلەر ئارىسىدا «داۋۇت قەشقەردىن ئۆيلىنىۋاپتىمىش» دېگەن گەپلەر تارقالغانىدى. بۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ھېچكىم ئېنىق بىلمەيتتى.

داۋۇت ئائىلىسى توغراقلىقلار ئۇچۇن ئۇنسىز چاقىرىق ھەم

ئۆلگە بولدى. ھەممە ئادەمنىڭ ئۇلارنى دورىغۇسى، بىر ئىشلارنى قىلىپ پۇل تاپقۇسى كېلەتتى. سىياسەتنىڭ قوللىشى، ئۆزلىرىنىڭ قىزغىنلىقى تۈپەيلى خېلى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ قولى پۇل كۆرۈپ، بەزىلىرى ئانچە - مۇنچە ھاللىنىپمۇ قالدى. بارا - بارا كونا ئۆيلەرنى يېڭىلاپ سالغانلار، موتوسىكلىت، سوپەك (كىچىك قول تىراكتورى) سېتىۋالغانلار كۆپەيدى. دېھقانلار قىز - ئوغۇللىرىنىڭ توينى قىلماقچى بولسا پۇلنى بېلىگە تېڭىپ ئۇدۇل قەشقەرگە باراتتى. قەشقەرنىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان «دېھقان بازىرى»دىكى سودىگەرلەر دېھقانلارنى كۆرسە ئېچىلىپ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك بولۇپ، دېڭىز بويى رايونلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن رەڭگارەڭ تاۋارلىرىنى يېيىپ كۆرسىتىپ، شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى تۆكۈپ، ئۇلارنىڭ پۇلىنى سۇغۇرۇۋېلىشقا تىرىشاتتى. دېھقانلارمۇ كۆڭۈلدىكىدەك تويلۇق سېتىۋالغىنىدىن رازى بولۇشۇپ، ماللىرىنى ئېلىپ، ھېيتگاھدىكى ياكى باغچىنىڭ يېنىدىكى ئاشخانىلاردىن لەڭمەن، سامسا يەيتتى ياكى شورپىغا نان چىلاپ ئىچەتتى. كىرا ئاپتوبۇسىدا يۇرتلىرىغا كېتىۋېتىپ، باشقا يۇرتلۇق دېھقانلار بىلەن پاراڭلىشىپ ھال - ئوقىتىنىڭ ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى سۆزلىشىپ، «ھېلىمۇ مۇشۇنچىلىك كۈنلەرگە ئۇلاشتۇق، ياراتقان خۇداغا شۈكۈر» دېيىشەتتى. جاپا - مۇشەققەتلا تارتىپ، ھېچقانداق خۇۋلۇق كۆرمەي ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئەسلىشىپ «شۇلار ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، مۇشۇ كۈنلەرنى كۆرەتتى - ھە» دەپ قىسىنىشاتتى.

تەبىئەتتە بىر يىلى ھاۋا ئوبدان كەلسە، ئىككىنچى يىلى بوران - چاپقۇن، تەبىئىي ئاپەت كۆپ بولغىنىدەك، دېھقانلارغا ياخشى كۈنلەرمۇ دائىم ھەمراھ بولالمىدى. ئالۋان - ياساق، يەرلىك سىياسەتلەر تۈپەيلى دېھقانىنىڭ كۈنى يەنە تەسلىشىشكە باشلىدى. پاختا پۇلغا يارىماس بولدى. پاختىنىڭ باھاسى تۆۋەن

بولۇپلا قالماي، دېھقان قولىغا ئىلگىرىكىدەك شاراقلاپ تۆرىدىغان پۇل ئەمەس، قۇرۇق قەغەز تېگەتتى. خىمىيەۋى ئوغۇت، سولىياۋ يوپۇق، دورا، ئۇرۇق...لارنىڭ ھەممىسىلا قىممەت باھادا تېڭىپ سېتىلىدىغان، پاختىنىڭ كىرىمى بۇ قەرزلەرنى تۆلەشكە يەتمەيدىغان، پايدا خىمىيەۋى ئوغۇت، سولىياۋ يوپۇق ساتقانلارنىڭ، پاختا سېتىۋالغۇچىلارنىڭ، كەنت كادىرلىرىنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كېتىپ، دېھقان لېۋىنى چىشلەپ قالىدىغان بولدى. دېھقانلار پاختىدىن بېزار بولۇپ تېرىغىلى ئۇنىمىسا مەجبۇر قىلىنىپ، ئېتىزدىكى باشقا زىرائەتلىرى يۇلۇپ تاشلىناتتى. يەنە بىر تەرەپتىن توغراقلار كۆپلەپ كېسىۋېتىلگەنلىكتىن، قۇم - بوران ئاپىتى كۆچەيدى. يەرلەر شورلىشىپ، كېۋەزلەرگە قۇرت چۈشۈپ كەتتى. بۇ قۇرتلارغا دورا كار قىلمايتتى. دېھقانلار ھەربىر تال قۇرت، كېپىنەكنى قولدا تېرىشى، ھەربىر تۈپ كېۋەزنى پىلتىكۆچ بىلەن بىر - بىردىن ياغلاپ، دورىلاپ چىقىشى كېرەك ئىدى. ئەر - ئايال، قېرى - ياش، ئۇششاق باللارغىچە ھەممىيلەن ئەتىدىن كەچكىچە كېۋەزنىڭ ئەتراپىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ، ئۇھ دېگۈدەك ئارام تاپالمايتتى. تۇمشۇق تىرەپ ئېچىلدۇرغان پاختا يىل ئاخىرىدا يەنە قەدىرسىز قالاتتى. دېھقان تېخىمۇ قەدىرسىز ھالغا چۈشۈپ قالاتتى. كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە، كۆپلەپ ئېچىلغان يەرلەر تاشلىنىپ قالدى. توسۇپ تۇرىدىغان توغراق بىلەن يۇلغۇن بولمىغانلىقتىن قۇم ئېقىن سۇدەك كىرىپ، بۇ يەرلەرنى ئىگىلەشكە باشلىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يېڭى كەلگەن شۇجى توغراقلىقنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئېكولوگىيەسىنى تۈزەش ئۈچۈن توغراقلىقنى يەل - يېمىش بازىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى. نۇرغۇن تېرىلغۇ يەر ئاجرىتىلغاندىن باشقا، تاشلىنىپ قالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئانار، ئەنجۈر، ياڭاق، ئۈزۈم - شاپتۇل كۆچىتى تىكىلدى. كۆچەتلەر مېۋىگە كىرگۈچە شۇجى

يوٚتكىلىپ كەتتى. يېڭى كەلگەن شوٚجى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەكىتلەپ، بىر قىسىم يەرلەردىكى كوٚچەتلەرنى ئالدۇرۇۋېتىپ، ئاشلىق تېرىشنى يولغا قويدى.

مېۋىلىك باغلارنى تېخنىكىلىك تەلەپ بويىچە باشقۇرۇشقا، مېۋە سورتلىرىنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاشقا توغرا كېلەتتى. مېۋىلەر ھە دېگەندىلا پۇلغا ياراپ كەتمەيتتى. بولۇپمۇ بۇ يەرنىڭ شاپتۇل، ئۆرۈكلىرى باشقا جايىنىڭكىگە يەتمەيتتى. يېڭى شوٚجى شاپتۇل، ئۆرۈكلەرنى ئالدۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ يۇرتىدىن چىلان كوٚچىتى ئەكەلدۇرۇپ، چىلانلىق باغلارنى بەرپا قىلدى. ئاڭغىچە ئانار، ياڭاق، ئەنجۈرلەر مېۋە بېرىشكە باشلىدى. جەننەتتەك باغلار، يەشىكلەرگە قاچىلىنىپ يوٚتكەشكە تەييار قىلىپ قويۇلغان يەل - يېمىشلەر كىشىنى روھلاندۇرۇپ شېرىن خىياللارغا چوٚمدۈرەتتى. نەچچە يىلدىن بۇيان قولى پۇل كوٚرمەي ماغدۇرىدىن كېتىشكە باشلىغان دېھقانلارنىڭ كوٚڭلىدە يەنە ئۈمىد پەيدا بولدى. بىراق، يىل ئاخىرىدىكى نەتىجە كىشىلەر ئويلىغاندەك بولمىدى. باغۋەنچىلىكنى يولغا قويغان جايلار كوٚپ ھەم توغراقلىقنىڭ شارائىتى ئۇلارنىڭكىدىن ناچار بولغانلىقتىن، ئانارىدىن باشقا مېۋىسى بازار رىقابىتىدە شاللىنىپ قالدى. توغراقلىق يەنە بىر قېتىم ئاچا يولغا دۈچ كەلدى. توغراقلىقلار يەنە گاڭگىراپ قالدى. ئابدۇغېنى ئاخۇن، نەمەت ئاخۇن، تاش ئاخۇن قاتارلىق بىرنەچچە بوۋاي مەسلىھەتلىشىپ بازار باشلىقى بىلەن شوٚجىنى ئىزدەپ باردى. ئۇلار بازارلىق ھوٚكۈمەتنىڭ يۇمشاق سافالار بىلەن بېزەلگەن چوڭ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، ئوٚزلىرىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— بىز ھەممىمىز مۇشۇ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياشاپ كەلگەن دېھقان خەق. بىز باشقا نەرسىنى بىلمىسەكمۇ قۇمنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىمىز. قۇم بىلەن ئويناشقىلى، ئۇنىڭ چىشىغا تەگكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا تەڭ كەلگىلىمۇ بولمايدۇ.

ئۇنى تۇسۇپ تۇرىدىغىنى، ئاشۇ تۇغراق بىلەن يۇلغۇن. تۇغراق بىلەن يۇلغۇننى نابۇت قىلىۋەتكىنىمىز بولمىدى. مېۋىلىك كۆچەت تۇغراقنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى.

— ھەرقايسىلىرى بىزدىن ئوبدان بىلىشىلا، بىزنىڭ بۇ يەردە يەرمۇ، سۇمۇ ئاز. بۇ يەردە چوڭ پاختىچىلىق، باغۋەنچىلىك بازىلىرىنى بەرپا قىلغىلى بولمايدۇ. چەكتىن ئاشۇرۇپ ئىش قىلساق، پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولىدۇ...

— ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مۇشۇ يەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئاشلىق، چارۋا، ئورماننى تەڭ تۇتۇپ كەپتىكەن، بىزنىڭچە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇ يولنى تۇتساق زىيان تارتمايمىز. بىز ئىلگىرى مۇشۇ يولدىن چەتلىگەن چاغلاردا نۇرغۇن زىيان تارتقان، ئېچىنىشلىق ساۋاقلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس...

جۇمە ئاخۇن دېگەن قويچى ئادەم:

— رەھبەرلىرىم، ئاڭلاپ قېلىشسىلا، مەن بۇلتۇر قوي باققان يەرلەر قۇم ئاستىدا قالدى. بۇ يىل قوي باققان يەرلىرىمنى كېلەر يىلى تاپالماسلىقىم تۇرغانلا گەپ. قۇم يەرنى مۇشۇنداق يالماپ يۇتۇۋەرسە، يەنە نەچچە يىلدا بىز جان ساقلىغۇدەك يەر قالارمۇ؟ — دېدى.

رەھبەرلەر ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. ئۇلارنى قوغۇن ـ تاۋۇز، خۇش پۇراقلىق گۈل چېيى بىلەن مېھمان قىلىپ، ئاخىرىدا «پىكرىڭلارنى چوقۇم ئويلىشىمىز، خاتىرجەم بولۇڭلار» دەپ چىرايلىق يولغا سالدى. ئۇلار كۆڭلىدە بوۋايلارنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئەمما، رېئاللىقنىڭ ئۇلاردىن تەلەپ قىلىدىغىنى باشقا نەرسە ئىدى. ھازىر دېگەن ئىسلاھات، يول ئېچىش دەۋرى. ئۇلار ئۆز قابىلىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش بىلەن نامايان قىلمىسا، بىر ئىزدا توختاپ قالسا قانداق بولىدۇ.

روزى ئاخۇن ئۆيدىكى رادىيو، تېلېۋىزور دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىشكە ئامراق ئىدى. بۇزۇلۇپ قالسا ئۇ يەر - بۇ يېرىنى كولاپلا بىردەمدە ياساپ قوياتتى. كېيىن قوشنىلارنىڭ موتوسىكلىتلىرىنى، ئۇرۇق سېلىش، دان ئايرىش ماشىنىسى، ھەتتا «سوپەك»لىرىنىمۇ ياسايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قانداق كەسىپتە، قانداق ئوقۇغانلىقىنى تازا بىلىپ كەتمەيدىغان دېھقانلار «ئۇنىڭغا جىنلىرى ھۈنەر ئۆگەتكەن گەپ. بولمىسا، ئۆزىچە رېمونتچى بولۇپ قالامدۇ» دەپ يۇرۇشەتتى. تۇردى قارىي ھويلا ئىشىكىگە يانداپ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ روزى ئاخۇنغا «رېمونتخانا» ئېچىپ بەردى. روزى ئاخۇن دېھقانلار ئەكىلىپ بەرگەن سايمانلارنى رېمونت قىلىپ بولۇپ، ئىش كەلمىگەن چاغلاردا يەنە ئىمىر - چىمىر بىر نەرسىلەرنى سىزىش بىلەن بولۇپ كېتەتتى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ چۈشىنىكسىز سىزىقلىرىغا قاراپ «كېسەللى تۇتۇپتۇ» دېيىشەتتى. لېكىن ئۇنىڭ مۇشۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولغان چاغلىرىدا كۈنلەپ جىم ئولتۇرىدىغانلىقى، قومۇشلۇققا بېرىۋالمايدىغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ قالاتتى. روزى ئاخۇن تاپقان پۇللىرىنى بىر پۇڭ ئۇيان - بۇيان قىلماي يىغىپ، يازدا شەھەردىن چوڭ ئىككى ساندۇق سايمان ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئەرزان باھادا سېتىپ بەرگەن كونا ئىستانوك بىلەن كومپيۇتېر بار ئىدى. ئۇ كومپيۇتېرنى ئالغاندىن كېيىن دۇكاننى بازار بويىغا كۆچۈردى. ئەمدى كېچە - كۈندۈز كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدىن قوپمايدىغان بولدى. ئىلگىرى قەغەزگە سىزىدىغان سىزىقلارنى ئەمدى كومپيۇتېردا سىزىدىغان بولدى. ئۇ بەزىدە كۈنلەپ ئاغزىغا گىياھ چاغلىق نەرسە سالمايتتى، يۈزىنى يۇيۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى، بىر چاغلاردا قىز ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگەن چاچلار ھازىر ئۆسۈپ، كىرلىشىپ مۈرىسىدە

پاخپىيىپ تۇراتتى. مايكا، ئىشتانلىرىدا يوغان ـ يوغان قارا داغلار كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇ چېچى بىلەن كىرلىشىپ كەتكەن مايكا ـ ئىشتىنىنى جان تىكىپ قوغدايتتى.

ئۇ ئادەتتە ئادەملەر بىلەن ناھايىتى ئاز پاراڭلىشاتتى. يول ماڭغاندا يەرگە قاراپ كۇسۇرلاپ سۆزلەپ ماڭاتتى. دېھقانلار ئەكىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ناھايىتى ئىتتىك ياساپ بېرەتتى، ئەمما ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشقا قەتئىي ئۇنىمايتتى. ئۇنى ئىزدەيدىغانلار كۆپ ئىدى. بەزىدە ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا چوڭ ـ كىچىك ئاپتوموبىللار نۆۋەت كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ تېخنىكىلىق رېمونتچى ئۇستىلار بىلەنمۇ تونۇشۇۋالغان بولۇپ، بازاردىكى ھەم تېخنىكىلىق خەنزۇلار ئۇنى «ساراڭ دوكتور» دەيتتى. ئۇ قەشقەرگىمۇ پات ـ پات بېرىپ تۇراتتى.

بىر يىلى يازدا، ئۇ دۇكىنىنى تاقاپ قومۇشلۇقتىكى تۈزرەڭ بىر پارچە يەردە ناھايىتى كىچىككىنە، غەلىتە بىر نەرسىنى قوراشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ گاھىدا مايغا مىلىنىپ قانداقتۇر ۋىنتىلارنى چىڭىتىپ يۈرسە، گاھىدا بېشىغا قالپاق كىيىپ كەپشەرلەش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇششاق باللار بىلەن بىكارچى ئادەملەر قومۇشلۇقتا يىغىلىپ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى تاماشا قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە روزى ئاخۇننى مەسخىرە قىلىدىغانلارمۇ، «ھەي، ئۇنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ جۇمۇ» دەيدىغانلارمۇ بار ئىدى. ھەممىسىلا ئۆزلىرىچە ئۇنى ـ بۇنى دەپ كۆڭۈللىرىنى ئاچاتتى.

قومۇش پۆپۈكلىرى سارغىيىشقا باشلىغان كۈنلەردە، تاماشا كۆرۈۋاتقانلار يەردىكى غەلىتە نەرسىنىڭ يوغان يىڭناغۇچقا ئوخشاپ قالغانلىقىنى بايقاشتى.

— ۋاي، ئۇ راستتىنلا ئايروپىلان ياساۋېتىپتۇ!

— ئوخشاپقۇ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇچالىسا ھېساب.

— راست، راست، ئۇچالىسا ھېساب.

— ھەي خەق، ئەخمەق بولماڭلار، ئايروپىلان دېگەن كۆرگەنلا ئادەم ياساپ ئويناۋېرىدىغان لەگلەك ئەمەس.

— ئاشۇ ساراڭ ئايروپىلان ياساپ كېتەرمىش؟

— ھەي، ھەي ئەقىللىقلار، ئاغزىڭلارغا بېقىپ سۆزلەڭلار، ھەرقانداق ماشىنىنىڭ تىلىنى بىلىدىغان، ھەر يوغان ئاپتوموبىللارنى رېمونت قىلىۋاتقان ئادەم ئۇ.

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. ئەمدى ئايروپىلاننىڭ ئادەم ئولتۇرىدىغان ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇقى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى كىر يۇيۇش ماشىنىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ساندۇققا ئورنىتىلغان ئەگرى تۇتقۇچ، «ئايروپىلان» نىڭ ئۈستىدىكى ئېگىز پىلدىرلىغۇچ، كىنودىكى ئايروپىلانلارنىڭ پۇتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر جۈپ پۇت... دېھقانلارنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. بىركۈنى ئادەملەر تازا يىغىلغان بىر ۋاقىتتا روزى ئاخۇن ئورۇندۇققا چىقىپ ئولتۇردى. تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار «ۋاي مانا، ئۇچىدىغان بولدى!» دېيىشىپ داۋالغۇپ كېتىشتى.

روزى ئاخۇن ئالدىدىكى ساندۇقتەك نەرسىنىڭ بىر يەرلىرىنى بېسىپ، ئەگرى تۇتقۇچىنى كۈچ بىلەن بېسىشىغا قاتتىق غارىلدىغان ئاۋاز چىقىپ، پىلدىرلىغۇچ ئايلىنىشقا باشلىدى. كىشىلەرنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى ئاستىدا ئايروپىلان يەردىن ئادەم بويى كۆتۈرۈلدى - دە، تۇيۇقسىز «جاق» قىلىپ چۈشۈپ كەتتى. يەردىن قويۇق توپا - چاڭ كۆتۈرۈلدى. پىلدىرلىغۇچنىڭ ئايلىنىشى بارغانسېرى ئاستىلاپ، توختاپ قالدى. روزى ئاخۇن دەرھال چۈشۈپ ئايروپىلاننىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى تەكشۈرۈپ، ۋىنتىلارنى چىڭىتىپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئۇچۇرماقچى بولدى. ئەمما، ئايروپىلان مىت قىلىپمۇ قويمىدى. كېيىن

مەھەللىدىكىلەر روزى ئاخۇن ئالدىنىپ يارامسىز موتور ئېلىپ قالغانىكەن، چاتاق موتوردىن چىقىپتۇ، دېيىشىپ يۈردى. ئۇلارنىڭ دېگىنى راست ئىدى. روزى ئاخۇن تاپقان ـ تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ موتورغا خەجلىگەنىدى.

سوغۇق چۇشكىلى تۇرغاندا، روزى ئاخۇن «ئايروپىلان»نى بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈپ، ئامبارغا ئەكىرىپ، ئۈستىنى سولىياۋ، لاتا ـ پىتىلەر بىلەن چۈمكەپ قويدى.

# ئوتتۇزىنچى باب

شىرە ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان دىلمۇرات ئىككى مۇرىسى ئۇيۇشۇپ، قەلەم تۇتقان قولى تالغاندىلا قەلەمنى قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. تامدىكى سائەت تاڭ سەھەر سائەت تۆتنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەتراپ جىمجىتلىقتا چۆككەن، ئاندا - ساندا ئۇدۇلدىكى ئۆيدىن بالىلارنىڭ چۇشەكەپ قىلغان گەپلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇگۈن نېمانچە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىكىن - ھە. يىراقتىن ۋوگزالغا كىرىپ كەلگەن پويىزنىڭ گۇدۇك ئاۋازى ئاڭلانغاندا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سۇس سۆسۈن رەڭلىك چىراغلار يېنىپ تۇرغان ئادەمسىز، سوغۇق ۋوگزال، ئۇيقۇسىرىغان ھالدا پويىزدىن چۈشۈپ، سەھەرنىڭ تەننى شۇركەندۈرىدىغان ھاۋاسىدا ئۇن - تىنسىز تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كېتىۋاتقان ئادەملەر كەلدى. ھەر قېتىم گۇدۇك ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاشۇ كۆرۈنۈش كېلەتتى... ئۇ ئىختىيارسىز، ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ ئەنە شۇنداق بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەرغۇ، ۋوگزالدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى سىرلىق، نامەلۇم بىر مەنزىل ئەمەسمۇ، دەپ ئويلاپ كەتتى. ئۇ دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ، كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلىغا يۈزلىنىپ كېرىلدى. پۇت - قوللىرىنى ئۇيان - بۇيان ھەرىكەتلەندۈردى. ئارقىدىن ئاۋايلاپ مېڭىپ ئاشخانىغا چىقىپ بىر پىيالە سۈت قايىنىتىپ ئىچتى. ئۇ كېچىك ئۆيدىكى يالغۇز كىشىلىك كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپلا ئۇيقۇغا كەتكەندە، سەھەر سائەت بەش بولغانىدى. يەنە بىر سائەتتىن كېيىن ئايالى بىلەن بالىلىرى ئورنىدىن تۇراتتى.

دىلمۇرات چۈشكە يېقىن ئويغىنىپ، ئاددىيلا ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن تاماق ئېتىشكە تۇتۇندى. بۇ ئۇنىڭ ئايالىدىن كەچۈرۈم سورىغىنى ئىدى. ئۇ يېقىندىن بۇيان كەچكىچە ئىشلەپ قېلىۋاتقانلىقىدىن ئايالىنىڭ ئۇيقۇسىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن كىچىك ئۆيدىلا يېتىپ ـ قوپىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئايالى گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى نەچچە قېتىم پۈرىتىپ بولدى. بىراق، ئۇ ئىشقا كىرىشىپلا كەتسە ئۆزىنى تارتالماي قالاتتى. دولقۇندەك ئۇزۇلمەي بىر ـ بىرگە مىنگىشىپ كېلىدىغان ئوي ـ پىكىرلەر ئۇنى رېئاللىقتىن ئايرىپ، سىرلىق قانائەتلىرى بىلەن يىراق مەنزىلگە ئېلىپ كېتەتتى. ئۇ يازغۇچى ئەمەس، شائىرمۇ ئەمەس. ئەمما، ئۇنىڭدا ئەدەبىياتقا ئوتتەك ئىشتىياق بولۇپلا قالماي، بىر خىل تەبىئىي تۇيغۇنلۇق، ئۆزگىچە، چوڭقۇر بىر سەزگۈ بار. ئۇ ئاشۇ ئىشتىياقنىڭ تۈرتكىسىدە ناھايىتى نۇرغۇن كىتاب ئوقۇدى. هازىرمۇ توختىماي ئوقۇۋاتىدۇ. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر، كىتابلار توغرىسىدىكى تەسىرات، باھاسى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ھەتتا ئۆزىنى كاتتا ئەدىب ھېسابلايدىغان خېلى نۇرغۇن كىشىلەرگىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئەدەبىياتتىن كۈتىدىغانلىرىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىدا بولسا كېرەك. ئۇ ئەدەبىياتنى ھېچقاچان ئىچ پۇشۇقى، ۋەقەلىك تىزمىسى ياكى دەبدەبىلىك سۆزلەر كۆرگەزمىسى دەپ بىلگەن ئەمەس. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا خاتىرىسىگە: «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ ئۇ قاغجىرىغان، بوغۇلغان روھنىڭ قىيپالىڭاچ ھالدىكى ئازابى، تىركىشىشى؛ ھاياتلىق، ئۆلۈم ۋە مۇھەببەت ھەققىدىكى مەڭگۈلۈك ھېس ـ تۇيغۇ، ئۇ قان تامچىلاپ تۇرغان يۈرەك، كىرىستالدەك سۈزۈك قەلب. ئۇ بەزىدە دۇنياغا قايتا تىرىلىشنىڭ ئازابى ۋە تەنتەنىسى. بىراق، بۇ ھېس ـ تۇيغۇلار خۇددى چوڭقۇر دېڭىزدىكى مەرۋايىتقا، قورام تاشلار

ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ياقۇتقا ئوخشايدۇ. ئۇنى بايقاش ئۈچۈن ئۆتكۈر كۆز، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن پىداكارلىق ۋە ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىش زۆرۈر» دەپ يازغانىدى. ئۇ ئەسەرلەردىن ئەنە شۇ روھنى ئىزدەيتتى. مۇقاۋىسىغا ھەل يالىتىلغان قېلىن ـ قېلىن كىتابلاردىن ئىزدىگەن نەرسىسىنى تاپالمىغان چاغلىرىدا ئۈمىدسىزلىنەتتى. قەلبىنى دېلىغۇللۇق ۋە شۈبھە تۇمانلىرى قاپلاپ، ئۆچقۇر تەپەككۇرى ئۇركۈگەن قۇشتەك جىمىپ، چېپىپ كېتىۋاتقان قەلىمى توختاپ قالاتتى. ئىلىمنى خورلاش بەدىلىگە كەلگەن ئەرزىمەس مەنپەئەت ۋە شۆھرەت؛ ساختا ھېسسىيات، قۇرۇق مەدھىيە، ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن ساختىلىق ۋە ئىككى يۈزلىمىلىكلەر ئۇنى ئەدەبىياتتىن، باشقىلاردىن، ھەتتا ئۆزىدىن بىزار قىلاتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈن باشقىلاردەك ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ، يۇقىرىدىكىلەرنىمۇ خۇشال قىلىدىغان، مەنپەئەت، ئورۇن ـ مەرتىۋىگىمۇ يېقىن بولغان داغدام يولنى تاللىمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئايلاپ ـ يىللاپ يىگىنە بىلەن قۇدۇق كولىغاندەك ئەجىر بىلەن يېزىپ چىققان ئىلمىي ئەسەرلىرى، يىرىك ماقالىلىرى كەسىپ ئەھلىلىرى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھالىشىغا قارىماي قانداقتۇر باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن بېسىپ قويۇلىدۇ، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ، ئەكسىچە، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش، توي ـ چاي، ئويۇن ـ كۈلكە ئىچىدە ئۆزىنى ئۇپراتماي، تەرلىمەي ياشايدىغان، يازىدىغانلارنىڭ بىر قېلىپتىكى، پارقىراق ئەسەرلىرى تۆردىن چۈشمەيدۇ. مۇكاپات، نام ـ ئاتاق، ئۇنۋان ھامان شۇلارنىڭ بولىۋېرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىلىم ئەسلىي ماھىيىتىدىن يىراقلاپ جان بېقىش يولىغا، سودىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟

ئۇ بەزىدە شۇلارنى دورىماقچى بولاتتى ـ يۇ، دورىيالمايتتى، ئۇلاردەك ياشاش ئۈچۈن ئۇ قايتىدىن باشقا بىر ئادەم بولۇپ تۇغۇلۇشى كېرەك ئىدى. بەزىدە ئائىلە بىلەن ئېچىلىپ ـ

يېيىلىپ پاراڭلىشىپ قالغان چاغلىرىدا كۆڭلىدىكى ئەنە شۇنداق گاڭگىراش، دىل ئازارلىرىنى سۆزلەيتتى. بىر قېتىم ئايالى:
— سىز نېمىشقا شۇنچىۋالا ئەستايىدىل بولۇپ كېتەتتىڭىز؟ ئەمەلىيەتتە ئۇلارلا ساختىپەز ئەمەس، دۇنيادا ھەممە ئادەم پايدا - مەنپەئەتكە، نام - شۆھرەتكە ئىنتىلىدۇ. ئۇلار ئۇنى ئاشكارا قوغلىشىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. سىزچۇ، سىزدە پايدا - مەنپەئەت، نام - شۆھرەت تاماسى يوقمۇ؟ نېمىشقا ئاشكارا قوغلاشمايسىز؟ باشقىلار قوغلاشسا رەنجىپ يۈرىسىز. بۇ ياسالمىلىق ئەمەسمۇ؟ — دېدى.
— ھەممە ئىش نام - مەنپەئەت ئۈچۈن بولسا، ئىلىمچۇ؟ ئۇنىڭ غېمىنى كىم يەيدۇ؟
— شان - شۆھرەت بار يەردە ئىلىممۇ بولىدۇ - دە.
— ياق، ئىككىسى ئىككى گەپ. دەرۋەقە، ئىلىم شان - شۆھرەتمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن، ئىلىم بىلەن شان - شۆھرەت، مەنپەئەت دېگەنلەر بىر يەردە بولۇشى ناتايىن. تېخى بەزىدە بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ھەتتا قارىمۇقارشى ئورۇنغىمۇ ئۆتۈپ قالىدۇ. نام - مەنپەئەتكە ئىلىم ئەھلى ئەمەس، تولىراق ساختىپەزلەر ئېرىشىدۇ. بولۇپمۇ بىزنىڭ سەممىيەت يېتەرسىز مۇھىتىمىزدا شۇنداق.
— ئۇنداقتا، سىز ئۆزىڭىز يالغۇز ئىلىمنىڭ ھىمايىچىسى بولماقچىمۇ؟
— شۇنداق قىلالىسام پەخىرلەنگەن بولاتتىم، مەن سىزگە دەپ قوياي، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا كەم نەرسە دەل شۇنداق روھ. ئۇتتا كۆيدۈرۈلۈشتىن قورقماي ئىلمىي ھەقىقەتتە چىڭ تۇرالايدىغان يۈرەك.

دىلمۇرات بۇ گەپلەرنى ئايالىغا ئەمەس، ئۆزىگە قىلاتتى. ئايالى ئۇنىڭ «تەنقىدچىلىك»كە بۇنچىۋالا چوڭقۇرلاپ، ئۆزىنى ئۇرۇپ كېتىشىنى ياقتۇرمايتتى.

— بۇ ئىشلارنىڭ نېمە ھاجىتى، بۈگۈنكى كۈندە پايدىسى يوق، خاپىلىقى تولا بۇنداق ئىشلار كىمگە خۇشياقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىم بىلىدۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دېگەنلەرنىڭ قانچە كۈنلۈكى قالدى. بولدىلا، كەسىپ ئالماشتۇرۇۋېلىڭ. بىر ـ ئىككى يىلغا قالماي بۆلۈم باشلىقى بولالىشىڭىزدا گەپ يوق.

بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا دىلمۇرات شۇ ھامان ئۆڭەتتى، ئايالى ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلايتتى. ئۇنىڭ ئايالىدا نېمە گۇناھ؟ ئۇ مۇشۇ دەۋرنىڭ ئىدېئولوگىيە فورمىسى بويىچە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئۈرۈمچىدەك بىر شەھەرنىڭ ئادىمى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يۇرتىدىكى نامرات تۇرمۇش ۋە تۆۋەن ئورۇندىن قۇتۇلۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىنىڭ تۇرمۇش ئېقىمىغا تېزدىن ماسلاشقان، بالىلىرىنىمۇ شۇ ئېقىمغا ماسلاشتۇرۇپ تەربىيەلەپ، ئۆزلىرىنى دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭغان ئالاھىدە كىشىلەردەك ھېس قىلىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە خاس نەرسىلەردىن يىرگىنىدىغان، ھەتتا پەس كۆرىدىغان بولۇپ قالغان.

بۇنداق ئادەملەر ئۈرۈمچىدە مەلۇم كۆلەمنى شەكىللەندۈرگەن. ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلەشمەسلىك ئۇلارنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى. ئۇلار ئۆز تىلىنى بىلمەيدىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئاپتوبۇستا، يوللاردا، سەھراچە كىيىنگەن، ئۈرۈمچىلىكلەرگە ئوخشىمايدىغان ئادەملەرنى ئۇچراتسا مەسخىرە قىلىدۇ، كەمسىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە مەنىۋىيەتتىكى بىچارىلىكىنى ئاشكارىلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. ئۇلار جان تىكىپ مودا قوغلىشىدۇ. يەنە كېلىپ ناھايىتى مەنپەئەتپەرەس، ئۆتمۈش ياكى يىراق كەلگۈسى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى چىڭ تۇتىدۇ. ئايالىنىڭ شۇ خىل مىجەزى تۈپەيلى ئەر ـ ئايال ئىككىسى بالىلىرىنىڭ قانداق تىلدا ئوقۇش

مەسىلىسىدە ئارقا ـ ئارقىدىن قاتتىق جاڭجالللاشتى، ھەتتا ئاجرىشىپ كېتىش دەرىجىسىگە بېرىشتى. دەسلەپتە ئوغلىنىڭ ئىشىدا دىلمۇرات يېڭىپ چىقىپ، ئوغلى ئۆيگە يىراق، شەھەرنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى ئۇيغۇرچە باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگۈچە دىلمۇرات بىر كۈن قالماي ئوغلىنى ئەتىگىنى مەكتەپكە ئۆزى ئاپىرىپ، كەچتە ئۆزى قايتۇرۇپ كەلدى. قىزىنىڭ ئىشىدا ئايالى قىلچە يول قويمىدى. قىز بالا، ئاجىز، خەنزۇچە ئوقۇمىسا جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. جېنىنى باقالمايدۇ، ئېرىگە بوزەك بولىدۇ... دەپ ئالتە ئاي قايىندى. دىلمۇرات بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ قىزىنى ئۆزى ئوقۇتماقچى بولدى. ئاخىر ئۇلارنىڭ ئىشىغا چوڭلار ئارىلاشتى. ئىككىسىگە گەپ ئۆتكۈزەلمەي، خاپىلىقتا دوختۇرخانىدىمۇ يېتىپ قېلىشتى. چوڭلارنى ئاياش يۈزىسىدىنلا ئۇلار ئاجراشمايدىغان بولدى.

دىلنۇر ناھايىتى تەلەپچان ئانا ئىدى. قىزىنىڭ تىل ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆيدە خەنزۇچىلا سۆزلەيتتى، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەتتى. قىزى گۈلىستان بىر يىلغا بارماي بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا چاقماقتەك سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتتى. ئەمما، ئانا تىلىنى ئۇنتۇدى. دادىسى قىزىغا ئۆز تىلىدا سۆزلىسە دىلنۇر خاپا بولاتتى. گۈلىستانمۇ دادىسىنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرەلمەي دۇدۇقلاپ قالاتتى ـ دە، دەرھال خەنزۇچە جاۋاب بېرەتتى. ئانا ـ بالا ئىككىسى چۈلدۈرلاپ سۆزلىشىپ ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتى. ئوغلى بىلەن ئىككىسىدىن ھېسسىيات جەھەتتە يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالغانىدى. بىر قېتىم گۈلىستان ئاكىسىنىڭ خەنزۇچە بىر خەتنى تونۇمايدىغانلىقىغا ئەجەبلىنىپ:

— دادا، دادا، ئاكام دۆت ئىكەن، مۇشۇ خەتنىمۇ تونۇمايدىكەن، مەن مۇشۇنداق ئاكام بولۇپ قالغانلىقىدىن نومۇس قىلىمەن، — دېدى.

دىلمۇرات ئايالىغا ئاڭلىتىپ:

— قىزىم، نومۇس قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۆزىڭىزنىڭ ئۇيغۇر قىزى تۇرۇپ ئۇيغۇرچىنى بىلمەيدىغانلىقىڭىزدىن نومۇس قىلىڭ، — دېدى.

ئايالى بۇنى ئاڭلاپ قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ، دىلمۇراتقا قاراپ غەزەپ بىلەن چەكچەيدى. ئۆيدە مۇشۇ تۈپەيلى ھەر كۈنى دېگۈدەك تالاش ـ تارتىش، قېيىداش بولۇپ تۇراتتى. دىلمۇرات بارغانچە ئىچ پۇشۇقى ۋە ئاچچىقىنى ھاراقتىن ئالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى بىلىپ ئۆزىنى ھاراقتىن تارتماقچى بولاتتى، بەزىدە نەچچە ئايلاپ ئىچمەيمۇ باقاتتى. بىراق، بىر كۈنلەردە يەنە مەست بولۇپ قالاتتى. بىر ئىچسە نەچچە كۈنلەپ ئۆزىنى تۇتالماي قالاتتى. مەستلىكتىن يېشىلگەندە ئۆز ـ ئۆزىدىن سەسكىنىپ، ھاراق دېگەننى ئىككىنچى ئاغزىمغا ئالمايمەن، دەيتتى.

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

نازارەت قورۇسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كورپۇس كونا ئۆيىنى چېقىپ سالغان بىنا پۇتۇش ئالدىدا تۇراتتى. رۇستەمنىڭ ئىشخانىسىدىن ئۆي تەلەپ قىلىپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەس بولۇپ كەتتى. بۈگۈنمۇ چۈشكىچە 6 ـ 5 كادىر، خىرقىراپ سۆزلەيدىغان بىر قېرى خوتۇن، ئۈچ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان بىر ئايال ئىلتىماس كۆتۈرۈپ كەلدى. كادىرلارنىڭ كۆپ قىسمى چوڭ بولۇپ قالغان بالىلىرى بىلەن 2 ـ 1 ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقانلار ئىكەن. قېرى ئايال ئۆلۈپ كەتكەن بىر كونا كادىرنىڭ ئايالى بولۇپ، ئۆيى بىرىنچى قەۋەتتە ھەم كۈن چۈشمىگەنلىكتىن، بوغۇم ياللۇغى بىلەن زىققە كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەنىكەن، قولىدا دوختۇرنىڭ ئىسپاتلىرى بار ئىكەن. كىچىك بولسىمۇ ئاپتاپ چۈشىدىغان، ئىسسىقراق ئۆيدە ئولتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. نازارەت ئاشخانىسىنىڭ ئاشپىزى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆتكەن قېتىمقى تەقسىماتتا ئۆي تەقسىم قىلىنمايلا قالماستىن، مائاشى بىر دەرىجە چۈشۈرۈۋېتىلگەن، جەرىمانە تۆلىگەنىكەن. بۈگۈن ئۇنىڭ ۋات ـ ۋات خوتۇنى يىغلاپ تۇرۇپ بىرەر سائەت دەرد تۆكتى. ئانىسىنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ بالىلىرىمۇ تەڭ يىغلىشىپ كەتتى.

رۇستەم كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە:

— تەشكىل ئەھۋالىڭلارنى بىلىدۇ. مەنمۇ تولۇق خەۋەر تاپتىم. ئۆي مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىغاندا ئەھۋالىڭلارنى

ئالاھىدە ئۇتتۇرىغا قويىمەن، خاتىرجەم بولۇڭلار، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئالدىنقى كۈنى نازارەت قارىمىقىدىكى باشقا ئىدارىگە يۆتكىلىپ كەتكەن ئايال كادىرنىڭ ئېرى ئەلپازىنى بۇزۇپ جېدەل چىقارماقچى بولغانىدىمۇ، ئۇ پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتمەي تۇردى. ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى:

— ئىلگىرىكى مۇدىر ئەھۋال ئېيتىپ كەلسەك، گېپىمىزنى ئاڭلا ـ ئاڭلىماي ۋارقىراپ كېتەتتى. سىز دەردىمىزنى تولۇق ئاڭلايدىكەنسىز. مۇشۇ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپلا، ئۆي ئالالمىساقمۇ كۆڭلىمىز خۇش بولۇپ قالىدىكەن، — دېيىشەتتى. ئۇلار رۇستەمنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر كۈنلەرنى كۆرگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئەكسىچە، رۇستەم نامرات، بىچارە ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتىنى، ئۇلارنىڭ ياخشى مۇئامىلىگە ۋە تەسەللىگە نەقەدەر موھتاج ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ قولىدىن ئۇنچىۋالا چوڭ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى، بۇ قېتىمقى ئۆي تەقسىماتىدىمۇ ئۆتكەن قېتىملاردىكىدەك يولى بار، ئېپى بارلار پايدا ئالىدىغانلىقىنى، كۆپ قىسىم ئۆيلەرگە يەنىلا چوڭ، يېڭى ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقانلار كۆچۈپ چىقىدىغانلىقىنى، ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن تەلىيى بارلىرىلا باشقىلاردىن ئاشقان ئۆيلەرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئىمكانىقەدەر ئۇلارنى چىرايلىق گەپ بىلەن خاتىرجەم قىلاتتى. ئۇ دائىم ئىچىدە كونىلارنىڭ «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى» دېگەن سۆزىنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز تەسىرلىنىپ كېتەتتى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۆزىدەك چوڭقۇر چۈشىنىدىغان يەنە بىر ئادەم يوقتەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر كادىر ئۆستۇرۇشتە ئاممىنىڭ رايىنى سىنايدىغان ئىش چىقتى. بۇ دېگەن سىنى قوللايدىغانلار كۆپ بولسا تېزرەك ئۆسەلەيسەن،

دېگەن گەپ. دېمەك، ئادەملەرنى «بوغداي سۆز» بىلەن تويغۇزۇپ تۇرۇشۇڭ، ئۆزۈڭنىڭ ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ غېمىنى يەيدىغانلىقىڭنى بىلدۈرۈپ تۇرۇشۇڭ كېرەك. رۇستەم يىغىنلاردا، ئادەم كۆپ يەرلەردە ياكى باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا «كۆپچىلىك زىيان تارتىپ قالمىسۇن»، «ئاممىنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىمىسۇن» دېگەن گەپلەرنى تولا قىلاتتى. ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرىدىغانلار كىشىلەرنىڭ «رۇستەم مۇدىر ياخشى ئادەم جۇمۇ، ھەرقانداق چاغدا كۆپچىلىكنىڭ غېمىنى يەيدۇ» دېيىشىدىغانلىقىنى ئۆزىگە يەتكۈزگەندە ئىچىدە مەمنۇن بولۇپ كۈلەتتى.

رۇستەم ئالدىدىكى ئىلتىماس، ھۆججەتلەرنى ئىشكاپقا سېلىپ تۇرۇشىغا، ئىشىك تۈۋىدە بىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك بولدى. كىمدۇر بىرى كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي ئىشىك تۈۋىدە تۇرغاندەك قىلاتتى. بىر پەستىن كېيىن ئىشىك ئاستا چېكىلدى.

— كىرىڭ! — دېدى رۇستەم.

ئىشىكتىن قېنىق رەڭلىك كاستۇم ـ يوپكا كىيگەن، بۇدۇر چاچ، 35 ياشلاردىكى بىر چوكان ئەيمىنىپقىنا كىرىپ كەلدى ۋە رۇستەم كۆرسەتكەن سافاغا يېنىچە ئولتۇرۇپ، يېنىدىن بىر ئىلتىماسنى چىقاردى. بۇ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئاشقازان راكى بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بىر كادىرنىڭ ئايالى ئىدى. بۇ ئايال قايسىبىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. 9 ـ 8 ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر جۈپ قوشكېزەك ئوغلى بار ئىدى. رۇستەم ھەر قېتىم ئۇنى ئىدارە ئالدىدا ياكى قورۇدا ئۇچراتقان چاغلىرىدا ئىختىيارسىز «ئىسىت، ئەتىۋارلاپ گۈل قىلىپ قىسىۋالغۇدەك ئايال ئىكەن، بىتەلەي چىقىپ قاپتۇ بىچارە...» دەپ قالاتتى. رۇستەمنىڭ ئايالى خانقىز ئۇنىڭ بىلەن ئانچە ـ مۇنچە چىقىش ـ كىرىش قىلىپ تۇراتتى. خانقىز ئۆزى پات ـ پات

«هۆرىيەتنىڭ ئۆيىگە چىقىمەن» دەپ چىقىپ كەتسىمۇ، هۆرىيەتنى رۇستەم ئۆيدە بار چاغلىرىدا ئۆيىگە يولاتمايتتى. خانقىز بەزى ئاخشاملىرى ئېرىگە، هۆرىيەتكە خېلى كۆپ لايىق چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىرىنى يېشى چوڭكەن، بىرىنى سەھرا چىراي ئىكەن دەپ، يەنە بىرىنى بالىلىرى جىقكەن، دەپ ياراتمىغانلىقىنى، بالىلىرىغا نەقەدەر كۆيۈنۈپ پاكىز باقىدىغانلىقىنى، ئۆي تۇتۇشقا ئېپى بارلىقىنى زىر - زەۋەرىگىچە سۆزلەپ بېرەتتى. خوتۇنىنىڭ ئۇششاق گەپلىرىدىن بىزار بولىدىغان رۇستەم ئاشۇ هۆرىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق گەپنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى، تېخى ئانچە - مۇنچە خوتۇنىنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپمۇ قوياتتى. خوتۇنى هۆرىيەتنى ماختاپ - ماختاپ كېلىپ، تۇرۇپلا بىر نەرسىدىن گۇمان قىلغاندەك جىم بولۇپ كېتەتتى - دە، ئارقىدىن: «خەقتىن ئېلىشنىلا بىلىدۇ، بېرىشنى بىلمەيدۇ، پىششىقلىقىنىڭ دەستىدە قاچان قارىسا ئاش ئەتمەي ‹ئەتكەنچاي›، ئىچىپلا ئولتۇرىدۇ، تاماق ئەتسە گۆشنى بەك ئاز توغرايدۇ» دەپ غەيۋەتنى قىلاتتى. لېكىن رۇستەمنىڭ ئېسىگە بۇنداق گەپلەر ئەمەس، ئۇنى ماختىغان گەپلەر ئورنىشىپ قالاتتى. ئۇ هۆرىيەت بىلەن تونۇشۇپ پاراڭلىشىدىغان بىرەر پۇرسەتنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ يۈرەتتى.

رۇستەم ئىلتىماسقا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ سەل ئويلاندى - دە:

— شىياۋۋاڭ بىلەن ئۆي تېگىشمەكچى بولۇپسىز، بۇمۇ بىر ئالاھىدە ئىش ئىكەن، — دەپ قويدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرغان هۆرىيەتنىڭ قاپقارا كۆزلىرىنى كۆرگەندە يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، هۆرىيەتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— قارشى تەرەپمۇ بىر ئالاقە ئېلىپ كەلسۇن، مېنىڭچە ھەل بولۇپ قالار. لېكىن، پات - پات سۆيلەپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ.

مەنغۇ ئەھۋالىڭىزنى بىلگەندىكىن، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن. شۇنداقتىمۇ ئىلتىماس بەك كۆپ، ئىشلار بەك ئالدىراش، — دېدى.

ھۆرىيەت قىزىرىپ:

— ئەسلى سىزنى ئاۋارە قىلمىسام بولاتتى، مەكتەپتىن ماڭا بەرگەن ئۆيمۇ چوڭ، ياخشى ئۆي ئىدى. لېكىن، بالىلىرىم مۇشۇ يەردە چوڭ بولغاچقا، بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى يوق، مەنمۇ بۇ قورۇدىكى ئوبدان قوشنىلىرىمغا قىيالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر ئاتا - ئانامنىڭ ئۆيىگە يېقىن. ئۇلارمۇ ياشىنىپ قالغاندا، كۈندە يوقلاپ تۇرمىسام تېخى. ئۇلارنىڭ مەندىن باشقا تايىنىدىغان ئادىمى يوق، — دېدى.

— راست، سىزگىمۇ تەس. خانقىز دائىم گېپىڭىزنى قىلىدۇ. كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، سىزگە بەك ھېسداشلىق قىلىمەن. سىزنى چۈشىنىمەن. قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى ئىش بولسا كۆپرەك ياردەم قىلسام دەيمەن، — رۇستەم شۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا ھۆرىيەت كۆزلىرىگە ياش ئالدى، — سىز ئىككى ئوغلىڭىز، ئاتا - ئانىڭىزنى بېقىۋاتىسىز، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتىسىز. يالغۇز ئايال كىشىگە ئاسانمۇ، يەنە مەن ياردەم قىلغۇدەك باشقا ئىشلار بولسا كىرىپ تۇرۇڭ، ئىشخانىغا كىرىپ ئۆزۈمگە دەۋېرىڭ.

ھۆرىيەت مىننەتدار بولغىنىدىن قىزىرىپ، ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كۈلۈپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى. رۇستەم ئۇنى ئىشىك تۈۋىدىن چاقىرىۋېلىپ:

— ھە راست، سىز بىلەن ئۆي تېگىشمەكچى بولغان شياۋۋاڭغا دەپ قويۇڭ، چۈشتىن كېيىن قېشىمغا كىرسۇن، — دېدى. ئۇ ھۆرىيەتنىڭ ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيىنىڭ «تاك - تاك» قىلغان تىۋىشى قۇلاق تۈۋىدىن يىتكىچە سېھىرلەنگەندەك جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. بارا - بارا كۆزلىرىدە، چاۋغايلىرىدا

مەنىلىك بىر كۆلۈمسىرەش ئەكس ئەتتى.

ھۆرىيەتمۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ، سالاپەتلىك، قاملاشقان بۇ باشلىقنىڭ كۆزلىرىنى ئوتتەك چاقنىتىپ تىكىلىپ قاراشلىرىنى، كەسكىن، ئەمما كۆڭۈلگە ياقمىدىغان گەپ ـ سۆزلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، خانقىز نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە، دەپ ئويلىدى.

پىلان باشقارمىسىدا ئىشلەيدىغان شياۋۋاڭنىڭ ئايالى ھۆرىيەت بىلەن بىر مەكتەپتە ئىشلەيتتى. چىرايى تاتىراڭغۇ، بەك ئورۇق بۇ ئايالنىڭ كېسەلچان ئىكەنلىكىنى، مەكتەپنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، قاتناپ يۈرۈپ جاپا تارتىدىغانلىقىنى، بىرنەچچە قېتىم يولدا يىقىلىپ قالغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. لېكىن، ئۆي تەقسىم قىلىش شەرتلىرى بويىچە نومۇر قويۇپ ئادەملەرنى رەتكە تىزىپ چىققاندا، شياۋۋاڭنىڭ نومۇرى ئۆي تەقسىم قىلىش ئۆلچىمىگە يەتمەي قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆيى بارلارنى ئويلاشمايمىز، دېگەن سىياسەت بويىچە شياۋۋاڭمۇ، ھېلىقى خىرقىراپ سۆزلەيدىغان قېرى خوتۇنمۇ مۇزاكىرىگە چۈشمىدى. مۇزاكىرە ئاخىرىدا رۇستەم شياۋۋاڭ بىلەن ھۆرىيەتنىڭ ئەھۋالىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئۇنى قوللايدىغانلار چىقمىدى.

ئۆي تەقسىماتى ئېلان قىلىنغان كۈنى ئېلان ئالدىغا نۇرغۇن ئادەم يىغىلىۋالغانىدى. رۇستەم يىغىلغانلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، شياۋۋاڭنىڭ يىغلىغۇدەك بولۇپ ئەتراپىدىكىلەرگە بىر نېمىلەر دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى، دەقىقە ئارىلىقىدا ئۇ قانداقتۇر بىر قارارغا كەلگەندەك بولدى ـ دە، ئۇدۇل شياۋۋاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ يانچۇقىدىن ئۆزىگە بېرىلگەن يېڭى ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

ـــ شياۋۋاڭ، مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى بىلىمەن. ماڭا

تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئۆيدە سىز ئولتۇرۇڭ، — دېدى.
شياۋۋاڭ بىر دەم ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىپ، ئاندىن دۇدۇقلاپ كەتتى:
— بۇ، بۇ... جۇرېن، بۇنداق قىلسىڭىز بولامدۇ؟ سىزگە بەرگەن ئۆينى مەن قانداقمۇ ئالالايمەن. بولدى، سىزگە كۆپ رەھمەت. ئايالىم ئىككىمىز يەنە بىر مەزگىل چىداپ تۇرالايمىز، — دەپ ئاچقۇچنى ئالغىلى ئۇنىمىدى.
— تۇزۇت قىلماڭ، مەن چىن كۆڭلۇمدىن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، مېنىڭ بۇ قېتىم كۆچۈش نىيىتىم يوق، ئۆيۈم بىر ئوبدان تۇرسا، مەڭ، ئاچقۇچنى ئېلىڭ، — رۇستەم ئاچقۇچنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، تېز - تېز مېڭىپ ئىشخانا بىناسىغا كىرىپ كەتتى. توپلىشىپ تۇرغانلار كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەلمىگەندەك، بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. كىمدۇر بىرى:
— توۋا، مۇنداق باشلىقلىرىمىزمۇ بار ئىكەن - ھە، مەن تېخى باشلىق دېگەن ئېلىشنىلا بىلەمدىكىن، دەپ قالغانىدىم، — دېدى.
ئۇنىڭ گېپىدىن ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى.
ئۇزاق ئۆتمەي، شياۋۋاڭ مەكتەپكە كۆچۈپ، ئۇنىڭ كونا ئۆيىگە زىققە كېسەلى بار قېرى ئايال كۆچۈپ چىقتى. ھۆرىيەتمۇ رۇستەم شياۋۋاڭغا ئۆتۈنگەن چوڭ ئۆيگە كۆچتى. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە مىننەتدارلىقىغا گەپ كەتمەيتتى.

90 - يىللار ئۇرۇمچىلىكلەر ئۈچۈن رېستورانلىشىش دەۋرى بولدى. توي، چاي، تۈرلۈك مەرىكىلەر رېستوراندا ئۆتكۈزۈلەتتى. رېستورانلاردىكى ھەشەمەت، ساختا دەبدەبە ۋە دورامچىلىق، مەيخورلۇقلار ھوقۇق كۈچى ۋە پۇلنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تەڭداشسىز ئورۇنغا كۆتۈرگەنىدى. خاتىن ئىدارىدىكى ئايال لار

بىلەن چاي ئوينايتتى. ھەر قېتىمقى چاي ئۇچۇن مەخسۇس يېڭى كىيىم ـ كېچەك سېتىۋالاتتى، گىرىمخانىلارغا بېرىپ چىرايى، چاچلىرىنى ياسىتاتتى، چايدىن خېلى كەچتە ئاغزىدىن ھاراق پۇرىتىپ قايتىپ كېلەتتى. ئۇ گەرچە «قىزلىدىن بىر رومكا ئىچتىم، زورلاپ تۇرۇۋالدى» دېسىمۇ، رۇستەم ئۇنىڭ بىرلا رومكا ئىچمىگىنىنى بىلەتتى. بەزىدە بىر يەرلىرىدىن سەھەرالىقا خاس قىياپەت ياكى قىلىقلار چىقىپ تۇرىدىغان ئايالىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن سەل چۆچۈپمۇ قالاتتى.

ئايالى بىر كۇنلىرى يېڭى ئېچىلغان «ئاق كېچە» نىڭ نەقەدەر ئارامبەخش، ئازادىلىكىنى ماختاپ كەلسە، بىر كۇنلىرى «چىنار» نىڭ ئېسىللىقى، «ئۈزۈمزار»نىڭ ئويۇنلىرىنىڭ قالتىسلىقىنى ماختايتتى. كىملەرگىدۇر ھەۋەسلەنسە، كىملەرنىڭدۇر «چۇپەي»لىكىنى سۆكەتتى. ھەر قېتىمدا دېگۇدەك سورۇندا بولغان گەپ ـ سۆزلەرنى، كىملەرنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى، كىمنىڭ ئۆيىنى قانداق ياسىغانلىقى، كىيىمنى قانداق كىيگەنلىكىگە ئوخشاش ئۇششاق گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. خانقىز ئەنە شۇنداق ئۇششاق گەپكە ئامراق ئىدى. ئۇ گەپلەر مەيلى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ياكى بولمىسۇن، باشقىلارنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى ئۇچۇن ھارماي باش قاتۇرۇپ يۈرەتتى. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنى ناھايىتى تالانتلىق تۇغما ئاخبارات توپلىغۇچى دېيىشكە بولاتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ مەخپىي سىرلىرىنىمۇ قانداقتۇر يوللار بىلەن بىلىۋالاتتى ۋە قانداقتۇر يوللار بىلەن تارقىتىۋېتەلەيتتى. خوتۇنىنىڭ بۇ مىجەزىدىن بىزار بولىدىغان، بەزىدە قاتتىق سىلكىيدىغان رۇستەم يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭغا كۆنۈپ، ھەتتا قىزىقىپمۇ قالدى. بولۇپمۇ ئەمەل سورۇنىغا قەدەم قويغاندىن بۇيان، ئايالى ئېلىپ كېلىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ پايدىسى بارلىقىنى بىلىپ قالدى. گەرچە بۇ گەپلەر مۇتلەق ئىشەنچلىك بولمىسىمۇ،

قىلچە ئاساسسىزمۇ بولمايتتى. بۇ گەپلەردىن ئامىنىنىڭ ئىنكاسىنى، روھىي كەيپىياتىنى، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى، بىركىملەرنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى، شۇنىڭغا ئاساسەن كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىنى تەڭشەپ تۇرغاندا، بەزى سەۋەنلىكلەردىن ساقلانغىلى بولاتتى. رۇستەم دىققەت قىلغان يەنە بىر نۇقتا شۇ بولدىكى، خانىملارنىڭ بۇ سورۇنى جامائەت پىكرىنى مەلۇم دەرىجىدە كونترول قىلىپ تۇراتتى. ئاياللار چايدا ئولتۇرۇپ ئىدارىنىڭ ئىشلىرىنى مۇلاھىزە قىلاتتى، باشلىقلارغا، ئادەملەرگە باھا بېرەتتى، سورۇندا بولغان گەپ ـ سۆزلەر ئۆي ـ ئۆيگە تارقىلاتتى. ئەرلەرمۇ ئەلۋەتتە گەپ ـ سۆزلەرنىڭ تەسىرىدىن چەتتە قالمايتتى.

نازارەتتە پەرھاد ئىسىملىك بىر باشقارما باشلىقى بار ئىدى. ئۇ ئىچكىرىدىكى داڭلىق بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بولۇپ، ئۆز كەسپىي دائىرىسىدە ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان، نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىس ئىدى. ئۇ خىزمەت نەتىجىسى بىلەن تەشكىل ۋە ئامما ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئارقىسىدا ئۇششاق گەپ ـ سۆزلەر كۆپرەك ئىدى. كونا گەپ ـ سۆزلەر بېسىقىپ ئۇنتۇلۇشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە مىش ـ مىش گەپلەر پەيدا بولدى. بەزىلەر ئۇنى ئىدارىگە يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن بىر ئايال بىلەن غەيرىي مۇناسىۋىتى بار ئىكەن، ئىككىسى دائىم مېھمانخانىلاردا بىللە بولىدىكەن، ھەتتا ئايالى ئىككىسىنى تۇتۇۋالغان ئىمىش، دېيىشەتتى. خانقىز بۇ گەپنى چايدىن كۆتۈرۈپ كەلگەندە، رۇستەم ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولدى، ئايالىنىڭ ئالدىدا غەزەپلەنگەن ئەلپازدا:

ــ شۇنداق ئىشمۇ بارمىكەن؟ مەن تېخى پەرھادنى خېلى دۇرۇس ئادەم دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن ئەمەسمۇ.

كومپارتىيەنىڭ كادىرى تۇرۇپ پەرىزاتتەك خوتۇنى، ئىككىلا تاقاشقان باللىرى تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىشلارنى قانداقمۇ ۋىجدانى كۆتۈرگەندۇ! بۇنداق ساختىپەز ئادەملەرنى زادى ئامما ئارىسىدا سېسىتىپ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش كېرەك! ــ دەپ قايناپ قويدى.

خانقىزنىڭلا ئەمەس، چاي سورۇنىدىكى بارلىق خانىملارنىڭ بۇ «ۋىجدانسىز ئەر»گە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ تاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرھاد تۈز مىجەزى، سەل ھاكاۋۇرلۇقى بىلەن ئاسانلا باشقىلارغا يامان كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئىچىدە ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈرگەنلەر ئۇچۇنمۇ بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ گەپ ـ سۆزلەر كىشى ھەيران قالغۇدەك تېز سۈرئەتتە ئىدارىنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا كەڭ تارقالدى. بۇنىڭدىن باشقا مىللەت كىشىلىرى، ھەتتا ئۇششاق باللارغىچە خەۋەر تېپىپ ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا مۇشۇلا گەپ بولۇپ قالدى. پەرھادنىڭ باللىرى بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. نېمىشقىدۇر بۇ گەپكە ھەممە ئادەم ئىشىنەتتى. ھېچكىم «بۇ تۆھمەت بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دېمەيتتى. پەرھاد ئۆستەڭگە سەكرەپمۇ ئۆزىنى ئاقلاپ بولالمايتتى. ئۇ بۇنداق ۋەزىيەتكە قانداق تاقابىل تۇرۇشنىمۇ بىلمەيتتى. ئارىدا پەرھادنىڭ ئايالى ئاجراشماقچى بولۇپتۇ، دېگەن گەپلەرمۇ تارقالدى. ھېچكىم بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىپ ياكى ئاز ـ تولا ۋىجدان ئازابى تارتىپ يۈرمىدى. بۇ بىر پاجىئە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قېلىپلىشىپ قالغان پاجىئە ئىدى. تولىراق ئەڭ مۇنەۋۋەر، ھەتتا ئەڭ گۇناھسىز كىشىلەر مۇشۇنداق پاجىئەگە گىرىپتار بولاتتى. ھەقىقىي گۇناھكارلارنى بولسا كىشىلەر ئاسانلا كەچۈرۈۋېتەتتى. ئۇلارنى ئاقلايدىغانلار كۆپ ئىدى. سەمىمىيەت قەدىرلەنمەيدىغان، ھەق ـ ناھەق ئايرىلمايدىغان بۇ جەمئىيەتتە پىتنە ـ پاسات خۇددى سىرتماقتەك كىملەرنىڭدۇر

بوينىغا تاشلىنىشقا تەييار تۇراتتى، كىملەردۇر ئۇنىڭدىن نەپ ئالاتتى. پىتنە ــ پاسات تېگىشلىك جازاسىنى تارتمىغانلىقتىن، بەزىدە ھوقۇقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ تۇرغانلىقتىن، خالىغانچە قۇتراپ رەزىللىكنى داۋاملاشتۇراتتى.

ئەتىيازدا، نازارەت بويىچە يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق باشقارما باشلىقلىرى باھالانغاندا، پەرھاد لاياقەتسىز بولۇپ چىقتى. ئۇ بىر مەزگىل ئۆكۈپ ــ تاتىرىپ، دەردىنى تاماكىدىن ئېلىپ يۈردى. كۆپ ئۆتمەي رۇستەم مۇئاۋىن نازىرلىققا ئۆستۈرۈلدى. شۇ كۈنى كەچتە رۇستەم ئامبار ئۆيگە ئۆزى يالغۇز بېكىنىۋالدى، كونا بىر ساندۇقتىن ئەينى يىللىرى دادۇي ئىسكىلاتىدىن تېپىۋالغان بىر جۈپ ئۆتۈكنى ئېلىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۆتۈك كونىراپ، بىرنەچچە يېرىدىن يىرتىلغانىدى. ئۇنىڭ پۈرۈم ــ پۈرۈم قورۇق، يىرتىقلىرىدىن رۇستەمنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ سانسىز كۆلپەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك، كىندىكىنى ئارران ياپقۇدەك يىرتىق پاختىلىق چاپان، يىرتىق ئىشتان كىيگەن، بېلىنى كۆلا بىلەن باغلىغان، قوللىرى جەينىكىگىچە كۆرۈنۈپ تۇرغان، پۇتلىرى ياغاڭغىداق بىر ئوغۇل بالا قارلىق دالادا يۈگۈرۈپ مەكتەپكە كېتىۋاتقاندەك، پۇتى توڭۇپ بولالمىغاندا بېشىدىكى يىرتىق تۇمىقىنى ئېلىپ پۇتلىرىنى ئىسسىتىۋېلىپ يەنە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك ... بىلىنەتتى.

رۇستەم ھاياتىنىڭ يېڭى بىر مەنزىلگە قەدەم قويدى. ئۇ بارغانسېرى روھلىنىپ، ئېچىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، شۇنچە ئىشلارنى تەۋرىتىپ، شۇنچىۋالا ئادەملەرنى پايپېتەك قىلىپ يۈرسەڭ، ئاڭلايدىغىنىڭ ئەڭ يېقىملىق سۆزلەر، كۆرىدىغىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان ئىللىق چىرايلار بىلەن ھۇزۇر ــ ھالاۋەت بولسا

روھىنىڭ ئۆسمەمدۇ. ياشىرىپ، كۆكلەپ كەتمەمسەن. «ھايۋان تۇياقتىن، ئادەم قۇلاقتىن» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

رۇستەم بەزىدە بۇ ئەمەل دېگەن شۇنداق خاسىيەتلىك نەرسىمۇ ياكى مەندە بىر خىسلەت بارمۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئويلا ـ ئويلا ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن باشقىچە ئادەملىكىگە ئىشىنىپمۇ قالاتتى. ئۇ خىزمەتتىلا ئەمەس، سورۇنلاردىمۇ ھەممە ئادەمنى ئاغزىغا قارىتاتتى، بۇ ئۇنىڭ مۇئامىلىگە ئۇستا، گەپكە ئۆتكۈرلۈكىدىن، خېلى ئىچىپ قويسىمۇ ئۆزىنى يوقاتمايدىغانلىقىدىن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلا ئولتۇرۇپ قالغانلار قەدىناس بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى كۆپ بولۇپلا قالماي، ھەممىسى دېگۈدەك قولىدىن ئىش كېلىدىغانلار ئىدى.

رۇستەم بىركۈنى كەچتە ئۆزى دائىم بارىدىغان «توغراقلىق» رېستورانىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ رېستوراننى داۋۇتنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى ئاچقان بولۇپ، زالغا ئىنتايىن ئوخشىتىپ ياسالغان سۈنئىي توغراقلار قويۇلغان، توغراققا ئائىت سۈرەت، ماي بوياق رەسىملەر ئېسىلغانىدى. ئوتتۇرىدىكى ئەنئەنىۋى كات شەكلىدە ياسىلىپ، كىگىز، گىلەم سېلىنغان ئورۇندا سازەندىلەر ئولتۇرۇپ نەغمە ـ ناۋا قىلىشاتتى، ئۇ يەردە توغراقلىقتىن ياكى شۇ ئەتراپتىن كەلگەن سۈزۈك چىراي، لەۋەن قىزلار مۇلازىملىق قىلاتتى. رۇستەم ھەر قېتىم ئۇ يەرگە بارسا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ، يۈرتقا بارغاندەك خۇشال بولۇپ قايتاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ياش تۇرۇپ قورساق سېلىپ، توپقىلا ئوخشاپ قالغان غوجايىن ئۇلارنى كۆرۈپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى، ھەرنېمە دېگەنبىلەن بىر يۇرتلۇق دېگەن باشقىچە بولىدۇ ـ دە.

تاكسى ئىدارىگە يېقىنلاشقاندا، يولنىڭ چېتىدە ئىتتىك كېتىۋاتقان بىر ئايال ئۇچرىدى. ئۇ ھۆرىيەت ئىدى. ئۇ تاكسىنى توختىتىپ، سىرتقا چىقىپ ھۆرىيەتنى ساقلاپ تۇردى.

— ھە، ھۆرىيەت، كەچ قاپسىزغۇ؟
— ئاپامنىڭ مېھمانلىرى بار ئىكەن، قارىشىپ بېرىمەن دەپ...
— بالىلىرىڭىز ئۆيدە قالغانمىدى؟ يولىڭىزغا قاراپ كەتكەندۇ - ھە.
— بالىلىرىم ئاپامنىڭكىدە قالدى. ئۇلارنى ئويغىتىپ يۈرمەي دەپ ئۆزۈملا كېلىشىم، — ھۆرىيەت گېپىنىڭ ئاخىرىنى نېمىشقىدۇر قورققاندەك ئاستا چۈشۈردى.
— ئۇنداق بولسا، بۈگۈن ئاخشام ئىككىلىمىز ئەركىن ئىكەنمىز، مەن سىزنى بىر يەرگە ئاپارسام بارامسىز؟
— ۋىيەي، نېمە دەيدىغانسىز، خانقىز ئاڭلاپ قالسا...
— خانقىز ئاڭلىمايدۇ، ماڭا ئىشىنىڭە، — ئۇ ھۆرىيەتنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال قوشۇپ قويدى، — ئىچكىرىدىن كەلگەن مېھمانلارنى ئۇزىتىدىغان ئىش ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئايالمۇ بار. سىز شۇنىڭغا ھەمراھ بولغاچ ئىچ پۇشۇقىڭىزنى چىقىرىپ كەلمەمسىز؟ بايا تېخى نازارەتتىكى ئاياللاردىن بىرەرنى باشلىۋالايمىكىن دەپ ئويلاۋاتاتتىم. كېلىڭ، كېلىڭ، ماشىنىغا چىقىڭ!
شۇ ئاخشىمى ھۆرىيەت شەھەر سىرتىدىكى بەشيۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدا، سۇنئىي كۆل ھەم شارقىراتمىنىڭ يېنىغا راسلانغان سورۇندا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك خىيالىي بىر ھالەتتە ئولتۇردى. ئۇ مۇنداق مەنزىرىلىك جاينى سۈرەتلەردە ياكى كىنولاردا كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما رېئاللىقتا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.
تاماق - قورۇملار يېيىش ئۈچۈن ئەمەس، كۆرۈپ ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن تارتىلغاندەك بىر - بىرىدىن ئاجايىپ ئىدى. ئەمما تاماقلارغا قول تېگە - تەگمەي، چالا قىزىۋالغان مېھمانلار يەنە بىر كاتتا مېھمانسارايىنىڭ «كارا ئوكى» زالىغا باشلاندى، مەستىنىڭ كۆزىدەك خىرە قىزغۇچ چىراقلار ئۆچۈپ -

يېنىپ تۇرغان زالدا مېھمانلارنىڭ بەزىسى ناخشىچى قىزلارغا جور بولۇپ ناخشا ئېيتسا، بەزىلىرى يېرىم يالىڭاچ تانسىچى قىزلار بىلەن قۇچاقلىشىپ تانسىغا چۈشۈپ كېتىشتى. رۇستەم تانسىچى قىزلارنىڭ تەكلىپىنى ئەدەپ بىلەن رەت قىلىپ، بىرلا قېتىم ھۆررىيەت بىلەن تانسا ئوينىدى. تانسا ئويناۋېتىپ ھۆررىيەتنىڭ بېشى قېيىپ كەتتى. توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدىغان رەڭدار چىراقلار بىلەن تەڭ ئايلىنىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان يەر، يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا ئوخشايدىغان تورۇس، بىر - بىرى بىلەن ئىرماش - چىرماش بولۇشۇپ ئوينىشىۋاتقان ئادەملەر، گويا غايەت زور قايناMدەك ھەممە نەرسىنى ئۆزىگە تارتىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى ئۇ ئۆزىنىڭ قانداقلارچە رۇستەمنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. تانسا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن رۇستەمدىن ئۆزىنى تارتىپ يۈردى. ئاخىرىدا ئۇلار شەھەرنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى ئالىي دەرىجىلىك «يۇيۇنۇش، ئۇۋۇلىنىش مەركىزى» گە كەلدى. مېھمانلار مۇنچا كىيىملىرىنى كىيىپ ساھىبجامال قىزلارنىڭ يېتەكلىشىدە ھېچقانداق ۋېۋىسكىسى يوق سىرلىق ئىشىكلەردىن كىرىپ كەتكەندە ھۆررىيەت زالدا يالغۇز قالدى.

بۇ سەككىز قەۋەتلىك زور بىنا ئىدى. پۈتكۈل بىنانى، قاراڭغۇ پەلەمپەي، زاللارنى، كارىۋات شەكىللىك لۆم - لۆم سافالار تىزىۋېتىلگەن، غۇۋا يورۇتۇلغان كۆڭۈل ئېچىش زاللىرىنى، ھەتتا ئاشخانا - ھاجەتخانىلارنى كۆڭۈلنى ئەلەڭگىتىدىغان بىر خىل پۇراق قاپلاپ تۇراتتى. بۇ پۇراقتىن زادى قۇتۇلغىلى بولمايتتى. ھۆررىيەتنىڭ ساپ ھاۋاغا چىققۇسى كەلدى. تىنچ، ئازادە ئۆيىنى، بالىلىرىنى ئوتتەك سېغىنىدى، بىرىنچى قەۋەتكە چۈشمەكچى بولۇپ پەلەمپەي، كارىدورلاردا ئېزىپ يۈردى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن رۇستەمنى ئۇچراتقىنىدا ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران

تۇتۇپ قالدى. ئۇلار بىرلىكتە باشتىكى بەشيۈلتۈزلۈق مېھمانخانىغا قايتقاندا ئاسمانىنىڭ شەرق تەرىپى سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. ھۆرىيەت ئۆيىگە قايتىشنى ئويلىدى. ئەمما، قانداقتۇر بىر كۈچ، بىر تۇيغۇ ئۇنى ئىختىيارىغا قويمايتتى. بۇ كۈچ، بۇ تۇيغۇ كىشىنى قورقۇنچقا سالاتتى. يوچۇن، ئەمما شۇنچە سېھىرلىك ئىدى.

بىر يىلغا بارماي رۇستەم ھۆرىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ قېتىم ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بولسىمۇ كەسىپنى ياخشى ئۆگىنەلمىگەن، لېكىن ئەمەلگە ئامراق بىر ياش چوكان تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭ قوينىغا كىردى. ئۇنى نازارەت ئىشچىلار ئويۇشمىسىغا ئۆستۈرۈپ قويۇپ، رۇستەم ئۇنىڭدىنمۇ ئۆزىنى تارتتى، ئۇ ئالدىغا ھەر خىل تەلەپ، ھاجەتلەر بىلەن كېلىدىغان قىز - چوكانلارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارايتتى. ئانچە - مۇنچە جەلپكارلىقى بولسىلا يېشى بىلەنمۇ ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالالىغان ئاياللار ھاجىتى راۋا بولۇپ، مەقسىتىگە يەتكەندە رازىمەنلىك بىلەن يوللىرىغا كېتەتتى. بۇ ئىشلار ئىس - بۇسى چىقماي بېسىلىپ كېتەتتى. ئانچە - مۇنچە گەپ - سۆز پەيدا بولسىمۇ، ھوقۇقنىڭ سۇر - ھەيۋىسى ئاستىدا بازار تاپالمايتتى.

ئۇ ياش، ساددا ۋاقىتلىرىدا تەشۋىقاتتىكى دەبدەبىلىك سۆزلەرگە شەكسىز ئىشىنەتتى. ھاجەتمەنلەردىن «سوۋغا - سالام» ئېلىش، يانچۇق توملاشنى گۇناھلىق ئىش دەپ قارايتتى. بۇنداق ئىشلارنى كۆڭلىمۇ كۆتۈرمەيتتى، بىراق ئەمەل سورۇنى ئەقىللىق ئادەملەرلا كىرەلەيدىغان باشقىچە بىر دۇنيا ئىدى. بۇ يەردە ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنىڭ سىرىغا يەتتى. قانۇن - تۈزۈم دېگەنلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاددىي پۇقرالار ئۈچۈن چىقىرىلىدىغانلىقى، دۇنيادىكى ھەممە ئىش، جۈملىدىن ئەمەل تۇتۇشنىڭمۇ تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا تىرىكچىلىك، ھۇزۇر -

ھالاۋەت ئۇچۇن ئىنكەنلىكىگە تەن بېرىپ، خام خىيال ۋە ئەندىشىلەردىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلدى. «سوۋغا - سالام» ئالغاندا يۈرىكى پوكۇلدىمايدىغان، قولى تىترىمەيدىغان، ئەكسىچە قۇرۇق كەلگەنلەرگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ گېپى قۇلىقىغا ياقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەمەل خۇددى چوڭ دادىسى ئېيتىپ بېرىدىغان چۆچەكلەردىكى «ئېچىل سۇپرام» غا ئوخشايتتى. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلسىلا ھەرقانداق مۇراد - مەقسەتكە يەتكىلى بولاتتى. ئۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغاندەك سېزەتتى. كەسىپتىن باشقىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، قانداقتۇر ھەق - ناھەق ئىشلارنى دەپ قولىدىكى ناننى ئوڭشاپ يېيەلمەي، يولنى ئوڭشاپ ماڭالماي يۈرگەن «ئەخمەق» لەرنى كۆزىگە ئىلمايتتى. بۇ دۇنيادا ئانىسىدىن قالسا بىرنەچچىلا ئادەم ئۇنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ليۇ لىگو، يەنە بىرى ھازىرقى يېقىن ئادىمى ۋاڭ شۇجى ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ھايات يولىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇلارغا تۇزكورلۇق قىلمايتتى. ئەلۋەتتە ئۇ ئابباس نازىرنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى.

رۇستەمنىڭ ئالدىدا يېڭى نىشان پەيدا بولدى. مەخسۇت نازىر پېنسىيەگە چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. رۇستەم ۋاقىت ئاجرىتىپ نازارەت تەۋەسىدىكى پېنسىيەگە چىققان ئابرۇيلۇق پېشقەدەملەرنى يوقلاشنى، يەنە قانداقتۇر ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈكتى.

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

قىلىم ئىشلەش ئۈچۈن يەنە قەشقەرگە كەلگەن گۈلناز ياشىنىپ قالغان ھاممىسىنى يوقلاش ئۈچۈن بىر نەچچە كۈن ئارتۇق تۇرۇپ قالدى. ھاممىسى شەھەرگە تۇتىشىپ كەتكەن باغىباراڭلىق گۈزەل بىر كەنتتە كەڭ قورۇ ـ جايدا ئۆزى يالغۇز ياشايتتى. باھار پەسلى ئىدى. ئېتىز ـ قىرلاردىكى ياپيېشىل مايسىلار، يېڭىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان سۇس يېشىل يۇمران يوپۇرماقلار، ئۇزاق ـ ئۇزاقلارغا قەدەر تۇتىشىپ كەتكەن قىزغۇچ ياكى ئاپپاق چېچەكلەر، ئوچۇق ئاسماندا خىرامان لەيلەپ يۈرۈشكەن نېپىز ئاق بۇلۇتلار، پاختەك، تورغاي ئاۋازى ھەممىسى قوشۇلۇپ كىشىنى باھارنىڭ مەستخۇش تۈيغۇلىرىغا چۆمدۈرەتتى. ئۆزىنى كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن، چوڭ بولۇپ قالغاندەك سېزىپ يۈرگەن گۈلناز ئاشۇ گۈزەل كەنتتە تۇرغان كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ تېخىچە ياش قىزلاردەك ھېسسىياتچان، نازۇك ئىكەنلىكىنى، مېھىر ـ مۇھەببەتكە نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھاممىسى مۆكەررەمخان خۇددى ئۇنى چۈشىنىپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ چىرايىغا كۈيۈنۈش بىلەن سەپسېلىپ قارايتتى. ئۇنى ئولتۇرغۇزغىلى يەر، خۇش قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالاتتى. ھاما بىلەن جىيەن قىز بىر ـ بىرىگە شۇنچىلىك ئوخشايتتى. مۆكەررەمخاننىڭ سولاشقان سوزۇنچاق يۈزىدىمۇ قويۇق، ئۇزۇن قاشلار، ئەگمە كىرپىكلىك قاپقارا كۆزلەر ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان زاڭاقلىرىدا سۇسقىنا قىزىللىق ھېلىمۇ ساقلىنىپ تۇراتتى،

ئېرى بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن ئۇزاق يىللاردىن بۇيان تەنھا ياشاپ كەلگەن بۇ موماي ئاخشىمى گۈلنازنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ:

— قىزىڭنى نېمىشقىمۇ يېتىم قىلغانسەن بالام. بۇ يول ماڭىدىغان يول ئەمەس ئىدى. ئەر خەق دېگەننىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ، سەۋر قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتسەڭ ئاخىر بېرىپ بېسىقىدىغا چۈشمەي قالمايدۇ، لېكىن ئەردىن ئايرىلغان خوتۇن كىشى دىلى سۇنۇق، نام - نىشانسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. يالغۇزلۇق يامان، خۇدايىم سېنى ئۇنداق كۈنلەردىن ساقلىسۇن، — دەيتتى. گۈلناز قەستەن شوخلۇق قىلىپ، ئۆزىگە چىققان لايىقلار بىلەن قانداق كۆرۈشكىنىنى، يېشى 50 لەرگە بارغان، بەش بالىلىق بىر ئەر كىشىنى نېمىدەپ قاچۇرۇۋەتكىنىنى دوراپ قاقاھلاپ كۈلەتتى. ھاممىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلۈپ قويغىنى بىلەن كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ئىشلارنى پىلانلاپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇ گۈلنازنىڭ يۇزماي، ئەينەك، ئەتىرلىرىنى سوراپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، بۇ يۇرتتىكى داڭلىق داخانغا «سەۋەب» قىلدۇرۇپ كەلدى. «باشقا نەرسە ئىشلەتمەي، مۇشۇ نەرسىلەرنى ئۇزمەي ئىشلەت. ئاللا بۇيرۇسا، مۇشۇنىڭ بىلەن ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلىنىپ كېتىدۇ» دەپ تاپىلىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قانداقتۇر چوڭ ئىشلارنى پۇتكۈزۈپ كەلگەندەك قانائەت ۋە ئىشەنچ چىقىپ تۇراتتى، گۈلناز ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ، خۇشال بولسۇن دەپ ھاممىسىنىڭ كۆزىچىلا ئىشلەتتى. بۇنداق ئىشلارغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمىسىمۇ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدۇ. بىر يېرى بولمىسا، بۇ ئادەملەرمۇ ئىشىنىپ يۈرمىگەن بولاتتى، دەپ ئويلىدى.

گۈلناز كىنو - تىياتىر رېژىسسورلۇق كەسپىدە ئوقۇغانىدى ھەم ئۆزى شۇنىڭغا ئائىت دەرسلەرنى ئۆتەتتى. ئىككى قېتىم كىنودا رول ئېلىشتىن كېيىن سەنئەتكار ئۇچۇن تۇرمۇشنى

ئىنچىكە كۆزىتىشىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ كۈندە ئەتىگىنى كەتتىنى ئارىلاپ يۈرگەنلىرىدە ئىگىلىپ سالام قىلىپ ئۆتىدىغان سەھرا ئاياللىرىغا، قىياپىتىدىن مەردانىلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئەر خەقلەرگە، ئاپپاق ساقاللىق، خىزىردەك پاكىز قېرىغان مويسىپىتلارغا سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى. ئىشىكى ئوچۇق ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالغاندا، پېشايۋانلىق هويلىلارغا، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىلەرگە، ئۇششاق باللار ۋە ئىت ـ مۈشۈك، قوي ـ قوزىلارغا سەپسالاتتى. سەنئەتكارنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق رېئال كۆرۈنۈش ۋە جانلىق ئوبراز ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى.

بۇ قېتىم ئۇ ئايروپىلاندا مېڭىشتىن ۋاز كەچتى. بىر توپ ناتونۇش ئادەملەر بىلەن كارىۋاتلىق ئاپتوبۇستا ئىككى كۈن بىللە سەپەر قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى.

ئۇ ئورۇننى سۇرۇشتۇرمەيلا بىلەت ئېلىۋەرگەنىدى. ئاپتوبۇسقا چىقىپ بولۇپ سەل ئەپسۇسلاندى. ئۇنىڭ ئورنى ئاپتوبۇسنىڭ ئەڭ ئارقىسىدىكى بەش كىشىلىك تۇتاش كارىۋاتتا بولۇپ چىقتى. تەلىيىگە ئوڭ تەرىپىدە سەھرالىق ئىككى ئايال بار ئىكەن. قارىغاندا قېيىنئانا بىلەن كېلىنىگە ئوخشايتتى. كېلىنچەكنىڭ قولىدا يېشىغا توشمىغان بوۋاقمۇ بار ئىدى. سول تەرىپىدە 60 لاردىن ئېشىپ قالغان ئورۇق، قاتما، يۈزىدە چوقۇر ئىزلىرى قالغان، كونا پاسوندىكى كۆل رەڭ كاستۇم بىلەن كەپكە كىيگەن بىر ئادەم 15 ـ 14 ياشلاردىكى بىر قىز بالا بىلەن ئولتۇراتتى. گۈلناز دېرىزە تەرەپتە نېمىدىندۇر قورقۇۋاتقاندەك ئەتراپقا ئۈركۈپ قاراپ ئولتۇرغان بۇ قىز بالىنى كەپكىلىك ئادەمنىڭ قىزى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى، ئاپتوبۇس مېڭىشى بىلەنلا ئۇنىڭ قىز بالىنى قۇچاقلاپ يېتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى. كەچ كىرگەنچە بۇ ئادەم ئەتراپتىكىلەردىن ئەيمەنمەي بارغانچە ھەددىدىن ئاشقىلى تۇرغانىدى، ئوڭ

تەرەپتىكى ئىككى ئايال بىلەن ئەتراپتىكى كىشىلەر غۇدۇراشقىلى تۇردى. كەيكىلىك ئادەم بىردىنلا سەكرەپ قوپۇپ: «بۇ دېگەن مېنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنۇم، قۇچاقلىسام ئۆزۈمنىڭ خوتۇنۇمنى قۇچاقلىدىم. قانداق، يامان بوپتىمۇ؟ گەپ بولسا ئوچۇق قىلىڭلار، بولمىسا خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماڭلار!» دەپ يېنىدىن قانداقتۇر بىر قەغەزلەرنى ئېلىپ چۆرىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ تەتۈر قارىۋېلىشتى. گۈلنازمۇ ئاياللار تەرەپكىرەك سۈرۈلۈپ، ئايىغىنى سېلىۋېتىپ ئولتۇردى. قارىغاندا ئۇنىڭ بۇ سەپىرى ئاسانغا توختىمايدىغاندەك قىلاتتى. ياش ئايالنىڭ بالىسى توختىماي يىغلايتتى، قېيىنئانىسى ئۇنى نوقۇپ ئويغاتقاندىلا بالىسىنى قولىغا ئېلىپ بىر دەم ئېمىتەتتى ـ دە، يەرگە توساتتى، ئاپتوبۇستىكى سېيدۇك پۇرىقى تېخىمۇ كۈچىيەتتى.

ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى تەرىپىدە يوروپ تۇرغان قىزغۇچ چىراغ بۆشۈكتەك تار كارىۋاتلاردا قىستىلىپ ئۇخلاۋاتقان ئادەملەرنى خىرە ـ شىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. گۈلنازنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئورۇندا چىمەن دوپپا كىيىۋالغان بىر ئەر كىشى قىستىلىپ ئولتۇرۇپ ئۈزاق ناماز ئوقۇدى. ناماز ئوقۇپ بولۇپ، دېرىزە سىرتىدىكى قاراڭغۇلۇققا قاراپ ئۆزە ئولتۇردى. ئۇ خېلىلا ئېگىز ھەم قاۋۇل ئادەمدەك قىلاتتى، ئۇ ئەلۋەتتە كارىۋاتقا ياتمايتتى.

گۈلناز ئۇخلاپ قالماسلىققا تىرىشىپ خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. پەقەت چىدىيالماي قالغاندا يېنىچە يېتىپ سەل مۈگدىۋالماقچى بولدى. ئەمما، بۇرنىغا ئۇرۇلغان كۈچلۈك سېيدۇك پۇرىقىدىن ئۆيقۇسى قېچىپ يەنە قوپۇپ ئولتۇردى. پايانسىز چۆل باغرىنى كېسىپ ئەگرى ـ بۈگرى سوزۇلغان يولدا جۈپ ـ جۈپ چىراغلار بۆرە كۆزىدەك چاقناپ كۆرۈنەتتى. بۇ چىراغلار بارغانسېرى زورىيىپ، يېقىنلاپ كەلگەن ئاپتوبۇس،

ئاپتوموبىللار غارقىراپ تېز ئۆتۈپ قاراڭغۇلۇقتا كىرىپ كېتەتتى. ئاپتوبۇسلارنىڭ دېرىزىسىدىن بىرەر - يېرىم ئۆيقۇلۇق چىرايلار لىپ قىلىپ كۆرۈنۈپ قالاتتى.

ئۇدۇلدىكى ئورۇندا ھېلىقى ئەر كىشى تېخىچە تىككىدە ئولتۇراتتى. سۇس چىراغ يورۇقىدا تۈپتۈز، كەڭ پېشانىسى، قاڭشارلىق بۇرنى، سەل سوزۇنچاق يۈز كېپتى ئۇستا ھەيكەلتىراشنىڭ قولىدىن چىققان ئەسەردەك گەۋدىلىنىپ كۆرۈنەتتى. گۈلناز قاراڭغۇلۇقتا خۇددى بىر سەنئەت ئەسىرىدىن بەھر ئېلىۋاتقاندەك خېلىغىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇشمۇ ھۇزۇر ئىدى. ھازىر بۇنداق ئادەملەر بارغانسېرى ئازىيىپ، قاش - كۆزى، چىرايى كىشىنىڭ ئېسىدە قالمايدىغان ئادەملەر كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى.

يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا گۈلناز قانداق ئۇخلاپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. ئۇ بەدىنى كۆيۈشۈپ ئويغىنىپ كەتكەندە تېخى تاڭ ئاتمىغانىدى. ئەتراپتىكىلەر تۈگۈلۈشۈپ ھەر خىل قىياپەتتە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇدۇلدىكى ئەر كىشى ناماز ئوقۇۋاتاتتى. تاڭ خىرە - شىرە يورۇشقا باشلىدى. گۈلناز ئىختىيارسىز سول تەرەپكە قاراپ كەپكىلىك ئەر كىشىنىڭ قىز بالىنى خۇددى قېچىپ كېتىشىدىن قورققاندەك چىڭ تۇتۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆردى. قىز ئويغاق ئىدى. ئەر كىشىنىڭ تومشۇقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ دېرىزە تەرەپكە قارىۋالغانىدى. چىرايىدىن سەسكىنىش، بىزارلىق ھەم ئامالسىزلىق چىقىپ تۇراتتى. گۈلناز تاماق يېگىلى چۈشكەندە، ئۇ ئادەمنىڭ غۇلجا تەلەپپۇزىدا يېنىدىكى بىرىگە: «خوتۇنۇم ئۆلۈپ كېتىپ يۇرتقا بارغانىدىم، تۇغقانلار ئۆيلەپ قويدى» دېگىنىنى ئويلاپ، قىزنىڭ كېيىنكى ھاياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا تىرىشتى. ئەمما، كۆز ئالدىغا ئۇنىڭ سەسكىنىش ۋە قورقۇنچ چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن باشقا نەرسە كەلمىدى.

ئاپتوبۇس قاقاس چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە بازاردا

تاماقـقا توخـتـىـدى. ئادەمـلـەر سوغۇقـتـىـن دۈگدىـيـىـشـىـپ يـول بويـىـدىكى لـەڭمەنـدىـن باشقـا نـەرسە ئەتـمـەيدىغـان ئـاشخانـىـدا غىزالىنىشتى. تاماق ساقلاپ ئولتۇرغاندا گـۇلناز ئاخشامقى ئـەر كىشىگە باشقىدىن دىققەت قىلدى. ئۇ ھەقىـقەتەن باشـقىچە ئـادەم ئىدى. يـېنىدىكىلەر ئـۇنى «رىشاد ھـاجى» دەپ ھۆرمەتلـەيتـتـى. ئەمما ئۇ باشقا «ھاجى»لارغا ئوخشاپ كەتمەيتتى. كىيىنـىـشىدىـن زىيالىيغا خاس ئالاھىدىلىك چىقىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ گۇلنـاز بىلىدىغان زىيالىيلار ياكى ئەمەلدارلارغىمۇ ئوخشاپ كەتمەيتتـى. ئۇنىڭدا ھەممە ئادەمنـى جەلپ قىـلىپ، ئىختىيـارسىز ھۆرمـەت قوزغايدىغان بىر كۈچ بار ئىدى. بۇ كۈچ ئۇنىڭ قاۋۇل، قاملاشقان بوي ـ بەستىدىمۇ ياكى ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان بـىر ئىچكـى كامالەتتىمۇ، گۇلناز بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. گۇلـناز ئۇنىـڭ قانچە ياشلاردا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى. بىر قارىـسا يېشـى 50 لەرگە تاقاپ قالغاندەكمۇ قىلاتتى، ئەمما، قامىتى، ھەرىكەتلىرىدە 30 ياشتىكىلەرگە خاس جۇشقۇنلۇق بار ئىدى.

چۈشلۈك تامـاق ۋاقتىدا ھـاجى تاماقـقا كېيىـنرەك كـەلـدى. كـىچىك ئـاشخانا يـولۇچـىلار بـىلەن لـىققىـدە تـولغان بـولـۇپ، گۇلنـازنىڭ ئالـدىدىلا بـىـر كىشىـلىك ئـورۇن بـار ئىدى. ھـاجى ئـەتـراپقـا بـىـر قارىـۋېتـىـپ، بـوش ئـورۇنـغـا قـاراپ كـەلـدى. ئـولتۇرۇشتـىـن بۇرۇن گـۇلـنازنـىڭ چـىرايـىـغـا قارىـماي، سـەل ئېگىشىپ سالام قىلدى. ئاپتوبۇستىمۇ ئۇ گۇلنازغا بىرەر قېتىم بۇرۇلۇپ قاراپ باقمىغانىدى. گۇلناز بىلىدىغان ئەرلەرنىڭ كـۆپ قىسمى ئاياللارغا بەزدەك تـىكىلـىپ قارىشاتتى. چـىرايىنى ھـەر قـىسـما قىـلىـشاتـتـى، ھەتتـا ئـارقىسـىـغا كـىـرىـۋېلىـپ سـەت چاقـچـاقلارنى قـىلاتتى. ئـۇ يـەر ـ بۇ يېـرىـدىن تۇتـۇۋېلىشـقـا ئۇرۇناتتى. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىـن بىر كۈنـى گۇلناز ئۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا، ئاپتوبۇستا نىمە ئۈچۈن ئۆزىگە بىرەر قېتىممۇ ئۆرۈلۈپ قاراپ باقمىغانلىقىنى سورىغاندا، ئـۇ:

«دۇنيا بىر نىڭلا ئەمەس، ئۇنىڭدا ھەر تۈرلۈك ئادەم ياشايدۇ، بولۇپمۇ ئاياللار بېشى ئوچۇق، نېپىز كىيىملەر بىلەن تۇرغان بولسا، ئۇلارغا تىكىلىپ قارىۋالساق ئەدەپسىزلىك ھەم زالىملىق بولىدۇ» دېگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ گۈلنازنى ئاپتوبۇسقا چىققاندىلا كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭدەك بىر ئايالنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا تۇرغىنىغا ھەيران قالغانلىقىنى ئېيتقاندى.

ھاجى بىر قاچا شورپا بۇيرۇتتى. شورپىغا نان چىلاپ تېزلىكتە ئىچىپ بولدى. كىچىك تەخسىدىكى ئۇستىخاننى غاجاپ پاكىزلاپ، قولىنى سۈرتتى ـ دە، دۇئا قىلىپ قوپۇپ كەتتى. گۈلناز تاماق جەريانىدا ئۇنىڭ باشقىلاردەك «شالاپ ـ شۇلۇپ» ئاۋاز چىقارمىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۇ بوي ـ بەستىگە يارىشا چوڭ قەدەم بىلەن تېز ـ تېز ماڭاتتى. يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئىش ـ ھەرىكىتىدىن قائىدە ـ يوسۇنلۇق، چېۋەر ئادەملىكى چىقىپ تۇراتتى.

گۈلناز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ ئىختىيارسىز ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. ئۇ ھەرقانچە ئاجايىپ بولسىمۇ، گۈلنازغا مۇناسىۋەتسىز باشقا بىر سىرلىق دۇنياغا مەنسۇپ ئادەم ئىدى.

گۈلنازنىڭ ئالدىغا ھېچكىم چىقمىدى. ئۇنىڭ ئاپتوبۇستا كېلىدىغانلىقىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپلا ئاتا ـ ئانىسىنى ھەم قىزىنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولدى. ئۇ قىزىنى بەك سېغىنغانىدى. قورۇدىن چىقىشىغىلا، يول بويىدا ۋىۋىسىكىلارغا قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرغان تونۇش بىر ئادەمنى ــ ئاپتوبۇستا بىللە كەلگەن «ھاجى»نى كۆرۈپ، ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. ئۇمۇ گۈلنازنى كۆرۈپ، سەل تېڭىرقىغاندەك بولدى ـ يۇ، دەرھال

ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مەن بۈگۈن بىر ئادەم بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايتتى. بۇ ئادەمنىڭ ئادرېسىنى باشقىلار ماڭا مۇشۇ يەردە دەپ بەرگەن، ئەمما كېلىپ قارىسام، بۇ يەردە ئەمەستەك قىلىدۇ، — دېدى.

گۈلناز ئۇنىڭ قولىدىكى قەغەزگە قارىدى. ئۇ راستتىنلا خاتا كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئىزدىمەكچى بولغىنى «بېيجىڭ يولى» دىكى بىر ئورۇننىڭ ئادرېسى ئىدى. «ھاجى» يەنە ئۆزىنىڭ خەنزۇچە راۋان سۆزلىشەلمەيدىغانلىقى، بىر تەرجىمانغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئەگەر گۈلناز ياردەم قىلىشنى خالىسا ياكى ئىشەنچلىك بىرەر تەرجىمان تونۇشتۇرسا ئوبدان رازى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گۈلناز نېمىشقىدۇر خۇشال بولدى ۋە دەرھاللا:

— بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان ئەمەسمۇ، بوپتۇ، مەن ياردەم قىلاي. لېكىن، بالدۇرراق قايتىپ كەلمىسەم بولمايدۇ، — دېدى.

رىشاد ھاجى تاكسى توستى. گۈلناز ئۇنى كۆرۈشمەكچى بولغان «لاۋبەن»نىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ ئەكىرىپ، ئىككىسىگە تەرجىمان بولدى. رىشاد ھاجىنىڭ بۇنداق ئالاھىدە «تەرجىمان»نى كۆرۈپ، لاۋبەننىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. كۆرۈشۈش ئوڭۇشلۇق بولدى. ئەتە چۈشتىن كېيىن ئۇلار كېلىپ كونكرېت ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىدىغان، ئۇچىنچى كۈنى توختام تۈزۈلىدىغان بولدى. گۈلناز، مەن سىزگە ياخشى تەرجىماندىن بىرنى تېپىپ بېرەي، دېگەن بولسىمۇ، تەرجىمان ئىزدەشكە چولىسى تەگمەي، ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن رىشاد ھاجىغا ھەمراھ بولدى. ئىشتىن كېيىن ھاجى ئۇنى يېڭىدىن ئېچىلغان بىرەر ئېسىل رېستورانغا ئاپىراتتى، ئىككىيلەن ناھايىتى ئەدەپ

بىلەن پاراڭلاشقاچ غىزالىناتتى. بۇ ئۈچ كۈن جەريانىدا گۈلناز تونۇشقىنىغا ئۇزاق بولمىغان، ئۆزىدىن خېلى چوڭ بۇ ئادەمگە بارغانسېرى باغلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۇنىڭ يېنىدا يۈرگەندە ئۆزىنى بىخەتەر، ئازادە سېزەتتى، ھەتتا ھېچقاچان ھېس قىلمىغان بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلەتتى. رىشاد ھاجى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاكىلارچە كۆيۈنۈش ۋە يېقىنلىق بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، قىسقا، ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى قىستۇرۇپ قوياتتى. ھەممىدىن ئۇنىڭ ئەدەپلىك مۇئامىلىسى، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشى گۈلنازنى سۆيۈندۈرەتتى.

توختام تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن رىشاد ھاجى ئۇنىڭغا نەپىس ئالتۇن زەنجىر سوۋغا قىلدى. بۇ گۈلنازنىڭ ئىش ھەققى ئىدى. ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋېلىپ، كېلەر نۆۋەت كەلگەندە ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، نېمىشقىدۇر ئۆزىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ بەرمىدى. دېگەندەك، ئۇ پات - پات كېلىپ تۇردى. ھەر كەلگەندە گۈلنازنى ئىزدەيتتى، ئىش پۈتكەندە ئۇنى كاتتا سورۇنلاردا ئېسىل، لەززەتلىك تائام، سوغۇق ئىچىملىك بىلەن مېھمان قىلاتتى. ئەمما، ھەرگىز ئىسراپچىلىق قىلمايتتى. كېتىدىغان چېغىدا يەنە ئىش ھەققىگە توغرىلاپ بىرەر نەرسە سوۋغا قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەدەپ - قائىدىدىن ھالقىغان بىرەر ئېغىز گەپ - سۆز بولمىدى. ئەمما، گۈلنازنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭ تېلېفونىنى كۈتۈش بىلەنلا ئۆتىدىغان بولدى. ئۇ رىشاد ھاجىنىڭ دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە تەربىيەلەنگەنلىكىنى ھەم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەنلىكىنى، ئايالى، بەش بالىسى بار ئىكەنلىكىنى، چوڭ قىزىنىڭ پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

رىشاد ھاجى ئاخىرقى قېتىم كەلگەندە توي قىلىش تەلىپىنى

قويدى. شەرىئەتتە مۇسۇلمان ئەر كىشىگە تۆت خوتۇن راۋا ئىكەنلىكىنى، ئۆزى مۇشۇ كۈنگە قەدەر قەدىناس ئايالىدىن باشقا ئايال زاتىغا نەزەر سالمىغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئاللا دىلىغا سالغان مېھىر ـ مۇھەببەت ئالدىدا ئاجىز كېلىپ قالغانلىقىنى، بۇ ئىشتا ئايالىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەگەر گۈلناز خالىسا ئۇرۇمچىدىن ئۆي ئېلىپ بەرمەكچى بولدى.

گۈلناز هايات يولىدا مۇھىم بىر تاللاشقا دۇچ كەلگەنىدى. رىشاد هاجى ئۆزى كېچە ـ كۈندۈز ئىنتىلىدىغان، ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم. ئەمما، ئۇنىڭدەك ئەركىن چوڭ بولغان قىز، يەنە كېلىپ بىر سەنئەتكار ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرىغىچە ماسلىشىپ ئۆتەلەرمۇ؟ ھېسسىيات باشقا گەپ، رېئاللىق يەنە باشقا گەپ. گۈلنازنىڭ دوستلىرى ئۇنى بۇ يولدىن توستى.

— سەن دېگەن ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئىستىقباللىق ئارتىس تۇرساڭ، ئۇ سېنىڭ داداڭدەك ئادەم تۇرسا، سەن ئاشۇ هاجىمغا كىچىك خوتۇن بولامسەن؟

— ۋايىيەي، هاجى دېگەنگە ھەدەپ قويسا بولىدۇ. ئۇلار بىلەن يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ يەنە نەچچە خوتۇنى بار تېخى...

... ... ...

گۈلناز رىشاد هاجى ئېيتىپ بەرگەن تېلېفون نومۇرىنى پات ـ پات قولىغا ئالاتتى ـ يۇ، نازۇك بارماقلىرى نېمىشقىدۇر تېلېفون ئۈستىدە توختاپ قالاتتى.

رىشاد هاجىمۇ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلماس بولدى. ئەمما، گۈلناز ئۆزىنىڭ بۇ ئادەمنى ئۇنتۇيالمايدىغانلىقىنى، قاچانكى تېلېفون قىلىپ چاقىرسا، گەپ ـ سۆزسىز ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلەتتى. گۈلناز هاياتىنىڭ ئەڭ

گۈزەل مەزگىللىرىنى ئەنە شۇنداق ئىككىلىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەتتى. باشقىلار تونۇشتۇرغان خېلى - خېلى ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا يارىمايتتى، بارا - بارا باشقىلار ئۇنىڭغا لايىق تونۇشتۇرۇپ ئاۋارە بولمايدىغان بولدى. پەقەت ياشنىپ قالغان دادىسى كېچە - كۈندۈز قىزىنىڭ غېمىنى يەيتتى. ئانىسىمۇ ئارزۇلۇق ھەم چىرايلىق قىزىنىڭ كۆز تەگكەندەك «بىتەلەي» بولۇپ قالغىنىغا چىدىماي يىغلايتتى.

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

نەمەت دادۇيجاڭلىقتىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئېتىز ئىشىغا تازا كىرىشەلمەي، يا باشقا بىرەر ئىش قىلالماي قىينىلىپ يۈردى.

قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ شاراقشىتىپ پۇل تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي، كىچىك ۋاقتىدا چوڭ دادىسىدىن ئۆگەنگەن ياغاچ تەڭنە، ئاياغ ـ قوشۇق چاپىدىغان ئىشنى قولىغا ئالماقچىمۇ بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ مىڭبىر جاپادا ياسىغان ئاياغ ـ قوشۇقلىرىنى سېتىۋالىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئالتۇنگۈل نەمەتكە تولا يول كۆرسىتىپ ئاقتۇرالماي، ئاخىر ئۆزى بازار بويىدىن بىر ئېغىزلىق ئۆي ئىجارە ئېلىپ، بېقىۋالغان قىزى ئايشەمگۈلگە ئىككى شاگىرت قىز بالىنى يانداپ تىككۈچىلىك دۇكىنى ئاچتى. دۇكاننىڭ نامى «ئالتۇنگۈل يېڭى پاسوندىكى كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى» بولدى. ئايشەمگۈل ناھىيەدە ئېچىلغان كۇرستا ئالتە ئاي ئوقۇپ كىيىم تىكىش، رېشىلىيە ئىشلەشنى ئۆگىنىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، كىيىم ـ كېچەك تىكىش بىلەنلا قالماي، داستىخان، پەردە، ساندۇق، مەرەپ يالىقۇچ، ياغلىق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىشلەپ سېتىپ، يېڭى توي قىلىدىغان قىز ـ يىگىتلەر بىلەن يېڭى ئۆي سالغانلارنى ئۆزىگە قاراتتى.

ئالتۇنگۈلنىڭ شەھەرگە ياتلىق بولۇپ كەتكەن جىيەن قىزى قانداق پاسوندا كىيىم كىيىپ كەلسە، ئالتۇنگۈل دەرھال شۇنىڭغا ئوخشىتىپ كىيىم تىكىپ كىيەتتى. يېشىنىڭ خېلى

يەرگە بېرىپ قالغىنىغا قارىماي، ياش ۋاقىتلىرىدىكى زىلۋالىقى ۋە چىرايىنى ساقلاپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئۇچىسىغا چىققان كىيىم ھېلىمۇ قىز ـ چوكانلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتى. توغراقلىقتا قاراشلىق ئۈچ مەھەللىدىكى قول ـ ئىلكىدە بار ئائىلىنىڭ قىز ـ چوكانلىرى بەس ـ بەستە ئۇنى دوراپ كىيىشەتتى. ئالتۇنگۇلنىڭ كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى بارغانسېرى روناق تاپتى. 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ يېنىغا «مودا كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى»مۇ ئېچىلدى. ئالتۇنگۇل دۇكانلىرىنى قىزىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى قەشقەر، ئۈرۈمچىدىن مال ئەكىلەتتى. ئەكەلگەن ماللىرى تالاش ـ تارتىشتا قالاتتى. ئالتۇنگۇل قەشقەر، ئۈرۈمچىلەردە يۈرۈپ كۆزى ئېچىلىپ سودىغا پىشتى. ئۆزى بىلەن بىر يولدىكى كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، يول تېپىپ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى بارغانسېرى ئاشتى.

ئالتۇنگۇلنىڭ كېلىشكەن تەق ـ تۇرقى، گەپ ـ سۆزگە، مۇئامىلىگە ئۇستىلىقى ھەممىدىن ئۇنىڭ پۇلى نۇرغۇن ئەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. بىر قېتىم بۇرنىغا سۇ كىرگەن ئالتۇنگۇل ئۇلارغا ئاسان بېرىلىپمۇ كەتمەيتتى. ھەر قېتىم توغراقلىققا قايتىپ كەلسە، ئىشىك ـ دېرىزىنى تاقاپ ھېساب ـ كىتاب قىلاتتى، ئارقىدىن قات ـ قات سېلىنغان كۆرپىدە چارچىغان پۇت ـ قوللىرىنى سوزۇپ يېتىپ نەچچە كۈنلەپ تالا ـ تۈزگە چىقمايتتى. خۇشى تۇتقان ۋاقىتلاردا نەمەتكە بۇ قېتىم قانداق مال ئەكەلگەنلىكىنى، دۇكانلىرىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. نەمەت ئۇنىڭ سودىسىغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى، قانچىلىك پۇل تاپتىڭ دەپ سوراپمۇ قويماي، ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى. ئالتۇنگۇل «پېشانىسىگە پۇتۇلگەن» بۇ بەتبەشىرە ئادەمگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئىچىدە كىم ئۇچۇن شۇنچىۋالا قىلىمەن، باغرىمنى يېرىپ چىققان

بالىلىرىم بارمىدى، جاپا چېكىپ خۇش قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ئېرىم بارمىدى، دەپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى.

نەمەت ساقال قويۇپ نامازخان بولۇۋالدى. ئۇ ھەر كۈنى مەسچىتكە ھەممىنىڭ ئالدىدا بېرىپ، سەپنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقۇيتتى. ئۈرۈمچىدىكى ئىسلام ئىنىستىتۇتىنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن ياش ئىمامنىڭ ۋەزىنى بېرىلىپ ئاڭلاپ، ياخشىچاقلىق بىلەن سوئال سوراپ، سۆزلىگەنلىرىگە دوست تارتىشاتتى. ئىمام بىلەن ياشنىپ يۈرەكئالدى بولۇپ قالغان مەزىن ئاخۇنۇمنى، ياسىن قارىينى قوشۇپ پات ـ پات ئۆيىگە چاقىرىۋالاتتى. غىزادىن كېيىن پەگاھتا ئاق كىرگەن شالاڭ ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، ئاللانىڭ ئالەمنى ۋە ئادەمنى قانداق ياراتقانلىقى، ئادەم بىلەن ھەۋۋا ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، دوزاخ بىلەن جەننەت، مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە چارىيالار توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ۋە تالاش ـ تارتىشلارنى زوق بىلەن ئاڭلايتتى. ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ نەۋرە ئىنىسى ياسىن قارىي كىتاب، گېزىت ئوقۇپ تۇرىدىغان، گەپچى ئادەم ئىدى. گەپ ئارىلاپ مەھەللىدىكى ياخشى ـ يامان ئىشلارنى، ئاق ئوغۇتنى چېچىۋېرىپ تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ قېتىپ بەزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، يۇرتتا ئىلگىرىكىدەك تېرەكتەك ئېگىز بويلۇق، قەھرىمۇ بار، زەھرىمۇ بار ئەركەكلەرنىڭ قالمىغانلىقىنى، «يېڭى زامان» نىڭ بالىلىرى قىرقىپ قويغاندەك پاكار، ۋىجىك چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، دېھقانلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان مىس ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا، چۆگۈن، جىمبىللىرىنى ئەسكى ـ تۈسكى يىغىدىغان خەنزۇلارغا ئەرزان سېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سولياۋ داس، ئاليۇمىن كورىلارنى سېتىۋېلىپ، نەقەدەر خۇشال بولغانلىقىنى، سولياۋ داسنىڭ قەغەزدەك يىرتىلىپ، ئاليۇمىن كورىنىڭ ئاسانلا تۆۋى تېشىلىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ:

«بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ سېتىۋالغان سايمانلىرىمىز يەنىلا قاپاق چۆمۈچكە يەتمەيدىكەن» دېيىشكىنىنى، بازاردىكى سودىگەرلەر ئەكىلىپ ساتقان خورۇم ئاياغلارنىڭ كىيىپ ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەي مېخىشقا پايلىماي بوسۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، ئىچكىرىدىن ئەكەلدۇرگەن سورتلۇق كېۋەز ئۇرۇقلىرىنىڭ ساختا چىقىپ قالغانلىقىنى... سۆزلەپ كېلىپ:

— ناھىيەگە بارغانىدىم، بىر خەنزۇ سودىگەر چۆرىسىگە ئادەم يىغىپ، بىر ئۇيغۇر ئادەمنى كۆرسىتىپ چاچ ئۆستۇرىدىغان، چاچ قارايتىدىغان دورىسىنى بازارغا سالغىلى تۇرۇپتۇ. قارىسام، ئۇ نەمەت دادۇيجاڭدىن چوڭراق ئادەم ئىكەن. لېكىن چېچى شۇنداق قويۇق ھەم قارا چىقىپتۇكى كاساپەتنىڭ، كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. كۆڭلۈمدە ھەرنېمە بولسا بۇنىڭدىن بىر بوتۇلكا ئالغاچ بېرىپ نەمەت ئاكامنى بىر خوش قىلىۋېتەي دەپ ئويلاپتىمەن تېخى. ئۆچرەت ماڭا كەلگەنىدى، نەدىندۇر ئىككى ساقچى پەيدا بولدى. ئېگىزرەك بىرى كېلىپلا ھېلىقى ئۇيغۇر ئاداشنىڭ چېچىنى قامالاپ بىر تارتىماسمۇ، چاچ قولىغا چىقتى، شۇنداق سىپتا ياسىغان كەيمە چاچ ئىكەن. ھەممە ئادەم «ۋاي» دېيىشىپ قالدى. ئەسلىي ئۇ ئادەمنىڭ بېشىمۇ دادۇيجاڭنىڭ بېشىدەك مىسباش ئىكەن ئەمەسمۇ، — دەپ ئولتۇرغانلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئىلگىرىكى چاغلاردا ھېچكىمنى باش ياكى چاچ ھەققىدە گەپ ئاچقىلى قويمايدىغان نەمەت بۇ گەپلەرگە قېلىن كالپۇكلىرىنى قىيسايتىپ كۈلەتتى، ئۇ كۈلسە چىرايى يىغلاۋاتقاندەك غەلىتە قىياپەتكە كىرىپ قالاتتى. ياسىن قارىي بولدى قىلماي:

— دادۇيجاڭ، ئۆزلىرى كۈلۈۋاتامىلا ياكى يىغلاۋاتامىلا؟ — دەپ كۈلكىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىراتتى، ياسىن قارىي ئارقىدىنلا:

— دېگەنبىلەن دادۇيجاڭمۇ يامان قىلمىغان، ئۇ چاغدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دادۇيجاڭدىن كۆرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ.

سىياسەت شۇنداق ئىدى. دادۇيجاڭ سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن ئورمانچىلىقنى تەڭ تۇتقان. شۇڭا، هازىرغىچە پايدىسىنى كۆرۈۋاتامدىمىز، — دەيتتى. مەزىن ئاخۇنۇممۇ تىترەك ئاۋازدا:
— داجەيدىن ئۆگىنىمىز دەپ كېچە - كۈندۈز ئىشلەيدىغان چاغلاردا نەمىتاخۇن ئۆزىمۇ بوز يەردە ئەزالار بىلەن يېتىپ - قوپۇپ تەڭ ئىشلىگەن. هازىرقى باشلىقلار ئۆزىنىڭ يېرىنىمۇ ئۆزى تېرىمايدۇ، — دەيتتى.
هازىرقى كەنت باشلىقى مەخەت داۋۇتنىڭ جيەن ئوغلى ئىدى. ئۇ 80 - يىللاردا هەربىيلىكتىن قايتىپ كېلىپلا كەنت باشلىقى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغاندىن كېيىن بىر مەزگىل خېلى ياخشى ئىشلىدى. كېيىن بارغانسېرى يۈرىكى يوغىناپ، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغان، خىمىيەۋى ئوغۇت، دورا، ئۇرۇق ساتىدىغانلار يېنىغا پۇل سېلىپ قويسىلا، دېهقانلارغا يۇقىرى باهادا تېڭىپ ساتىدىغان، يۇقىرىدىن بەرگەن نامراتلارنى يۆلەش خىراجىتى ۋە باشقا پۇللارنى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدىغان بولۇۋالدى. «لاۋبەن» لەردىن پۇل ئېلىپ ئۇلارنىڭ قالايمىقان يەر ئېچىشىغا يول قويدى. ئۇ يېڭىدىن كەنت باشلىقى بولغان يىلى كىرىمنى كەنت ئىشلىرىغا ئىشلىتىمىز دەپ دېهقانلارنى هەرىكەتلەندۈرۈپ 30 مو بوز يەر ئاچقۇزغانىدى. ئۇ يەرنى هەر يىلى دېهقانلارغا تېرىتاتتى. لېكىن، دېهقانلار ئۇنىڭ بىر پۇڭ پايدىسىنى كۆرمەيتتى، بۇ پۇللارنىڭ نەگە كەتكىنىنىمۇ بىلمەيتتى. دېهقانلار يىغىنلاردا بۇ ئىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم پىكىرمۇ بەردى. لېكىن، كەنت باشلىقلىرى ئېنىق جاۋاب بەرگىلى ئۇنىمىدى. دېهقانلار ئاچچىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي يۈرگەن كۈنلەردە يەنە بىر ئىش يۈز بەردى.
سايبۇلاق مەھەللىسىدە زىرىپ ئاخۇن دەيدىغان نامرات بىر ئادەم بار ئىدى. ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئالدىدا بىر تاللا

قىزى بار ئىدى. دادا بىلەن قىزى غورىگىل بولسىمۇ تىنچ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. يىللار ئۆتتى. ئانىسىدىن يەتتە يېشىدا قالغان نىساگۇلنىڭ ئەسكى تاملىق هويلىدا، كونا كىيىملەر ئىچىدە قاچانلاردا، قانداقلارچە بىر ساھىبجامال قىزغا ئايلانغانلىقىنى كىشىلەر سەزمەي قالدى. توغراقلىقتىن كېيىنكى كۆزلۈك ساھىبجامالار كۆپ چىقاتتى، لېكىن ھېچقايسىسى نىساگۇلنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى. ئۇنى كۆرگەنلەر بۇ نامرات هويلىدا تەڭداشسىز بىر گۈل ئېچىلىپتۇ، دەپ، داڭقىنى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىتىشاتتى. ئارتۇقچە هۆسن ـ جامالنىڭ قىز ـ چوكانلارغا، بولۇپمۇ نامرات ئائىلىنىڭ قىزلىرىغا ياراشمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان كىشىلەر قىزنىڭ تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلىشاتتى.

قىز ئۆزىگە ئاشىق بولغان يىگىتلەر ئىچىدىن ياسىن قارىنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى تالىپجاننى يارىتىپ قالدى. ئۇلار ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا، گاھىدا مەھەللە سىرتىدا ئۇچرىشاتتى. توغراقلار ئارىسىدا يانمۇيان ئۆسۈپ بىر ـ بىرىگە ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن ئىككى تۈپ توغراق بار ئىدى. ئۇلار بەزىدە ئاشۇ توغراقنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشاتتى. ئۇلار تېخى بىر ـ بىرىنىڭ قول ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقمىغانىدى. بىر ـ بىرىدىن تارتىنىپ يۈرۈشەتتى. بىر كۈنلەردە زىرىپ ئاخۇننىڭ ئىشىك ئالدىغا ئېسىل بىر پىكاپ كەلدى. پىكاپتا مەخەت بىلەن كەلگەن «لاۋبەن» كۆزلىرى جاننى ئالغۇدەك مۆلدۈرلەپ، ئىككى مەڭزى ئاناردەك تاۋلىنىپ تۇرىدىغان نىساگۇلنى كۆرۈپ ئۆزىنى باسالماي، زىرىپ ئاخۇنغا قىزىنى ئۇرۇمچىدە كاتتا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى، بىر قىسىم ئىش ھەققىنى ئالدىن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئالدىغا 10 مىڭ كوينى قويۇپ قويدى. «لاۋبەن»نىڭ ئارقىسىدا پايپاسلاپ يۈرگەن مەخەتمۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي:

— نىساگۇل، بىشىڭىزغا تەلەي قۇشى قوندى، بۇنداق پۇرسەت ھەممە ئادەمگە كەلمەيدۇ. پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ كېيىن پۇشايمان قىلغانىڭ پايدىسى يوق. ياش ۋاقتىڭىزدا شەھەر كۆرۈپ، پۇل تېپىپ، چوڭ بولغاندا يۇرتقا يېنىپ كېلىپ تاپقان پۇلىڭىزنىڭ راھىتىنى كۆرمەمسىز، — دەپ ۋەزخانلىق قىلىپ دادا ـ بالىنى خېلى قىزىقتۇرۇپ قويىدى.

نىساگۇل «ئويلىنىپ باقاي» دېدى. ئۇ ياشانغان دادىسىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن تالىپجانغا چىدىمايتتى.

دادىسى پۇلنى كۆرۈپلا بىر قارارغا كېلىپ بولغاندەك قىلاتتى. پەقەتلا تالىپجان ئۇنىڭ ئاللىكىملەرنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قېلىشىغا قوشۇلمىدى، ھەتتا نىساگۇلنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان گەپلەرنى قىلدى. تالىپجاندىن دىلى رەنجىگەن نىساگۇل كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى. ئاخىر چىرايلىق قىزلارغا خاس تەمەننا ۋە قىيداش، ناتونۇش دۇنياغا بولغان قىزىقىش ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. ئەتىسى نىساگۇل بىرنەچچە قۇر كىيىمنى ئېلىپ «لاۋبەن» نىڭ ماشىنىسىغا چۇشۇپ كېتىپ قالدى. بىر كەتكەنچە ئۇنىڭدىن خەت ـ خەۋەر بولمىدى. تالىپجان بازاردىكى باشقا خەنزۇلاردىن نىساگۇلنىڭ ئىچكىرىگە ئېلىپ كېتىلگەننى ئاڭلاپ، ئۇلار دەپ بەرگەن ئادرېس بويىچە ئۇنى ئىچكىرىگە ئىزدەپ باردى. بىرىنچى يىلى ئىزدەپ تاپالماي ئىككىنچى، ئۇچۇنچى يىلىمۇ ئىزدىدى ۋە ئاخىرى ئۇنى چوڭ بىر شەھەرنىڭ چېتىدىكى پاھىشىخانىدىن تاپتى. يىرىم يالىڭاچ كىيىنگەن نىساگۇل ئۆزىگە ئوخشاش شور پېشانە ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ قىزلىرى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن، خالىغانچە سىرتقا چىقالمايدىكەن، قېچىشقا ئۇرۇنسا قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشى بىلەن ساقچىلارنىڭمۇ كارى يوق ئىكەن. نىساگۇل بىر قېتىم دورا يەپ،

بىر قېتىم بىلەك تومۇرىنى كېسىپ ئۆلۈۋالماقچى بولۇپتۇ. ئۆلەي دەپمۇ ئۆلەلمەي، ئاخىر ئامالسىزلىقتىن تەقدىرگە تەن بېرىپتۇ. تالىپجان پاھىشىخانا غوجايىنىنى پىچاق تەڭلەپ قورقۇتۇپ، نىساگۈلنى قويۇپ بېرىشكە ماقۇلغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، نىساگۈل يۇرتقا قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلمەيمەن، مەيىنەت تېنىم بىلەن ئاشۇ پاكىز يۇرتنى بۇلغىماي، ئۆلۈكۈم مۇشۇ يەردە قالسۇن، دەپ قايتىپ كېلىشنى خالىماپتۇ. تالىپجان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەختىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ يۈردى. ياسىن قارىي ئوغلىنى بۇ يولدىن توسۇپ، مەختىنىڭ قىلمىشلىرىنى بىرمۇبىر تىزىپ ئەرز يېزىپ يېزا بىلەن ناھىيەگە، ھەتتا ۋىلايەتكە ئەرز قىلدى. يېزا بىلەن ناھىيەدە ئۇنىڭ ئەرزىنى تىڭشايدىغان ئادەم چىقمىدى. ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت ئىشخانىسى يېزىغا قارىتىپ بىر پارچە خەت يېزىپ بەردى. بىراق، بۇ خەت يېزا كاتىپىنىڭ تارتمىسىغا بىر كىرىپ كەتكەنچە يوق بولدى. ئەكسىچە، مەخەت ئۇنى ئۈستۈمدىن ئەرز قىپسەن، دەپ ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويدى. بىر - ئىككى يىلغىچە ياسىن قارىي ئولتۇرۇشلۇق مەھەللىگە سۇنى ۋاقتىدا بەرمەي، ئۆكتە قويقانلارنى يۇرتتىن ھەيدەپ، بالىچاقىسى توي قىلسا، ئۆي يېرى بەرگىلى ئۇنىماي دېھقانلارنى قاڭغىر قاقشاتتى. مەخەتكە تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان دېھقانلار «بىزنى مۇشۇ كۈنگە قويغان سەن» دەپ ھەممە ئىشنى ياسىن قارىيدىن كۆرۈپ، ئۇنى ئارىغا ئالمايدىغان بولدى. لېكىن، ئىچى كۈچلۈك، بىر ئىشنى قىلسا ئاخىرىغا ئاچىقماي قويمايدىغان ياسىن قارىيمۇ يېڭىلگىنىگە تەن بەرمىدى. ئۇ تۆردى قارىي بىلەن يېقىن ئاغىنە ئىدى. بىر يىلى ئۇ رۇستەم نازىرنىڭ يۇرتقا كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۆردى قارىي ئارقىلىق بۇ ئەرزنى نازىرغا يەتكۈزمەكچى بولدى. ئۇلار: «شۇنچىلا چوڭ باشلىق بولغاندىكىن، ناھىيە، يېزىدىكىلەرگە بىر

ئېغىز گەپ قىلىپ قويسا، ھەرقانداق ئىش ھەل بولۇپ كېتەمەدۇ» دەپ ئويلىشاتتى.

رۇستەم نازىر كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى يۇرتتىكى مەخەت باشلىق كادىرلار بىلەن جامائەت ئۇنى يوقلاپ كىرىشتى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندە، تۇردى قارىي رۇستەمگە مەخەتنىڭ ئىشلىرىنى، ياسىن قارىينىڭ ئۇۋالچىلىقلىرىنى بىرمۇبىر يەتكۈزدى. ھېلىمىگۈلمۇ ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، تولۇقلاپ تۇردى. زەينەپخان:

— بالام، توغراقلىقتا مەخەتتەك مەرەز باشلىقنى ھېچكىم كۆرمىگەن، دېھقانلار ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى. ھازىر ئۇ تېخىمۇ تېرىسىگە پاتماي قالدى، سەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ، مۇشۇ بىچارە ئادەملەرنى مەخەتنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغىن، يۇرتتىكىلەر سەندىن رازى بولۇپ قالسۇن، — دېدى.

رۇستەم چىرايىنى ئۆزگەرتمەي بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىپ، بىردىنلا ئاكىسىغا قاراپ:

— ئاكا، سەن بۇ ئىشلارغا ئارىلاشما، ئاساس قاتلام كادىرلىرىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى، ئۆزىگە يارىشا جاپاسى بولىدۇ. يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئوخشىمايدۇ. مەن يۇقىرىدىن كېلىپ دادۇي - شاۋدۇينىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ يۈرسەم يارىشامدۇ. مېنىڭچە، مەخەت سىلەرگە يامانلىق قىلالمايدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن، ئوشۇق ئىشقا ئارىلاشماي، يېرىڭلارنى تېرىپ كۈنۈڭلارنى ئېلىۋەرمەمسىلەر، — دېدى.

تۇردى قارىي گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى. زەينەپخان جاينامازنى كۆتۈرگىنىچە ناماز ئوقۇغىلى ماڭدى. ھېلىمىگۈل ئۇنىڭ جايناماز كۆتۈرگەن قولى لاغىلداپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىتتىك بېرىپ چۆگۈنگە ئىسسىق سۇ ئېلىپ: «ئانا، تەرەت ئېلىۋالامسىز؟» دەپ ئالدىغا كەلدى. زەينەپخاننىڭ تىترەۋاتقان لەۋلىرى ئارىسىدىن «مەرەز!» دېگەن سۆز چىقتى، بۇ سۆزنىڭ

كىمگە قارىتىلغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى.

رۇستەم بۇ قېتىم 15 ياشلارغا كىرگەن ئوغلى بىلەن 13 ياشلارغا كىرگەن قىزىنى ئالغاچ كەلگەنىدى. بويلىرى ئېگىز، ئەتلىك، تېرىسى سۇزۇك ھەم يۇمران، رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن بۇ باللار پاكار ـ پاكار، ئورۇق، ئاپتاپتا كۆيگەن، توپا ـ تەرەت سەھرا باللىرى ئارىسىدا خۇددى ياۋا ئۆردەكلەر ئارىسىغا كىرىپ قالغان ئاق قۇدەك ئالاھىدە كۆرۈنەتتى. ئىككىلىسى بىر ئېغىز ئۇيغۇرچە گەپ قىلىشنى بىلمىگەنلىكتىن كىم گەپ قىلسا، ھەيران بولۇپ «سا، سا» دېيىشەتتى. ئۇرۇمچىدە بىر نەچچە كۈن ئۇلارنىڭكىدە تۇرغان ھېلىمىگۇل تارتىنىپ ئولتۇرماي «نەينەي ئەمەس، چوڭ ئانا دېسىلە»، «ماۋۇنى ئانار دەيمىز، ماۋۇ دېگەن شاپتۇل» دەپ ئىككىسىگە ئۇيغۇرچە گەپ ئۆگەتمەكچى بولاتتى. زەينەپخان ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تۇپراق بېشىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئۇلارنى زاراتلىققا ئېلىپ باردى. زەينەپخان ئەڭ باشتىكى ئەڭ كونا بىر قەبرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــ باللىرىم، مانا بۇ سىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ بوۋاڭلار، مۇشۇ يۇرتنى ئاچقان توختاخۇننىڭ قەبرىسى، ماۋۇ ئۇلۇغ موماڭلار ئايخاننىڭ، ماۋۇ قۇتلۇق ھاجى چوڭ داداڭلارنىڭ... دەۋاتقاندا، ئىككى بالا سېغىز كەمپۈت چايناشنىڭ ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي قارىشىپ تۇردى. زەينەپخان ئۇلارنى ئىككى تەرىپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئايەت ئوقۇدى. ئايەتنى ئوقۇپ بولۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە، ئوغۇل سىڭلىسىغا نېمىلەردۇر دەپ قويۇپ ئالدىراپ نېرى كەتتى. زەينەپخان ئۇنىڭ سەل نېرىغا بېرىپ گۇمبىزى ئۆرۈلۈپ كەتكەن قەبرىلەرنىڭ تۆپىسىگىلا شارقىرىتىپ سىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ جېنى چىقتى. بالىنى ئاياپ ئارتۇقچە بىرنەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، بالا دېگەننى مۇشۇنداقمۇ چوڭ قىلامدۇ، دەپ ئوغلىدىن رەنجىپ كىچىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

— رۇستەم، ھەي رۇستەم...

ئاشۇ كۆيۈمچان، ئەزىمەت ئوغلىنىڭ باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقى زەينەپخانغا قاتتىق زەربە بولدى. ئۇ كەنت باشلىقى مەخەت بىلەن ئوغلى رۇستەمدە قانداقتۇر بىر ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ قانداق ئوخشاشلىق ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلمىسىمۇ، يۈرىكى بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، رۇستەم ئەۋەتكەن ياكى بەرگەن پۇللارنى بىر پۇڭ نېرى - بېرى قىلماي، ئامىراق نەۋرىلىرىگىمۇ بەرمەي يىغىپ قوياتتى. قولۇم - قوشنىلار ھاجەتمەن بولۇپ پۇل سوراپ كىرسە، زادى قۇرۇق ياندۇرمايتتى. بىرەرسى داۋالىناماقچى بولسا ئايانماي ياردەم قىلاتتى. ئۇلارغا: «بۇ پۇلنى ئۇرۇمچىدىكى ئوغلۇم ئەۋەتىپتۇ، نامىزىڭلاردا شۇنىڭغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ قويارسىلە» دەيتتى. ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىدىن ئىچىدە خۇشال بولۇپ: «بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى مۇشۇنىڭ بىلەن يۇيۇلۇپ كېتەر، يوللىرى تېخىمۇ ئوچۇق، دۆلىتى تېخىمۇ زىيادە بولار ئىلاھىم» دەپ تىلەيتتى. بىراق، يۈرىكىگە ئورناپ كەتكەن بىر غەشلىك ئاسان يوقالمايتتى، كېچە - كۈندۈز بىر ئەندىشە يۈرىكىنى تاتىلاپ تۇراتتى.

بۇ قېتىم، ھەممىدىن بالىلىرىغا بىرەر - ئىككى ئېغىز بولسىمۇ ئۆز تىلىدا سۆزلەشنى ئۆگەتسە بولمامدۇ، ئۆزىنىڭ قانداق ئادەمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە بولمامدۇ، دەپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەندى. ئۇ بالىلىرىنىڭ ئىچىدە زۇمرەتتىن قالسىلا رۇستەمگە ئامراق ئىدى. قولىدىن ئىش كېلىدۇ، كۆيۈمى بار، دەپ ئۇنىڭدىن ئۈمىدى زور ئىدى. قارىغاندا، ئۇنىڭدىن كۆپۈرلۈق ئۆتكەن ئوخشايدۇ. ئۇ رىزقىغا قانائەت قىلماي ئاللاتائالانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئوغلى مۇشۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. بالىچاقىلىرىمۇ

ئەجدادىغا باقمايدىغان، ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى بىلمەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن كۆرە توغراقلىقتا دېھقان بولۇپ، ھېلىمىگۇلدەك ئىشچان ئايالغا ئۆيلىنىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ياشاپ ئۆتكەن بولسا زەينەپخان خاتىرجەم بولماسمىدى. ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ روھى خورسەن بولماسمىدى.

ئادەتتە رۇستەمنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، ئۇنى تولا سېغىنىدىغان زەينەپخان ئامراق ئوغلى بىلەن نەۋرىلىرى ئالدىدا تۇرغاندا، بىردىنلا ياۋاش، ئاق كۆڭۈل تۇردى قارىي بىلەن ھېلىمىگۇلنىڭ، ئاغرىقچان روزى ئاخۇننىڭ ئۆزىگە ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا نەقەدەر موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. كۆڭلى ئېرىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. رۇستەمدىن دىلى رەنجىگەن بولسىمۇ، ئۇ «يىغىن بار ئىدى، ئەمدى ماڭمىساق بولماس، ئانا» دېگەندە يەنە ئۇنىڭغا چىدىماي قالدى. كۆڭلىدە نۇرغۇن گەپلىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ سىلكىۋېتىشىدىن، رەنجىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. رۇستەم بۇ قېتىم ئانىسىنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېتىپ يېنىدا بىر مەزگىل تۇرغۇزماقچى بولۇپ كەلگەنىدى. بىراق، زەينەپخان بارغىلى ئۇنىمىدى. «ئىشۇ قەشقەرگە بارسام يۇرتقا قاچان كېتەرمەي دەپ كۆزۈم تۆت بولۇپ كېتىدۇ. ئۇرۇمچىگە تېخىمۇ كۆنەلمەيمەن. ياشىنىپ قالدىم. ياقا يۇرتتا ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالسام سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ قويىمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن بولمىسام روزاخۇن ھېچكىمنىڭ قولىدىن غىزا يېمەيدۇ. رەھمەت بالام، سىلەر خاتىرجەم ئۆتسەڭلارلا مەن رازى» دېدى. رۇستەم بىللە ئۇنىڭ قەشقەردىن ئالغان ئۆيىگە بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇشنىمۇ خالىمىدى. رۇستەم توغراقلىقتا ئۈچ كۈن تۇرۇپ قەشقەرگە، ئۇ يەردىن ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەتتى.

كۆزدە ناھىيە بويىچە «دېموكراتىك سايلام» ئۆتكۈزۈلدى. سايلامدا توغراقلىقتىكى دېھقانلار ھەممىسى بىرلىشىپ ياسىن

قارىيغا بېلەت تاشلىدى. بىراق، سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ناھىيەدىن ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ياسىن قارىينى كەنت باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇپ، مەخەتنى كەنت باشلىقى ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى، قايتىدىن ئەمەلگە ئولتۇرغان مەخەت تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى. ئىككىنچى يىلى يازدا نېفىتلىكتىن خەنزۇ ئۇستىلارنى ئەكەلدۇرۇپ، بازار بويىغا ئىككى قەۋەتلىك كاتتا ئۆي سالدۇردى. بۇنداق ياسىداق ئۆينى توغراقلىقلار تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

يېقىندىن بۇيان ساتتارنىڭ كېلەر يىلى پېنسىيەگە چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا مىش ـ مىش گەپلەر چىقىشى بىلەن، ئىشخانىمىزنىڭ ھاۋاسىدا بىر جىددىيلىك پەيدا بولدى. بۇ جىددىيلىك تاجىگۈلنىڭ باشقىچە تۇس ئالغان چىرايى، گەپ ـ سۆزى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدىن بەدىنىگە چاچقان ئەتىر پۇراقلىرى بىللە تارقىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ ناھايىتى تېز ئۆزگەردى، ئۆزگەرگەندىمۇ 180 گىرادۇس ئۆزگەردى. ئۇ ھازىر ھەممىمىزدىن بۇرۇن ئىشقا كېلىپ، ھەممىدىن كېيىن قايتىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ تېلېفونىنى ئىلگىرىكىدەك سائەتلەپ غەيۋەت ـ شىكايەتكە ئىشلەتمەيدۇ، ئىش ۋاقتىدا دۇكان ئايلانغىلىمۇ چىقىپ كەتمەيدۇ. كۇنبويى كومپيۇتېر ئالدىدا ئالدىراش ئىشلەۋاتقاندەك ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ساتتار يىغىنلاردا ئۇنى توختىماي ماختايدۇ. ھازىر ياشلارنى ئۆستۈرىدىغان دەۋر، مانا تاجىگۈلدەك ياشلارنى ئۆستۈرسە بولىدۇ، دەيدۇ. سىرتقى ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىدىغان، يۇقىرىغا ئۇنى ـ بۇنى تەستىقلىتىدىغان، بۆلۈمنىڭ ۋەزىپە ئورۇنلاش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەپ، مۇكاپات، خىراجەت تارقىتىدىغان ئىشلارنى تاجىگۈلگە تاپشۇرىدۇ. تاجىگۈل قىلغان ئىشلىرىنى داۋراڭ قىلىپ، تاقىلداپ ئۇ چەتتىن بۇ چەتكە يۈز قېتىم مېڭىپ، ھەممە ئىشنى يالغۇز ئۆزىلا قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. باشقىلىرىمىز ياردەملىشەيلى دېسەك، قىزغانغاندەك بىر قىلىقلارنى قىلىپ كېتىدۇ. ئىدارىگە كەلگەندىن بۇيان بىر تەتقىقات تېمىسىنى

مۇستەقىل ئىشلەپ باقمىغان، ئۆمرىدە بىرەر پارچە كىتابنى تۈگىتىپ ئوقۇپ باقمىغان، ئەدەبىياتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان، تەتقىقاتنى سودا، مۇناسىۋەت دەپ چۈشىنىدىغان بۇ ئايال ئەدەبىيات ـ تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ. كۈلكىلىك يېرى، ئۇ ئۆز ئاجىزلىقلىرىنى يېپىش ئۈچۈن پېنسىيە يېشىغا يېقىنلىشىپ قالغان مەندەك بىر ئادەمنى «ئىستىلى بۇزۇق، تۆت ـ بەش ئاشىنىسى بار. ئايالى بىچارە دەردكە چىدىماي نەچچە قېتىم ئۆلۈۋالماقچى بوپتىكەن» دېسە، دىلمۇراتنى «ئەشەددىي ھاراقكەش، قاچان قارىسا مەست يۈرىدۇ، ئىشقا كەلمەيدۇ، سىياسىي ئۆگىنىشكە قاتناشمايدۇ، ھاراق ئىچىپ خەقنىڭ خوتۇنىغا چېقىلىپ قويۇپ ساقچىخانىلاردا نەچچە قېتىم يېتىپ چىققان» دەيدۇ. ئۇنىڭ غەيۋەتلىرى بىزنى چۈشىنىدىغانلارنىڭ ئالدىدا ئاقمىسىمۇ، ئەھۋالنى چۈشىنىپ كەتمەيدىغان كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن قىلغان گەپلىرىگە ئىشىنىدۇ. بولۇپمۇ بىزنى ياخشى كۆرمەيدىغان بەزى كىشىلەر بۇنداق گەپلەرنى ھەممە يەردە كۆتۈرۈپ يۈرۈشىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ سەۋەبلىرىمۇ يوق ئەمەس. بۇلتۇر دىلمۇرات ئىككىمىز «مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى نۇقتىسىدىن ئەدەبىياتىمىز ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش» تېمىسىدا كىتاب چىقاردۇق. بۇ مەملىكەتلىك تەتقىقات تېمىسى ئىدى. يىل ئاخىرىدا كىتابىمىز ياخشى باھاغا ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىراق، بىز خېلى بىر قىسىم كىشىلەرگە يامانمۇ بولۇپ قالدۇق. مۇھىم بىر سورۇندا نوپۇزلۇق بىر شەخسنىڭ كىتابىمىزنى سۆكۈپ بىر تىيىن قىلىۋەتكىنىنى ئاڭلىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن بەزى بۇرادەرلەر بىزگە قارىماس بولدى. كىمنى كۆرسە سېخىيلىق بىلەن ماختاپ يۈرىدىغان بەزى كەسپداشلىرىمىز ئوشۇقى ئالچۇ چۈشكەندەك قىن ـ قىنىغا سىغماي قالدى. دىلمۇرات ھاراق ئىچىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ بىر

ئادىمىگە: «سىلەر ئىلىمنى تونۇمايسىلەر، ھوقۇق بىلەن نوپۇزنى، يەنە بىرى مەنپەئەتنى تونۇيسىلەر» دېدى. بۇ گەپتە ئاچچىق بىر ھەقىقەت بار. قاچانلا قارىسا گۇرۇھ بولۇپ، داستىخان چۆرىدىشىپ يۈرىدىغان بۇ ئادەملەرنىڭ كىتاب ئوقۇغۇدەك، ئىلىم ئۈستىدە، بەدىئىي ئەدەبىيات ئۈستىدە ئىزدەنگۈدەك ۋاقتى يوق، ئىلىمگە بېرىلگەن ئادەم ئايلار، يىللارنى ئۈستەل ئالدىدا، چىراغ يورۇقىدا ئۆزى يالغۇز ئۆتكۈزىدۇ. ئىلىم ئىگىلەش، ئىجاد قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا ئاسان يول يوق. ئارىمىزدا ئاسان يول ئىزدەيدىغانلار كۆپ. خېلى ئادەملەر بىر ئاماللار بىلەن بىر - ئىككى كىتاب چىقىرىۋېلىش، تېلېۋىزوردا بىرنەچچە قېتىم كۆرۈنۈۋېلىشنى، شائىر، يازغۇچى، تەتقىقاتچىلىقنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارىشىدۇ. دېمىسىمۇ، مانچە يۈز پارچە رومانىمىز بار دەپ ماختىنىشلار، تېلېۋىزور سۆھبەتلىرىدىكى تەسىرلىك گەپلەر، مەدھىيەلەر، كۆز ياشلار كىشىنى «بىزمۇ قالتىس جۇمۇ» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ، ئەمما كىتاب - ژۇرناللارنى ۋاراقلىساڭ ئېسىڭدە قالغۇدەك بىرەر نەرسە تاپالمايسەن، بەزىلىرىنى بىرنەچچە بەت ئوقۇ - ئوقۇماي رايىڭ يانىدۇ. ئىجادىيەت دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى يېڭىلىق يارىتىش دېگەنلىك بولسا كېرەك، ھەربىر ئەسىرىڭدە يېڭى بىر پەللە بولمىسا، باشقىلار ئويلىمىغاننى ئويلىيالمىساڭ، باشقىلار دېمىگەننى دېيەلمىسەڭ، يازما، ئۇنداق ئەسەرنى! يازغۇچى - شائىر خەلقنىڭ مەنىۋى كامالىتىنى ئېچىپ بەرگۈچى ھەم ئۇنى بېيىتقۇچى، ھەرگىزمۇ كىتابىنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى ئاشۇرغۇچى ئەمەس، بۇ خىل ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىدە بىزدىكى بىلىمسىزلىك، نەزەر دائىرىمىزنىڭ تارلىقىدىن باشقا جان باقار تەنقىدچىلەر بىلەن گۇرۇھۋازلىقنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولسا كېرەك، ئادەم ماختاپ يۇقىرىغا يامىشىش كويىدا يۈرگەن بەزى ياشلىرىمىز بۇ خىل ناچار خاھىشقا ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، ئۇنى يېڭى

پەللىگە كۆتۈرمەكتە. بۇ ماختىنىشلارغا ئەمدى چەك قويۇش، ئەدەبىيات ۋە تەنقىدچىلىك ساھەسىدە ئىلمىيلىك ۋە سەممىيلىكنىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى تىكلەش زۆرۈر ئىدى. بۇنى ھېس قىلىپ يەتكەنلەر، چەتكە قېقىلىش، زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، مۇشۇ يولدا ئەمەلىي ئىشلەشنى خالايدىغانلار قانچىلىك، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ.

تاجىگۈلنىڭ رەقىبلىرى ئۇنىڭ قايسى مۇھىم باشلىقنى پۇل بىلەن، قايسىنى سوۋغا ـ سالام ۋە قايسىسىنى ناز ـ كەرەشمە بىلەن قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى سۆزلىشىپ يۈرۈشتى. بىراق، بۇ گەپلەر بۆلۈك ـ پۇچقاقلاردىلا قالدى، يىل ئاخىرىغا بارمايلا ساتتارنىڭ ۋەزىپىسى قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا تاجىگۈل قويۇلدى. ئارقىدىنلا بۆلۈمىمىزگە يېڭىدىن ئىككى ماگىستىر يىگىت كەلدى. ئۇلار تاجىگۈلگە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئەيمىنىش نەزىرىدە قارىشاتتى، ئۇنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئادا قىلىشاتتى. يازماقچى بولغان ماقالىلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. تاجىگۈل ئۇلارغا « يوليورۇق» بەرگىلى تۇرسا، دىلمۇرات ئىككىمىز ئاغزىمىزنى ئېچىپ ئولتۇرۇپ قالاتتۇق. يىل ئاخىرىدا، ئۇلار يېزىپ پۈتتۈرگەن ماقالە تاجىگۈلنىڭ نامىدا ئېلان قىلىندى. ئىككىنچى يىلى تاجىگۈل دىلمۇرات ئىككىمىزنى رىقابەتتە يېڭىپ ئالى ئۇنۋانغىمۇ ئېرىشتى. بۇ ئىشلارغا نېمە دېگۈلۈك. دىلمۇرات بىر مەزگىل دەردىنى ھاراقتىن ئېلىپ ھاراق پۇراپ تۇرغان ھالدا ئىشقا كېلەتتى.ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈش بەزىلەرنىڭ ئارزۇسى ئىدى.

بىركۈنى ماگىستىر يىگىتلەرنىڭ بىرى نەشىردىن يېڭى چىققان «سايىنىڭ مونولوگى» نى كۆرۈپ قولۇمدىن ئالدى. كەچكىچە باش كۆتۈرمەي كۆرۈپ، ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا ئۇن ـ تىنسىز

قايتۇرۇپ بەردى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئالدىمغا بىر نەچچە بەتلىك بىر ماقالىنى قويۇپ قويۇپتۇ. بۇ شېئىرلىرىم توغرىسىدا يېزىلغان ماقالە ئىكەن. مەن ئۇنى ئەستايىدىل ئوقۇدۇم. يىگىتنىڭ بەزى تەھلىللىرى خېلى چوڭقۇر بولسىمۇ، تازا جايىغا چۈشتى دېگىلى بولمايتتى. يالتىراق سۆزلەر، قۇرۇق مەدھىيەلەر كۆپرەك بولغاندىن باشقا، ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەم تىلىدىمۇ بەزى سەۋەنلىكلەر بار ئىكەن، مەن ماقالىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپ:

— بۇنى ئېلان قىلىشقا ئالدىرىماڭ. ماقالە تېخى دەسلەپكى تەسىراتنىڭ مەھسۇلى ئىكەن. ئىمكان بولسا كۆپرەك ماتېرىيال كۆرۈپ، يەنىمۇ ئويلىنىپ بېقىڭ، بەدىئىي جەھەتتىنمۇ پىششىقلاپ، ئۇنى ئەسەرنىڭ بېقىندىسى ئەمەس، قەلبىڭىزدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇستەقىل ئەسەرگە ئايلاندۇرۇڭ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭغا سەممىي ھېسياتىڭىزنى سىڭدۈرۈڭ، — دېدىم. يىگىت ماڭا گاڭگىراش ئىچىدە قاراپ قالدى، مەن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىمنىڭ تېگىگە ھامان بىركۈنى يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

1996 - يىلى سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

دىلمۇرات دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يەنە ئىچىدىغان بولۇۋالدى. بەزىدە مېنى بىللە ئىچىشكە چاقىرىدۇ. دائىم ئۇنىڭغا ئۆلپەت بولىۋەرسەم كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىم توغرىلىق گەپ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرىمەن. لېكىن، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئايالى مېنى نەدە كۆرسە تۇتۇۋېلىپ قاقشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ قويۇڭ، دەيدۇ. دىلمۇرات بىلەن بۇ ئايال ئىككىسى ئىككى دۇنيا. دىلمۇراتتەك ئادەمنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭدەك بىباھا قەلب كېرەك. ئەمما بۇ ئايالدا ئۇ يوق. دىلمۇرات بۇرۇقتۇرمىلىقىنى، غېرىبلىقىنى، دىل ئازارىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن

ئىچىدۇ. بىراق، ھېچكىم ھاراق ئىچىپ بىرەر ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشكەن ئەمەس. مەن ئۇنىڭ ۋاقىتسىز نابۇت بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

بۈگۈن دىلمۇرات مېنى ئىزدەپ ئۆيۈمگە كەلدى. «ئىلھامجىنىكا، ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بار، بۇنى سەندىن باشقا ئادەمگە دېگىلى بولمايدۇ، ئاڭلاپ بىر يول كۆرسەتمىسەڭ بولمىدى» دەيدۇ.

— ئەمىسە ھاراق ئىچمەيمىز. ئاشخانىغا بارمايمىز. ھەجەر تاماق ئېتىپ بېرىپ بالىلارنى ئېلىپ بىر يەرگە بارىدۇ. ئىككىمىز كەڭتاشا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى، — دېسەم، دىلمۇرات رازى بولدى.

مەن ئۇنىڭ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ كېتىشىگە، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇھ تارتىشىغا، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن توختىماي گالستۇكىنى بوشىتىشىغا قاراپ، ئۇنى ساراسىمىگە سېلىۋاتقان ئىشنىڭ ئادەتتىكىچە ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. تاماقنى ئالدىرىماي يېدۇق. تاماقتىن كېيىن بىر چەينەك چاي دەملەپ، «خۇشتاسەن» دىن بىرنى ئالدىغا قويۇپ قويدۇم. ئۇ ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ تاماكىنى ئۇلاپ چېكىۋەردى. كىچىك ئۆي بىردەمدىلا تاماكا ئىسى بىلەن تولدى. مەن دېرىزىنى چوڭراق ئېچىپ پەردىنى قايرىۋەتتىم. ئۇ ماڭا كەچۈرۈم سورىغاندەك خىجىللىق بىلەن قاراپ قويۇپ، ئاچچىق بىر كۈلۈپ:

— مۇشۇ تاماكا ئاجايىپ نەرسە ـ دە. ئىسنى ئىچىمگە لىق تولدۇرۇپ، ئالدىرىماي، تولۇق پۈۋلەپ چىقارسام، خۇددى ئىچىمدىكى قالايمىقان خىياللارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ، كاللام سەگىپ قالىدۇ، — دېدى.

مەن تاماكا چەكمىگەندىكىن ئۇنىڭ تەسىراتىغا ئورتاقلىشىشقا ئامالسىزلىقىمنى بىلدۈرۈپ كۈلۈپ قويدۇم.

— ساڭا بۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، گەپنى بېشىدىن باشلاي، — دېدى دىلمۇرات تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىپ ئويلىنىپ تۇرۇپ، — قارا ئاكا، بىر كۈنى قىزىمنىڭ تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ يادلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇنىڭ گۆدەكلەرچە زىل ئاۋازى شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن قوشۇلۇپ مېنى شۇنچىلىك سۆيۈندۈردىكى، ھاياجاندىن كۆزۈمگە ياش كەلدى. سەن بىلىسەن، بۇ شېئىرلارنى مەن شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن... كېيىن نېمىشقىدۇ يەنە ئىچىم ئاچچىق بولۇپ قالدى. قىزىمنىڭ ئىسمى گۈلىستان، مەن ئۇنىڭغا ھافىز شىرازىنىڭ كاتتا ئەسىرىنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويغان. ئۇ ھافىز شىرازىنى بىلمەيدۇ، ئەلىشىر نەۋايىنىمۇ بىلمەيدۇ، ھەتتا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىمۇ بىلمەيدۇ. قىزىمدا نېمە گۇناھ؟ ھەممە گۇناھ ئۆزىمىزدە، مەن نېمىشقا ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭ كىلاسسىك شېئىرلىرىنىمۇ ئۆگەتمەيمەن، دەپ ئويلاپ، كىلاسسىك شېئىرلارنى كۆرۈشكە باشلىدىم. كۆرگەنچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم. نەۋايى ۋە «خەمسە»چىلىك بىلەن شۆھرەت قازانغان كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا تىلغا ئېلىشقا پېتىنالمايمەن، ئەمما، 14 ـ ئەسىردىلا «ئىشق بىلەن تىرىك بۇ ئالەم، گەر ئىشق بولمىسا بولماس ئەردى ئادەم» دەپ خىتاب قىلغان قۇتبى؛ «گەر بويۇڭنى سەرۋى دېسەم، سەرۋىنىڭ يوق مېڭىشى، گەر لېۋىڭنى غۇنچە دېسەم، غۇنچىنىڭ يوق سۆزلىشى» دەپ تەسۋىرلىگەن رەشىدىي؛ «راھەت ساڭا مەسچىدۇ ماڭا مەيخانە، جەننەت ساڭا بولغۇسى ماڭا جانانە، ھەر يەردە تاپارغە يوق تاپاۋۇت ئانى، گەر كەئبە ئىچىدە بول ۋە گەر بۇتخانە» دەپ كىنايە قىلغان ئابىد؛ ۋەتىنىنى «مەن سەمەندەرمەن، ۋەتەن درياسى ئاتەشتۇر ماڭا، ئەندەلەيىمگە ھاۋايى باغۇبوستانلار لەزىز» دەپ كۈيلىگەن زەلىلىلەر ۋە ئۇلار ياراتقان شۇنچىلىك رەڭدار، مۇكەممەل بىر مەنىۋى دۇنيا مېنى ئۆز قوينىغا تارتىپلا

ئالدى. ھەممىدىن، ئەينى دەۋردىكى تۆرە ـ ئىشانلار تەرىپىدىن «تەلبە» دەپ ئاتالغان زەلىلىيگە مەپتۇن بولۇپ، گويا غايەت بىر مەنىۋى سىرداش تاپقاندەك شادلىققا چۆمدۈم، ھاياجاندىن كېچىلىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. «بۇ كۆڭۈل بۇلبۇل گوياكى زېمىن ـ ئاسمان قەپەس، سۇندۇرۇپ پەرۋاز ئېتەرگە نالە ئەيلەر ھەر نەپەس» دېگەندەك مىسرالىرى بىلەن ئۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى قەھرىمانغا ئايلانغانىدى. «زەلىلىي تەلبەگە ئالەم قاراڭغۇ بولسا غەم بارمۇ، چاراغان ئەيلەردى ئالەمگە گويا داغى ـ ھىجرانىم» دېگەن مىسرالاردىكى ئاجايىپ مەنىلىك ئوخشىتىش؛ «نەسلى جاھاندا قالمىدى تەلبەزەلىلىنىڭ دېمەڭ، ئۆلگەندىن كېيىن كۆرۈڭ ھەرغەزەلىدىن بىر ئوغۇل» دېگەن مىسرالىرىدىكى جاسارەت ۋە ئۈمىدۋارلىق مېنى زوقلاندۇراتتى. مەن بۇ مىسرالارنى ساپ ھاۋاغا تەشنا بولغاندەك تەشنالىق بىلەن قايتا ـ قايتا ئوقۇپ كېتەتتىم. مەن توردا زەلىلىي توغرىسىدا ماقالە ئېلان قىلدىم. بۇ ماقالەم «بۇلبۇل» تەخەللۇسلۇق بىر تورداشنى قىزىقتۇردى. ئىككىمىز زەلىلىي توغرىسىدا بىلگەنلىرىمىزنى ۋە تەسىراتلىرىمىزنى ئورتاقلاشتۇق. كېيىن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىنتېرنېتتا سۆزلىشىدىغان بولۇپ كەتتۇق.

— توختاپ تۇر، گېپىمنى بۆلمە ئاكا. شۇنداق قىلىپ سۆزلىشە ـ سۆزلىشە بىر ـ بىرىمىزگە باغلىنىپ قالدۇق. ئۇنىڭ بىلەن بىر كۈن سۆزلىشەلمەي قالسام كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى، ئۇنىڭ بىلەن قىلىشمىغان گەپلىرىمىز قالمايتتى، شۇنداق ئەركىن ـ ئازادە كەيپىيات، ئىچ ـ ئىچىدىن چۈشىنىش، ئىشىنىش... مېنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىم، ئىزدەيدىغىنىم شۇ ئىدى.

— توۋا، ما گەپنى ئەمدى. كۆرۈشمەي، بىلىشمەي تۇرۇپ ھە؟ ...

— ياق، ئۇ بىزگە ناتونۇش ئەمەس. ئېسىڭدىمۇ، 80 ـ

يىللاردا ياشقىنە بىر شائىرە باشقىچە بىر ئۇسلۇبتا شېئىرلارنى يېزىپ داڭ چىقىرىپ يۈرمىدىمۇ؟ ئۆتكەندە سەن بىر ماقالەڭدە ئۇنى تىلغا ئالغان. بىز ئىككىمىز ھەتتا، ئاشۇ شائىرە ئەجەب يوق بولۇپ كەتتى، دەپ ئەپسۇسلانغانىدۇق. «بۇلبۇل» دەل شۇ ئايال ئىكەن. تۇرمۇشتا بەختسىز بولۇپلا قالماي، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ تۆھمەت، يەكلەشلىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، كاناداغا چىقىپ كەتكەنىكەن، ھازىر تورونتودىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئىشلەيدىكەن. ئۇ مەكتەپتىكىلەرگە مېنىڭ ئەھۋالىمنى تونۇشتۇرۇپ، توردا ئېلان قىلغان بەزى ماقالىلىرىمنى كۆرسىتىپتىكەن، مەكتەپ تەرەپ مېنىڭ ماقالىلىرىمنى تەكشۈرۈپ مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن ماڭا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى ئەۋەتىپتۇ. ئەمدىكى گەپ، مەن ئوقۇشقا بارسام بىر ـ ئىككى يىلدا قايتىپ كېلەلمەسلىكىم مۇمكىن. بارمىسام ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قېلىشتىن قورقىمەن.

— بۇغۇ ياخشى ئىشتەك قىلىدۇ. ئۆزۈڭ بېرىۋېلىپ، كېيىن خوتۇن ـ بالىلىرىڭنى ئېلىپ كەتمەمسەن؟

— ئەگەر مەن بارغاندىن كېيىن ئىشلار ئۆزگىرىپ قالسىچۇ؟

— مەسىلەن؟

— مەسىلەن، مەن تۇرمۇشۇمنى قايتىدىن باشلاش نىيىتىگە كېلىپ قالسام ياكى دىلنۇر...

— شۇنداقمۇ قىلارسەنمۇ؟ دىلنۇر سېنىڭ 15 يىللىق ئايالىڭ، ئەڭ مۇھىمى بالىلىرىڭغا ئۆۋال بولماسمۇ؟

— راست دەيسەن، مەن بالىلىرىمغا ئۆۋال بولىدىغان ئىشنى قىلمايمەن. لېكىن، دىلنۇر ئىككىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا قاراپ، بىر مەزگىل ئايرىلىپ تۇرۇپ باقساق قانداق بولاتتىكىن، دەپمۇ قالىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىلنۇر مودا قوغلىشىدىغان ئايال. چەت ئەلدە ئوقۇيمەن دېسەم، پۈتۈن كۈچى

بىلەن قوللايدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئىككىلەنمەي ئوقۇشقا بار. دوكتورلۇقنى ئال. گەرچە سەل كېچىككەن بولساڭمۇ كېرەك يوق. لېكىن، بالىلىرىڭنى ھەرگىز تاشلىما. قالغان ئىشلار ئاللانىڭ بۇيرۇقى بويىچە بولامدۇ.

ھە راست، ھېلىقى ئىش قانداق بولدى؟ زەلىلىينىڭ شېئىرلىرىنى قىزىڭغا ئۆگەتەلىدىڭمۇ؟

— ئۆگەتەلمىدىم. ئۇنىڭغۇ ئاغزى كەلمىدى، ئايالىم ئارىلىشىۋېلىپ يول قويمىدى. ئەمما ئوغلۇم يادلىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ دىلمۇرات غەربىي يېرىم شاردىكى كاناداغا كەتتى، خېلى كۈنلەرگىچە گويا تېنىمنىڭ بىر قىسمىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ياكى روھىم قۇرۇقدىلىپ قالغاندەك بولۇپ يۈردۈم. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە كۆرگەنلا ئادەم بىلەن مۇڭداشقىلى بولمايدۇ. مۇڭداشقۇدەك ئادىمىڭنىڭ بولماسلىقىمۇ ئېغىر ئىش ئىكەن. بەزىدە ئۆز - ئۆزۈمگە گەپ قىلىپ كېتىمەن. بۇ ئىشىمدىن ئايالىم ھەيران قالىدۇ، دېمىسىمۇ ھاياتتىكى نۇرغۇن ئىشلارغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. ھايات يولىدا نېمىلەر كۈتۈپ تۇرغىنىنى بىلىشكە ئىنسان قادىر ئەمەس. شۇڭا، كونىلار پېشانىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي ئىلاجىڭ يوق، دېيىشىدۇ. بىراق، بىر مەنزىلگە يەتكەندە ئۆتكەن كۈنلىرىڭنى ئەسلىسەڭ، جۇدا بولغان يېقىن ئادەملىرىڭ، تونۇشۇپ، چۈشىنىشكەن، ئەقىدە قىلىشقان ياكى تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان، ساڭا ياخشى تىلەكتە بولغان، مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلغان كىشىلەرنى ئەسلىسەڭ بۇ دۇنيادا كۆڭۈلنى ئىللىتىپ ئىنساننى ئىنسانغا باغلاپ تۇرىدىغان ئۈزۈلمەس بىر رىشتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئاشۇ رىشتە سېنى بۇ دۇنياغا، ھاياتقا باغلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىسەن. بىر ئىشنى ئويلىسام، ھازىرمۇ ھەيران قالىمەن. دىلمۇراتنى ئۇزىتىش يۈزىسىدىن تۇغقانلىرى بىلەن بىر سورۇندا بولۇپ قالدىم. سو-

رۇندا ناھايىتى سالاپەتلىك، كېلىشكەن بىر نازىر پاراڭ ئارىلىـ
قىدا توغراقلىق دېگەن بىر يۇرتنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قالدى.
مەن ھاياجانلىنىپ ئۆزۈمنىڭ توغراقلىق دېگەن يەردىن كەلگەن
بىر دېھقان يىگىت بىلەن بولغان قىسقىغىنا دوستلۇقۇمنى كېـ
يىن بېشىمغا كۈتۈلمىگەن قىسمەتلەر كەلگەن، پۈتۈن جاھان
مەندىن يۈز ئۆرۈگەن كۈنلەردە قاراڭغۇ كامېردا ئولتۇرۇپ ئاشۇ
يىگىتنىڭ سوۋغا ـ سالامىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىمنى، تازا چۈشـ
كۈنلىشىپ، ھاياتتىن بەزگەن چاغلىرىمدا ئۇنىڭ مېھىر ـ مۇـ
ھەببىتى ماڭا شىپاھ بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم.

ـــ ئاشۇ يىگىتنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن؟ ـــ نازىر مەندىن
سوراپ قالدى.

ـــ توختى قارىي، ـــ دەپ جاۋاب بەردىم، كۈتمىگەن يەردىن
نازىر ئۆزىنىڭ دەل ئاشۇ توختى قارىينىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى
ئېيتتى! ئىككىمىز قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. كېيىن
مەن ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم كونا سۈرەتلەر ئارىسىدىن
دادىسىنىڭ ئەينى يىللاردىكى سۈرىتىنى تېپىپ بەردىم. نازىر
ھېسسىياتچان كىشى ئىكەن، سۈرەتكە قاراپ بۇقۇلداپ يىغلاپ
كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز بىرنەچچە قېتىم
ئۇچراشتۇق. لېكىن، مۇناسىۋىتىمىز دەسلەپكى ھالىتىدە قالدى.
ھەشەمەتلىك سورۇنلار ئۇنىڭ دادىسى قەلبىمدە قوزغىغان
ئۇنتۇلغۇسىز ھېسسىياتلارنى قوزغىيالمايتتى. نازىر بىلەن
مەندەك نامرات زىيالىي ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىق يوق ئىدى.
بىراق، ئۇنىڭ دادىسى ساپ، سەمىمى قەلبى، ئۆزگىچە خاس
شېئىرىي سەزگۈسى، چىرايلىق خەتلىرى، سەل تارتىنىپ
«يازغىنىم بولامدۇ؟» دەپ كۆلۈپ تۇرۇشلىرى بىلەن مەڭگۈ
ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

پەيشەنبە كۈنى سۈبھىدە، بالىلىرى بامداتقا قوپۇشتىن ئىلگىرىلا زەينەپخان ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا ئاران ئىلغا قىلغىلى بولىدىغان قاراڭغۇ كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ، مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ماڭدى. قايسىبىر ھويلىلارنىڭ، باغلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئىتلار قاۋاپ قالاتتى. يوللاردا، ئېتىز قىرلىرىدا يوغان ـ يوغان ياڭاق، ئۆرۈك دەرەخلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. مەھەللىنىڭ چېتى كېۋەزلىك ئىدى. زەينەپخان كېۋەزلىكنىڭ قىرى بىلەن كېتىۋاتقىنىدا بۇرنىغا كۈچلۈك دورا پۇرىقى ئۇرۇلدى. قۇرتنى يوقىتىش ئۈچۈن، دېھقانلار ئۇنى بولۇشىغا چاچاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئېتىزلاردىكى قۇرت ـ قوڭغۇزلار، پاقىلار تەڭلا قىرىلاتتى، بۇلارنىڭ ئۆلۈكىنى يېگەن قۇشلارمۇ ئۆلۈپ قالاتتى. زەينەپخان ئىلگىرى دەسسىگەنلا يەردىن ئىككى ـ ئۈچ پاقا سەكرەپ چىقىدىغان چاغلاردا زىرائەتلەرگە بۇنچىۋالا قۇرت چۈشۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىچە ئاللا ياراتقان ھەرقانداق جانىۋارنىڭ بىر خاسىيىتى بار ئىكەن، دەپ پىچىرلىدى. ئېتىز ـ قىرلاردىن قۇشلار بىلەن پاقىلار يوقالغاندىن بۇيان كېپىنەك، قۇرت تۇتۇش ئادەملەرگە قالدى. ھەي ئادەملەر، ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتىپلا ئۆتىدىغان ئادەملەر...

كېۋەزلىكنىڭ چېتىگە قاراپ ماڭغانچە يەرلەر ئېگىزلەپ قالغاندەك بىلىنەتتى. زەينەپخان غۇۋا تاڭ يورۇقىدا سىنچىلاپ

قاراپ، كېۋەزلىكنى قۇم بېسىپ كەتكەنلىكىنى، ئەڭ چەتتىكى بىرنەچچە مو يەردىكى كېۋەزنىڭ ئۇچىلا چىقىپ قالغانلىقىنى كۆردى. قۇم دېگەن سەزگۈسىز، جانسىز نەرسە ئەمەس. ئۇ ھەممىنى سېزىپ، بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇمۇ ماڭىدۇ، ئۇسسايدۇ، بەزىدە خۇش بولسا، بەزىدە قۇترايدۇ. ئۇنى مۇلايىملاشتۇرىدىغان نەرسە پەقەتلا سۇ. ئادەملەر ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرىنى قۇرۇتۇپ قويغاندا، ئۇ قۇتراپ ئۆزىنى ھەريان ئاتىدۇ. ئادەملەردىن يەر، سۇ تالىشىدۇ. ئىلگىرى بۇ يەرلەر قويۇق يۇلغۇنلۇق ئىدى. ئاندا ـ ساندا توغراقلارمۇ ياشىرىپ تۇراتتى. قۇترىغان قۇم يۇلغۇنلۇققا كەلگەندە توختاپ قالاتتى. ھازىر ئۇلار يوق، قۇم قەدەممۇقەدەم ئىچكىرىلەپ كىرىۋاتىدۇ، ئەنە ئاۋۇ قەبرىستانلىققا قارايدىغان ساۋۇت ئاخۇننىڭ ئۆيىمۇ قۇم تېگىدە قاپتۇ. بىر ئاينىڭ ئالدىدا، ئايزىمخاننىڭ يەتتە نەزىرىسىدىن كېيىن تۇپراق بېشىغا كەلگەندە، زەينەپخان ئاشۇ ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن شىرقىراپ قۇم تۆكۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن.

زەينەپخان ئېتىزلىقتىن ئۆتۈپ بولغاندا مەھەللىدىكى خورازلارنىڭ بەس ـ بەستە چىللاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. يىراقتىن قەبرىستانلىقنىڭ دەل ـ دەرەخلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەردە قەبرىلەر تېزلا ئۆرۈلۈپ يوق بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر قەبرە ئەتراپىغا كۆچەت تىكەتتى ياكى توغ ـ ئەلەم باغلاپ قويۇشاتتى. شۇنىڭغا ئاساسەن كىشىلەر ئاتا ـ بوۋا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسىنى يېڭىلاپ يوقلاپ تۇراتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا، داجەيدىن ئۆگىنىۋاتقان يىللاردا نۇرغۇن كونا قەبرىلەر يوقىلىپ كەتتى. لېكىن زەينەپخان بالىلىرىنى باشلاپ كېلىپ توختى ئاخۇن بىلەن قۇتلۇق ھاجىنىڭ قەبرىسىنى پات ـ پات سۇۋاپ، يېڭىلاپ تۇراتتى. بالىلىرىغا «مەندىن كېيىن قالساڭلارمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ قويماڭلار» دەپ تاپىلايتتى.

زەينەپخان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسى يېنىدا بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ روھىغا ئاتاپ، بالىلىرىغا ئامان ـ ئېسەنلىك، كۆڭلىگە ئىنساب تىلەپ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا دۇئا قىلدى. قىزىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يىچىرلاپ ئايەت ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ بولۇپ قەبرىگە يۆلىنىپ بىر پەس هاردۇق ئالدى. تاڭ ئاستا ـ ئاستا يورۇشقا باشلىدى. زەينەپخان تۇيۇقسىز ئارقا تەرىپىدىن كېلىۋاتقان خەتمىقۇرئان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. سەل نېرىدا ئابدۇغېنى ئاخۇن تېخى يېڭىلا قىرىق نەزىر بېرىلگەن ئايزىمخاننىڭ قەبرىسى ئالدىدا مۆكچىيىپ ئولتۇراتتى. زەينەپخان كېيىمىنى قېقىشتۇرۇپ، ياغلىقىنى ئوڭلاپ چىقىپ، ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ يان تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ بوغۇق، ھەسرەتلىك ئاۋازدا ئوقۇغان ئايەتلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ ئىچىدە: «ئايزىمخان تەلەيلىك ئىكەن، ئارمانسىز كەتتى. كېيىنكى چاغلاردا ئۆزاق ئاغرىق تارتقان بىلەن خارلىنىپ قالمىدى. بالىلىرىمۇ بىر ـ بىرىدىن ئىنسابلىق چوڭ بولدى. دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇلار دۇئا قىلىپ بولۇپ تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى. ئابدۇغېنى ئاخۇن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى قەبرىگە تىكىپ بىر پەس جىمىپ كەتتى، خېلىدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ يىغلاۋاتقاندەك بوغۇق ئاۋازدا:

— ماڭا بەك ئېغىر كەلدى، زەينەپخان. كېسەل بولسىمۇ ھويلىدا ئولتۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇنى قىلىڭلار، بۇنى قىلىڭلار، دەپ مېنى ئىشقا بۇيرۇپ قويۇپ ياتقان بولسا مىڭ مەرتىۋە رازى ئەمەسمىدىم، مانا ئەمدى... سۆيىگىغا قارىسام يىغا تۇتىدۇ، ئۆيگە تېخى كىرگۈم كەلمەيدۇ. ئۆزۈممۇ بىلمەيلا بۇ يەرگە كۈندە نەچچە قېتىم كېلىپ قالىمەن، — دېدى.

— سەۋر قىلسىلا، ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن كەتكىلى بولمايدۇ، ئاللاتائالا رىزقىمىزنى كۆتۈرگۈچە سەۋر ـ تاقەت بىلەن

ياشىمىساق كۆپۈرلۈق بولىدۇ. ئۆيگە، باللارغا سىلى بولمىسىلا بولمايدۇ. ئايزىمخاننى جەننەتتە راھەت كۆرسۇن دەپ ئاللا ئۆزى ئېلىپ كەتتى، ئۇنى تولا ئويلاۋەرمىسىلە. دەرد دېگەن جاننى ئىنكەكدەيدۇ، دېيىشىدۇ. جانلىرىنى ئايىسىلا، مەن بېرىپ ھېلىمىگۈلنى ئەۋەتەي، 6 ـ 5 كۈن يانلىرىدا تۇرسۇن...

ـــ رەھمەتلىك سىلىنى بەك چوڭ كۆرەتتى. «توغراقلىقتا ئۇنىڭدەك ئايال يوق» دەيتتى. سىلىنى ياش تۇل قالدى، دەپ دائىم غەملىرىنى يەيتتى. ئەسلىرىدە بارمىكىن، ئاچارچىلىق يىللىرىدا سىلىنىڭكىگە ئىككى قېتىم بۇغداي ئەۋەتكەن. ئىككىلىسىنى مەن ئۆزۈم كېچىسى ئاپىرىپ ھويلىلىرىغا قويۇپ قويغان.

زەينەپخاننىڭ يۈرىكى سىرقىرىغاندەك بولدى. ئۇ ئابدۇغېنى ئاخۇنغا تىكىلىپ قاراپ:

ـــ ھەي ئابدۇغېنى ئاخۇن، ئاشۇ يىللىرى ـــ باللىرىم كىچىك ۋاقتىدا ئورما ئورۇشۇپ بەرگەن، ئېغىلىنىڭ تېمىنى ياسىشىپ بەرگەن، ئۆگزىگە توپا سېلىشىپ بەرگەن چاغلىرىدىمۇ ئايزىمخان ئەۋەتكەنمىدى؟

ئابدۇغېنى ئاخۇن ئىككى تىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېگىشتۈرۈۋالغان بېشىنى كۆچەپ لىڭشىتتى. زەينەپخان ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ كۆزىدىن ئاققان يوغان ـ يوغان ياش تامچىلىرىنىڭ قومغا چۈشۈپ سىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئەمدى زەينەپخاننىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ياشلارنىڭ ئايزىمخان ئۈچۈنلىكىنى ياكى ئۆزى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئىدى. زەينەپخان ئابدۇغېنى ئاخۇندىن ئايرىلىپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئورۇق بەدىنى بوراندا قالغان ئاجىز دەرەختەك ھەريان چايقىلاتتى. بېشى قېيىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولاتتى. ئۇ مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا، ئاق رومالنى بېشىدىن ئالمىغان ھېلىمىگۈل بىلەن

تۇردى قارىيىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالدى.

ئۇ ھېلىمگۈلنىڭ ئالدىدا توختاپ:

— قىزىم، بۇ مۇسىبەت دادىڭىزغا بەك ئېغىر كەپتۇ. ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار، سىز 6 ـ 5 كۈن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇڭ، — دېدى.

ئۇزاق ئۆتمەي زەينەپخان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

ئارىدىن بىر ياز، بىر قىش ئۆتكەندە، روزى ئاخۇن قومۇشلۇقنىڭ يېنىدىكى ئوچۇقچىلىقتا يەنە پەيدا بولدى. ئۇ ئامبىاردا ئۇزاق تۇرۇپ توپا بېسىپ كەتكەن بوپىلارنى چۇۋۇپ، «ئايروپىلان»نىڭ بۆلەك، زاپچاسلىرىنى ئۇششاق ۋىنتىلارغىچە تازىلاپ، مايلاپ، بەزىدە ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئۇششاق بالىلارنى قوغلاپ، ئالدىراش ئىشلەپ يۈردى.

شۇ كۈنلەردە يوق بولۇپ كەتكىنىگە 17 يىل بولغان ئەخمەت تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ «تېرەكلىك ھويلا»غا كىرىپ كەلگەندە، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى سۇپىدا ياتقان زەينەپخان كۆلۈپ ئورنىدىن قوپۇپ:

— بالام ئەخمەت، مەن سېنى ئىشىكتىن قاچان كىرەركىن دەپ يولۇڭغا قاراپ ياتقان، مانا ئاخىر سەنمۇ كەلدىڭ. مەن ئارمانسىز كېتىدىغان بولدۇم. كېچە ھويلىمىزدىكى بۇلاقتىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپ چۈشىگەندىم، ئەسلىي سېنى چۈشەپتىكەنمەن ئەمەسمۇ، — دەپ ئەخمەتنى باغرىغا باستى. ئەخمەتنىڭ ياغاچتەك ئورۇق مۇرىسىگە ئېسىلىپ تۇرغىنىدا، كۆلكىسى بارا ـ بارا ئېسەدەشكە ئۆزگەردى. ئەمدىلا 40 لارغا يېقىنلاشقان بولسىمۇ قېرى ئادەملەردەك بولۇپ قالغان، چاچلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن ئەخمەتمۇ ئۆزىنى تۇتالماي «ھۇ» تارتىپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىۋال بالام، بىچارە ئەخمەتىم، شۇنچە يىللاردىن بۇيان نەلەردە تەمتىرەپ يۈرگەنسەن، كىرىڭنى كىم يۇيۇپ، ئېشىڭنى كىم ئەتكەندۇ. خاپىلىق تارتساڭ دەردىڭنى كىم ئاڭلىغاندۇ. يىغلا بالام، يىغلا، ئۆزۈڭنىڭ يۇرتىغا كەلدىڭ، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ روھى ئەگىشىپ يۈرگەن يەرلەرگە كەلدىڭ. ئىغىرىڭنى كۆتۈرىدىغان تۇغقانلىرىڭنىڭ يېنىغا كەلدىڭ...

ئەتىسى چىنارلىق ھويلىنىڭ ئالدىغا ئېسىل بىر پىكاپ كېلىپ توختىدى. پىكاپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشىك ئالدىغا چىققان ھېلىمىگۈل خۇشال بولۇپ:

— ۋىيەي، رۇستەم ئاكام بىلەن خانقىز ئاچام كەپتۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى. زەينەپخان ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، پۇت ـ قولى تىترەپ تۇرالمىدى. تۇردى قارىي بىلەن ئەخمەت دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. رۇستەم ئەخمەت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كۆڭلىدىكى نۇرغۇن گەپلىرىنى ئىزھار قىلالماي:

— ئاخىر سەنمۇ كەپسەن مانا... — دېگەندە، لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

ئۈچ ئوغلى ھويلىغا تەڭ كىرىپ كەلگەندە، زەينەپخان ئىچىدە: «ئىھ خۇدا، باللىرىم ئۆزۈڭگە ئامانەت، ئۇلارنى ئۆز پاناھىڭدا ئامان ـ ئېسەن ساقلىغايسەن» دەپ ئىلتىجا قىلدى. تىپىرلاپ ئورنىدىن قوپۇشقا تەمشەلدى ـ يۇ، پۇت ـ قولى بوشاپ قوپالمىدى. خېلىلا سەمرىپ، قورساق سېلىپ قالغان رۇستەم ئىتتىك كېلىپ ئانىسىغا ئېڭىشىپ، ئۇنى خۇددى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈۋالدى.

— تۆت ئوغۇل، بىر قىزنى مانا مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ چوڭ قىلغان ئانام ئەمەسمۇ سەن، بىزگە ئانا ھەم دادا بولغان ئانام

ئەمەسمۇ سەن، يېنىڭدا بولالمىدىم، دەردىڭگە دەرمان بولالمىدىم، — دېگەندە ئەتراپتا كۆلۈشۈپ تۇرغانلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاقتى.

— ئامان - ئېسەن كەلدىڭمۇ بالام، مېنى ياتقۇزۇپ قويغىن، كېلىنىم بىلەن كۆرۈشەي ئەمدى...

بۇ، قۇربان ھېيتنىڭ هارپا كۈنى ئىدى.

تۇردى قارىي قۇربانلىق ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان ئىككى قوينىڭ بىرىنى سويۇپ، گۆشىنى پارچىلاپ قازانغا سالدى. ئاكا - ئۇكىلار باغدىكى ياغاچ سۇپىدا چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتى.

زەينەپخان ھېلىمىگۈل بىلەن بىللە قازان بېشىدا يۈرگەن خانقىزنى چاقىرىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. خانقىزدىن ئاچىسى خاسىيەتخاننىڭ، قىزى بىلەن ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. دىلمۇراتنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ:

— خۇدا رىزقىنى كەڭ ياراتقانىكەن، ئۆزىمۇ ئەسلىدىلا بەك ئوڭلۇق، ئېسىل بالا ئىدى. مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتەر ئىلاھىم، — دەپ ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلدى.

ئارقىدىن نەۋرىلىرىنىڭ ئوقۇشى، ئىشتىھاسى، سالامەتلىكى، مىجەز - خۇلقى قاتارلىقلارنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سوراپ بولۇپ:

— قىزىم، بىر گەپ قىلاي، ئانامنىڭ ۋەسىيىتى دەپ قۇلاقلىرىدا تۇتسىلا، — دېدى.

— قانداق گەپلىرى بولسا ئېيتسىلا ئانا، قۇلىقىمدا تۇتىمەن، — دېدى خانقىز.

— قىزىم، ئۈرۈمچى دېگەن چوڭ شەھەر، بۇ يەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ يەردە چوڭ بولغان بالىلارغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. خۇدا بۇيرۇسا، ھەرقايسىڭلارنىڭ دۆلىتىدە بالىلىرىڭلار

چوڭ يەرلەردە ئوقۇپ كاتتا ئادەم بولىدۇ. لېكىن، نەدە ياشىمىسۇن، نېمىش قىلمىسۇن ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ تۇتقان يولىنى، قائىدە ـ يوسۇنىنى تاشلىۋەتسە بولمايدۇ، تىلىنى تاشلىۋەتسە بولمايدۇ. تىلىنى خۇدا ئۆزى بەندىلىرىگە بەخش ئەتكەن، تىل دېگەن نەپەس، نەپەسنىڭ جېنى بار دەپ بىكار ئېيتىشمايدۇ. ئۇ ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ جېنىنى بالىچاقىلىرىغا باغلاپ تۇرىدۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تىلىنى تاشلىۋەتكەن ئادەم يىلتىزسىز دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ گەپلەرنى مەن دېمىسەممۇ سىلى ئوبدان بىلىلا، سىلىمۇ يىلتىزى، تېگى يوق ئادەملەرنىڭ قىزى ئەمەس. ئىككى بالىنىڭ كۆنى تولىراق سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا ئۆتىدۇ. ئەگەر ئىككىسىگە مەن دېگەن مۇشۇ گەپلەرنى بىلدۈرەلىسىلە، سىلىدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى بولۇپ كېتىمەن قىزىم.

خانقىز سەلگىنە شۈك بولۇپ كېتىپ، ئاندىن:

ـــ ماقۇل، سىلى دېگەندەك قىلىمەن، خاتىرجەم بولسىلا ئانا، ـــ دېدى.

روزى ئاخۇن ئايروپىلاننى قوراشتۇرۇپ بولدى. يەنە بىر كۈن ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى تەكشۈرۈپ، ۋىنتىلىرىنى چىڭىتىپ، مايلاپ تەييارلىق قىلدى، كېچىنى ئايروپىلاننىڭ يېنىدا ئۆتكۈزدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئايروپىلاننى يەنە بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئۇچقۇچى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. توغراقلىقنىڭ زېمىنى سۈت ئۇيقۇسىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇپۇقتىن تارام ـ تارام ئالتۇن نۇرلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى. يەنە بىر پەستىن كېيىن قۇياش جامالىنى كۆرسىتىپ ئۆركەشلەپ تۇرغان پايانسىز قۇملۇقنى، لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان توغراقلارنى،

باغلارنى، ئېتىزلارنى، ئۈزۈم باراڭلىرى ئاستىدىكى پاكار - پاكار توپا ئۆيلەرنى يورۇتاتتى. روزى ئاخۇن كۈن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاشۇ پەيتنىڭ بىر كۈن ئىچىدىكى ئەڭ خاسىيەتلىك پەيت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇ ئاشۇ پەيتنى كۈتۈپ تۇراتتى.

يىراق ئۇپۇقتىن كۈننىڭ گىرۋىكى لوغۇلداپ كۆرۈندى. روزى ئاخۇن تەمكىنلىك بىلەن ئالدىدىكى كۈنۈپكا تۇتقۇچلارنى ھەرىكەتلەندۈردى. گۈركىرىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ پىرقىرىغۇچ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئايلىنىشى بارغانسېرى تېزلەشتى. ئايروپىلان ئەتراپىدا قويۇن كۆتۈرۈلگەندەك بولۇپ، توپا - تۇمان، ئەخلەت - چاۋارلار توزۇدى. روزى ئاخۇن تۇتقۇچنى ئالدى تەرەپكە كۈچ بىلەن تارتقاندا ئايروپىلان بىر سىلكىنىپ يەردىن كۆتۈرۈلدى، ئۆيلەر، دەل - دەرەخلەر، ئېتىزلار پەستە قالدى. روزى ئاخۇن قىنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك تېپىرلاۋاتقان يۈرىكىنى كۈچ بىلەن بېسىپ، ئايروپىلاننىڭ يۆنىلىشىنى كونترول قىلىشقا تىرىشتى. ئۇ توغراقلىقنىڭ ئاسمىنىنى تولۇق بىر ئايلاندى. ھېيت نامىزىنى ئەمدىلا ئوقۇپ بولۇپ مەسچىتتىن چۇۋۇلۇپ چىقىۋاتقان دېھقانلار، ئۇنىڭ ئاكىلىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراشتى، بىرنېمىلەر دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. بىرنەچچە بالا ئايروپىلانغا ئەگىشىپ يۈگۈردى. شەرق تەرەپتە سەھەر قۇياشى خۇددى ئۇنى تەبرىكلەۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شۇقەدەر زور، ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا قۇشلار قاناتلىرى بىلەن بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۇچۇشاتتى. ئۇدۇلدىن ئۇرۇلۇۋاتقان سالقىن ھاۋا ئۇنى ھۇزۇرلاندۇراتتى. روزى ئاخۇن بىردىنلا ئازابلىق ئۆتمۈشتىن، روھى ھەم جىسمىنى چىرماپ تۇرغان ئاسارەتتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىللەپ قالدى. ئۇ كۆزىنى يىراقلارغا تىككىنىدە چەكسىز ئازادىلىك ئىچىدە دىلى

يايراپ كەتتى. ئۇ بىردىنلا ئانىسىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنى كۆرمىگىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغىنىنى، ئۇنىڭ مىجەزى يوق ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ئانىسىدىن يېقىن، ئانىسىدىن مېھرىبان ئادەم يوق ئىكەنلىكىنى ئويلىدى. ئۇ ئانىسىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن تېرەكلىك هويلىنىڭ ئالدىدىن غارقىراپ پەس ئۈچۈپ ئۆتتى، هويلىدا ياتقان ئانىسىنىڭ قورقۇپ، تەمتىرەپ ئۆزىگە قاراپلا قالغىنىنى كۆرۈپ، ئانىسىغا قاراپ كالچاراپ كۈلۈپ، قولىنى پۇلاڭلاتتى.

كېچىسى قۇملۇق تەرەپتىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز كەلدى. تالاغا يۈگۈرۈشۈپ چىققان ئادەملەر قۇملۇقتا ئاسمان ـ پەلەك بولۇپ كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنى ۋە ئىس ـ تۈتەكنى كۆردى. روزى ئاخۇن شۇنىڭدىن كېيىن هېچيەردە كۆرۈنمىدى. كىشىلەر ئۇنى ئايروپىلان بىللەن بىللە كۆيۈپ كېتىپتۇ، دېيىشەتتى. گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىققان شۇ سائەتتە زەيىنەپخان نەپەستىن توختىدى.

توغراقلىقنىڭ يۇقىرىسىدىكى تىمتاس قەبرىستانلىق بۈگۈن ئادەم بىلەن تولدى. ھەممىسى دېگۈدەك سەللە يۆگەپ بېلىگە ئاق باغلىغان جامائەتنىڭ ئالدىدا زەيىنەپخاننىڭ ئوغۇللىرى — تۇردى قاريي، رۇستەم، ئەخمەت، ۋىلاخۇنبايىنىڭ نەۋرىلىرى، ئابدۇغېنى ئاخۇن، تاش ئاخۇن، يۈسۈپ ئاخۇن، دۇكانچى ئوبۇلقاسىم ئاخۇن، نەمەت ئاخۇن، داۋۇت ئاخۇن قاتارلىق ئاقساقال بوۋايلار، ئىمام ئاخۇنۇم، مەزىن ئاخۇنۇم، ياسىن قاريي قاتارلىقلار تۇراتتى، بۈگۈن بۇ يەرگە توغراقلىقنىڭ ئۈچ مەھەللە، بىر بازىرىدىكى جېنى بارلىكى ئەر كىشى قالماي كەلگەنىدى. كۆزلەرگە لىق تولغان ياش، چىرايلاردا ئەكس ئەتكەن جۇدالىق ھەسرىتى

مەرھۇمەنىڭ توغراقلىقتىكى ئەڭ قەدىمىي جەمەتىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقىدىن ياكى ئابرۇيلۇق ئۇغۇللىرىنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئاددىي، جاپاكەش ئايال خۇددى بىر پاك ئېتىقادتەك، خۇددى ئۆزلىرى بىللە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاچا - سىڭلىسى ياكى مېھرىبان ئانىسىدەك كۆڭۈللەردىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىدىن ئىدى. بۇ جۇدالىق ھەسرىتىگە ئاسمانمۇ ھەمدەم بولۇۋاتقاندەك تۇرۇلۇپ يامغۇر بۇلۇتلىرىنى قايىنتىپ تۇراتتى.

كىگىزگە ئورالغان مېيىتنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ لەھەتكە ئېلىپ كىرگەندە، تۇردى قارىي قار - يامغۇردەك تۆكۈلۈپ چىقتى. جامائەت سېپى بوران تەگكەندەك داۋالغۇدى. ھازىدارلار يەرلىك بېشىغا يىغىلغاندا، تۇردى قارىي قەددىنى كۆتۈرۈپ:

— ئىمام ئاخۇنۇم، ئەھلى جامائەت، ئانام زەينەپخان قانداقراق بىر مەزلۇم ئىدىكىن؟ — دېدى. ئىمام ئاخۇنۇم رەسمىيەت بويىچە:

— ئانىلىرى زەينەپخان بەش ۋاق نامازنى تەرك قىلمايدىغان، تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. ھېچ كىشىگە يامانلىق قىلمىغان، كىشىنىڭ ھەققىگە قارا سانىمىغان، يېتىم - يېسىرنىڭ بېشىنى سىلىغان ئوبدان مەزلۇم ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ نەزىرىدىكى، مۇشۇ يۇرتتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە يىغلاپ، بىللە كۈلگەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئوبرازىنى ئىپادىلەشكە ئاجىز ئىدى. مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى ئىچىدە ئابدۇغېنى ئاخۇنىنىڭ كۆز ئالدىدىن تاۋار - دۇردۇنغا ئورالغان، ئالتۇن قاداقلىق دوپپا كىيىپ، چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈۋالغان كىچىك زەينەپ؛ ئاددىي مارجان دوپپا، چىت كۆڭلەك

كىيىۋالغان، توم ئىككى ئۆرۈم چېچىنى سىلىكىتىپ قويلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان «پومپىشچىكنىڭ قىزى» زەينەپ؛ بىر بالىسىنى يېتىلەپ، بىرنى كۆتۈرۈپ، قولتۇقىغا تاغار قىسىپ ئېتىزلىققا كېتىۋاتقان ئېغىر ئاياغ زەينەپ؛ ئاچارچىلىق يىللىرىدىكى بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ، ئاخىرقى بىر بۇردا ناننى بالىلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋاتقان زەينەپ؛ داجەيدىن ئۆگىنىش يىللىرىدىكى كۈنىگە 12 سائەتلەپ ئىشلەپ، ئىشتىن يانىدىغان چاغدا ماڭالماي، ئىككى پۇكۇلۇپ ئېتىزلىقتا يېتىپ قالغان زەينەپ... خۇددى كىنو كۆرۈنۈشلىرىدەك بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

كىچىكىدە، ئۇ جاڭگالدا قوي بېقىۋاتقان چاغلىرىدا ئاسماندىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزنى زەينەپكە ئوخشىتاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدەك پادىچى ئاسماندىكى يۇلتۇز بىلەن تەڭ بولالمايتتى. كېيىن جاھان ئۆزگەردى، ئۇ داغدۇغىلىق ھەرىكەتلەر تىنچىپ، زەينەپكە يېقىنلاشقۇدەك پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يۈردى. كۈتمىگەندە، زەينەپنىڭ ئەتراپىدا توختى قارىي پەيدا بولدى. ئۇنى ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ كۆز ئالدىدىن خۇددى چۈجە ئالغان بۈركۈتتەك ئېلىپ كەتتى. ئۇ بىر مەزگىل ئازابلىنىپ يۈردى. ئەمما، كۆڭلىدە چىراي ـ تۇرقى كېلىشكەن، خۇشخۇي، تېگى ئېسىل توختى قارىينىڭ زەينەپكە تېخىمۇ لايىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە توختى قارىي ئۇنىڭ جان دوستى ئىدى. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ زەينەپكە بولغان ئېجىللىقى يوقالمىدى، بەلكى ئۇنى ھەربىر كۆرسە يېڭىلىنىپ، ئۇلغىيىپ باراتتى، ئەمما بۇ ھېچقانداق تاماسىز، غەرەزسىز ھېسسىيات ئىدى. يىللار ئۆتكەنچە بۇ ھېسسىيات خۇددى ئاز ئۇچرايدىغان بىباھا گۆھەردەك سۈزۈلۈپ يالتىرىدى. دۇنيادا شەخسىيەتسىز مۇھەببەت بولمايدۇ،

دېيىشىدۇ. ئەمما، ئابدۇغېنى ئاخۇننىڭ كۆڭلىدىكى ھېسسىيات دەل ئەنە شۇنداق شەخسىيەتسىز، تاماسىز مۇھەببەت ئىدى.

ئۇ زەينەپنىڭ ئائىلىسى، بالىلىرىغا زىيان سېلىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ نام ـ ئابرۇيىغا قىلچە داغ چۈشۈرىدىغان ئىشنى قىلمايتتى. ئۇ شۇنداق تۈپتۈز، سەممىمىي ئادەم ئىدى. زەينەپكە بولغان ئامراقلىقىنى ھېچ ۋاقىت يوشۇرۇپمۇ يۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى، قانداق ئادەملىكىنى خوتۇنى ئايزىمخان ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ ئۇنى كۆڭلىمەيلا قالماستىن، «زەينەپخان يالغۇز قانداق قىلىۋاتىدىغاندۇ؟» دەپ ئۇنى زەينەپخاننىڭ ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشكە ئەۋەتەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇغېنى ئاخۇن خوتۇنىنى تېخىمۇ قەدىرلەيتتى. ئايزىمخان ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئىچ ئاغرىقى ئەمدىلا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان كۈنلەردە، ئۇ زەينەپخاننىڭ يەنە يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇنداق تېز كېتىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى...

ئابدۇغېنى ئاخۇن ئاقىرىپ كەتكەن قويۇق قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ، نۇرسىز كۆزلىرىنى ئەتراپقا تىكتى. ھازىدارلار ئۇزاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يالغۇز قالغانىدى. ئۇنىڭدىكى ئىككى قەدەم نېرىدىكى يەرلىكتە ئۇ ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇيالمىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەزىز ھەم پاك بىر ئايال ياتاتتى. بۇ ئايال ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا بولغان ئاخىرقى تارتىشىشى ۋە ئوت ئۇچقۇنىدەك ئۈمىدىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئۇ يىراقلارغا قارىدى. بالىلىق، ياشلىق چاغلىرىدىكى نۇرغۇن ئىشلار سەلدەك ئۇلغىيىپ خىيالىدىن ئۆتكەندە، ئۆزىنى 200 يىل ئۆمۈر كۆرگەندەك ھېس قىلدى، يەنە بىر ئويلىسا بۇرۇتى خەت

تارتقان چاغلار خۇددى تۈنۈگۈنكى ئىشلاردەك بىلىنىدى. بۇ ئۆمۈر نەقەدەر قىسقا - ھە. خۇددى چۈشتەك، خىيالدەك، ئەقلىڭنى تېپىپ بولغۇچە كۆز ئالدىڭدىن يىتىپ بولىدىغان...

ئۇ بېشىدىن تۇمىقىنى ئېلىپ ئاسمانغا قارىدى. ئاسمان خۇددى قوغۇشۇن يېپىلغاندەك خىرە ئېغىر ھەم كۆڭۈلسىز ئىدى. ئۇنىڭ بۇرجەكلىرىدىكى قىزىللىق گويا ئوت لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاخ كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئابدۇغېنى ئاخۇن قانداقتۇر بىر يامان ئىش يۈز بېرىدىغاندەك ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۆز - ئۆزىگە: «ھاۋانىڭ پەيلى بەك بۇزۇق، ئىتتىكرەك ئۆيگە كېتىۋالاي» دەپ غودۇڭشىدى. خۇددى ئايرىلىشقا قىيمىغاندەك، سەل نېرىدىكى ئايزىمخانىنىڭ قەبرىسىگە، ئۇنىڭ بېرىسىدىكى يېڭى يەرلىككە يېنىشلاپ قارىدى - دە، ھاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يىراقتا ئاپپاق بىر نەرسە پىلدىرلاپ كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۇنىڭ ھېلىمگۈل ئىكەنلىكىنى ئالدىغا كەلگەندىلا تونۇدى.

شۇ كۈنى ئەلياتقۇ بولغاندا بوران كۆتۈرۈلدى. بوراننىڭ ئەنسىز گۈركىرەشلىرى ئىچىدە ئۆيان - بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي ياتقان كىشىلەر ئاخىر قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بولغان چاغلىرىدا، ئىشىك - تۈڭلۈكلىرىدىن، دېرىزىلىرىدىن شىرىقلاپ قۇم بېسىپ كىرىۋاتقانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى. قۇم ئوتقا، سۇغا ئوخشىمايدۇ. ئەمما، ئۇ ئادەمنى تۇنجۇقتۇرغۇدەك جىمجىتلىق ئىچىدە رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ. كىمدۇر بىرلىرى دەھشەتلىك ئاۋازدا ۋارقىراپ نالە - پەرياد چەككەندىلا كىشىلەر ئۆندەرىشىپ قوپۇشتى. قىيا - چىيا قىلىشىپ، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، ئۇششاق بالىلىرىنى قۇمنىڭ ئاستىدىن

تارتىپ چىقىرىپ، قولغا ئالغۇدەك نەرسىلەرنى ئېلىشىپ مەھەللىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا قاراپ يېقىلىپ ـ قوپۇپ يۈگۈرۈشتى.

قۇم ئاستىدىن جېنىنى ئېلىپ چىققان تېخىمۇ كۆپلىرى ئۆلە ـ تىرىلىشىگە باقماي ماشىنىلىق، ھارۋىلىق، ئات ـ ئۇلاغلىق، پىيادە ناھىيە تەرەپكە قاراپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. تاڭ يورۇشقا باشلىغانىدى. قۇياش كۆتۈرۈلسە قۇملۇق ئوتتەك قىزىپ كەتسە ئىسسىق جانلىرىنىلا ئېلىپ چىققان بۇ ئادەملەرگە تەس بولاتتى.

قۇم خۇددى غەزەپكە كەلگەن غايەت زور يىرتقۇچتەك توختىماي سىلجىماقتا ئىدى. يىراقتا قاراپ تۇرغان كىشىلەرگە پۈتكۈل تەكلىماكان ئورنىدىن قوزغىلىپ بېسىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە توغراقلىق قۇم دۆۋىلىرى ئاستىدا غايىب بولدى.

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

يەنە يىللار ئۆتتى. پايانسىز قۇملۇقتا بوران تىنىمسىز ھۇۋلاپ، سانسىز بارخانلار كۆچتى. دۆڭ يوتىلار ئويمانغا، ئويمانلار دۆڭ يوتىلارغا ئايلاندى.

ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرى ئەتراپىدا ياشايدىغان 80 ياشلىق روبېرت. تايلۇر ئەپەندى بىركۈنى دادىسىنىڭ تەۋەررۇكلىرى ئارىسىدىن گىرۋەكلىرى قىرچىلىپ، ۋاراقلىرى سارغىيىپ كەتكەن بىر خاتىرىنى تېپىۋالدى. بۇ ئۇنىڭ چوڭ بوۋىسىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى ئىدى. ئۇنىڭدا دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى مۆجىزە كەبى بىر يۇرت خاتىرىلەنگەنىدى: «دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆركەم، ئەڭ چىدامىلىق دەرەخ بولغان توغراقلار، بۇ يېگانە جەننەتنى بورانلار ھۇۋلاپ تۇرىدىغان، ئۇستىخانلار بىلەن قۇمغا پاتقان كۆتەك ھارۋىلار ئاقىرىپ كۆرۈنىدىغان مۇدھىش قۇملۇقتىن ئايرىپ تۇرىدۇ. ئاشۇ توغراقلارنىڭ ئارىسىدا ئارىيئان ئىرقىغا تەۋە ئاجايىپ قاۋۇل، ئىشچان ھەم ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ماكانلاشقان. ئۇلارنىڭ قىزلىرى پەرىشتىلەردەك چىرايلىق ھەم مۇلايىم. ئادەملەر مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى مەسچىتتە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، پارچە ـ پارچە ئېتىزلىقلاردا تېرىقچىلىق قىلىدۇ ياكى مال باقىدۇ. ئۇلار شۈكۈر ـ قانائەت بىلەن بەكمۇ ئاددىي، ئەمما مەنىلىك ياشايدۇ.

ھەر كۈنى گۈگۈمدا مەھەللىگە قايتقان ماللارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان كۆككە ئۆرلىگەن، قىز ـ چوكانلار قاپاق، سوغىلىرىنى كۆتۈرۈپ بۇلاق بويىغا ماڭغان، ئۇششاق باللار مۆكۈشمەك ئويناش ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى چاقىرىشىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا بۇ يۇرت ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ. كۆپ ئۆتمەي يوغان ھەم دۈپدۈگىلەك ئاي توغراق شاخلىرىنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ. مەزىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىدىن كېيىن مەھەللە تىمتاسلىق ئىچىدە ئۇيقۇغا غەرق بولىدۇ...» خاتىرىدە يەنە بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، شېئىر ـ قوشاق، چۆچەكلىرى، بىر موللا، بىر باخشى ۋە ئۇنىڭ دورىلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن ھەمراھلىرىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئۇ يەنە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاشۇ يۇرتقا يەنە بىر قېتىم بېرىپ، ئاشۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش، ئۇ يەرنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەنىدى.

روبېرت. تايلۇر ئەپەندى بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇ بوۋىسىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئورۇنلىماقچى بولدى ۋە بۇنى ئۆزىنىڭمۇ ئاداقىقى ئارزۇسى دەپ بىلدى. ئۇ نۇرغۇن تىرىشچانلىقلاردىن كېيىن توغراقلىق دېگەن يەرنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ جەننەتكە ئوخشايتتى. ياپيېشىل دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدىن بۇلاقلار قايناپ چىقىپ تۇراتتى. تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچار قانات، جان ـ جانىۋارلار بۇلاقلاردىن سۇ ئىچىپ خاتىرجەم ياشايتتى. روبېرت. تايلۇر ئەپەندى توغراقلىق ئارىسىدا باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن بىر جۈپ يولۋاسنى

# كىيىنكى سۆز

سۈرەتكە تارتىۋالدى ۋە ئۇنى يۇرتىغا ئېلىپ كېتىپ ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئېسىپ قويدى. ئاجايىپ زور، رەڭدار، ھەيۋەتلىك ھەم سالاپەتلىك بۇ يولۋاسلار توغراقلىقنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئىدى. ئۇلار توغراقلىقتا ئەبەدىيلىك قايتىپ كەلگەنىدى.

2009 ـ يىلى 6 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

**图书在版编目(CIP)数据**

往事：维吾尔文 / 哈丽达·斯拉音著. — 喀什：喀什维吾尔文出版社；乌鲁木齐：新疆电子音像出版社，2010.4

(哈丽达·斯拉音作品选：1)

ISBN 978-7-5373-1992-8

Ⅰ.①往… Ⅱ.①哈… Ⅲ.①长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.①Ⅰ247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第055212号

| | |
|---|---|
| 丛 书 名 | 哈丽达·斯拉音作品选 - 1 |
| 书　　名 | 往事 |
| 策　　划 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 作　　者 | 哈丽达·斯拉音 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 特约编辑 | 亚力坤·肉孜 |
| 责任校对 | 买哈巴·铁外库 |
| 特约校对 | 阿不都热依木·阿不力米提 |
| 出　　版 | 喀什维吾尔文出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路36号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　　本 | 880×1230mm　1/32 |
| 印　　张 | 13.25 |
| 版　　次 | 2010年4月第1版 |
| 印　　次 | 2011年7月第1次印刷 |
| 印　　数 | 5000 |
| 书　　号 | ISBN 978-7-5373-1992-8 |
| 定　　价 | 46.00元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)